# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

ساۋ شۆچىن (چىڭ سۇلالىسى)



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ياش- ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تەربىيىلىنىش تېز ئوقۇشلۇقى

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بەھرىلىنىش

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

ساۋ شۆچىن (چىڭ سۇلالىسى)


قىسقارتىپ يازغۇچى: خەي خۇا

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن





مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇھەررىردىن

قەدىمكىلەردە: «تۇمەن چاقىرىملىق مۇساپىنى بېسىپ بو-لۇش، تۇمەن تومۇلۇق كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكەن بىلەن باراۋەر» دېگەن گەپ بار. بۇ دېگەنلىك ئادەم ئىلىمدە ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشى، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. هازىرقى چاغدا تۇمەن چاقىرىملىق يولنى باسماق ئاسان، چۈنكى قاتناش قوراللىرى قولاي. بىراق تۇمەن تومۇلۇق كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتمەك دېمەككە نېمىدىگەن ئاسان ـ ھە؟ ھاياتنىڭ مۇشكۇل ھەم قىسقا ئىكەنلىكىنى دېمەي تۇرايلى، چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ئوقۇپ تۈگەتكەن كىتابلىرىمىز ئېھتىمال كىتابنىڭ ھاسىل بول-غان «تاغ» نىڭ بىر بۇرجىكىگە، كىتابتىن ھاسىل بولغان «دې-ڭىز» نىڭ بىر قەترىسىگىمۇ تەڭ كەلمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى كۆپلىگەن يېڭى كىتابلار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ، كىتابتىن ھاسىل بولغان «تاغ» بارغانسېرى ئېگىزلىمەكتە، كىتابتىن ھاسىل بولغان «دېڭىز» داۋاملىق كېڭىيىپ بارماقتا. بۇ ھال قانداق قىلغاندا چەكلىك ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچنى سەرپ قىلىپ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. مۇشۇ سەۋەبتىن بىز «جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزۈپ چىقتۇق.

بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەگە قەدىمكى، بۈگۈنكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەسىرى چوڭقۇرراق 175 پارچە (200 قىسىم) ئەدەبىي ئەسىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ھەربىر ئەسەر: يازغۇ-چىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرنىڭ قىسقارتىلمىسى ۋە ئەسەردىن (ئەسلىي ئەسەر) ھۇزۇرلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەر-لەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە مەشھۇر ئەسەرلەر، بەزد-

لىرى بىر مەزگىل ياكى ئوخشاش تۇردىكى ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەر، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغان‐دا ئاتاقلىق يازغۇچىلار ۋە مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىشنى ئالدىنقىلار خېلى بۇرۇنلا قىلغان. ئۇلار شۇ ئەسەرلەرنىڭ «قىسقىچە چۈشەندۈرۈشى»، «ئاساسىي مەزمۇنى» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر‐نىڭ كىتابتىن ھاسىل بولغان «تاغ»قا يامىشىپ چىقىشى، كى‐تابتىن ھاسىل بولغان «دېڭىز»دا بەھۇزۇر ئۈزۈشى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بەرگەن. بىز ئالدىنقىلارنىڭ رىغبىتى بىلەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر‐لەرنى قايتىدىن رەتلەپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئەسلىي ئەسەرنى شۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاسا‐سىدا قىسقارتىشقا تىرىشتۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەردىن ھۇزۇر ئېلىشى ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بۇنداق بولغاندا، ئوقۇرمەنلەر ئاز ئەجىر قى‐لىپ كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتى ئانچە ئىنچىكە ئىشلەنمەي قالغان، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك چىقماي قالغان يەرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، بىز‐گە ئەسەر تالللىشىپ ھەم ئەسەرلەرگە تەھلىل يېزىپ بەرگەن يازغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. ئۇلارنىڭ خىزمىتى قارىماققا ئاددىيدەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما «كىتاب دېڭىزى»دىن ياخشى ئە‐سەرلەرنى «سۈزۈپ ئالماق» ئانچە يەڭگىل ئىش ئەمەس.

بۇ بىر يۈرۈش مەجمۇئەلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كۆڭۈللۈك دوستىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# يازغۇچىنىڭ تەرجىمىھالى

ساۋ شۆچىن (1715 — 1763) فامىلىسى جيەن، يەنە بىر ئىسمى مىڭ يۈەن، تەخەللۇسى شۆچىن، لياۋياڭلىق. سۇنغان ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەجدادى ئەسلىي خەنزۇ، كېيىن مانجۇ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەن. ساۋ شۆچىنىنىڭ ئەجدادى ئۈچ ئەۋلاد يۇقىرى ئەمەل تۇتۇپ «يۈز يىل دەۋر سۈرگەن» دەپ ئاتالغان.

ساۋ شۆچىن بالىلىق چاغلىرىدا بىر مەزگىل ئاقسۆڭەكلەردەك ياشىغان، كېيىن ئائىلىسى خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈرىشىگە چېتىلىپ قېلىپ ئۆيى ئاختۇرۇلغان. ئائىلىسى سۇنغاندىن كېيىن، ساۋ شۆچىن غۇربەتچىلىكتە جاھاندارچىلىق قىلغان، رەسىم سېتىپ جان باققان. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى تېخىمۇ خارابلاشقان. «شىۋاق بىلەن ئورالغان غېرىبانە ئۆيلىرى، ئۈچ ۋاق تامىقى ئۇماچ، قەرزگە ئىچەر مەينىمۇ، پېقىرلىقتا ئاشۇنداق ئۆتەر ئىدى كۈنلىرى»، ئۇ مانا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان. ساۋ شۆچىن ئۆز جەمەتىنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەچكە، فېئودال سىنىپنىڭ چىرىكلىكىنى ھەم جىنايەتلىرىنى كۆرەلىگەن، تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەبىر - جاپالىق تۇرمۇشىنى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر ھېس قىلالىغان. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئۇلۇغ ئەسەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىجادىيىتىدە ئۇنى مۇستەھكەم تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ساۋ شۆچىنىنىڭ ئائىلە تەربىيىسى ئۇنى ياخشى مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئىگە قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ناھايىتى ئوبدان رول ئوينىغان.

# مۇندەرىجە

1 ـ باب    جىن شىيىنىنىڭ چۇشىدە ھېكمەتلىك قاشتېـ
شىنى كۆرگەنلىكى ........................ 1
2 ـ باب    لىيڭ زىشىڭنىڭ رۇڭگو قەسرى توغرىسىدا
بايان قىلغانلىرى ........................... 8
3 ـ باب    لىن دەييۈيىنىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ پايـ
تەختكە كىرىشى ............................ 12
4 ـ باب    خۇلۇمياۋ راھىبنىڭ چىگىش دېلو ئۈستىدە
مۇھاكىمە قىلغانلىقى ..................... 28
5 ـ باب    شۆ باۋچەيگە ھېكمەتلىك قاشتېشى بىلەن
ئۇچرىشىش پەيتى كەلگەنلىكى ............... 31
6 ـ باب    «مۇدەن شىپاڭى» نىڭ ئېسىل نەغمىلىرى
رەنانىڭ دىلىنى ئويغاتقانلىقى ............... 38
7 ـ باب    لىن دەيىيۈينىڭ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقى... 41
8 ـ باب    گۇيفېيىنىڭ زۇمرەت شىپاڭدا كىيىنەك
ئوينىغانلىقى................................ 44
9 ـ باب    چېچەك كۆمۈلگەن جايدا دەيىيۈينىڭ پەرياد
چەككەنلىكى................................. 48
10 ـ باب    گۇمانخور قىزنىڭ ئىشتىياقى ئاشقانسېرى
ئىشقىنى سىنىغانلىقى ....................... 54
11 ـ باب    باۋچەينىڭ يەلپۈگۈچ باھانىسىدە ئىككىـ
سىنى گەپتە چېقىۋالغانلىقى.................... 60

12 - باب مەستانە باۋيۈي خۇدىنى يوقىتىپ كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىپ قويغانلىقى .......... 67
13 - باب نائەھلى ئوغۇلنىڭ بەدقىلىقلىقتىن پالاقتا تارتىلغانلىقى .......... 74
14 - باب مېھرىبانلىقتىن مېھرى ئېرىپ، سىڭلىنىڭ تەسىرلەنگەنلىكى .......... 78
15 - باب قىزىل قۇۋا ھۇجرىسىدا قوشماق ئۆردەك كەشتىسىنى تىكىۋېتىپ چۈشەكىگەن سۆزنى ئاڭلاپ قېلىش .......... 85
16 - باب يامغۇرلۇق ئاخشىمى دىمىقىپ يامغۇر ھەققىدە نەزمە يېزىش .......... 96
17 - باب ھاماقەت تېۋىپنىڭ كۈچلۈك دورىنى كەل- سە - كەلمەس ئىشلەتكەنلىكى .......... 105
18 - باب جۇرئەتلىك چىڭۋېننىڭ كېسەل تۇرۇقلۇق توز يېپىنچىنى يامىغانلىقى .......... 114
19 - باب ئەقىللىق زىجۇەننىڭ ئىشق سۆزلىرى بىلەن تەنتەك قاشتېشىنى سىنىغانلىقى .......... 120
20 - باب شاھزادىنى قۇتلاپ گۈل چېھرىلەرنىڭ كېچىلىك زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى .......... 139
21 - باب غەمكىن ساھىبجامالنىڭ ھەسرەت ئىچىدە بەش گۈزەلنى كۈيلەپ شېئىر يازغانلىقى .......... 152
22 - باب ھىيلىگەر چېقىمچىنىڭ ئېزىتقۇلۇقى بىلەن نەزەرباغىنىڭ تىنتىلغانلىقى .......... 160
23 - باب چىرايلىق دېدەكنىڭ نوچىلىقىدىن دەرد ئىچىدە ۋاقىتسىز قازا تاپقانلىقى .......... 190

24 ـ باب مەستانە بەگزادىنىڭ نىلوپەر تەزىيەنامىسى
توقۇپ چىققانلىقى ........................ 206
25 ـ باب ئاتىسىنىڭ قاتتىق تەنبىھى بىلەن باۋيۇي-
نىڭ مەكتەپكە قايتا بارغانلىقى ................ 214
26 ـ باب تۇيۇق چىقارماسلىق ئۇچۇن فېڭجيېنىڭ
ئاجايىپ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى .............. 235
27 ـ باب مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قالغان قەلەمقاش-
نىڭ خۇدىنى يوقاتقانلىقى ................ 242
28 ـ باب لىن دەييۇينىڭ قولىيازمىلىرىنى كۆيدۈرۈ-
ۋېتىپ ئىشق سەۋداسىدىن قول ئۈزگەنلىكى ... 246
29 ـ باب شۆ باۋچەينىڭ ياتلىق قىلىنىش مۇناسى-
ۋىتى بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ....260
30 ـ باب دەردمەن مىھرىگىياھ ئەرۋاھىنىڭ ھىج-
ران دۇنياسىغا قايتىپ كەتكەنلىكى ............ 265
31 ـ باب تۇرقاۋۇللارنىڭ نىڭگۇ قەسرىنى تىنتىپ
پىچەتلەپ تاشلىغانلىقى ........................ 277
32 ـ باب شى تۆرە ئاغىچىنىڭ ئۆمرى تۈگەپ ئاخى-
رەتكە يانغانلىقى ................................ 289
33 ـ باب باۋيۇينىڭ تۇنجى ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆت-
كەندىن كېيىن دۇنيانى تەرك ئەتكەنلىكى........ 294
«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (ئەسلىي ئەسەر) ئۇستىدە
تەھلىل ( I ) ...................................... 314
«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (ئەسلىي ئەسەر) ئۇستىدە
تەھلىل ( II ) ...................................... 343

# 1 ـ باب   جىن شىيننىڭ چۈشىدە ھېكمەتلىك قاشتېشىنى كۆرگەنلىكى

نۇيۋا ئىسىملىك ئىلاھە تاشلارنى ئېرىتىپ ئاسماننى ياماي‌دى‌غان چاغدا، داخۇاڭ دېگەن تاغدىكى ۋۇجى دېگەن يار ئاستىدا، بويى 12 غۇلاچ، ئېنى 24 غۇلاچ كېلىدىغان كاج تاشلاردىن 36 مىڭ 500 دانىسىنىلا ئىشلىتىپ، قالغان بىرىنى كېرەك قىل‌ماي، چىڭگېن چوققىسىنىڭ تۈۋىگە تاشلىۋېتىپتۇ. بۇ تاش ئۆز بېشىدىن بىرمۇنچە ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەندىن كې‌يىن، ئۇنىڭغا جان كىرىپ، باشقا تاشلارنىڭ ئاسماننى ياماش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، يالغۇز ئۆزىنىڭلا يارامسىزلى‌قىدىن قاتارغا ئۆتەلمەي قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئاھۇپەرياد چېكىپتۇ. ئۇ قايغۇ ـ ئەلەمدىن باش كۆتۈ‌رەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يىراقتىن كۈلكە ـ پاراڭ بىلەن كېلىۋاتقان بىر راھىب بىلەن بىر دەرۋىشكە كۆزى چۈ‌شۈپتۇ. بۇ ئىككى كىشى چىڭگېن چوققىسىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ پاراڭنى داۋام قىلىپتۇ. ئۇلار باشتا بۇلۇتلۇق تاغ، تۇمانلىق دېڭىز، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر توغرۇلۇق، ئاندىن ئىقلىمدىكى راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش توغرىلىق پاراڭ قىلىشىپتۇ. بۇ پاراڭلارنى ئاڭلىغان تاشنىڭ ئىچىگە جىن چۈشۈپتۇ. ئۇ زۇۋانغا كىرىپ، راھىب بىلەن دەرۋىشكە شۇنداق دەپتۇ:

— پىر ئۇستازلىرىم، شاگىرتلىرى باياتىن ئىككىلىرىنىڭ باياشاتچىلىققا تولغان ئادىمىزات دۇنياسى توغرۇلۇق قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئىچىمگە بىر سەۋدا چۈشتى.

ئىككى ئەۋلىيا تاشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئوبدان، ئوبدان! ئادىمىزات دۇنياسىدا ھەقىقەتەن ئازتولا قىزىقارلىق ئىشلار بار. ئەمما، بۇنىڭ بىلەن مۇراد - مەقسەت مەڭگۈ رۇياپقا چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاينىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار، خەيرلىك ئىشقا كاشىلا تولا». تەقدىر - قىسمەتنىڭ يازمىشى مۇشۇنداق، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇرلۇك - تۈمەن قىسمەتلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىنساننى نەرسە - كېرەكنىڭ ئورنىغا قويغىلى بولمايدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن چۈشكە ئايلىنىپ ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ. ئادىمىزات دۇنياسىغا بارغىنىڭدىن بارمىغىنىڭ ياخشى، — دېيىشىپتۇ. ئىچىگە سەۋدا چۈشكەن بۇ تاشنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر قانداق كىرسۇن، ئۇ قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىككى ئەۋلىيا ئۇنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ئەمىسە بوپتۇ، بىز سېنى ئېلىپ كېتەيلى، ئادىمىزات دۇنياسىنى كۆرۈپ باق، بەخت - تەلىيىڭ ئوڭدىن چىقماي قالسا، پۇشايمان قىلمايسەن جۇمۇ، — دېيىشىپتۇ خورسىنغان ھالدا. تاش:

— ماقۇل، بولىدۇ، — دەپتۇ.

— سەن بىر جان ئىگىسى تۇرۇقلۇق شۇنداق ھاماقەتكەنسەن، سەندىن ھېچقانداق بىر خاسىيەت چىقمايدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. خەير بوپتۇ، مەن بۈگۈن بۇددا دەمرىسىنى ئىشقا سېلىپ ساڭا ياردەم قىلىمەن، سېنى ئادىمىزات دۇنياسىغا يولغا سېلىپ قويىمەن، ئاندىن ئەسلىي زاتىڭغا قايتۇرۇپ، بۇ دەۋاغا خاتىمە بېرىمەن. شۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ — دەپتۇ راھىب. تاش بۇ گەپنى ئاڭلاپ راھىبقا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

راھىب بۇددا دەمرىسىنى ئوقۇپ، سېھىرگەرلىكنى ئىشقا سېلىپ، بىر پارچە قورام تاشنى پارقىراپ تۇرغان گۈزەل قاش-

تېشىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن يەلپۈگۈچ شەكلىگە كىر-
گۈزۈپتۇ، ئاندىن تاشنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئەمدى ھېكمەتلىك نەرسىگە ئوخشىدىڭ! بىراق، سەندە
خاسىيەت دېگەن نەرسىدىن نامۇنىشان يوق، ئۇستۇڭگە يەنە بىر-
مۇنچە خەت ئويۇپ قويۇلسا، ئاندىن خەقلەر سېنى بىر مۆجىزە
ئىكەن دەپ بىلىپ، راۋاج تاپقان ئاۋات مەملىكەتكە، ئەدەپ -
مەرىپەتلىك ۋە تاج - دۆلەتلىك ئەلگە، باغۇبوستان ۋە گۈل -
گۈلىستان جايغا، باياشات يۇرتقا ئالغاچ بېرىپ تاشلىغان بولات-
تى، سەنمۇ ئۆز نېسىۋەڭنى كۆرگەن بولاتتىڭ، — دېگىنىچە
ئۇنى يېڭگە سېلىۋېلىپ، دەرۋىش بىلەن ئىككىسى قاياقلارغى-
دۇر خۇددى شامالدەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئارىدىن
تالاي - تالاي زامانلار ئۆتۈپ، كۈڭكۈك ئىسىملىك بىر دەرۋىش
داخۇاڭ تېغىدىكى ۋۇجى دېگەن يارنىڭ چىڭگېن چوققىسى يېنى-
دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يوغان بىر قورام تاشنى كۆرۈپ قاپتۇ.
ئۇنىڭغا پۈتۈلگەن خەتلەر ناھايىتى ئېنىق، بايان قىلىنغان ئىشلا-
ر ناھايىتى روشەن ئىكەن. دەرۋىش كۈڭكۈك باشتىن - ئاياغقى-
چە نەزەر سالغۇدەك بولسا، بۇ تاش ئاسمان ياماشقا يارىمىغانلىق-
تىن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، كېيىن پىر ئۇستاز ماڭماڭ
بىلەن ئەۋلىيا مياۋمياۋ ئادىمىزات دۇنياسىغا ئەكېلىپ، مۇشۇ
يەرگە تاشلىۋەتكەن كاج تاش ئىكەن، ئۇستىگە ھىجران قايغۇسى
ۋە ۋىسال شادلىقى بىلەن تولغان ھېكايە پۈتۈلگەن ئىكەن.
دەرۋىش كۈڭكۈك بۇ «تاش رىۋايىتى» نى باشتىن ئاخىرىغى-
چە كۆچۈرۈۋاپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ساۋ شۈچىن دياۋخۇڭشەن-
دە بۇ قىسسىنى ئون يىل تەھلىل قىلىپ، بەش قېتىم ئۆزگەر-
تىپ، مۇندەرىجىلەرگە ئايرىپ، بابلارغا بۆلۈپ چىقىپ، بىر
كۇبلىت بېغىشلىما يېزىپتۇ. بېغىشلىما تۆۋەندىكىچە:

تولسا گەر ئەپسانىگە قەغەز بېتى،
سىڭدى مىسرالارغا ئاچچىق كۆز يېشى!

كاشكى ئاپتورنى هاماقەت دەرمىدى،
تەمنى تېتىپ ئۆنىڭ بىلسە كىشى.

تاشتا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر چاغلاردا زېمىننىڭ شەرقىي جەنۇبىي گۇمۇرۇلۇپ كەتكەنىدى، ئەنە شۇ يەردە گۇسۇ دېگەن بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرگە ئادىمىزات دۇنياسىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بايۋەچچە ـ بەگزادىلەر توپلاشقانىدى. گۇسۇ شەھىرىنىڭ چاڭمېن دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا شىلىجىي دېگەن بىر مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىدىكى رىنچېڭ دېگەن كوچىدا «قاپاق بۇتخانا» دەيدىغان بىر بۇتخانا بار ئىدى. بۇ بۇتخانىنىڭ يېنىدا جېن فامىلىلىك، فېي ئىسىملىك ۋە شىيىن تەخەللۇسلۇق يېزا بېگى ئولتۇراتتى. جېن شىيىن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، نام ـ شۆھرەتكە بېرىلمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كۈنلىرىنى باغۋەنچىلىك قىلىپ، گۈلزارلىقلارنى تاماشا قىلىش، شاراب ئىچىپ، شېئىر ئوقۇش بىلەن خۇددى پەرىزاتلاردەك كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتى.

تازا تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، جېن شىيىن ئۆز كۇتۇپخانىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈشىدە قاياققىدۇر بىر ياققا كېتىپ باراتتى. شۇ ئەسنادا، پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان راھىب بىلەن دەرۋىشنى كۆرۈپ قالدى. دەرۋىش راھىبتىن:

— سەن بۇ هاماقەت نەرسىنى نەگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ دەۋاسى چىقىپ قالدى. بۇنىڭغا خاتىمە بېرىدىغان پەيت كەلدى، لېكىن بۇ ئىشق رەقىبلىرى تېخى ئادىمىزات دۇنياسىغا تۆرەلگىنى يوق. مەن مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ نەرسىنى ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاپىرىپ تاشلىماقچىمەن، بۇمۇ ئاشۇلار بىلەن بىللە كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى راھىب كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ ئىشق رەقىبلىرى نەدە تۆرىلىپ، نەگە بېرىپ چۇ-
شەركىن؟ — دەپ سورىدى دەرۋىش.

— بۇ بىر قىزىق ۋەقە، — دېدى راھىب، — بۇ ۋەقەنى
ئەلمىساقتىن بۇيان ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. ئابىھايات دەريا-
سىنىڭ قىرغىقىدا ئۈچ مەرتىۋە تىرىلگەن تاش باغرىدا ئۆسكەن
بىر تۇپ مېھرىگىياھ بار ئىكەن. قىزىل شەپەق ئوردىسىنىڭ
زەبەرجەت غۇلامى بۇ مېھرىگىياھنى ئارىلاپ - ئارىلاپ شەربەت
بىلەن سۇغىرىپ تۇرۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مېھرىگىياھ-
نىڭمۇ ئۆمرى ئۇزىراشقا باشلاپتۇ. كېيىن بېرىپ، تەڭرىنىڭ
قۇدرەت - كارامىتى، يەنە بىر تەرەپتىن، شەربەت بىلەن ئوزۇق-
لىنىش نەتىجىسىدە، گىياھلىق قېپىنى تاشلاپ ئادەم سىياقىغا
كىرىپ، قىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇ كۈن بويى «ھىجران دۇنيا-
سى»دا تاماشا قىلىپ يۈرۈپتۇ. قورسىقى ئاچقاندا «سىرلىق
ئىشق مېۋىسى» بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئۇسسىغاندا «غەم - غۇس-
سە شەربىتى» بىلەن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇ
ئۆزىنى تەشنالىقتىن خالاس قىلغان زاتنىڭ ھىممىتىنى قايتۇ-
رۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، چېكىش ۋە ئېيتىپ
تۈگەتكۈسىز ئارزۇ - ئارمانلىرى خۇددى بىر تۈگۈن بولۇپ
قەلبىگە ئورنىشىپ قاپتۇ. يېقىندا ئىچىگە بىر سەۋدا چۈشكەچ-
كە، ھېلىقى غۇلامنىمۇ ئادىمىزات دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ ئۆز
نېسىۋىسىنى كۆرگۈسى كېلىپ، ئۆزىنى پەرىزات جىڭخۇەنىنىڭ
رويخېتىگە ئالغۇزۇپ قويۇپتۇ. مېھرىگىياھ پەرىزات ئۆزىگە
شەربەت سۇنۇپ تەشنالىقىنى قاندۇرغان غۇلامنىڭ ئىلتىپاتىغا
جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئادىمىزات دۇنياسى-
غا سەپەر قىلىپ، ھاياتىدىكى بارلىق كۆز ياشلىرىنى ئۇنىڭغا
تەقدىم قىلماقچى بوپتۇ. ئەنە شۇ ۋەقە نۇرغۇن ئىشق رەقىبلىرى-
نىڭ ئادىمىزات دۇنياسىغا سەپەر قىلىپ، بۇ ئىشق دەۋاسىنى
ئاخىرلاشتۇرۇشىغا سەۋەب بولدى.

— «ئىلتىپاتقا كۆز ياش قايتۇرۇش» دېگەن سۆزنى مەن ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. ئىككىمىز مۇشۇ پەيتتە ئۇلار بىلەن بىللە ئادىمىزات دۇنياسىغا بېرىپ، بىرقانچىسىنى گۇناھ-تىن خالاس قىلساق، ساۋابلىق ئىش قىلغان بولماسمىدۇق؟ — دېدى دەرۋىش.

— مېنىڭ نىيىتىممۇ شۇنداق، — دېدى راھىب.

— ئىككىمىز ئالدى بىلەن جىڭخۇەننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، بۇ ھاماقەتنىڭ ھېساب - كىتابىنى ئۈزۈۋېتەيلى.

جېن شىيىن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئېنىق ئاڭلىدى، لېكىن ئۇلار تىلغا ئالغان «ھاما-قەت» نىڭ كىملىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى؛

— باياتىن بىر ئۇستازلىرىمنىڭ «ھاماقەت» توغرىسىدا قىلغان پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇ كىمكىن، ياكى ئۇنىڭ دىدا-رىنى كۆرستىشكە مۇمكىن بولارمىكىن؟ — دېدى.

— بۇ نەرسىگە كەلسەك، سىزگە ئۇنى بىر كۆرۈشكە نې-سىپ بولىدۇ، — دېدى راھىب. ئۇ يېنىدىن ھېلىقى نەرسىنى چىقىرىپ جېن شىيىنغا سۇندى. جېن شىيىن قولىغا ئېلىپ قارىدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان گۈزەل قاشتېشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىدە «ھېكمەتلىك قاشتېشى» دېگەن ئىبارە ۋە ئاخىرىدا يەنە ئۇششاق قىلىپ پۈتۈلگەن بىرمۇنچە سۆزلەرمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جېن شىيىن ئۇنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەمدىلا تەمشەلگەندە، راھىب جېن شىيىننىڭ قولىدىكى تاشنى كاپ قىلىپ تارتىۋېلىپ، دەرۋىش بىلەن بىللە يوغان تاش پەيلو-دىن ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. پەيلونىڭ ماڭلىيىغا «غايىب ئالەم» دېگەن ئىبارە ۋە ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا تۆۋەندىكىچە بېيىت يېزىلغانىدى:

بەلكى يالغاننى دېسەڭ راست - راست، ئىمىش يالغان ھامان،

يوقنى بار دېسەڭكى بار ھەم ئايلىنار يوقھا شۇئان.

جېن شىيىنمۇ ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ پەيلۇدىن ئۆتمەكچى بولۇپ پۇتىنى ئەمدىلا كۆتۈرگەندە، شۇنداق قاتتىق گۇلدۇرلىگەن سادا ئاڭلاندىكى، خۇددى تاغلار ئۆرۈلۈپ، يەرلەر يېرىلغاندەك بولۇپ كەتتى. جېن شىيىن قاتتىق بىر ۋارقىراپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، تومۇزنىڭ ئاپتىپى يەنە بۇرۇنقىدەكلا يەر - زېمىننى كۆيدۈرۈپ، بانان دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى يەنە بۇرۇنقىدەكلا لەرزان تەۋرىنىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ ھېلىلا چۈشىدە كۆرگەنلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. جېن شىيىن راسا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، تام قوشنا خۇلۇمىياۋ بۇتخانىسىدا مۇساپىر بولۇپ يېتىپ يۈرگەن جىيا يۈيسۈن ئىسىملىك بىر نامرات تالىپنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆزىگە چېلىقىپ قالدى. جىيا يۈيسۈن بىرەر نام - شۆھرەت ئىزدەپ پايتەختكە قاراپ يولغا چىقىپ، ۋاقتىنچە بۇتخانىنى پاناھ قىلىپ، ھەر كۈنى خەتتاتلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن جېن شىيىن بىلەن تونۇشۇپ قىلىپ، ھەمىشە باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇرۇشاتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ خاسىيەتلىك تاۋۇز چاغىنىمۇ يېتىپ كەلدى، جېن شىيىن ئۆيىدىكىلىرى بىلەن غىزا يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا يەنە ئالاھىدە داستىخان ھازىرلىتىپ قويۇپ، ئۆزى تولۇن ئاينى تاماشا قىلغاچ، جىيا يۈسۈننى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن بۇتخانىغا كەتتى. جىيا يۈيسۈن جېن شىيىننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلمىدى. ئۇ جېن شىيىن بىلەن بىللە ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كەلدى.

ئۇلار بىرپەس سىنچاي ئىچىشتى، قەدەھ ۋە قاچا - قۇچىلار ئالمىشاچان تەق قىلىپ قويۇلغانىدى. ئۇلار داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، شاراب ئىچىشكەچ بەھۇزۇر پاراڭلاشتى، ئۇلار

شۇ كېچىسى جېسەكچى ئۇچىنچى جىڭ قاقڤاندىن كېيىن خوشلاشتى.

## 2 ــ باب لېڭ زىشڭنىڭ رۇڭگۇ قەسرى توغرىسىدا بايان قىلغانلىرى

كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ۋېيياڭ دېگەن يۇرتقا كېلىپ قالدى ۋە كىشىلەردىن بۇ يىل شۇ يۇرتقا تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشى بولۇپ لىن رۇخەي ئىسىملىك كىشى تەيىنلەنگەنلىكىنى ئاڭلىدى. لىن رۇخەي گۇسۇلۇق زاتلاردىن ئىدى، ئۇ ئۆتكەن نۆۋەتتىكى دۆلەتلىك چوڭ ئىمتىھاندا تەنخۇالىققا ئېرىشىپ، تېخى يېقىندىلا خانلىق كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ يىل تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشلىكىگە مۇشەررەپ بولغان ۋە خىزمەتكە كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. رۇخەي بۇ يىل قىرىق ياشقا كىرگەنىدى. چوڭ ئاغچىسى بىر قىز تۇغۇپ بەرگەن، ئۇنىڭغا دەييۇي دەپ ئات قويۇشقانىدى. دەييۇي مانا بەش ياشقىمۇ كىرىپ قالدى. ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى بۇ قىزغا شۇنچە ئامراق ئىدىكى، ئۇنى گويا گۆھەردەك كۆرەتتى. قىزنىڭ ناھايىتى چېچەن ۋە چىرايلىق ئىكەنلىكىگە ھەۋىسى كەلگەن ئاتا ــ ئانا ئۇنى ئوغۇل ئورنىدا كۆرۈپ، خەت ــ ساۋاتلىق قىلىپ قويۇشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

يۈيسۈن خەقلەردىن تۇز ئىشلىرى مۇپەتتىشىنىڭ ئۆز قىزىغا تەلىم بېرىدىغان بىرەر خەلپەت تەكلىپ قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇنىڭ تالىبەسىنىڭ يېشى كىچىك، بەدىنىمۇ ئاجىز ئىدى. بۇ تالىبەگە دەرسنىڭ ئاز ــ كۆپلۈكى جەھەتتىن چەك قويۇلمايتتى، شۇڭا بۇ خەلپەتچىلىك ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېنىك چۈشەتتى. جيا يۈيسۈننى بىر دوستى ياملغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ھەش ــ پەش دېگۈچە بىر يىلمۇ ئۆتۈپ

كەتتى. دەيىۋىنىڭ ئانىسى، جىيا جەمەتىنىڭ چوڭ ئاغىچىسى كىسەل تۇپەيلىدىن تۇيۇقسىز قازا تاپتى. بىر كۈنى ئۇ بىر ـ ئىككى قەدەھ شاراب ئىچمەك بولۇپ، سەھرا مەيخانىسىغا قاراپ يول ئالدى، ئۇ ئەمدىلا مەيخانىغا كىرىشىگە، مەي ئىچىپ ئول- تۇرغانلارنىڭ بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلگەن پېتى «مەرھابا! مەرھابا!» دەپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، جىيا يۈيسۈن لاپپىدە شۇ ياققا قارىدى، بۇ ئادەم پايتەختتىكى ئاسارئەتىقىپۇرۇش لېڭ زىشىڭ دېگەن كىشى ئىدى، جىيا يۈيسۈن بىر چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن پايتەختتە تونۇشۇپ قالغانىدى، بۇ ئىككىسى بەك چىقىشات- تى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يىغىۋاشتىن يەنە شاراب ـ تائام كەلتۈرۈپ، ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەت- لەشتى.

— يېقىندىن بېرى پايتەختتە قانداق يېڭىلىقلار بارلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا يۈيسۈن.

— يېڭىلىق دېگۈدەك بىرەر نېمە ئاڭلىغىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى لېڭ زىشىڭ، — ئەمما، سىز بىلەن بىر جەمەتتىكىلەر ئىچىدە ئاز ـ تولا يوچۇن ۋەقەلەر چىققانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— پايتەختتە كەمىنىڭىز بىلەن بىر جەمەتتىكىلەردىن يوق ئىدى، ئەجەبا، سىز بۇنىڭدىن گەپ ئېچىپ قالدىڭىز؟

— فامىلىڭىزلەر ئوخشاش بولسۇنۇ، يەنە نېمىشقا بىر جەمەتتىن بولمايسىز؟ — دېدى لېڭ زىشىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ قايسى جەمەت ئىكەن؟ — دەپ سورىدى جىيا يۈيسۈن.

— رۇڭگو قەسرىدىكى جىيا نەسەبىدىكىلەر.

— سىز رۇڭگو قەسرىدىكىلەرنى دەۋاتقان ئىكەنسىز ـ دە.

— مەن دەل نىڭگۇ ۋە رۇڭگۇ قەسرىنى دەۋاتىمەن. نىڭگۇ- گۇڭ بىلەن رۇڭگوگۇڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداشلار. بايا مەن سىزگە ئېيتىپ ئۆتكەن يوچۇن ۋەقە مانا مۇشۇ قەسىردە

بولغان. رۇڭگۇگۇلۇڭ قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى جيا دەيشەن ئاتىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، جىنلىڭ شەھىرىدىكى نەسەبلىك تۆرىلەردىن شى بېگىمنىڭ قىزىغا ئۆيلەنـ. گەن. بۇ خېنىمدىن ئۇ ئىككى ئوغۇل كۆرگەن، تۇنجىسىغا جيا شې، كەنجىسىگە جيا جېڭ، دەپ نام بەرگەن. جيا دەيشەن خېلى بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تېخى هايات، شۇ ۋەجىدىن ئاتىسىنىڭ مەنسىپى تۇنجى ئوغلى جيا شېغا قالـ. غان. جيا دەيشەن سەكراتتا ياتقاندا، پادىشاھ ھۇزۇرىغا بىر ئەرز قالدۇرۇپ كەتكەچكە، پادىشاھىي ئالەم ئۆزىنىڭ بۇ سابىق ئەمەلـ. دارىغا خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ، كەنجى ئوغلى جيا جېڭغا نامزات سەركارلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇ هازىر قوشۇمچە چۆپدارلىق مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن. مەزكۇر جيا جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسى ۋاڭ خېنىمدىن بولغان تۇنجى ئوغلى جيا جۇ ئون تۆت يېشىدىلا مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ موللا بولغان، يىگىرمە ياشقا كىـ. رەـ كىرمەيلا ئۆيلىنىپ بىر ئوغۇللۇق بولغان، كېيىن كېسەل بولۇپ قازا تاپقان. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىككىنچى تۇغۇتىدا بىر قىز پەرزەنت كۆرگەن، بۇ قىز دەل نورۇز كۈنى دۇنياغا كەلـ. گەن. كېيىن ئۇ يەنە بىر بەگزادىنى تۇغقان، بۇ بالا تۇغۇلۇشىـ. دىلا بىر دانە يالتىراپ تۇرغان رەڭدار قاشتېشىنى چىشلەپ چۈشكەنمىش. تاشقا تېخى بىرمۇنچە خەتلەرمۇ پۈتۈلگەن ئىمىش. بۇ بەگزادىگە باۋيۈي، دەپ نام قويغان.

— دەرھەقىقەت، مۆجىزە ئىكەن، بۇ بەگزادىنىڭ يارالمىـ. شىدا قانداقتۇر بىر قىسمەت بولۇشى مۇمكىن، — دېدى جيا يۈيسۈن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىدۇ، — دېدى لېڭ زىشىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مومىسى بۇ نەۋرىسىنى گۆھەردەك ئەتىۋارـ. لايدىكەن. بۇ بەگزادە بۇ يىل يەتتە ـ سەككىز ياشلاردا باردەكـ. مىش، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن كەپسىزلىكىگە باقماي، تېخى ناھايىـ.

تى ئەقىللىق، زېرەك ئىكەن. بىر دېمەتلىكلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ بالىلىق گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئاجايىپمىش. ئۇ: «ئايال كىشىنىڭ سۆڭىكى سۇدىن يارالغان، ئەر كىشىنىڭ سۆڭىكى لايدىن يارالغان. ئايال كىشىنى كۆرسەم ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كېتىمەن، ئەر كىشىنى كۆرسەم يىرگى-نىپ ـ سەسكىنىپ كېتىمەن» دەپ يۈرگۈدەكمىش، بۇ گەپنىڭ قىزىقلىقىغا قارىماسىز؟ — دەپ گېپىنى يەنە داۋام قىلدى لېڭ زىشىڭ، — جيا خاندانىدا بىر بۆلۈك قىزلار بار ئىكەن، ئاڭلى-ساق، بىر ـ بىرىدىن كېلىشكەن قىزلارمىش. جياڭ جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ قىزى چاغانىنىڭ بىرىنچى كۈنى تۇغۇلغان بول-غاچقا، ئۇنىڭ ئىسمىنى يۈەنچۈن، دەپ قويغان. يۈەنچۈن خېنىم چېچەن، ۋاپادار، قابىلىيەتلىك، پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خان ئوردىسىدا «دەپتەردار ئاغىچا» دېگەن مەرتىۋىگە مۇشەر-رەپ بولدى. ئوتتۇرانچى خېنىم يىڭچۈن، ئۇ جياشې بېگىمنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان، ئۈچىنچى خېنىم تەنچۈن، ئۇ جيا جېڭ بېگىمنىڭ كىچىك ئاغىچىسىدىن بولغان. تۆتىنچى خېنىم شىچۈن، ئۇ نىڭگو خاندانىدىكى جيا جېن بېگىمنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى، شى جەمەتىدىن بولغان ئۇلۇغ ئاغىچا ئۆزىنىڭ بۇ قىز نەۋرىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇلار مومى-سىنىڭ يېنىدا بىللە تۇرۇپ، بىللە ئوقۇيدۇ. ھازىر جانابىڭىز خەلپەتچىلىك قىلىۋاتقان قەسىردىكى لىن رۇخەي بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسى دەل ئاشۇ رۇڭگو قەسىرىدىكى جيا شې، جياڭ جېڭ بېگىملەرنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بولىدۇ.

— مېنىڭ تالىبەمنىڭ گەپ ـ سۆز، مىجەز ـ خۇلق جەھەتتە ئادەتتىكى قىزلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى شۇنىڭ ئۈ-چۈنكەن ـ دە! ئۇنىڭ ئانىسى باشقا ئاياللارغا ئوخشىمىغاچقا، قىزىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزىنى دوراپتۇ. ئەمدى بىلسەم، ئۇ رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرنىڭ نەۋرىسى ئىكەن، ئۇنىڭدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ

بولغۇدەك. ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ تالىيەمنىڭ ئانىسى ئۆتكەن ئايدا قازا بولۇپ كەتتى، — دېدى جيا يۈيسۈن شىرەنى ئۇرغىنىچە كۆلۈپ تۇرۇپ ۋە تالاغا قاراپ، — كەچ كىرىپ قاپتۇ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىپ قويمىسۇن يەنە.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيخانا بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشتى.

## 3 - باب لىن دەيۈينىڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ پايتەختكە كىرىشى

ئەتىسى لىن رۇخەي جيا يۈيسۈنگە:

— مەرھۇمە رەپىقىمىز يېقىندا ئالەمدىن ئۆتتى. پايتەختتىكى قېينانام قىزىمىزنىڭ يېتىم ھەم تەربىيىسىز قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خىزمەتكارلار بىلەن كېمە ئەۋەتىپتۇ. قىزىمىز تامامەن ئوڭلىنىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تېخى يولغا چىقمىدى. قىزىم كېلەر ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى پايتەختكە قاراپ يولغا چىقماقچى، — دېدى.

جيا يۈيسۈننىڭ تالىيەسى دەيۈي سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ پايتەختكە قاراپ يولغا چىققۇسى يوق ئىدى، ئەمما مومىسى ئۇنىڭ كېلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىن رۇخەي: «سەن تېخى كىچىك، ئاغرىقچان، سېنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدىغان ئاناڭ يوق، ساڭا يار - يۆلەك بولىدىغان ئاچا - سىڭىللىرىڭ يوق. ئۇ يەردە بولسا موماڭغا يۆلىنىسەن ۋە بىر نەۋرە ئاچا - سىڭىللىرىڭ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، شۇنىڭدا مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئارام تاپىدۇ، — دېدى. لىن دەيۈي ئاخىرى ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كۆنۈپ، قارا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا خىزمەتكارلار

بىلەن كېمىگە چۈشۈپ يولغا چىقتى.
دەييۇي كېمىدىن قىرغاققا چۈشتى. قىرغاقتا ئۇنى رۇڭگۇ قەسىرىدىن ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن تەخترىۋان ۋە يۈك - تاقلىرىنى توشۇيدىغان مەپە كۈتۈپ تۇراتتى. دەييۇي ئانىسىدىن مومىسىنىڭ خانىدانى باشقا خانىدانلاردىن ھەر جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئۆزى بارىدىغان شۇ مۆھتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى، شۇڭا بىرەرمۇ ئارتۇقچە قەدەم باسماسلىق، ھەممە ۋاقىت ئېھتىياتچان بولۇش، شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئالدىدا شاڭخوغا قالماسلىق كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. دەييۇي تەخترىۋاندا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىرگەندىن باشلاپ، شايى پەردە ئارقىلىق سىرتقا نەزەر تاشلاپ كەلدى. كوچا - رەستىلەر شۇنچە ئاۋات، ئاھالە شۇنچە كۆپ ۋە ئۆي - ئىمارەتلەر شۇنچە زىچ ئىدىكى، باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن دەييۈينىڭ كۆزى كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىككى يوغان تاش شىرغا ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ باش سۈرەتلىرى چۈشكەن ئۈچ ئېغىزلىق دەرۋازىغا چۈشتى، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا سۆلەتلىك كىيىنگەن ئونچە ئادەم قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئوتتۇرىدىكى چوڭ دەرۋازا يېپىق بولۇپ، ئادەملەر شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى يان دەرۋازىلاردىن كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى دەرۋازىنىڭ ماڭلىيىغا: «ئالىي پەرمان بىلەن ياسالغان نىڭگو قەسىرى» دەپ پۈتۈلگەن ئىبارە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دەييۇي: «بۇ ئۇلۇغ بوۋامنىڭ سارىيى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. غەرب تەرەپتە سەل نېرىسىدا مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك يەنە ئۈچ ئېغىزلىق دەرۋازا تۇراتتى. بۇ «رۇڭگو قەسىرى» ئىدى. ئۇلار غەرب ياقتىكى يان ئىشىكتىن كىرىپ، گۈلەپشان دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، مۇلازىملار تەخترىۋاننى يەرگە قويۇپ، ئەدەپ بىلەن شوخشۇپ چىقىپ كېتىشتى. كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاياللار ئال-

ـمان ـ تالمان كىلىپ پەردىنى قايرىپ، لىن دەييۈينى تەخترا-
ۋاندىن چۈشۈردى. لىن دەييۈي ئاياللارنىڭ قولىغا تايىنىپ
گۈلەپشان دەرۋازىسىدىن كىردى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسنىقىد-
ىن ئەگىپ سەيلە ئايۋىنى كەتكەن، قاق ئوتتۇرىسىغا دەھلىز
چۈشكەن بولۇپ، ئۇ يەردە سەندەل ياغىچىدىن پۈت ياسالغان
يوغان مەرمەر توسۇق تۇراتتى. مەرمەر توسۇقنىڭ كەينىدە ئۈچ
ئېغىز كىچىك مېھمانخانا جايلاشقان، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە چوڭ
ئۆيلەر جايلاشقان ھويلىغا چىققىلى بولاتتى. ئۇدۇلدا ھەممە
لىم- تۆۋرۈكلىرىگە گۈل نەقىشلەنگەن بەش ئېغىزلىق تۆر ئۆي
جايلاشقان. ئۇنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۇزۇن كەتكەن ئايۋانلىق
ھۇجرىلار ئالدىغا شاتۇتى، قاشلىق بۇلبۇل ۋە باشقا قۇشلار
سولانغان قەپەسلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. پەلەمپەيدە قىزىل ـ
يېشىل كىيىنگەن بىرنەچچە چۆرە قىزلار ئولتۇراتتى، ئۇلار لىن
دەييۈينىڭ كېلىۋاتانلىقىنى كۆرۈشى بىلەنلا، ئالدىغا تەبەسسۇم
بىلەن چىقىشتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھېلىلا سىلىنى سېغىنىپ گەپلىرد-
نى قىلىۋاتاتتى، بىلگەندەك يېتىپ كەپتىلا، — دېيىشتى ئۇلار.
ئۇلاردىن ئۈچ ـ تۆتى پەردىنى قايرىش ئۈچۈن تەڭلا چېپىشتى،
كىمدۇر بىرى:

— لىن دەييۈي خېنىم كەلدى! — دەپ خەۋەر قىلدى.

لىن دەييۈي ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئىككى كىشى قولتۇقد-
ىن يۆلىگەن ھالدا، كۈمۈشتەك ئاق چاچلىق بىر موماينىڭ
ئالدىغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. لىن دەييۈي بۇ ئۆزىنىڭ مو-
مىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا تىزلىنىپ تەزىم قىلىشقا
تەمشەلگىنىدە، موماي ئۇنى دەرھال قۇچىقىغا ئالدى ـ دە،
باغرىغا باستى ۋە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا:

— ئاھ، باغرىم! — دەپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. قاراپ
تۇرغانلارمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىش-

تى، دەييۇيمۇ ئۆزىنى توختىتالماي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. تۇرغانلار ھەر ئىككىسىگە كەينى - كەينىدىن تەسەللى بەردى. ئاخىرى دەييۇي مومىسىغا تەزىم قىلدى ۋە مومىسى ئۇنى تۇغقانلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ سېنىڭ چوڭ ھاما ئاچاڭ، — دېدى ئۇ، — مانا بۇ ئوتتۇرانچى ھاما ئاچاڭ، بۇ بولسا مەرھۇم بىر نەۋرە چوڭ ئاكاڭ جيا جۇنىڭ ئايالى، سېنىڭ يەڭگەڭ بولىدۇ.

دەييۇي بۇلارغا ئايرىم - ئايرىم تەزىم قىلدى. جيا ئانا:

— قىزلارنى تەكلىپ قىلىڭلار، بۈگۈن يىراقتىن مېھمان كەلدى، ئۇلار مەكتەپكە بارمىسىمۇ بولىدۇ، — دەپ بۇيرۇدى. ھەممەيلەن «خوش» دەپ بىردەك جاۋاب بېرىشتى، ئارىدىن ئىككىسى چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بەش - ئالتە دېدەك ئۈچ قىزنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، سەل - پەل ئەتلىك، ئوتتۇرا بويلۇق، مۇلايىم، جىمىغۇر، كۆرۈنۈشى يېقىملىق ئىدى. ئىككىنچىسى، تارخا-مۇت يەلكىلىك، بەللىرى ئىنچىكە، بويى زىلۋا، يۈزى سوزۇن-چاق، كۆزلىرى چىرايلىق، قاشلىرى قىيغاق ئىدى، تۇرقىدىن نازاكەت جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۈچىنچىسىگە كەلسەك، ئۇ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن گۆدەك ئىدى. بۇ ئۈچ قىز ئوخشاش ياسانغا-نىدى. لىن دەييۇي دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى، تونۇشتى.

ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، دېدەكلەر چاي كەلتۈرۈشتى. ئۇلار دەييۇينىڭ ئانىسىنىڭ قانداق كېسەل بولغانلىقى، قانداق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ، قانداق دورىلار بەر-گەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق ئۇزىتىپ، قانداق دەپنە قىلغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان جيا ئانىنىڭ كۆڭلى يەنە بۇزۇلدى ۋە دەييۇيگە قاراپ؛

— قىزلىرىم ئىچىدە سېنىڭ ئاناڭغا ھەممىدىنمۇ بەك ئام-

-راق ئىدىم، تۇيۇقسىز ئۇ مەندىن بۇرۇن ۋاپات بولدى، دىدارىنى كۆرەلمىدىم، قانداقمۇ ھەسرەت چەكمەي تۇرالايمەن! — دېدى- دە، دەييۇي ينى باغرىغا بېسىپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى، جيا ئانا ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

دەييۇي تېخى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، گەپ - سۆزلىرى ناھايىتى ئەدەپلىك، لاتاپەتلىك ئىدى. ۋۇجۇدىنىڭ زەئىپ ۋە چىرايىنىڭ جۇدەڭ بولۇشىغا قارى- ماي، ناھايىتى تۇغۇشلۇق ئىدى. لېكىن، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بىتاپ ئىكەنلىكىنى پەملەپ:

— قانداق دورا ئىچىۋاتىسىز؟ نېمىشقا تېخى تۈزۈلۈپ كېتەلمەيسىز؟ — دەپ سوراشقا باشلىدى.

— مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپلا شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى دەييۇي، — غىزا يېيىشنى ئۆگەنگىنىمدىن تارتىپلا دورا ئىچىپ كېلىۋاتىمەن، مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ ھەممىسىگە كۆرۈن- دۈم، ئەمما ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ھازىرغىچە ئادەمگىن- سەن ياسالغان كۇمىلاچ دورا ئىچىپ كېلىۋاتىمەن.

— تولىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى جيا ئانا، - بىزنىڭكىدە كۇمىلاچ دورا ياساۋاتىدۇ، كۆپرەك بۇيرۇتساقلا بولىدۇ.

جيا ئانىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئارقا ھويلىدىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە «مەن كېچىكىپ قاپتىمەن! يىراقتىن كەلگەن مېھ- مانىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەپتىمەن» دېگەن سۆزلەر ئاڭ- لاندى. دەييۇي ئىچىدە: «بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېمىنى چىقىرالماي تۇرۇۋاتسا، ئۆزىنى بىشەم ۋە بىئەدەپ تۇتقان كىم بولغاي بۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇ پەيتتە بىرنەچچە خىزمەتكار ئايال ۋە دېدەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئارقا ئۆيدىن بىر ساھىبجا- مال كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ياسىنىشى خېنىملارنىڭكىگە ئوخشى- مايتتى. ئۇ خۇددى ھۆر قىزلاردەك پار - پۇر ياسىنىۋالغانىدى.

قىيىق كۆزلىرى، قىيغاق قاشلىرى گويا سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايتتى. بويى زىلۋا ۋە ئەۋرىشىم، ئۆزى ناز ـ كەرەشمىلىك ئىدى:

نەۋ باھاردەك ئاي يۈزى ياپقان ئىدى ھەيۋىسىنى،
كى يۇمۇق لەۋ لېۋى ياپالمىدى كۈلكىسىنى.

دەييۈي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى.

— سەن ئۇنى تونۇمايسەن، — دېدى جيا ئانا كۈلۈپ، — ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاتىقى چىققان كۆكەمە، نەنجىڭلىقلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «لازا» ، سەن ئۇنى «فېڭ لازا» دەپ چاقىرساڭ بولىدۇ.

دەييۈي كىرگەن ئايالنى نېمىدەپ ئاتىشىنى بىلەلمەي ھو-دۇقۇپ قالدى، ئاچا ـ سىڭىللار ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇل-دۇرۇشقا ئالدىراپ:

— بۇ خېنىم جيا ليەن ئاكىڭىزنىڭ ئاغىچىسى، — دېدى.

دەييۈي بۇ خېنىم بىلەن بۇرۇن تونۇش بولمىسىمۇ، لېكىن ئانىسىدىن: «سىنىڭ چوڭ تاغاڭ جيا شېنىڭ ئوغلى جيا ليەن ئىككىنچى ھامماڭ ۋاڭ ئاغىچىنىڭ جىيەن قىزىغا ئۆيلەنگەن، ئىسمى ۋاڭ شىفېڭ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. دەييۈي ئۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ سالاملاشتى ۋە «يەڭگە» دەپ ھۆر-مەت بىلدۈردى. ۋاڭ شىفېڭ دەييۈينىڭ قولىدىن تۇتۇپ، باش-تىن ـ ئاياغ تىكىلىپ سەپسالدى، ئاندىن ئۇنى جيا ئانىنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئالەمدە بۇنداقمۇ ھۆسنى كېلىشكەن ئادەم بولىدىكەن، بۈگۈنلا ئۇچرىتىۋاتىمەن! ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى ـ سىياقىدىن بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ باشقا جەمەتتىن بولغان قىز نەۋرىلىرىگە ئەمەس، قان ـ قېرىنداش قىز نەۋرىلىرىگىلا ئوخشايدىكەن. بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ بۇ خېنىمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دائىم ئەسلەپ تۇرۇشى بىكار ئەمەس ئىكەن! سىڭلىمىزنىڭ بەختسىز-

لىكىگە ئېچىنىمەن، نېمىشقىمۇ ھامىمام بالدۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەندۇ! — دېدى ـ دە، قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ئەمدىلا تەسكىن تېپىۋىدىم، سەن كېلىپ كۆڭلۈمنى يەنە بۇزماقچىمۇ؟ — دېدى جىيا ئانا كۈلۈپ، — سىڭلىڭ ئۇزۇن سەپەردىن ئەمدى كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاغرىقچان، ئۇنىڭ-غىمۇ ئاران تەسەللى بەردۇق. قوي بۇنداق گەپلەرنى.

— راست دەيدىلا! — دېدى ۋاڭ شىفېڭ يىغىنى دەررۇ كۈلكىگە ئايلاندۇرۇپ، — سىڭلىمىزنى كۆرۈشۈم بىلەنلا پۈتۈن ئوي ـ پىكرىم مۇشۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتۇ. بىر تۇرۇپ خۇشال بولدۇم، بىر تۇرۇپ يىغلىغۇم كەلدى. بۇزرۇكۋار ئانى-مىزنىڭ كۆڭلىگە مالاللىق سەپ قويۇشۇمنى ئويلىماپتىمەن، مېنى دەررە ئاستىغا ئېلىپ راسا جاجامنى بەرسە بولىدۇ.

ئۇ ئالمان ـ تالمان دەييۈينىڭ قولىنى تۇتۇپ گەپ سوراشقا باشلىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز، سىڭلىم؟ بەلكىم ئوقۇغاندۇر-سىز؟ ھازىر قانداق دورىلارنى ئىچىۋاتىسىز؟ ئۆيىڭىزنى تولا ئويلىماڭ، نېمە يېگۈڭىز كەلسە ياكى قانداق تاماشا قىلغۇڭىز كەلسە، تارتىنماي ماڭا دەۋېرىڭ، دېدەكلەر ياكى خىزمەتچى ئايالّلار كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىپ قويسا، توپتوغرا ماڭىلا ئېيتىڭ جۇمۇ!

ئۇ ئايال خىزمەتكارلارنى ئىككى ئېغىز ئۆينى تەييارلاپ دەييۈينى ھاردۇق ئالدۇرۇشقا، جىيا ئانا ئىككى ئىنىكئانىغا دەي-يۈينى باشلاپ ئىككى تاغىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بىرپەستىن كېيىن دەييۈي رۇڭگۇ قەسرىگە كىرىپ مەپىدىن چۈشتى. بىر توپ ئىنىكئانىلار دەييۈينى باشلاپ شەرققە بۇرۇلدى ـ دە، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان دەھلىز بىلەن كوڭگەي تەرەپكە ئۆتتى. ئۇلار مۇراسىم دەرۋازىسىدىن بىر چوڭ

ھويلىغا كىردى. ھويلىنىڭ تۆرىدە بەش ئېغىز چوڭ ئۆي بار ئىدى، ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك ،بۇ جاي جىيا ئانا تۇرۇۋاتقان قەسىرگە ئوخشىمايتتى. دەيىيۇي بۇ يەرنىڭ ھەرەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، ساراي ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئۇدۇلدا توققۇز ئەجدىھا چۈشۈرۈلگەن تېگى قارا چوڭ بىر لەۋھە ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. لەۋھەگە چوڭ قىلىپ «پاراغەتخانا» دېگەن ئىبارە يېزىلغانىدى، بۇ «پادىشاھىي ئالەمنىڭ تەۋەررۇك قەلىمى» دېگەن مۆھۈر بېسىلغانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئادەتتىكى دەم ئالغان چاغلىرىدا بۇ ھەرەم ئۆيىدە بولمايتتى، شەرق تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىز يان ئۆيدە تۇراتتى. ئىنىكئانا دەيىيۇينى ئۇدۇللا شۇ تەرەپكە باشلاپ كىردى. ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى كاڭدا كۇندىلەڭ بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە بىر دەستە كىتابلار ۋە چىنە - چەينەكلەر تىزىقلىق تۇراتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈن پېتىش تەرەپتىكى تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇراتتى، ئۇ دەيىيۇينىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— تاغىڭىز بۈگۈن ئىبادەتكە كەتكەنىدى، كېيىن كۆرۈشەرسىز، — دېدى ئۇنىڭغا، — سىزگە يەنە شۇنىمۇ دەپ قويايكى، بۇ يەردە بىر نەۋرە ئۈچ ھەمشىرىڭىز بار. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىللە ئوقۇيسىز، يىڭنە ئىشلىرىنى بىللە ئۆگىنىسىز، ئويۇن - چاقچاق قىلىشىپ بىرەر - يېرىم سۆز ئوشۇقراق بولۇپ كەتسىمۇ ئەپۇ قىلىشىپ چىرايلىق ئۆتۈشەرسىزلەر. بىراق، بىر ئىشتىن ئەنسىرەيمەن، بىزدە بىر بالايىئەزىم بار. ئۇ: «ئالەمنى مالەم قىلىدىغان بىر يالماۋۇز». ئۇمۇ بۈگۈن ئىبادەتخانىغا كەتتى، تېخى كەلمىدى. سىز كەچقۇرۇن ئۇنى كۆرگەندە بىلىپ قالىسىز، ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھەمشىرىلىرىڭىزمۇ ئۇنىڭغا چېقىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

دەيىيۇي بىر چاغلاردا ئانىسىدىن ئاغزىغا ھېكمەتلىك قاشتې-

شى چىشلەپ تۇغۇلغان بىر نەۋرە قېرىنداشى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنتايىن كەپسىز ئىكەنلىكىنى، ئوقۇشقا كۆڭۈل قويماي، ھەدىسە ھەرەم ئىچىگە كىرىۋېلىپ بەتقىلىقلىق قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن مومىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق بولغانلىقتىن، ھېچكىمىمۇ ئۇنىڭغا چېقىلالمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگەن گېپىدىن ئەنە شۇ بىر نەۋرە قېرىنداشى ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، تەبەسسۇم بىلەن ھاماچىسىدىن سورىدى:

— ھاماچا، ئۆزلىرىنىڭ دەۋاتقانلىرى ئاغزىدا ھېكمەتلىك قاشتېشى چىشلەپ تۇغۇلغان ھېلىقى بەگزادىغۇ دەيمەن؟ ئانام رەھمەتلىك ماڭا پات ـ پاتلا بۇ بەگزادىنىڭ مەندىن بىر ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئەركىلەتمە ئىسمى باۋيۈي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئەمدى مەن بۇ يەردە ئەلۋەتتە ئاچا ـ سىڭىللىرىم بىلەن بىللە تۇرىمەن. ئاكا ـ ئۇكىلارغا كەلسەك، ئۇلار باشقا ھويلا ۋە باشقا ھۇجرىلاردا تۇرىدۇ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىمىزگە چېقىلغۇدەكمۇ بولماسمىز؟ — دېدى لىن دەييۈي. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز تېخى ئىشنىڭ ۋەجىنى بىلمەيسىز، ئۇ باشقا باللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا بەك ئارزۇلىغاچقا، ھەمشىرىلەر بىلەن بىللە تۇرغۇزۇپ كۆندۈرۈپ قويغان. ھەمشىرىلەر ئۇنىڭغا تەگمىسە، ئۇمۇ تىنچ يۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلىدىمۇ، بولدى، ئويلىمىغان ئىشلارنى چىقىرىدۇ، بىر تۇرۇپ گەپدانلىق قىلىپ دېمىگەن تاتلىق گەپلىرى قالمايدۇ، بىر تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزۇپ قىپقىزىل ساراڭلا بولۇۋالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا گول بولۇپ قېلىشتىن پەندىيات ئەيلىسىڭىز بولىدۇ.

دەييۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن باش لىڭشىتىپ ماقۇللىدى. شۇ ئەسنادا، بىر دېدەك قىز كىرىپ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەرقايسىلىرىنى كەچلىك تاماققا

تەكلىپ قىلىدۇ، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەييۈينىڭ قولىدىن يېتىلىگەن پېتى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان دەھلىز بىلەن جىيا ئانىنىڭ ئىچكىرىكى هويلىسىغا ئۆتتى ۋە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىشتى. بۇ يەردە بىرمۇنچە كىشىلەر مۇلازىملىق قىلاتتى، ئۇلار ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا دەرھال ئۇستەل ـ ئورۇندۇقلارنى قويۇشقا كىرىشتى. مەرھۇم جىيا جۇننىڭ ئايالى لى ۋەن قەدەھلەرنى تۇتۇپ تۇراتتى. ۋاڭ شىفېڭ چوكىلارنى تىزدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تائام ئۇسۇشقا كىرىشتى. ۋاڭ شىفېڭ دەييۈينى سول تەرەپتىكى بىرىنچى بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

تائام جىمجىتلىق ئىچىدە يېيىلدى. غىزا يېيىلىپ بولۇشىغىلا دېدەكلەر پەتنۇستا چاي كەلتۈرۈشتى. جىيا ئانا دەييۈيدىن ئۇنىڭ قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىدى. دەييۈي:

— يېقىندا «تۆت كىتاب» نى ئوقۇپ بولدۇم، ـ دەپ جاۋاب بەردى ۋە مومىسىدىن ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ قانداق كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىنى سورىدى.

— ئۇلار نەدە كىتاب ئوقۇسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى مومىسى، — ئارانلا بىرنەچچە خەت تونۇيدۇ، شۇ.

سۆھبەت تۈگىمەيلا، تالادىن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. بىر دېدەك كىرىپ «باۋيۈي كەلدى!» دەپ مەلۇم قىلدى. «بۇ باۋيۈي دېگەن قانداق بىر بالايىئەزىم نەرسىدۇر؟» دەپ ئويلىدى دەييۈي. ئۇ قارىۋېدى، تالادىن قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر بەگزادە كىرىپ كەلدى. ئۇ چوققىسىغا تۈرۈلگەن چاچ ئۇستىگە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن تاج تاقىغان، گۆھەر ئويناپ تۇرغان ئىككى ئەجدىها سۈرىتى چېكىلگەن ماڭلايچە قاشلىرىغىچە تېڭىلغان، گۈللۈكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كېپىنەكلەر چېكىلگەن پەيكان رەڭلىك يەكتەك كىيگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە رەڭدار يىپەكلەردىن پۆپۈكلەر تۈگۈلگەن بەلۋاغ باغلانغان، يەنە قولپىرەڭ

تاۋارغا كۆتۈرمە غۇجمەك گۈللەر چېكىلگەن ۋە چۆرىسىگە قاتار قىلىپ پۆپۈكلەر تۇتقان، ئايغىغا قارا سىدام تاۋاردىن ئاق چەملىك ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك رەڭگىرويى باھار تېڭىدا ئېچىلغان گۈللەردەك، چېكە چاچلىرى قايچا بىلەن تەكشى قىرقىلغاندەك، قاشلىرى سۈرمە بىلەن ياسالغاندەك، قاڭشىرى قول بىلەن چىمدىپ قويۇلغاندەك، كۆزلىرى ئوييناق ئىدى. بوينىدا مۇڭگۈزلۈك ئالتۇن ئەجدىھا سۈرىتى چۈشكەن زۇننار، رەڭدار چىلتەككە ئۆتكۈزۈلگەن چىرايلىق قاشتېشى ئېسىقلىق ئىدى.

دەييۇي ئۇنى كۆرۈشى بىلەن قاتتىق شۈركۈنۈپ كەتتى. ئىچىدە: «بۇ ئاجايىپ قىسمەت ـ ھە! ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ، نېمىدىگەن تونۇش!» دېگەن ئويلارغا كەلدى. باۋيۇي مومىسىدىن تىنچ ـ ئامانلىق سوراپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جيا ئانا ئۇنىڭغا قاراپ:

— ماڭ، بېرىپ ئاناڭغا سالام بېرىپ كەل، — دېدى. باۋيۇي بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە، بايىقى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىۋەتكەنىدى. ئۇستىگە چاچما گۈللۈك ئوچۇق قىزىل نىمكەش يەكتەك، بوينىدا ئاۋۋالقىدەكلا زۇننار، ھېكمەتلىك قاشتېشى قۇلۇپ، تۇمار ۋە باشقا نەرسىلەر ئېسىقلىق ئىدى. چاچما گۈللۈك ماش رەڭ دارايى ئىشتان، پۇتىغا كىمخابتىن پەۋاز تۇتقان قارا مەخمەل پايپاق، قېلىن چەملىك توق قىزىل خەي كىيگەنىدى. ئۇنىڭ يۈزى پەردازلاپ قويغاندەك تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتكەن، لەۋلىرى ئەڭلىك سۈرگەندەك قىپقىزىل ئىدى. قاراشلىرىدا شوخلۇق، سۆزلەشلىرىدە يوشۇرۇن تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭدىكى تەبىئىي گۈزەللىك گويا ئەگىم قاشلىرىغا يىغىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ھېس ـ تۇيغۇلار ئۇنىڭ كۆز قىرلىرىغا جەملەشكەندەك ئىدى.

جيا ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ باۋيۇيگە قاراپ:

— مېھمان بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپلا كىيىملىرىڭنى يەڭ-گۈشلىۋېتىپسەنغۇ، بىرىپ سىڭلىڭ بىلەن كۆرۈشمەمسەن! — دېدى.

باۋيۇي تال چىۋىقتەك نازىنىن قىزنى كۆرۈش بىلەنلا، بۇ ھامما ئاچام لىن خېنىمنىڭ قىزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ قىزغا دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى، ئۇ ھەقىقە-تەن ھېچقانداق قىزلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ شۇنداق بىر قىز ئىدىكى:

تۇرار ئىدى ئەگمە قاشىن گويا تۇرۇپ، گويا تۇرمەي،
ئوينار ئىدى ئويچان كۆزى ۋە يا كۈلۈپ ۋە يا كۈلمەي.
تۇرۇشى گۈلناز مىسلى سۇغا ئەكسى ئورنىغان،
مېڭىشى خۇد تالى مەجنۇندۇر شامالدا ئوينىغان.
كۆڭلىنىڭ بىر كۆزى كۆپ بىگەن بېگىمنىڭ كۆڭلىدىن،
دىلى ھەم ئۈچ ھەسسە خەستە شىشى خېنىمنىڭ دىلىدىن.

باۋيۇي نەزەر سالغاندىن كېيىن:

— بۇ سىڭلىمنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— جۆيلىمە، ئۇنى سەن نەدە كۆرەتتىڭ؟ — دېدى جيا ئانا.

— بەلكىم كۆرمىگەندىمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈمسى-رەپ، — لېكىن كونا تونۇشتەك، ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا دىدار كۆرۈشكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— ياخشى! تولىمۇ ياخشى! بۇ سۆزۈڭدىن قارىغاندا، پاتلا چىقىشىۋالغۇدەكسەن! — دېدى جيا ئانا.

باۋيۇي دەييۇيگە يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىدى ـ دە، سورىدى:

— سىڭلىم، بەلكىم سىز ئوقۇغاندۇرسىز؟.

— ئوقۇمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى

دەييۈي، — پەقەت بىر يىللا ئوقۇدۇم، ئاران بىرنەچچە خەتلا تونۇيمەن.

— سىڭلىمىزنىڭ ئىسمى ـ شەرىپى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي. دەييۈي ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.

— لەقىمىڭىزچۇ؟

— لەقىمىم يوق.

باۋيۈي كۈلۈپ كەتتى، ئۇ:

— مەن سىزگە بىر لەقەم تەقدىم قىلاي، سىزگە ھەممىدىن بەك «قەلەمقاش» دېگەن لەقەم باب كېلىدۇ، — دېدى.

— سەن بۇ لەقەمنى قايسى كىتابتىن تاپتىڭ؟ — دەپ سورىدى تەنچۈن.

— «قەدىمكى ھەم ھازىرقى شەخسلەر ۋە بۇيۇملار ھەققىدە تەپسىلات» تا ئېيتىلىشىچە: غەرب تەرەپتە «سۈرمە» دېگەن بىر خىل تاش بار ئىمىش، ئۇنى قاشلىق ئېتىدىغان قەلەم قىلىدىكەن. سىڭلىمىزنىڭ گويا تۈرۈلۈپ تۇرغاندەك قېشى سۈرمە بىلەن ياسالغاندەك ئىنچىكە ئىكەن، بۇ لەقەم ئۇنىڭ جىسمىغا باب كەلمەمدىكەن؟ — دېدى باۋيۈي. ئۇ يەنە دەييۈيدىن:

— سىزدىمۇ قاشتېشى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. كۆپچىلىك چۈشەنمەي ھەيران قېلىشتى، دەييۈي: «ئۇنىڭ ئۆزىدە قاشتېشى بولغانلىقتىن، مېنىڭدىمۇ بولسا كېرەك دەپ سوراۋاتىدىغۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— مەندە قاشتېشى يوق. سىزدىكى قاشتېشى بىر تەۋەررۈك، ھەممىلا كىشىدە بولۇۋەرمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا باۋيۈينىڭ تەلۋىلىكى تۇتتى. ئۇ بويىنىدىكى قاشتېشىنى يۇلۇپ ئېلىپ غەزەپ بىلەن پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ:

— تەۋەررۈكمىش تېخى! ئادەملەرنىڭ ئېسىل ـ پەسلىكىنى پەرق قىلمايدىغان بۇ نېمىنى تېخى ئۇنداق ھېكمەتلىك،

بۇنداق ھېكمەتلىك دېيىشىدۇ! بۇنداق بىرنېمىنىڭ ماڭمۇ كې-
رىكى يوق! — دەپ كايىپ كەتتى. ئەتراپتا تۇرغانلار قورققىنى-
دىن قاشتېشىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىشتى. جيا ئانا ئال-
مان ـ تالمان باۋيۈينى باغرىغا بېسىپ:
— ھەي، شور پېشانە! ئاچچىقىڭ كەلگەن بولسا، بىرەرد-
نى ئۇرۇپ ـ تىللاپ بولسىمۇ ئاچچىقىڭنى چىقارساڭ بولماسمى-
دى، نېمىشقا ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ يەرگە ئۇرىسەن؟ — دېدى.
— بۇ بىرنېمە ئاچا ـ سىڭىللىرىمنىڭ ھېچقايسىدا يوق،
يالغۇز مەندىلا بار، نېمىدىگەن تېتىقسىزلىق. بىزنىڭ ئۆيگە
كەلگەن مانا بۇ ھۆر پەرىدەك سىڭلىمدىمۇ يوق ئىكەن. بۇ زادى
ياخشى نەرسە ئەمەس، — دېدى باۋيۈي ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.
— بۇ سىڭلىڭدىمۇ ئەسلي قاشتېشى بار ئىدى، لېكىن
ھامما ئاچاڭ ۋاپات بولغان چېغىدا، سىڭلىڭدىن ئايرىلغۇسى
كەلمەي، نائىلاج قاشتېشىنى بولسىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش
ئۈچۈن بىللە ئەكەتكەن. بىرىنچىدىن، سىڭلىڭ ئۆزىنىڭ ۋاپا-
دارلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ تاۋۇتىغا ئانىسى
ياخشى كۆرگەن نەرسىنى سېلىشى كېرەك ئىدى، ئىككىنچىد-
دىن، رەھمەتلىك ھامما ئاچاڭنىڭ روھى شۇ قاشتېشىنى كۆرۈپ
ياتسا، ئۇ قىزىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. دەيىيۈيمۇ ماختانغۇسى
كەلمەي، مەندە قاشتېشى يوق، دېگەندۇ. ئەمدى سەن ياخشىلىق-
چە ئېسىۋال، بۇ بەتقىلىقىڭنى ئاناڭ بىلىپ قالمىسۇن، — دەپ
باۋيۈينى بەزلىدى جيا ئانا، ئاندىن دېدەكنىڭ قولىدىكى قاشتې-
شىنى ئېلىپ باۋيۈينىڭ بويىنىغا ئۆز قولى بىلەن ئېسىپ قويدى.
باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ جىمىپ قالدى
ۋە باشقا گەپ قىلمىدى.
شۇ پەيتتە ئىنىكئانا كىرىپ كەلدى ۋە دەيىيۈينى قايسى
ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى سورىدى. جيا ئانا:
— باۋيۈينى ئىچكىرىدىكى قىشلىق ھۇجرىغا كۆچۈرۈپ قو-

يۈڭلار، ئۇ مەن بىلەن تۇرسۇن. دەييۇي قىزنى بولسا، هازىرچە كۆك شايى شىرمەللىك هۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭلار، قىشنىڭ ئايغىنى شۇ هۇجرىدا ئۆتكۈزۈپ تۇرسۇن، باهار كەلگەندە يەنە باشقا ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويارسىلەر.

باۋيۇي جيا ئانىغا يالۋۇردى:

— جىنىم موما، مەن ئاشۇ كۆك شايى شىرمەللىك هۇجرىنىڭ سىرتىدىكى كارىۋاتقا ئوبدانلا جايلىشىپ قالدىم، يەنە كۆچۈپ يۈرۈشۈمنىڭ نېمە هاجىتى؟

جيا ئانا بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوپتۇلا، — دەپ قوشۇلدى.

كەچتە، شىرېن دەييۇي بىلەن زىجۈەننىڭ تېخى دەم ئالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇستۇۋېشىدىكى زىبۇزىننەتلەرنى ئېلىپ قويۇپ، ئاستا ئىچكىرىگە كىردى ۋە كۈلۈمسىرەپ سورىدى:

— خېنىم، نېمىشقا تېخىچە ئارام ئالمىدىلا؟

دەييۇي دەرهال ئۇنى تەكلىپ قىلىپ:

— كېلىڭ، ئاچا، ئولتۇرۇڭ، — دېدى. شىرېن كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن دەييۇي خېنىمنىڭ كۆڭلى بەك پەرىشان، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى زىجۈەن، — باياتىن يىغلاپ يېشى قۇرۇمىدى، «مەن كېلەر - كەلمەيلا ئاكىمىزنىڭ كېسىلىنى قوزغاپ قويدۇم. هېلىمۇ ياخشى، قاشتېشى سۇنۇپ كەتمىدى، سەۋەنلىك مېنىڭدىن ئۆتتى» دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى، مەن نەسىهەت قىلىپ ئاران بېسىۋالدىم.

— ئانچە چېچىلمىسىلا، خېنىم، — دېدى شىرېن تەسەللى بېرىپ، — كېيىن بېرىپ بۇنىڭدىنمۇ كۈلكىلىك ئىشلارنى كۆرىدىلا. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا رەنجىيدىغان بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا رەنجىپمۇ جان توشۇتالمايلا، ئۇنداق ئىشلارنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

— توغرا دەيسىز، ئاچا، بۇ گېپىڭىزنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلايمەن، ھېلىقى قاشتېشى قانداق پەيدا بولۇپ قالغان؟ — دەپ سورىدى دەييۇي شىرېندىن. شىرېن:

— ئۇ قاشتېشىنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچ-كىم بىلمەيدۇ. ئاڭلىشىمىزچە، تۇغۇلغان چاغدا ئاغزىدىن چۈش-كەنىكەن، يەنە تېخى تەييار كۆزىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەكېلىپ كۆرسەتسەم ئاندىن بىلىسىز، — دېدى. دەييۇي دەرھال:

— بولدىلا، يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى، ئەتە كۆرسەممۇ كېچىكمەيمەن، — دېدى.

ئۇلار بىرپەس مۇڭدىشىپ، ئاندىن ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى دەييۇي ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، جيا ئانىغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىگە سالامغا كەلدى. ئۇ كەلگەندە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ شىفېڭ جىنلىڭدىن كەلگەن خەتنى ھازىرلا ئوقۇپ چىقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاكىسىنىڭكىدىن كەلگەن ئىككى خىزمەتكار ئايال بىلەن گەپلە-شىۋاتقانىدى. دەييۇي ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى، لېكىن تەنچۈن ۋە باشقىلار گەپ جىنلىڭ شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق شۆ جەمەتى-دىن بولغان كىچىك ئاپىسىنىڭ شۆپەن دېگەن ئوغلى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۆپەن ئۇلارغا ئىككى تۇغقان ئاكا ئىدى. ئۇ يېقىندا ئۆزىنىڭ دۆلەتمەن ۋە ھوقۇقدار ئائىلىسىگە يۆلىنىپ، كىمنىدۇر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ھازىر ئۇنى يىڭتيەن ۋىلايىتى مەھكىمىسى سوتقا تارتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ تاغىسى ۋاڭ زىتىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، پايتەختكە چاقىرتىپ كېلىش مۇددىئاسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ياققا ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن. دەييۇي ۋە ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم-نىڭ چېگىش ئىشلار بىلەن بەنت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى - دە، تۇل يەڭگىسى لى ۋەننىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

# 4 ـ باب    خۇلۇمياۋ راھىبنىڭ چىگىش دېلو ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلغانلىقى

جىيا يۈيسۈن يىڭتيەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ كېلىشىگىلا، خۇن دەۋاسى ئۈستىدە سوراق قىلىشقا توغرا كەلدى. ئىككى ئائىلە بىر چۆرە قىزنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىدە جاڭجاللىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول قويمىغاچقا، ئاخىر تاياق ئاستىدا ئادەم ئۆلۈش مەسىلىسى كېلىپ چىققانىدى. جىيا يۈيسۈن يايلارغا قاتىلنى سوراققا كەلتۈرۈشكە دەستەك بەرمەكچى بولغانىدى، ئەمما شۇ پەيتتە بىر ئىشىكباقارنىڭ دەستەك بەرمەسلىككە كۆزى بىلەن ئىما قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جىيا يۈيسۈننىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ، ئىشىكباقارنى خىلۋەت بىر ھۇجرىدا يالغۇز ئېلىپ قالدى. ئۇنىڭدىن بايا نېمىشقا دەستەك بەرمەسلىككە ئىشارەت قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئىشىكباقار:

— جانابلىرى بۇ يەرگە شۇ مەنسەپكە مۇشەررەپ بولۇپ كەلگەن ۋاقىتلىرىدا، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ «مەنسەپدارلىق تۇمارى»نى كۆچۈرۈپ ئالمىغانمىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— «مەنسەپدارلىق تۇمارى» دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا يۈيسۈن ئالمان ـ تالمان.

— يامان بوپتۇ! مۇشۇنىمۇ بىلمىسىلە، بۇ مەنسەپتە قانداقمۇ ئۇزاق ئولتۇرالايدىلا؟ ھازىر يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقاندىقى شۇ يەردىكى ئابرۇيلۇق، دۆلەتلىك مۆتىۋەرلەرنىڭ رويخېتىنى تۈزۈۋالىدۇ، ھەممە ئۆلكىلەردە شۇنداق. مۇبادا ئۇقۇشماي ئاشۇنداقلارنىڭ بىرەرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولسا، ئەمەل ـ پەمەل دېگەنلەرغۇ بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا جاننى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولىدۇ، شۇڭا بۇ «مەنسەپدارلىق تۇمارى» دېيى-

لىدۇ، — ئىشىكباقار شۇنداق دېگىنىچە يېنىدىن ئۆزى كۆچۈ-رۈۋالغان «مەنسەپدارلىق تۇمارى»نى چىقىرىپ، جيا يۈيسۇنغا سۇندى. جيا يۈيسۇن قولىغا ئېلىپ كۆردى، بۇ مۇشۇ يەرلىك ئۇلۇغ جەمەتلىكلەر ۋە مەشھۇر ئەمەلدارلار توغرىسىدا يېزىلغان تەمسىل - ماقالىلار ئىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

جيا پۇشتىنى جيا دېمە، بايلىقتا بىرلا،
سارايلىرى مەرمەردىن، ئاتلىرى تىللا.
ئافاڭگۇڭنىڭ كەڭلىكى ئۈچ يۈز چاقىرىم،
جىنلىڭدىكى شى جەمەتى سىغمايدۇ بەلكىم.

مەرمەر كارىۋات دۇڭخەيدە ئەگەر ئۆكسىسە،
جىنلىڭ ۋاڭدىن سورارمىش لۇڭۋاڭ ئۆتنىگە.
يىلنى قىلغان باي - باياشات خاسىيەتلىك قار،
ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان توپىدىنمۇ خار.

جيا يۈيسۇن قولىدىكىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىشىكباقارغا قارىدى. ئىشىكباقار:

— بۇ تۆت خاندان بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن، بىرىگە دەز كەتسە ھەممىسىگىلا تەڭلا دەز كېتىدىغان، بىرىنىڭ تونىدا ھەممىسى تەڭلا تەرلەيدىغان تۇغقانلاردىن. «يىلنى قىلغان باي - باياشات خاسىيەتلىك قار» دېگەن مىسرادىكى «قار» (شۆ) دەل مانا مۇشۇ قاتىللىقتا ئەيىبلەنگەن ھېلىقى شۆ جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قالغان ئۈچ خاندانغىلا يۆلىنىپ قالماي، پايتەخت ۋە باشقا جايلاردىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن تۇغقانلىرى، يار - بۇرادەرلىرى بار. خوش، ئەمدى جانابلىرى كىمنى قولغا ئالماقچى؟ — دېدى.

جيا يۈيسۇن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ، بىرھازادىن كېيىن سورىدى:

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— جانابلىرى ئەتە داتاڭغا سوراققا چىقىدىلا ـ دە، قورۇق تېرە تاراقشىتىپ، قاتىلنى دەررۇ كەلتۈرۈشكە دەستەك چۇشۇ-رىدىلا، پېقىر ئىشنى ئاستىرتتىن پىشۇرۇپ قويىمەن. سىلى سوراق قىلغۇچىلارغا قاتىلنى «تويۇقسىز ئۆلدى» دەپ مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇيدىلا، — دېدى ئىشكباقار.

ئەتىسى جيا يۈيسۈن داتاڭغا چىقتى، ئۇ قانۇننى قايرىپ قويۇپ بولۇشچە ھۆكۈم چىقاردى ـ دە، ئىشنى تۈگەتتى.

ئەمدى ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ھىلىقى بەگزادە شۆپەنگە كېلەيلى. شۆپەن 15 ياشلارغا كەلگەن، جىنلىڭلىق بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان. شۆپەننىڭ ئانىسى ۋاڭ جەمەتىدىن بولۇپ، ھازىرقى پايتەخت ھەربىي ۋالىيسى ۋاڭ زىڭنىڭ سىڭلىسى ئىدى، ئۇ رۇڭگو قەسىرىدىكى جيا جېڭنىڭ ئايالى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن بىر تۇغقان ئاچا ـ سىڭىل. ئۇ ھازىر 50 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ شۆپەندىن ئىككى ياش كىچىك باۋچەي ئىسىملىك بىر قىزىمۇ بار ئىدى. باۋچەي ئاق ـ پۇسىلاق، كېلىشكەن بىر قىز ئىدى. ئۇ كىتاب ئوقۇش ۋە خەت تونۇشتا ئاكىسى شۆپەندىن ئاسمان ـ پەلەك يۇقىرى تۇراتتى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باۋچەي ئو-قۇشتىن كۆڭلىنى ئۈزۈپ، ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن يىڭنە ئىشى ۋە ئائىلە تىرىكچىلىكى قاتارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل قويغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دەۋا ئىشلىرىنىڭ تۈگىگەن-لىكىنى، شۆپەننى جيا يۈيسۈننىڭ قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئاكىسىنىڭ ياقا يۇرت-لارغا كېتىپ، يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىشىنىڭ ئازلاپ قالغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ تۇرغانىدى. تويۇقسىز ئۇنىڭ-غا: «ھەمشىرىلىرى ئوغلى ۋە قىزى بىلەن پايتەختكە كەپتۇ، دەرۋازا ئالدىدا مەپىدىن چۈشۈۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىشتى،

خۇشال بولغان ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سىڭلىسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال خىزمەتكارلىرى بىلەن مېھمانخانىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى شۇ يەردە كۈتۈۋالدى. ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى، قايغۇ ـ خۇشاللىقلىرىغا قانداق ئورتاقلاشقانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. شۇنىڭ بىلەن شۆ ئائىلىسى، ئانىسى، ئوغلى ۋە قىزى جىيا قەسرىدىكى شاپتۇللۇق باغقا جايلىشىپ قالدى.

## 5 ـ باب شۆ باۋچەيگە ھېكمەتلىك قاشتېشى بىلەن ئۇچرىشىش پەيتى كەلگەنلىكى

بىرنەچچە كۈندىن بېرى شۆ باۋچەينىڭ ئۆيىدە داۋالىنىپ ياتقانلىقى ۋە تېخى ئۇنى يوقلاپ بارالمىغانلىقى ئېسىگە چۈشۈپ، باۋيۈي شۇ تەرەپكە ئۆتمەكچى بولدى. ئۇ نەشپۈتلۈك ھويلىغا كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شۆ ھامما ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى، شۆ ھاماچا دېدەكلەرگە يىڭنە ئىشىنى بۇيرۇۋاتاتتى. باۋيۈي ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، ئامان ـ ئېسەنلىك سورىدى، ئاندىن:

— ئاكام ئۆيدە يوقمىدى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئۇ ھازىر يۈگەنسىز ئات بولۇۋالدى، — دېدى شۆ ھامما ئاچا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — كۈن بويى ئويۇندىن خالىي بولالماي تۇرغان يەردە، ئۇنى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ دەمسىز؟

— ئاچام سەللىمازا ساقىيىپ قالغاندۇ؟

— ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن، ئۇلۇشكۈن ئۇنى ياد ئېتىپ ئالاھىدە كىشى ئەۋەتكەن ئىكەنسىز، ئۇ ھازىر ئىچكىرىكى ئۆيدە، كۆرۈشۈپ چىقىڭ. بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز، مەن بۇ يەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ كىرەي، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

باۋيۈي ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى، ئىشىكتە نىمكەش قىزىل تاۋار پەردە ئېسىقلىق تۇراتتى. باۋيۈي

پەردىنى قايرىپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشى بىلەن تەڭ، كاڭدا يىڭنە ئىش قىلىپ ئولتۇرغان باۋچەيگە كۆزى چۈشتى. ئۈستىگە ھەسەل رەڭ قىشلىق نىمچە، ئاق ۋە سېرىق كالۋۇتۇندىن كەشتە تىككەن قىرمىزى جىلىتكە، سارغۇچ كۆك دارايىدىن قىشلىق پۇرمە بەل كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ نىمكەش كىيىملىرى ئۇنچىلا پار - پۇر كۆرۈنمەيتتى، لەۋسۇرۇخ سۇرۇلمىگەن لەۋ- لىرى، تولۇن ئايدەك يۈزى، بۇلاقتەك كۆزلىرى ئۇنى بۆلەكچىلا نازاكەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكىگە قاراپ، ئۆزىنى ئەتەي نادانلىققا سېلىۋالغانمىكىنە، دېسىڭىز، شۇكۇر - قانائەتچانلىقى ۋە زامان رەپتارىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنى كەمتەر تۇتقانلىقى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلى- شىڭىز مۇمكىن ئىدى.

باۋيۈي بىرپەس كۆزەتكەندىن كېيىن:

— سەللىمازا ساقىيىپ قاپسىز، ئاچا! — دەپ باۋچەيدىن ھال سورىدى.

باۋچەي بېشىنى كۆتۈرۈپ باۋيۈينىڭ كەلگەنلىكىنى كۆ- رۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئوبدانلا ساقىيىپ قالدىم، مېنى ياد ئېتىپ تۇرغانلىقى- ڭىزغا رەھمەت، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە تەبەسسۇم بىلەن باۋيۈينى كاڭغا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن دېدەك قىز يىڭئېرگە قاراپ، — چاي كەلتۈر، — دېدى.

باۋچەي باۋيۈينىڭ بويىنىدىكى چىلتەككە باغلاقلىق ئۆمۈر قۇلۇپى ۋە تىلتۇمارى، بۇنىڭدىن باشقا ئۇ تۆرەلگەن چېغىدىلا ئاغزىدا چىشلەپ چۈشكەن ھېلىقى ھېكمەتلىك قاشتېشىغا قارىدى ۋە:

— ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشۇ قاشتېشىڭىز ئۈستىدە پاراڭ بولۇپ تۇرىدۇ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگىچە سىنچىلاپ كۆرۈپ باقماپ- تىمەن، بۈگۈن تۇزۇككىنە كۆرۈۋالايچۇ، — دېدى - دە، يېقىنى-

-راق سىلجىپ كەلدى، باۋيۇيمۇ شۇ تەرەپكە سۇرۇلدى ۋە بويىن-
-دىكى ھېكمەتلىك قاشتېشىنى يېشىپ ئېلىپ باۋچەينىڭ قولىغا
بەردى. ئۇنىڭ چوڭلۇقى قۇشقاچ تۇخۇمىچىلىكلا بولۇپ، خۇددى
شەپەقتەك يالتىراق، سۈتتەك تىنىق، رەڭگارەڭ چېكىم - چې-
-كىم يوللۇق ئىدى.

باۋچەي بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن تاشنىڭ
ئوڭ تەرىپىنى ئۇرۇپ يەنە باشقىدىن سىنچىلاپ قارىدى:

«يوقالمىغاي ھەم ئەستە دائىم بولغاي،
ئەزىز ئۆمرۈڭ دۆلەتتە قايىم بولغاي»،

دەپ ئۇنلۇك ئىككى قېتىم ئوقۇدى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ
يىگىتلەرگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سەن چاي ئەكىرىپ قويماي، بۇ يەردە نېمىگە ھاڭۋېقىپ
تۇرىسەن؟ — دېدى.

— خېنىم ئوقۇغان ئىككى جۈملە سۆز خېنىمنىڭ بويىندى-
-كى زۇننارىغا پۈتۈلگەن ئىككى جۈملە سۆز بىلەن بىر جۈپ
ئىكەن، — دېدى يىگىتلەر پىخىلداپ كۈلگىنىچە.

— ئاچىمىزنىڭ زۇننارىسىغىمۇ خەت پۈتۈلگەنىكەن - دە،
قېنى، مەنمۇ كۆرەيچۇ، — دېدى باۋيۇي يىگىتلەرنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ قېلىپ.

— ئۇمۇ بىرى ماڭا ھەدىيە قىلغان ئىككى جۈملە خاسىيەت-
-لىك سۆز ئىدى. كېيىن ئۇنى قۇلۇپقا ئويغۇزۇۋالدىم، بولمىسا
بۇ ئېغىر بىرنېمىنى ھەر كۈنى بوينۇمغا ئېسىپ يۈرۈشۈمنىڭ
نېمىمۇ قىزىقى بار دەيسىز! — دېدى باۋچەي.

ئۇ كۆكسىدىكى قاتار ئىزمىلارنى يەشتى ۋە ئىچىدىكى توق
قىزىل نىمچىسى ئۈستىدىن دۇر - گۆھەردەك چاقناپ، ئالتۇن-
-دەك پارقىراپ تۇرغان سىنەبەنتنى چىقىرىپ باۋيۇيگە سۇندى.
باۋيۇي دەرھال ئالتۇن قۇلۇپنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قارىدى، دې-
-گەندەكلا ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە تۆتتىن خەت پۈتۈلگەنىكەن،

بۇ سەككىز خەت بىر جۈپ ھېكمەتلىك بولۇپ تۈزۈلگەن. بۇ ھېكمەتلىك سۆز مۇنداق:

«ئايرىلمىغاي، تاشلانمىغاي تاكى ئەبەد.
داۋام قىلغاي ئۆمرۈڭ بولۇپ رەنا سۈپەت».

باۋيۈيمۇ كۆرۈۋېتىپ ئالتۇن قۇلۇپ ئۈستىدە قەيت قىلىنغان ھېلىقى ئىككى جۈملە سۆزنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن ئۆزىنىڭكىنىمۇ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىپ:

— ئاچا، بۇ سۆزلەر راست دېگەندەكلا مېنىڭكىگە يېزىلغان سۆزلەرنىڭ جورى ئىكەن، — دەپ كۈلدى.

بۇ گەپلەر بولۇنۇۋاتقاندا، تالادا كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ: «لىن دەيىيۈي خېنىم كەلدى!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا دەيىيۈيمۇ ئىغاڭلاپ كىرىپ كەلدى. باۋيۈي دەيىيۈينىڭ توق قىزىل تىۋىتلىك تاۋاردىن ئالدى ئوچۇق كۆرمە كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— قار يېغىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يېغىۋاتقىلى نەكەم، — دەپ جاۋاب بەردى پەگاھتا تۇرغان خىزمەتچى ئايالLAR.

— ئۇنداق بولسا يېپىنچامنى ئەكىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى باۋيۈي.

— ھە، قانداقكەن؟ مەن كېلىۋىدىملا، ئۇ كىشى كەتكىلى تۇردىغۇ، ئەنە، — دېدى دەيىيۈي.

— مەن قاچان كېتىمەن دېدىم؟ يېپىنچامنى تەييارلاپ قويسۇن دەۋاتىمەن؟ — دېدى باۋيۈي.

شۇ ھامما ئاچا ئېسىل چاي ۋە تائاملار ھازىرلاپ، ئۇلارنى چاي ئىچىپ، مېۋە يېيىشكە ئېلىپ قالدى. باۋيۈي شۇ ھاممىچىغا ئۇلۇشكۇن شەرقىي قەسىردە جيا جىننىڭ ئاغىچىسى پىشۇرغان غاز تاپىنىنى راسا ماختاپ سۆزلەپ بەردى. شۇ ھامما ئاچا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزى تەييارلىغان غاز

تاپانلىرىدىن ئالدۇرۇپ، تېتىپ بېقىڭ، دەپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— بۇنىڭغا شاراب بولسا ياخشى بولاتتى، - دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۆ هامما ئاچا ئېسىل شارابتىن ئەكەلدۇردى. باۋيۇي يەنە:

— ماڭا ئىسسىتىپ بېرىشىڭ هاجىتى يوق، سوغۇق ئىچىشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— شارابنى ئۇنداق ئىچىشكە بولمايدۇ، سوغۇق ئىچسىڭىز خەت يازغاندا قولىڭىز تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، — دېدى شۆ هامما ئاچا.

— ئۇكام باۋيۇي، سىزنىڭ هەر خىل بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا ۋاي، شارابنىڭ ناهايىتى ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتىڭىزمۇ؟ ئۇنى ئىللىتىپ ئىچسىڭىز تېز تارايدۇ، سوغۇق ئىچسىڭىز سوغۇق كېلىپ ئىچىڭىزدە ئۇيۇپ قېلىپ، ئىچكى ئەزالىرىڭىز بىلەن ئىللىتىسىز، بۇنداقتا سىزگە زىيان قىلمامدۇ؟ بۇ ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ، هەرگىز سوغۇق شارابنى ئىچمەڭ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ. باۋيۇي بۇ گەپلەرنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، قولىدىكى سوغۇق شارابنى قويۇپ قويدى ۋە ئىللىتىپ ئەكەلگەندىن كېيىن ئىچتى.

دەيىيۇي گازىر چېقىپ ئولتۇرۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ كۈلۈپ قويدى. دەل شۇ چاغدا دەيىيۇينىڭ دېدەك قىزى شۆيەن دەيىيۇينىڭ قول ئاتەشدانىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن دەيىيۇي كۈلۈمسىرەپ:

— بۇنچە ئاۋارە بولۇپ ئاتەشدانىنى ئەۋەتىشكە سىنى بۇيرۇغان كىم ئۇ؟ بۇ يەردە مەن توڭلاپ قالاتتىممۇ؟ — دېدى.

— زىجۇەن ئاچام خېنىمنى توڭۇپ قالمىسۇن دەپ ئەۋەتكەندى، — دەپ جاۋاب بەردى شۆيەن.

دەيىيۇي ئاتەشدانىنى قولىغا ئېلىپ ئېتىكىگە قويدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىنىڭ يۇمشاق قۇلاقلىقىڭغا ۋاي! ساڭا ئادەتتە ئېيتقان سۆزلىرىم ئۇ قۇلىقىڭدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئەجەبمۇ قۇلاق سالىسەن، خانىنىڭ يارلىقىدىنمۇ ئەتىۋار بىلىسەن! — دېدى.

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دەييۇي مۇشۇ باھانە بىلەن ئۆزىنى چېقىۋاتانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، پىخىلداپ كۈلۈپلا قويدى. دەييۇينىڭ مۇشۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى باۋچەي بۇرۇندىن بىلەتتى، شۇڭا پەرۋا قىلمىدى. لېكىن، باياتىن جىم ئولتۇرغان شۆ ھامما ئاچا گەپكە ئارىلاشتى:

— ئادەتتە تېنىڭىز ئاجىز، سوغۇققىمۇ چىدىمايسىز، قىزلارنىڭ سىزدىن كۆيۈنگەنلىكى ياخشى ئەمەسمۇ؟

دەييۇي كۈلۈپ:

— سىلى ئۇقمايدىلا، ھامما ئاچا، بۇ ھېلىمۇ سىلىنىڭ ئۆيلىرى بوپقاپتۇ، ناۋادا يات كىشىلەرنىڭ ئۆيى بوپقالغان بولسا، خەق كايىپ كەتمەسمىدى؟ ئاتەشدانىنى ئۆيىدىن ئالاھىدە ئەپ كەلدى، چۆرە قىزلارنى بەكمۇ ئېھتىياتچان دەپ چۈشەنسىغۇ بىر گەپ، ئۇنداق بولماي، خەق مېنى ئەسلىي كېلىش - پەخەش بىرنېمىكەن دەپ قالامدۇ؟ — دېدى دەييۇي كۈلۈپ.

— سىز تولىمۇ گۇمانخور ئىكەنسىز، مېنىڭ ئۇنداق خىيالىممۇ يوق، — دېدى شۆ ھامما ئاچا.

شۇ ئارىدا باۋيۇي ئۇچىنچى قەدەھنىمۇ كۆتۈرۈۋېتەكەندى، لى ئىنىكئانا كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئىچىشتىن توسىدى. باۋيۇي راسا مەززە قىلىۋاتقان چاغدا قانداقمۇ ئىچمەي تۇرالىسۇن؟ ئۇ ئىنىكئانىسىغا بىزەڭلىك بىلەن يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى:

— جېنىم ئانا، مەن يەنە ئىككى قەدەھ ئىچسەم، ئىككىنچى ئىچمەيمەن!

— بۈگۈن ئۇلۇغ بېگىم ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ، دەرستىن ئىمتىھان ئېلىپ قالمىسۇن يەنە.

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا كۆڭلى غەش بولدى-
دە، قولىدىكى قەدەھنى ئاستا قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە
ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئولتۇرغانلارنىڭ پەيزىنى قاچۇرماڭ! — دېدى دەييۇي
شۇ ھامان، — تاغىمىز چاقىرىپ قالسا، ھامما ئاچام تۇتۇۋالدى
دېمەمسىز، — دەييۇي شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ باۋيۇينى نوقۇپ
تۇرۇپ، ئۇنى قېيىدىغىن دېگەندەك قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى:

— ئۇ قېرى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن! ئۆز كۆڭلىمىزنى
ئۆزىمىز ئېچىۋېرەيلى.

ئىنىكئانا دەييۇينىڭ ئادەتتىكى مىجەزىنىمۇ ئوبدان بىلەت-
تى، شۇڭا ئۇ:

— لىن دەييۇي خېنىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا يەل بەرمىسىلە،
سىلى نەسىھەت قىلسىلا، گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ يەل بېرىدىكەنمەن؟ مېنىڭ خەققە
نەسىھەت قىلغۇچىلىكىم يوق، — دېدى دەييۇي سوغۇققىنا كۈ-
لۈپ، — سىز تولىمۇ ئاۋايلاپ كېتىدىكەنسىز، ئۇلۇغ ئاغىچا
خېنىممۇ ئۇنىڭغا شاراب ئىچكۈزۈپ كەلگەن. سىز شۇ ھامما
ئاچىمىزنىڭ ئۆيىنى يات بىلىپ، بۇ يەردە شاراب ئىچىشنى
نالايىق كۆرۈۋاتامسىز، تېخى.

لى ئىنىكئانا بۇ گەپكە تۇرۇپ تېرىكىپ بولۇپ، تۇرۇپ
كۈلدى ۋە:

— لىن دەييۇي خېنىمنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ راست-
تىنلا پىچاقتىنمۇ ئىتتىك ئىكەن جۇمۇ، — دەپلا قويدى. باۋ-
چەيمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى ۋە دەييۇينىڭ قوۋۇزىنى چىمداپ
قويۇپ:

— بۇ قەلەمقاش قىزنىڭ مۇشۇ ئاغزىزە، كىشىنى تۇرۇپ
ئۆلتۈرىدۇ، تۇرۇپ كۈلدۈرىدۇ، — دېدى.

— قورقماڭ، قورقماڭ بالام! سىز بۇ يەرگە كەلگەن بىلەن

سىزگە يېگۈزىدىغان تۈزۈك نەرسەم يوق، قورقۇپ كېتىپ يېگەن ئىككى تال نەرسە مەيدىڭىزدە تۇرۇپ قالمىسۇن، خاتىرجەم ئىچىۋېرىڭ، مانا مەن تۇرۇپتىمەن، — دېدى شۇ هاما ئاچا، ئاندىن خىزمەتكارلارنى يەنە بىر ئاز شاراب ئىسسىتىپ ئەكېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى ـ دە، باۋيۇيگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەنمۇ سىزگە هەمراھ بولۇپ بىر ـ ئىككى قەدەھ ئىچىشىپ بېرەي، — دېدى. شۇ هاما ئاچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باۋيۇينىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

## 6 ـ باب «مودەن شىپاڭى»نىڭ ئېسىل نەغمىلىرى رەزانىڭ دىلىنى ئويغاتقانلىقى

شۇ كۈنى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. باۋيۇي ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن، «ۋىسالنامە» ناملىق كىتابنى ئېلىپ، شاپتۇل تۈۋىگە جايلاشقان تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، كىتابنى ئېچىپ بېشىدىن ئاخىرىغىچە تەپسىلىي ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ «خۇددى يامغۇردەك قۇيۇلدى قىپقىزىل گۈل بەرگى» دېگەن جۈملىگە كەلگەندە، غۇيۇلداپ كەلگەن شامال شاپتۇل چېچەكلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستۈ- شى، كىتاب ۋە يەر چېچەك بەرگىلىرى بىلەن تولدى. باۋيۇي ئورنىدىن تۇرۇپ سىلكىنىدى ۋە دەسسىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئاۋايلاپ، ئۇلارنى ئېتىكىگە ئېلىپ، كۆلگە ئەكېلىپ تۆكتى. چېچەك بەرگىلىرى سۇ ئۈستىدە لەيلىگىنىچە ئەتراپشان چۈشۈرگىسىدىن ئېقىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ يەنە ئۆز ئورنىغا يېنىپ كېلىپ، يەردە بىرمۇنچە چېچەك بەرگىلىرى تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ ئەسنادا كەينىدىن بىرى كېلىپ:

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى. باۋيۇي

كەينىگە بۇرۇلۇپ دەييۇينى كۆردى. دەييۇينىڭ مۇرىسىدە ئوتۇغۇچ، ئوتىغۇچىنىڭ سېپىدا شايى خالتا ۋە قولىدا سۇپۇرگە تۇراتتى.

— يەردە تۇرغان چېچەك بەرگىلىرىنى سۇپۇرۇپ كۆلگە ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىڭ. مەن ھېلى بىرمۇنچىسىنى تۆكۈۋېتىپ كەلدىم، — دېدى باۋيۈي.

— سۇغا تۆككىلى بولمايدۇ، — دېدى لىن دەييۇي، — بۇ يەردىكى سۇ پاكىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، بۇ يەردىن ئېقىپ چىقىپ، خەقلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتىدۇ. ئۇ يەرلەردە نېمىلەرنى يوق دەيسىز؟ چېچەك بەرگىلىرى بۇلغىنىپ كېتىدۇ. ئاۋۇ بۇلۇڭدا مېنىڭ گۈل كۆمۈپ يۈرگەن بىر جايىم بار، بۇنى سۇپۇرۇپ، ماۋۇ شايى خالتىغا قاچىلاپ، شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆمۈۋېتەيلى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە، پاكلىقى بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

باۋيۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن بۇ كىتابنى ئاپىرىۋېتىپ كېلىپ، ئاندىن سىزگە ياردەملىشەي.

— نېمە كىتاب ئۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۇي.

باۋيۈي بۇ سوئالنى ئاڭلاپ كىتابنى يوشۇرۇشقا ئالدىرىدى ۋە:

— «مۇرەسسە - مادارا»، «ئىلمىي ئەزەم» دېگەن كىتاب-لار، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سىز يەنە كۆز بويامچىلىق قىلىۋاتىسىز. ياخشىسى ماڭا ھازىرلا كۆرسىتىڭ، — دېدى لىن دەييۇي.

— سىزدىن قورقۇۋاتقىنىم يوق، سىڭلىم، كۆرمەن دېسىڭىز مانا كۆرۈڭ، بىراق بىركىمگە زادى دەپ قويماڭ. بۇ بەلەن كىتاب ئىكەن، كۆرۈپلا قالدىڭىز، غىزا يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىسىز، — دېدى - دە، كىتابنى دەييۇيگە سۇندى.

دەييوي قولىدىكى ئەسۋابلارنى قويۇپ قويۇپ، كىتابنى بىر باشتىن ۋاراقلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كېلىپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر - ئۆتمەيلا، بىرقانچە بابنى كۆرۈپ بولدى. كىتابنىڭ تىلى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ، دىلىنى مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ پۈتۈن زېھنىنى كىتابقا توپلاپ، سۆز- ئىبارىلىرىنى كۆڭلىگە تىزىپ ماڭاتتى.

باۋيوي كىتابنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— چېچەك بەرگىلىرىنى كۆمۈۋېتەيلى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇلار چېچەك بەرگىلىرىنى كۆمۈۋېتىپ تۇرغىنىدا، شىرېن كېلىپ:

— ئۇ تەرەپتىكى ئۇلۇغ بېگىمنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قاپتۇ، خېنىملارنىڭ ھەممىسى ئېسەنلىك سوراشقا ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىزنىمۇ بېرىپ يوقلاپ كەلسۇن دەۋاتىدۇ، تېز بېرىپ كىيىمىڭىزنى يۆتكىۋېلىڭ، — دېدى.

باۋيوي كىتابنى ئېلىپ دەييوي بىلەن خوشلاشتى ۋە كىيىمىنى يۆتكىمەك بولۇپ شىرېن بىلەن بىللە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

دەييوي باۋيۈينىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋە ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى پەرىشان بولدى. ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتماقچى بولۇپ نەشپۈتلۈك ھويلىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئىچكىرىدىن لەرزان چېلىنىۋاتقان نەي بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاڭلاندى. دەييوي ئون ئىككى ئويۇنچى قىزنىڭ مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ بۇنداق ئويۇنلار بىلەن خۇشى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

ئەسلى تولغانتى چىرايلىق گۈل - چىمەنگە بۇ ماكان،

ئەمدى بولدى ئۆي - ئىمارەت خانىۋەيران، باغ خاراب،

دېگەن مىسرالار ئويېئوچۇق ۋە دانە - دانە بولۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا

ئۇچۇپ كىردى. دەييۇي بۇ مىسرالارنىڭ ئىنتايىن مۇڭلۇق ۋە ھېسسىياتقا باي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى، شۇ زامات قەدىمىنى توختىتىپ، قۇلاق سېلىپ سىنچىلاپ تىڭشاشقا باشلىدى.

ۋادەرىخا، نە ئاجايىپ مەنزىرە بۇ خۇش زامان،

قايسى هويلا دىل ئازارسىز شادلىنىپ توي ئۆيىنغان؟

دەييۇي بۇ ئىككى مىسرانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئەس - هوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تۇتالماي قالدى - دە، يېنىدا تۇرغان تاش ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىر- نەزمىلىرىنى ئوقۇغاندا يادىدا قالغان تۆۋەندىكى مىسرالار بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى:

سۇ ئېقىپ، گۇللەر توزۇپ كەتكەي ساڭا قىلماي ۋاپا.

شۇنداقلا، ئۇ بايا كۆرۈپ ئۆتكەن «غەربىي ھۇجرا» دېگەن كىتابتىكى:

«توزىغان گۇل بەرگىدىن قىزاردى سۇ، كەتتى بىراق،

قالدۇرۇپ يۈرەكتە كۆپ دەردۇپىراق»،

دېگەن مىسرالار يادىغا كېلىپ، كۆز ئالدىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يۇقىرىقى مىسرالار ئۈستىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاشقا باشلىدى.

## 7 - باب لىن دەييۈينىڭ ھەسرەتكە مۇپتىلا بولغانلىقى

جيا جېڭنىڭ قىچقارتىشى بىلەن باۋيۈي چىقىپ كېتىپ كۆن بويى كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەييۈيمۇ تەشۋىشلەندى. كەچلىك غىزادىن كېيىن باۋيۈينىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى تېپىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېتىۋاتقاندا، باۋيۈينىڭ

بىغىغا باۋچەيىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سوڭدىشىپلا كەينى-
دىن ماڭغاندى، ئەترەپشان كۆۋرۈكىگە كېلىشىگە، خىلمۇخىل
سۇ قۇشلىرىنىڭ كۆلچەكتە چۆمۈلۈشۈۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈش-
تى. ئاجايىپ چىرايلىق رەڭگارەڭ قۇشلارغا ھەۋىسى كېلىپ،
بىرپەس قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئارامبەخش ھويلىغا قاراپ مېڭى-
ۋىدى، دەرۋازا تاقاقلىق ئىكەن، دەييۈي ئىشىك قاقتى.

شۇ تاپتا، چىڭۋېن بىلەن يىفېن ئىككىسى تاكاللىشىپ
قېلىپ قېيىدىشىپ تۇرغىنىدا، باۋچەي كېلىپ قالغاندى،
چىڭۋېن ئاچچىقىنى باۋچەيدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ھويلىدا
ئۆزىچە غودۇڭشۇپ:

— ئىشى بولمىسا ــ بولمىسۇن، ھەدېسىلا كېلىپ ئولتۇ-
رۇۋېلىپ، بىزنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاتقۇزمايدۇ! — دەپ
تۇرۇشىغا، بىر كىم ئىشىك قېقىپ قالدى. چىڭۋېنىنىڭ تېخىمۇ
ئوغىسى قايناپ، كىملىكىنىمۇ سورۇشتۇرۇپ تۇرمايلا، —
ئۇخلاپ قېلىشتى، ئەتە كېلىڭلار! — دەپ جاۋاب بەردى.

دەييۈيمۇ چۆرىلەرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇلار
بىرـ بىرى بىلەن ئوينىشىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ھويلىدى-
كى چۆرىلەر مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىماي قېلىپ، باشقا چۆرىلەر-
دىن بىرەرسىمىكىن دەپ ئىشىكنى ئاچمىغان ئوخشايدۇ، دېگەن
ئوي بىلەن، ۋارقىراپراق:

— مەن، نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايسىلەر؟ — دېدى. قې-
رىشقاندەك، چىڭۋېن ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەي:

— مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئوتتۇرانچى غوجام ھېچكىم-
نى كىرگۈزمەڭلار، دەپ جېكىلىگەن! — دەپ تېرىكتى.

دەييۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ غۇچچىدە
ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭدىن ۋارقىراپراق سوراپ جېدەل قىلماق-
چىمۇ بولدى، لېكىن: «تاغا ــ ئاچامىلارنىڭ ئۆيى ئۆز ئۆيۈمدەك
بولسىمۇ، مەن بەربىر يات، ئاتا ــ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، باشقا

تايانچىم يوق، بۇلارنىڭ قولىغا قالدىم. راستتىنلا قېيىدايدىغان بولسام سەتچىلىك بولىدۇ» دەپ بىرپەس ئويلىنىپ قالدى ۋە كۆزىدىن ياش تامچىلىدى. ئۇ يا بۇ يەردىن كېتەلمەي، يا تۇرالماي ئىككىلىنىپ تۇراتتى، ئىچكىرىدىن كۆلكە - پاراڭ ئاڭلىنىپ قالدى. سىنچىلاپ قۇلاق سېلىۋىدى، باۋيۈي بىلەن باۋچەيىنىڭ ئاۋازى ئىكەن. دەيىۈينىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايىندى، نېرى- بېرى ئويلاپ تېخىمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ مۇخلاردىكى شەبنەمنىڭ سوغۇق بولۇشىغا ۋە گۇل - گىياھلار ئارىسىدىن ئۇرغان سوغۇق شامالغا قارىماي، تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى گۇل سايىسىدە ئۆزى يالغۇز ھەسرەت بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ بۇقۇلداپ تۇرۇۋەردى.

دەيىۈي بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى، ئىشىك تەرەپتىن تىرىقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئىشىكتىن باۋچەي چىقىپ كەلدى. باۋيۈي، شىرېن بىر توپ ئادەم ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشتى. دەيىۈي بېرىپ باۋيۈيدىن سورىماقچى بولدى، لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنى خىجىل قىلىپ قويماي دەپ، بىر چەتكە داجىپ تۇردى. باۋچەي ئۆتۈپ كەتتى، باۋيۈي ۋە باشقىلار كىرىپ كېتىپ، دەرۋازا تاقالدى. دەيىۈي كەينىگە بۇرۇلۇپ دەرۋازىغا كۆز سېلىۋىدى، كۆزىدىن ياش تامچىلىدى.

زىجۈەن، شۈيەنلەر ئادەتتە دەيىۈينىڭ خۈينى بىلەتتى. دەيىۈي بىكارچىلىقتىن زېرىككەن چاغلىرىدا قاپىقىنى تۈرۈۋالاتتى ياكى بولمىسا ئاھ ئۇراتتى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق كۆزلىرىدىن زادىلا ياش قۇرۇمايتتى. زىجۈەن بىلەن شۈيەن ئىككىسى ئۇنىڭ خۈيىغا كۆنۈپ قېلىپ، نېرى - بېرىسىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايدىغان، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. دەيىۈي كارىۋاتنىڭ شادىسىغا يۆلەنگىنىچە تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، كۆزىدىن ياش ئەگىپ تۇرغان پېتى، خۇددى ياغاچ ھەيكەلدەك قېتىپ، تەڭ كېچىگىچە ئولتۇ-

روۋپ، ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.

## 8 ـ باب گۈيفېينىڭ زۇمرەت شىپاڭدا كېپىنەك ئوينىغانلىقى

ئەتىسى تۆتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى ئورما مەزگىلى ئىدى. قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئورما مەزگىلى باشلانغان كۈنى ھەممەيلەن رەڭگارەڭ سوۋغىلارنى تەييارلاپ، گۈل ـ گىياھ مۇئەككىلىگە ئاتاپ نەزىر قىلىشاتتى. چۈنكى، ئورما مەزگىلى ئۆتۈشى بىلەن ياز تۈرۈمى باشلىناتتى. گۈللەر توزۇپ، گۈل ـ گىياھ مۇئەككىلى دائىمىيتتى ـ دە، ئۇنى زىياپەت بىلەن ئۇزىتىشقا توغرا كېلەتتى. ھەرەم ئۆيلەردە بۇ ئادەت تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى، شۇڭا نەزەرباغدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىگەن تۇرۇشتى. باۋچەي، يىڭچۈن، تەنچۈن، شىچۈن ۋە دېدەك قىزلار باغدا ئوينىشىپ يۈرەتتى، يالغۇز دەييۈيلا كۆرۈنمەيتتى.

— سىڭلىم دەييۈي كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئەجەبمۇ ئېرىنچەك قىزكەن ئۇ، شۇ چاغقىچە ئۇخلاۋېرىدىغان، — دېدى يىڭچۈن.

— سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئۇنى سۆرەپ بولسىمۇ ئەكېلىمەن، — دېدى باۋچەي.

ئۇ باشقىلارنى شۇ يەردە تاشلاپ، بامبۇكزار سارايغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، باۋيۈينىڭ بامبۇكزار سارايغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. باۋچەي تۇرۇپ قېلىپ: «باۋيۈي بىلەن دەييۈي كىچىكىدىنلا بىللە چوڭ بولغان، بۇ ئاكا ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىدىن ئانچىۋالا قاچمايدۇ، بىر-بىرىنى زاڭلىق قىلىشتىنمۇ قاچمايدۇ. تۇرۇپلا خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە، تۇرۇپلا خاپا بولۇشۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە دەييۈي تولىمۇ خۇدۇكچان، خۇيى تۇتۇپ قېلىشقا ئارانلا تۇرىدۇ. شۇ

تۇرقىدا مەنمۇ سوئىدىشىپلا كىرسەم، باۋىيۇيمۇ ئوئشايسىزلىنىدۇ، دەييۇيمۇ گۇمان قىلىدۇ، ياخشىسى قايتىپ كېتەيلا» دەپ ئويلاپ، كەينىگە ياندى.

باۋچەي باشقا ھەمشىرىلىرىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، بىر جۇپ كېپىنەكنى كۆرۈپ قالدى. خۇددى يەلپۈگۈچتەك ئۆرلەپ-پەسلەپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، شامالغا قارشى لەپىلدەپ يۈرۈشەتتى. باۋچەي تۇتۇۋېلىپ ئوينىماقچى بولۇپ، يېڭىدىن يەلپۈگۈچنى چىقىرىپ، چىمەنلىككە ئېتىلدى. بايىقى كېپىنەكلەر بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ، ئۇيان ئۇچۇپ، بۇيان ئۇچۇپ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇشتى. بۇنىڭغا قىزىققان باۋچەي پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قوغلىشا ـ قوغلىشا كۆل بويىدىكى زۇمرەت شىپاڭغىچە كەلدى، تەرلەپ ـ تەپچىپ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپلا كەتتى. باۋچەينىڭ تۇتۇشتىن رايى قايتىپ، ئەمدىلا يانای دەپ تۇرۇشىغا، شىپاڭدىن بىركىملەرنىڭ غودۇڭ-شىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

بۇ شىپاڭنىڭ تۆت تەرىپىدىن ئەگىم سالاسۇنلۇق سەيلە ئايۋىنى ئىدى، ئۇ كۆل ئۇستىگە ياسالغان، تۆت تەرىپى نەقىش ئويۇلغان رۇجەكلىك بولۇپ، كۆزنەكلىرىگە قەغەز يەملەنگەندى. باۋچەي قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇياقتىكى گەپكە قۇلاق سالدى:

— قارىڭا، سىز يىتتۈرۈۋەتكەن ياغلىق مۇشۇ بولسا كېرەك. مەڭ، ئېلىڭ، سىزنىڭ ئەمەس بولسا، جيايۈەن غوجامغاياندۇرۇپ بېرەي.

— مېنىڭ بولماي ئەمىسە! ئەكە، ماڭا بەر.

— ماڭا نېمە سۆيۈنچە بېرىسىز؟ بولمىسا، بىكارغا تېپىپ بېرەمتىم؟

— ساڭا سۆيۈنچە بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدىمغۇ، سېنى ئالدىمايمەن.

— مەن تېپىپ بەرگەندىكىن، ئەلۋەتتە ماڭا سۆيۈنچە بېرى-سىز. لېكىن ھېلىقى تېپىۋالغان كىشىگىمۇ سۆيۈنچە بېرەر-سىز.

— تولا ۋالاقلىما، ئۇ غوجاملاردىن تۇرسا، بىزنىڭ نەرسى-مىزنى تېپىۋالسا ئەلۋەتتە ياندۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا نېمىدەپ سۆيۈنچە بېرەتتىم؟

— ئۇنىڭغا سۆيۈنچە بەرمىسىڭىز، ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟ ئۇچۇ، سۆيۈنچە بەرمىسە بەرمىگىن، دەپ ماڭا يېنىشلاپ تاپىلى-غان تۇرسا.

— بوپتۇلا، مېنىڭكىنى ئاپىرىپ بەر، سۆيۈنچە بولسۇن. بىركىمگە دەپ قويمايسەن جۇمۇ؟ قەسەم ئىچ.

— بىركىمگە دەپ قويسام، ئاغزىمغا مەرەز چىقسۇن، ياخ-شى كۈن كۆرمەي ئۆلەي! ۋييەي، بىز گەپلىشىۋېرىپتۇق، بىركىم ئاستا كېلىپ، گېپىمىزگە تالادا قۇلاق سېلىپ تۇرغان بولمىسۇن يەنە. رۇجەكلەرنى ئېچىۋېتەيلى، بىركىم بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىمىزنى كۆرسىمۇ، پاراڭ سېلىشىۋېتىپتۇ دەپ قالسۇن. يېقىن كەلسە، بىزمۇ كۆرۈپ قالىمىز - دە، گېپى-مىزنى توختىتىمىز.

باۋچەي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە كۆڭلىدە: «قەدىمدىن تارتىپ شۇ كەمگىچە، ئوغرى - بۇزۇقلارنىڭ ھېلى-سى كۆپ بولىدىغانلىقى راست ئىكەن - دە! رۇجەكنى ئېچىۋې-تىپ مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قالسا، ئۇلار ئىزا تارتامدۇ؟ گەپ قىلغان ئاۋازىغا قارىغاندا، باۋيۈينىڭ ئۆيىدىكى شاۋخۇڭغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن چوڭچى، راسا ھېيلىگەر قىز ئىدى، بۇگۈن ئۇنىڭ تىلى قىسىلىدىغان يېرىنى ئاڭلاپ قالدىم. ‹ ئادەم جان ئاچچىقىدا ئۆزىگە يانىدۇ، ئىت جان ئاچچىقىدا تامدىن سەكرەيدۇ› دېگەن بىكار گەپ ئەمەس ئىكەن. چاتاق تۇغۇلغانىنىڭ ئۈستىگە ماڭىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ. شۇ تۇرقىدا

داجىپ كېتەي دېسەم، داجىپ كېتەلمەيدىغان ئوخشايمەن، ئۇ-نىڭدىن كۆرە كۆز بوياپ قۇتۇلۇپ كېتىش ئامالىنى قىلايلا» دەپ ئويلىدى ـ دە، «تاق ـ تاق» قىلىپ ئەتەي قاتتىق دەسسەپ:
— قەلەمقاش! قىنى، مەن بىر كۆرەيچۇ، نەگە مۆكۈ-ۋالىسىز كىن! — دەپ كۈلگەن پېتى قەستەن ئىلگىرىلەپ مېڭى-ۋەردى.
شىپاڭدىكى شىياۋخۇڭ بىلەن جۇئېر رۇجەكنى ئېچىشىغا، باۋچەيىنىڭ ھېلىقىدەك كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئىككىسى داڭقېتىپ قېلىشتى.
— ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر دەيىيۈي خېنىمنى نەگە مۆك-تۈرۈپ قويدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى باۋچەي ئۇلاردىن.
— نەدە دەيىيۈي خېنىمنى كۆرۈپتۇق؟ — دېدى جۇئېر.
— مەن يېڭىلا ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرۇپ دەيىيۈي خېنىمنىڭ مۇشۇ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سۇ ئويناۋاتقانلى-قىنى كۆرگەنىدىم. مەن ئاستا بېرىپ ئۇنى قورقۇتاي دەپ يېنىغا كېلەر ـ كەلمەيلا، مېنى كۆرۈپ قېلىپ، كۈنچىقىشقا ئەگىشى بىلەنلا كۆزدىن غايىب بولدى. ھەرقاچان ئىچكىرىسىگە مۆكۈنۇ-ۋالغان نېمە، — دېدى باۋچەي ۋە ئەتەي شىپاڭغا كىرىپ ئىزدەپ كۆردى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىدە: «بۇ ئىشنى ياپتى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولدۇم، بۇ ئىككىسى نېمە-دەپ قىلىشتىكىنتاڭ؟» دەپ ئىچىدە كۈلدى.
شىياۋخۇڭ باۋچەينىڭ گېپىگە قاراپ، راست ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىنىپ قالدى، باۋچەي ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، جۇ-ئېرنى يېنىغا تارتتى:
— چاتاق بولدى! دەيىيۈي خېنىم بۇ يەردە ئولتۇرغان بول-سا، گېپىمىزنى چوقۇم ئاڭلاپ قالدى.
جۇئېرمۇ خېلىغىچە ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى. شىياۋخۇڭ:
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— ئاڭلاپ قالسا ئۇنىڭ نېمە چاتىقى، ھەركىم ئۆز ئىشىنى بىلسە بولدى، — دېدى جۇئېر.

— باۋچەي خېنىم ئاڭلاپ قالغان بولسىغۇ مەيلى ئىدى، دەيیۈي خېنىم كىشىگە نەشتەرنى سانجىپلا تۇرىدۇ، كۆڭلى بەك ئىنچىكە، ئۇ ئاڭلاپ قېلىپ پاش قىلىپ قويسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى شياۋخۇڭ.

ئىككىسى سۆزلىشىۋاتقاندا، بىرى كەلدى. ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى.

## 9 ـ باب چېچەك كۆمۈلگەن جايدا دەيیۈينىڭ پەرياد چەككەنلىكى

شۇ كۈنى لىن دەيیۈي كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمەي چىققاچقا، ئەتىسى ئورنىدىن ۋاقىتىراق تۇردى، ھەمشىرىلىرىنىڭ باغدا گۈل ـ گىياھ مۇئەككىلىنى ئۇزىتىش سەيلىسى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، باشقىلار مېنى ئەجەبمۇ ھورۇن ئىكەن، دەپ قالمىسۇن دەپ، ئالمان ـ تالمان يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ تالاغا چىقتى. ئەمدىلا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، باۋيۈي دەرۋازىدىن كۈلۈپ كىرىپ كەلدى.

دەيیۈي كەينىگە قاراپ، زىجۇەنگە تاپىلاپ:

— ئۆينى يىغىشتۇرۇۋەتكىن، شايى قاپقاقتىن بىرنى يېيىپ قوي، قارلىغاچ چاڭگىسىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن پەردىنى چۈشۈرۈپ، شىر تاش بىلەن باستۇرۇپ قوي، كۈجە كۆيدۈرۈپ بولۇپ، ئىسرىقدانىنى يېپىپ قوي، — دەپ تالاغا ماڭدى.

ئۇ باۋيۈيگە قاراپمۇ قويماستىن، باشقا ھەمشىرىلىرىنى ئىزدەپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. باۋيۈي ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، تۈنۈگۈنكى ئىش توغرۇلۇق شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىنىپ قالدى ـ دە، ئىختىيارسىز دەيیۈيگە سوڭدىشىپ

مېڭىۋەردى.

دەييۈي كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، باۋيۈي ئۇنى بىر يەرگە
مۆكۈۋالغان ئوخشايدۇ دەپ قالدى بولغاي، «بىر - ئىككى كۈن
تەخىر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن
بارسامىكىن» دەپ ئويلىنىپ قالدى. باۋيۈي يەرگە كۆز يۈگۈ-
رۈتۈۋىدى، خېنە، ئانار چېچەكلىرى توزۇپ يەرگە تاۋاردەك
يېيىلىپ كېتىپتۇ. «ئۇنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن،
چېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتكىلىمۇ كەلمەپتۇ، مەن يىغىشتۇرۇپ
قوياي، ئەتە ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرەيلا» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك
تىنىپ قويدى. باۋيۈي تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى ئېتىكىگە يىغدى،
تاغ ئېشىپ، سۇ كېزىپ، دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلار
ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قايسى كۈنى دەييۈي بىلەن شاپتۇل چېچەكلى-
رىنى كۆمۈپ قويغان يەرگە قاراپ ئۇدۇل ماڭدى.

باۋيۈي چېچەك كۆمۈلگەن جايغا كېتىۋېتىپ تېخى قاپتال-
دىنمۇ ئۆتمىگەنىدى، نېرىسىدىن پەرياد چەككەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ
قالدى. بىركىم نالە قىلىپ، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك
يىغلاۋاتاتتى. باۋيۈي: «قايسى ئۆيىنىڭ چۆرە قىزىكىنە، ئازار
يەپ، بۇ يەرگە كېلىپ يىغلاۋاتقان» دەپ ئويلاندى - دە، قەدىمى-
نى توختىتىپ، ئۇنىڭ يىغا - نالىسىغا قۇلاق سالدى:

توزىدى گۈللەر سولىشىپ قاپلىدى يەرنى خازان،
كەتتى ئاندىن رەڭ - پۇراقلار، كىم ئاڭا چەككەي پىغان؟
ئۈزىدۇ پەرۋاز قىلىپ راۋاقنى بويلاپ بەرگىلەر،
تولدى لەرزان ئۈينىغان توزغاقمۇ گۈلپەردىلەر.
كەتتى، ئېست، باش باھار، ھەرەم قىزى چەكتى ئازاب،
كىمگە ئېيتىپ دەرد - ئەلەمنى، كىمدىن ئالغاي ئۇ جاۋاب؟
قولىدا بار ئوتىغۇچى، چىقتى قايرىپ پەردىنى،
كۆڭلى ئۈنىغايمۇ ئۇنىڭ دەسسەشكە گۈلنىڭ بەرگىنى؟
دەيدىكەن ئۆزىنى خۇشبۇي قارىياغاچ ۋە تال - سۆگەت،

تورسا شاپتۇل ۋە ئەينۇل، ئاڭا كەلگەي نىمە دەرد؟
ئاتقۇچە ئىسەندە شاپتۇل، يەنە ئەينۇلمۇ چىچەك،
كىم قىلىپ، كىملەر كىتۇر ھەرەمدە، ئۆزگەرسە پەلەك؟
كەلدى قارلىغاچ يىڭىلا لىم بىشىغا چاڭگا تۇزۇپ،
بىرەھىم قىلدى زايە گۇللەرنى مەيلىچە ئۇزۇپ!
بەلكى ئىسەندە يەنە گۇل ئۇزگىلى قارلىغاچ كىلۇر،
ئانغىچە ۋەيران بولۇپ يۇرت كەتكىنىنى نە بىلۇر؟
ئۆتسە دائىم ئۇچ يۇز ئاتمىش كۇن شۇۋرغان ئىچىدە،
خۇددى شەمشەردەك ئۇرۇلغان قىش ـ زىمىستان ئىچىدە.
باش باھار گۇل ـ غۇنچىلار سۇرگەي ئۇمۇر قانچە زامان،
چىقسا بوران ھەرقاچان گۇل بەرگىنى قىلغاي خازان.
ئاچمىقى گۇلنىڭ ئاسان، گۇل چىھرىگە يەتمەك قىيىن،
مىنى تاشلاپ ئوتقا، گۇلنى قوينىغا ئالدى زىمىن.
ئوتنغۇچ قولۇمدا، تەنھا يىغلىدىم پىنھانە مەن،
بەرگىسىز گۇل شىخىدا داغ قالدۇرۇپ بىگانە مەن.
ئۆچتى كاككۇكلار ساداسى، كەلدى زاۋالمۇ يىتىپ،
ئوتنغۇچ مۇرەمدە ياندىم ئۆيگە ئىشكىنى ئىتىپ.
تۇردۇ چىراغ پىلىلداپ، خەقمۇ يىگىدىن ئۇخلىغان،
چىكىدۇ پەنجىرنى يامغۇر، كات ـ تۆشەكمۇ مۇزلىغان.
دىمىگىن نىچۇن چىكەرسەن بۇنچە كۆپ دەردۇئەلەم؟
ئاغرىدى ئىچىم باھارغا، رەنجىدىم باھارغا ھەم:
كىلىشىدىن كىتىشى تىز، بەختىدىن جىق ئەلىمى،
كىلىدۇ جىم، كىتىدۇ جىم، ئۇن ـ تىۋىشسىز قەدىمى.
كەلدى تالادىن كىچە ناخشا ساداسى مۇڭلىنىپ،
گۇلمىكىن، بۇلبۇلمىكىن ئۇ، قاپتۇ روھى قورۇنۇپ؟
مەيلى گۇل بولسۇن، نە بۇلبۇل كى، ئەجەلگە يوق ئامال،
سورىسام سەۋەبىنى گۇلمۇ خىجىل، بۇلبۇلمۇ لال.
ئارمىنىم بەرسە قانات، يەتسەم ئىگەمنىڭ مىھرىگە،

گۈل بىلەن كەتسەم ئۇچۇپكىم بىللە ئاسمان قەھرىگە.
بەلكى ئاسمان قەھرىگە ئۇچۇپ يېتەرمەن، خەيرىيەت!
بارمىدۇ ئاندا، قەيەردە خۇشپۇراق گۈلگە لەھەت؟
بولمىسا، گۈل جىسمىنى شايى كېپەنگە ئالغۇلۇق،
پاك توپا قوينىغا گۈلنى دەپنە قىلىپ سالغۇلۇق.
پاك تۆرەلدىڭ، پاكلىغىڭچە كەت يەنە سەن پاك سۈپەت،
بولغىماي زاتىڭنى لايدا، ساقلا ئەسلىڭنى ئەبەد.
سەن بۈگۈن بولدۇڭ ۋاپات، كۆممەك مېنىڭدۇر ئەجرىم،
كىم بىلىپتۇ قايسى كۈنى مېنى كۈتەر ئەجلىم؟
گۈلنى كۆمسەم خەق بۈگۈن مېنى ئەخمەق دەپ كۈلۈر،
بىلمىدىم تاڭ، ئەتە ئۆلسەم كىم كېلىپ مېنى كۆمۈر؟
باق ئەنە چىن پۈتمىسەڭ توزىماقتا گۈللەر بەرگىسى،
غۇنچە بوي قىزنىڭ مانا شۇ ئەجلى تولغان كېزى.
بىر كۈنى باھار پۈتەركى غۇنچە بوي قىزمۇ تۈگەر،
گۈل توزۇپ، ئادەم ئۆلۈپ بولسا خاراب، نامى ئۆچەر!

باۋيۇي بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ، داڭقىتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

لىن دەيىيۇي تۈنۈگۈن ئاخشام چىڭيۈەننىڭ ئىشىك ئاچمىغانلىقىنى باۋيۇيدىن گۇمان قىلغانىدى. ئەتىسى خۇددى كۈتۈپ تۇرغاندەك، گۈل - گىياھ مۇئەككىللىنى ئۇزىتىش پەيتى توغرا كېلىپ قالدى. باھار تۈپەيلى ھەسرەتلىرى قوزغىلىپ، توزىغان چېچەكلەرنى كۆمۈپ قويۇشقا ماڭدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھەسرەتلىنىپ يىغلىۋەتتى ۋە ئاغزىغا كەلگىنىچە «چېچەك كۆمۈش نەزمىسى» نى ئوقۇغانىدى. باۋيۇي قاپتالدا تۇرۇپ بۇنى ئاڭلاپ قالدى، ئاۋۋال بېشىنى لىڭشىتىپ نادامەت بىلدۈردى، كېيىن «گۈلنى كۆمسەم خەق بۈگۈن مېنى ئەخمەق دەپ كۈلۈر، بىلمىدىم تاڭ، ئەتە ئۆلسەم كىم كېلىپ مېنى كۆمۈر؟ بىر كۈنى باھار پۈتەركى غۇنچە بوي قىزمۇ تۈگەر، گۈل توزۇپ، ئادەم ئۆلۈپ بولسا خاراب، نامى ئۆچەر!» دېگەن مىسرالارنى ئاڭلاپ،

ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ قاپتالغا يىقىلدى ـ دە، قوينىدىكى چىچەك بەرگىلىرى چىچىلىپ كەتتى.

دەييۇي كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇراتتى، قاپتالدىنمۇ ھەسرەت ساداسى ئاڭلاندى، كۆڭلىدە: «كىشىلەر مېنى مەستانىلىك كېسىلى بار، دەپ زاڭلىق قىلاتتى، مېنىڭدىن باشقىمۇ مەستانە ئادەم بار ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، باۋيۈي كۆرۈندى. لىن دەييۇي:

— تۇفي! — دەپ تۇكۇردى، — كىمكىن دەپتىمەن، باغرى تاش، ئۆلۈم كەلمىگەن، — لېكىن «ئۆلۈم كەلمىگەن» دېگەن سۆزنى چىقىرا ـ چىقارمايلا ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى.

باۋيۈي شۇ يەردە بىرپەس نالە قىلىپ تۇرغاندا، دەييۇينىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىن نېرى داجىغانلىقىنى بىلدى. باۋيۈيمۇ بۇنداق تۇرۇۋېرىشنىڭ مەنىسى يوقلۇقىنى پەملەپ، ئۇستۇېشىنى قېقىشتۇردى ـ دە، قاپتالدىن چۈشۈپ، كەلگەن يولى بىلەن ئارامبەخش ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئالدىدا دەييۇينىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى ۋە:

— بۈگۈن بۇنداق بولغاندىن كۆرە، دەسلەپتىلا شۇنداق بولسىچۇ؟ — دېدى ئاھ ئۇرۇپ.

دەييۇي بۇ گەپ بىلەن ئىختىيارسىز قەدىمىنى توختاتتى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— دەسلەپتە قانداق ئىدى، بۈگۈن قانداق بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. باۋيۈي:

— دەسلەپتە، سىز كەلگىنىڭىزدە مەن سىزگە ئويۇن ـ كۈلكە قىلىشىپ بېرەتتىم. مەن ئامراق كۆرگەن نەرسە سىزگە كېرەك بولۇپ قالسا، بېرىۋېتەتتىم، مەن ياخشى كۆرگەن غىزا ـ

نى سىزنىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىسام، شۇئان شۇ پېتى ئېلىپ قويۇپ ئۇلتۇراتتىم. بىر جوزىدا غىزا يەپ، بىر كارىۋاتتا ئۇخلىشاتتۇق. چۆرىلەر ئويلاپ يېتەلمىگەن نەرسىدىن سىزنى خاپا بولۇپ قالمىسۇن دەپ، چۆرىلەرنىڭ ئورنىدا مەن غېمىنى قىلىپ قوياتتىم. مەن ئىچىمدە: «بىز ئىككىيلەن كىچىكىمىزدىن تارتىپ چوڭ بولغۇچە، مەيلى يېقىن ئۆتەيلى، ئىناق بولايلى، ئىش قىلىپ ئاخىرىغىچە ئەپ ئۆتكەندىلا باشقىلاردىن ئوبدان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگىلى بولىدىكەن» دەپ ئويلايتتىم. بۇگۈنكى كۈندە سىز چوڭ بولۇشىڭىز بىلەن ئىستەكلىرىڭىزمۇ چوڭىيىپ، مېنى كۆزىڭىزنىڭ قىرىغىمۇ ئالماس بولىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىماپتىمەن. «باۋچەي ئاچا دەمسىز»، «فېڭجېي ئاچا» دەمسىز، ئەنە شۇنداق يېگانىلەر قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئېلىۋالغان، ئۈچ - تۆت كۈنلەپ كۆرۈنمەي يۈرۈيدىغان بولۇۋالدىڭىز. بىكارلا ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈپتىمەن، بۇ دەردىمنى كىمگىمۇ ئېيتارمەن! — دەپلا ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن كۆڭلى ئېرىگەن دەييۈي ئۆزىنى تۇتالماي كۆزلىرىنى ياشلاپ گەپ قىلماي بېشىنى سىلىپ تۇردى ۋە تۇنۇگۈن ئاخشامقى ئىشنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىپ قويۇپ، سۆزگە كىرىشتى:

— بۇنداق دەيدىغان ئادەم، مەن بارغاندا، نېمىشقا چۆرىلەرگە ئىشىكنى ئاچتۇرمايسىز؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ ھەيران بولدى باۋيۈي، — مەن شۇنداق قىلغان بولسام، شۇ تۇرقىملا ئۆلەي!

— قاق سەھەردە «ئۆلەي»، «تىرىلەي» دەۋېرىدىكەن. بۇنداق سۆزنى دېيىشتىن يا ھەزەر ئەيلىمەيدىكەن! بار بولسا بار دەڭ، يوق بولسا يوق دەڭ، نېمىدەپ قەسەم ئىچىسىز؟ — دەپ كايىپ كەتتى دەيىيۈي.

# 10 ـ باب    گۇمانخور قىزنىڭ ئىشتىياقى ئاشقانسېرى ئىشقنى سىنىغانلىقى

باۋيۇي شىرېندىن تۇنۇگۇن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى سورىدى. شىرېن:

— تۇنۇگۇن خانىش ھەرەم ئاغىسى شيا بېگىمدىن بىر يۈز يىگىرمە سەر كۈمۈش چىقارتىپتۇ. نازاپەت ئىبادەتخانىسىدا بەشىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئۈچىنچى كۈنىگىچە ئۈچ كۈن چاڭچىلە ئوينىتىپ، نەزىر ـ چىراغ قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، يەنە تاۋۇز چاغىنى ئۈچۈن ھېيتلىقمۇ ئىنئام قىپتۇ، — دېدى ھەم چۆرە قىزنى بۇيرۇپ، تۇنۇگۇن ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاچىقتۇردى. باۋيۇي بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە:

— باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇنداقمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بۇلاردىن باشقا يەنە بىر دانە خۇشبۇي قاش مۇتكە، بىر دانە ھېقىق تەكىيە ئىنئام قىپتۇ. چوڭ بېگىم، ئاغىچا خېنىم، ھاما ئاچىلارغىمۇ يەنە بىردىن خۇشبۇي قاش مۇتكە تېگىپتۇ. باۋچەي خېنىمنىڭ سىزنىڭكىگە ئوخشاش. لىن دەييۇي خېنىم، يىڭچۈن خېنىم، تەنچۈن خېنىم، شىچۈن خېنىملارغا بىر تالدىن يەلپۈگۈچ ۋە تەسۋى تەگكەن ئوخشايدۇ، — دېدى شىرېن.

— بۇ قانداق بولغىنىكىنە؟ — دەپ كۈلدى باۋيۇي، — دەييۇي قىزنىڭ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولماي، باۋچەي ئاچامنىڭ ئوخشاش بولۇپ قاپتا! يەڭگۈشلىنىپ قالمىغاندۇ؟

— تۇنۇگۇن ئەكەلگەندە، — دېدى شىرېن، — ھەربىر ئۇلۇشكە ھەركىمنىڭ ئىسمى پۇتۇكلۈك تۇرسا، يەڭگۈشلىنىپ قالامدۇ؟ سىزنىڭكى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە ئىدى، مەن

ئەكېلىپ قويدۇم. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەتە سىزنى تاڭ سەھەر-دىلا ئۇ‍ـوردىغا كـ‍ىرىپ ئـ‍ىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتىپ چىقسۇن، دەيدۇ.

— ئەلۋەتتە بىر كىرىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى باۋيۇي ۋە زىجۇەننى قىچقاردى، — ماۋۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ دەييۇي قىزغا ئاپارغىن. ماڭا ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەر ئىكەن، ياراتقىنىنى ئېلىپ قالسۇن دېدى، دېگىن.

زىجۇەن «خوپ» دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى، بىرپەستىن كېيىن يېنىپ كىرىپ:

— خېنىم تۇنۇگۇن ماڭىمۇ تەگدى، غوجام ئۆزى ئېلىۋەرسۇن دەيدۇ، — دېدى.

باۋيۇي ئۇنى ئېلىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۇ يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، جيا ئانىنىڭ يېنىغا سالامغا ماڭغان ئىدى، ئالدىدىن دەييۇي چىقىپ كەلدى. باۋيۇي دەرھال دەييۇينىڭ يېنىغا بېرىپ كۈلدى:

— ماڭا بەرگەن نەرسىلەردىن سىزنى تاللىۋالسۇن دېسەم، نېمىشقا تاللىۋالمىدىڭىز؟

دەييۇي باۋيۇيگە بولغان تۇنۇگۈنكى خاپىچىلىقنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىۋېتىپ، بۈگۈنكى ئىشلارنى نەزەردە تۇتقاچقا:

— مېنىڭ زۇۋۇلام ئۇنچىلا چوڭ ئۇزۇلمەيتىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى، — باۋچەي خېنىمغا مېنىڭ تەڭ كەلگۈچىلىكىم يوق. «ئالتۇن» دەمدۇ، «قاشتېشى» دەمدۇ، ئۇنداق نەرسىلەر ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن. بىز دېگەن بىر ئەرزىمەس ئوت - خەشەك - دە!

ئۇنىڭ «ئالتۇن» بىلەن «قاشتېشى» نى تىلغا ئالغانلىقىدىن باۋيۇينىڭ كۆڭلىگە دەرھال گۇمان چۈشتى:

— باشقىلار شۇنداق دېسىمۇ دېگەندۇ، ئەگەر مېنىڭ كۆڭ-لۈمگە شۇنداق ئىش كەچكەن بولسا، تەڭرى تۆپەمدىن ئۇرسۇن،

مېنى يەر يۇتسۇن، ئۆمۈرۋايەت ئادەم بولماي كېتەي!
— قەسەم ئىچمەڭ. ماڭىمۇ ئايان، كۆڭلىڭىزدە «سىڭىل» بولسىمۇ، لېكىن «ئاچا» نى كۆرگىنىڭىزدە، يەنە «سىڭىل» نى ئۇنتۇپ قالىسىز، — دېدى دەييۇي.
— ئۇ سىزنىڭ گۇمانخورلۇقىڭىز، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس.
ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا باۋچەي ئۇياندىن كېلىپ قالدى، ئىككىسى ئۆز يولىغا كېتىشتى. باۋچەي كۆرگەن بولسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىپ، يەرگە قارىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى.
دەييۇي ئاغرىپ قالغانلىقتىن، باۋيۈي بەك بىئارام بولدى. پات - پات كېلىپ ھال سوراپ تۇردى. بۇ ھال دەييۈيگە قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ:
— سىز بېرىپ ئويۇنىڭىزنى كۆرۈۋېرىڭ، ئۆيدە قېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى.
جاڭ دەرۋىشنىڭ ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا تۇنۇگۇن قىلغان گەپلىرىدىن كۆڭلى غەش بولۇپ تۇرغان باۋيۈي ئەمدى كېلىپ دەييۇيدىن بۇنداق گەپنى ئاڭلىشى بىلەن ئويلىنىپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقى يۈز ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولسا، ھەرگىز بۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتمەس ئىدى، باشقىلارنىڭ بۇنداق گەپنى قىلىشى بىر نورى، لېكىن بۇ گەپنىڭ دەييۇينىڭ ئاغزىدىن چىقىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، شۇڭا چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى - دە:
— بىكارلا سىز بىلەن تونۇشۇپتىكەنمەن! بولدى ۋەسسالام! — دېدى.
— مەن بىلەن بىكارلا تونۇشۇپسىزما؟ — دېدى دەييۇي مىيىقىدا كۈلۈپ، — مېنىڭدە خەقنىڭكىدەك سىزگە لايىق كېلىدىغان نەرسە يوق - دە!
بۇ گەپ چىقىشى بىلەن باۋيۈي يېقىن كېلىپ، يۈزمۇيۈزلا

سورىدى:

— بۇ گېپىڭىزچە، تەڭرى تۆپىسىدىن ئۆرسۇن، يەر يۇت-سۇن دەپ مېنى قارغىماقچى بوپسىز - دە؟

بۇ گەپنى دەييۇي دەماللىققا چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— قايسى كۈنىلا مۇشۇ توغرىدا قەسەم قىلغانىدىم. بۈگۈن-مۇ شۇ گەپنى زادى بىر تەكرارلاتماقچىمۇ سىز؟ مېنى «تەڭرى تۆپەمدىن ئۆرسا، يەر يۇتسا» سىزگە نېمە پايدىسى تېگەتتى؟ — دېدى يەنە باۋيۈي.

دەييۇي مانا شۇ سۆز بىلەنلا ئۇ كۈندىكى گەپنى ئاندىن ئېسىگە ئالدى. بۈگۈن ئۆزى خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىچىمۇ پۇشتى ھەم ئىزامۇ تارتتى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى ۋە:

— سىزنى قارغىماقچى بولغان بولسام، مېنى تەڭرى ئۆر-سۇن، يەر يۇتسۇن، بۇنداق دېيىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ جاڭ دەرۋىشنىڭ ئۆيلەپ قويۇش توغرۇلۇق قىلغان تۈنۈگۈنكى گەپلى-رىنى ئۇقمەن. ئۆزىڭىزنىڭ خەيرلىك نىكاھىڭىزغا كاشىلا بو-لۇۋاتىدۇ دەپ خاپا بولۇپ، ئاچچىقىڭىزنى مەندىن ئالماقچى بوپ-سىز - دە!

باۋيۈينىڭ كىچىكىدىنلا سىڭىپ قالغان تەلۋىلىك خۇيى بار ئىدى، كىچىكىدىنلا دەييۇي بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، بىر-بىرىگە ئىچەكىشىپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئىشنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئانچە - مۇنچە ئۇقۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىدئەت كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ باققان، ئۇنىڭ نەزىرىدە يېقىن - يورۇقلى-رىنىڭ ئۆيلىرىدە كۆرگەن رەنا قىزلاردىن دەييۇيگە يېتەلىگۈد-لىكلىرى يوق ئىدى. شۇڭا، ئاللىقاچان كۆڭلىدە ئىشتىياق باغلىغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرالماي يۈرەتتى. ھەرقاچان خۇشاللىقى تۇتقاندەك ياكى ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ ئاستىر-تىن چېكىپ باقاتتى. دەييۇينىڭمۇ شۇنداق تەلۋىلىك مىجەزى بار

ئىدى، ئۇمۇ ياسالمىلىق بىلەن چىكىپ كۆرەتتى. ئۇمۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ، بۇمۇ ئۆز كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ، ياسىمىلىق بىلەن بىر - بىرىنى سىنىشاتتى. ئارىلاپ- ئارىلاپ چىرتىڭ - پىرتىڭ ئىشلار تۇپەيلىدىن تاكاللىشىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ چىقماي قالمىدى.

شىرىن باۋيۇينىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ، كۆزلىرىنىڭ بۆلەكچىلا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ كۇلۇپ تۇرۇپ:

— يانجىۋەتسىڭىز، دەيىيۇي خېنىمنىڭ يۇزىگە سەتچىلىك بولمامدۇ؟

بۇ گەپ يىغلاۋاتقان دەيىيۇينىڭ يۇرىكىدىكىنى ئىزھار قىلىدىغاندەك بولدى. دەيىيۇي باۋيۇينىڭ شىرىنچىلىكمۇ بولالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، يۇرىكى ئېزىلىپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئىچى تىت - تىت بولۇپ كەتكەچكە، جايىدىلا ئىچكەن يالغان رەيھان سۇيىنى «ھۆ» قىلىشى بىلەنلا قۇسۇۋەتتى. زىجۈەن ئالمان - تالمان كېلىپ قولىياغلىقىنى تۇتقانىدى، كەينى- كەينىدىن «ھۆ» قىلىۋېرىپ، ياغلىق چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. زىجۈەن:

— ھەرقانچە خاپا بولسىلىمۇ، خېنىم، ئۆزلىرىنى ئاسرىغانلىرى تۇزۇك. بايا دورا يەپ، سەل ئوبدان بولۇپ قالغانتىلە، مانا ئەمدى، باۋيۇي غوجام بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، دورىنى ياندۇرۇۋەتتىلە، كېسەللىرى قوزغىلىپ قالسا، باۋيۇي غوجامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟ — دېدى. بۇ گەپمۇ باۋيۇينىڭ يۇرىكىدىكىنى ئىزھار قىلغاندەك بولدى. ئۇ دەيىيۇيمۇ ھەتتا زىجۈەنچىلىكمۇ بولالمىدى، دېگەن ئويغا كەلدى. لىن دەيىيۇي چىرايى قىزىرىپ، كۆبجۇپ، يىغلىغانسېرى ئۆپكىدەپ باراتتى. تارام - تارام ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، چىپ - چىپ تەرلەپ بوشىشىپلا كەتتى. باۋيۇي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە:

«بايا ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشمىسامىۇ بولغانىكەن، ئۇنىڭ بۇ دەر-دىنى يا مەن تارتىشىپ بېرەلمەيدىكەنمەن» دەپ پۇشايمان قىلـ-دى- دە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىدى. بۇ ئىككىسى-نىڭ يىغا - نالىسىدىن شىرىننىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. ئۇ باۋيۈي-نىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يىغلىماڭ دەپ كۆڭۈل ئېيتماقچىمۇ بولدى، لېكىن بىر تەرەپتىن باۋيۈينى بىرنېمىدىن خورسىنىپ ئىچى ئاداپ كەتمىگىيدى دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن دەيىيۈينىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىماي دەپ ئېيتال-ماي، ئىككى ئارىدا تەڭلىكتە قالدى. شىرىن ئىككىسى بىلەن يىغلاشنى خوپ كۆرۈپ، دەيىيۈينىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. زىجۇەن قەي قىلىۋېتىلگەن دورىنى ئېرىغدىۋەتكەچ، يەلپۈگۈچ بىلەن دەيىيۈينى بوشقىنا يەلپۈپ تۇراتتى. قارىسا، ئۈچىلىسى زۇۋان سۈرۈشمەي ئۆز ئالدىغا يىغلىشىۋاتقان، ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇ-لۇپ، ياغلىقىنى ئېلىپ كۆز يېشىنى ئېرتتى.

خىزمەتكار مومايلار دەيىيۈينىڭ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ قەي قىلغانلىقىنى، باۋيۈينىڭ قاشتېشى يانجىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاپىلا - شاپىلا ئالدى تەرەپكە چېپىشىپ بېرىپ، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ماجىرا-دىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالماقچى بولۇشتى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىممۇ ئۇلارنىڭ رەسمىي بىر ئىش تەرىقىسىدە مەلۇم قىلغىنىغا قاراپ، نېمە دەردۇبالا بولغانلىقىنى بىلىشەلمەي، باغقا مېڭىشتى. بۇنىڭدىن ئىچى تىتىلداپ كەتكەن شىرىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمنى نېمە بىئارام قىلىپ يۈرۈي-دىغاندۇ، دەپ زىجۇەندىن ئاغرىندى، زىجۇەنمۇ شىرىننى كىشى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ دەپ شىرىندىن ئاغرىندى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىرىپ كېلىشتى، قارىسا باۋيۈيمۇ گەپ قىلماي، دەيىيۈيمۇ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇشقان، سورىسىمۇ ھېچ ئىش يوق. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەردۇبالانى شىرىن بىلەن

زىجۇەن ئىككىسىگە ئارتىپ، ئىككىسىنى بىرپەس تىللاپ تەنبىھ بەردى. ئىككىسى گەپ - سۆز قىلىشماي ئاڭلاپ تۇرۇشتى. ئاخىرى جيا ئانا باۋيۈينى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا تىنچىشتى.

ئىككىسىنىڭ خاپا بولۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جيا ئانا ئىچى تىتىلداپ ئاغرىنغان ھالدا:

— مەن شور پېشانە قاچانلاردا گۇناھ قىلغان بولغىيدىم؟ قېرىشقاندەك ماڭا دۈچ كەلگەن بۇ غەرەز ئۇقماس ئىككى كۈشەندە بىرەر كۈنمۇ كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزمىدى. «كۈشەندىلەر تېپىشماي قويماس» دېگەن ماقال راست ئىكەن. قاچان مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلۇپ، تىنىقىم ئۈزۈلگەندە، ئىككىسى غەلۋە قىلىشىپ ئالەمنى باشلىرىغا كىيسىمۇ كۆزۈم كۆرمەيتتى، قېرىشقاندەك يا مېنىڭ تىنىقىم توختىمىدى، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ گەپ باۋيۈي بىلەن دەييۈينىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ ئىككىسى «كۈشەندىلەر تېپىشماي قويماس» دېگەن ماقالنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى، بىردىنلا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ، خۇددى ئىستىقامەتتە ئولتۇرغاندەك باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، بۇ گەپنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشۈپ، بىر - بىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىسىمۇ، بىرى بامبۇكزار سارايدا ياش تۆكسە، بىرى ئارامبەخش ھويلىدا ئايغا قاراپ ئاھ ئۇراتتى. بۇ ئەينى «ئۆزۈم ھەر جايدا، كۆڭلۈم سەندە» دېگەندەك بولدى.

## 11 - باب باۋچەينىڭ يەلپۈگۈچ باھانىسىدە ئىككىسىنى گەپتە چېقىۋالغانلىقى

لىن دەييۈي باۋيۈي بىلەن ئېيتىشىپ قالغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىش ئۈچۈن باھانە تاپالمىغاچقا، خۇددى بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويـ

غاندەك، كىچە ـ كۈندۈز ئىچى پۇشۇپلا تۇراتتى. بۇنى خېلى ئوبدانلا پەملىگەن زىجۇەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغىلى تۇردى:
— ئۆتكەنكى ئىشنى دېسەك، ئۆزلىرىمۇ بەك يېنىكلىك قىلدىلا. باشقىلارغۇ باۋيۈينىڭ خۇيىنى بىلمەيدۇ، بىزمۇ بىلمەمدۇق؟ ئاشۇ قاشتېشى توغرىسىدىكى غەلۋە بىر ـ ئىككى قېتىملا بولغىنى يوققۇ.
— خەق ئۈچۈن مېنى ئەيىب ئەتمەكچى بوپسەن ـ دە! مەن قانداق يېنىكلىك قىلىپتىمەن! — دەپ كايىپ كەتتى دەييۈي.
— ئەيىبنىڭ ئازراقى باۋيۈيدىن، كۆپرەكى سىلىدىن ئۆتتى. ئۇ ئادەتتە ئۆزلىرىنى بەك ئايايتتى. ئۆزلىرىنىڭ مىجەزلىرى قىيىق بولغانلىقتىن، ھەدېسىلا ئۇنى ئەيىبلەۋەرگەچكە، ئۇمۇ شۇنداق قىلىپ سالدى.
دەييۈي جاۋاب قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، تالادا بىركىم ئىشىك قاقتى. زىجۇەن قۇلاق سېلىپ بېقىپ كۈلۈپ كەتتى.
— باۋيۈينىڭ ئاۋازىغۇ بۇ، ھەرقاچان ناماقۇل بولۇپ كەلگەن نېمە.
— ئىشىكنى ئاچماڭلار! — دېدى دەييۈي.
— خېنىم، يەنە ناماقۇل ئىش قىلىۋاتىدىلا. ھاۋا شۇنداق ئىسسىق تۇرسا، پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ — دەپلا زىجۇەن ئىشىكنى ئاچتى، راست دېگەندەكلا باۋيۈي ئىدى. ئۇنى ئۆيگە باشلىغاچ، مۇنداق دېدى:
— باۋيۈي غوجامنى ئەمدى ئىشىكىمىزگە ئىككىنچى ئاياغ باسمايدۇ، دەپتىكەنمەن، ئۆزلىرى يەنە كېلىپ قاپتىلا.
— سىلەرزە كىچىككىنە ئىشنىمۇ يوغىنىتىۋېتىدىكەنسىلەر، ھېچقانداق گەپ ئۆتمىسە، نېمىشقا كەلمىگۈدەكمەن؟ مەن ئۆلسەممۇ روھىم كۈنىگە يۈز قېتىم كېلىپ تۇرىدۇ، سىڭلىم ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟ — باۋيۈي شۇنداق دەپ ئىچكىرىگە كىردى، دەييۈي كارىۋاتتا يىغلاپ ئولتۇراتتى.

دەييۈي ئەسلىدە يىغلىمىغان ئىدى، باۋيۈيىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشىنى توختىتالمىدى. باۋيۈي كۈلگىنىچە كارىۋات يېنىغا كېلىپ:

— سىڭلىم، تەن ساقلىقىڭىز ئوبدان بولۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى.

دەييۈي يېشىنى ئېرتىش بىلەن بولۇپ جاۋابمۇ بەرمىدى. باۋيۈي كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ياندىپ ئولتۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەندىن قېيىدىمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. لېكىن ، مەن كەلمەي قويسام، باشقىلار بىزنى تاكاللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ سالا - سۇلھى قىلىپ قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرساق، ئۇ چاغدا ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمامدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۇرامسىز، تىللامسىز نېمىلا قىلسىڭىز قىلىڭ، مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا بولدى! — دېدى - دە، كەينى - كەينىدىن يىگىرمە - ئوتتۇز قېتىمچە «ئوبدان سىڭلىم» دەۋەردى.

دەييۈي ئەسلىدە باۋيۈينىڭ يۈزىگە ئىككىنچى قارىمايمەن، دېگەن يەرگە كەلگەنىدى، ئەمدى باۋيۈينىڭ «باشقىلار بىزنى تاكاللىشىپ قېلىپ، ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى - دە:

— سىزمۇ مېنى گوللىماڭ! بۇنىڭدىن كېيىن، مەنمۇ سىزگە يېقىنلاشمايمەن، مېنى كەتكەنگە چىقىرىۋەتسىڭىزلا بولدى، — دېدى.

— نەگە كېتىسىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي كۈلۈۋېتىپ.

— ئۆيۈمگە.

— مەنمۇ بىللە كېتىمەن.

— ئۆلۈپ قالسامچۇ؟

— ئۆلۈپ قالسىڭىز، راھىب بولۇپ كېتىمەن.

دەييوي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆڭسىلى قالماي:
— جېنىڭىزدىن تويغان ئوخشىمامسىز! نەدىكى قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنسىز! سىزلەرنىڭكىدە بىر قانچە يىقىن ئىگچە - سىڭىللىرىڭىز بارغۇ! ئەتە - ئۆگۈن شۇلار ئۆلۈپ قالسا، يالغۇز جېنىڭىزغا قانچە راھىب بولماقچىدىڭىز؟ مۇشۇ گېپىڭىزنى باشقىلارغا دەپ كۆرەيچۇ، شۇلار باھا بېرىپ باقسۇن، — دېدى.
باۋيوي قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، پۇشايمان ئالىدىغان قاچا تاپالماي، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈندىمەستىن تۇرۇپ قالدى. دەييوي باۋيۇينىڭ يۈزى كۆبجۈپ كۆكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى تۈرتتى - دە:
— سىزنىزە...، — دېدىيۇ، يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى ۋە كۆز يېشىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتتى. باۋيۇينىڭ كۆڭلى تۇگمەس دەرد بىلەن تولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىدىن پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. دەييۇينىڭ ئۇنى تۈرتۈپ قويۇپ، دەيدىغان گېپىنى دېيەلمەي ئاھ ئۇرۇپ يىغلىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭغىمۇ كۆڭلى ئېرىدى - دە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلىدى. ياغلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سۈرتىدىغان ياغلىق تاپالماي، يېڭى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى.
دەيوي يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، باۋيۇينىڭ يېڭىلا كىيگەن قىزغۇچ بىنەپشەرەڭ شايى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدە يىشىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ يىشىنى ئېرتقاچ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ياستۇقىغا يىپىلغان دۇردۇن ياغلىقنى ئىلىپ باۋيۇينىڭ كۆكسىگە قارىتىپ ئاتتى - دە، گەپمۇ قىلماي يۈزىنى ئېتىۋېلىپ يىغىسىنى يىغلاۋەردى. باۋيوي تاشلاپ بەرگەن ياغ-

لىقنى كاپلا قىلىپ ئېلىپ يېشىنى سۈرتتى، تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ كۆلدى:
— مېنىڭ ئىچ - باغرىم سىيرىلىپلا كەتتى. يىغلاۋېرىدىـ كەنسىز، يۈرۈك، ئىككىمىز ئۇلۇغ موماممىنىڭ يېنىغا چىقايلى.
— كىم سىزگە سۆۋۈشۈپتۇ؟ — دەپ قولىنى سىلكىۋەتتى دەيىۈي، — كۆندىن - كۆنگە چوڭ بولۇۋېتىپمۇ قىلىنىلىق قىلىۋاتقىنىنى بۇنىڭ...
گېپىنىڭ ئايىغى تۈگىمەيلا، بىر كىمنىڭ «ئەپلىشىپ قاپـ تۇ» دېگىنى ئاڭلاندى، باۋيۈي بىلەن دەيىۈي بىخەستىلىكتە تـۇرغاچقا، چـۆچۈپ كـېتىپ، كـەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋېدى، فېڭجيې ئىلدام كىرىپ كېلىۋاتقانىكەن.
— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۇ يەردە ئادا - جۇدا بولۇپ ئاغرىنىپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — سىلەرنى ئەپلىشىپ قالدىمىكىن بېرىپ كۆرۈپ كەل دېگەنىدى، مەن «بىرىشىمىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۈچ كۈنگە قالمايلا ئەپلىشىپ قالىدۇ» دېسەم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى «ھۇرۇن» دەپ كايىدى. كەلسەم، مانا مېنىڭ دېگىنىمدەكلا بوپتۇ. سىلەرمۇ- چۇ، چوڭ بولغانسېرى كەينىڭلەرگە يېنىپ كېتىپ بارىسىلەر! مۇنداق قول تۇتۇشۇپ يىغلىشىدىغان ئادەم نېمىشقا تۇنۇگۇن چۆجە خورازدەك ھۆرپىيىشىسىلەر! يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىـ لەر، يۈرۈڭلار، مەن بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ يېنىغا چىقىڭلار، مومىمىزنىڭ كۆڭلى تىنسۇن، — دەپلا دەيىۈينىڭ قولىدىن تارتىپ ماڭدى.
لىن دەيىۈي كەينىگە قاراپ دېدەكلىرىنى چاقىردى، ئۇلارـ دىن بىرىمۇ كۆرۈنمىدى.
— ئۇلارنى چاقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز، خىزمىتىڭىزگە مانا مەن تۇرۇپتىمەنغۇ، — دېدى فېڭجيې ۋە ئۇنى قولىدىن تارتقىنىـ چە مېڭىۋەردى. باۋيۈيمۇ ئۇلار بىلەن بىللە مېڭىپ، باغ دەرۋاـ

زىسىدىن چىقىپ جىيا ئانىنىڭ يېنىغا كىرىشتى.

— بۇلارنىڭ غېمىنى يېمىسىمۇ بولىدۇ، ئۆزلىرى ئەپلەشىپ قالىدۇ دېسەم، بۇزرۇكۋار ئانىمىز ئىشەنمەي ئەپلەشتۇرۇپ قويۇشقا مېنى ئەۋەتتى. بۇلارنى ئەپلەشتۇرۇپ قوياي دەپ شاپاشلاپ بارسام، ئىككىسى بىر - بىرىگە ناماقۇل بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. خۇددى قۇرغۇي كەپتەر تۇتۇۋالغاندەك، ئىككىسىنىڭ قوللىرى كىرىشىپلا قاپتۇ! بۇلارنى ئەپلەشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ھېچ ھاجىتى قالماپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

باۋچەيمۇ شۇ يەردە ئىدى. لىن دەييۈي بولسا، لام - جىم دېمەستىن، جىيا ئانىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. باۋيۈي دەيدىغان گەپ تاپالماي باۋچەيگە قاراپ كۈلۈپ:

— ئاكامنىڭ قۇتلۇق كۈنىدە، قېرىنشقاندەك تاۋىم بولماي قېلىپ، ھەتتا بېرىپ باشمۇ قويالمىدىم. ئاچا، ئەتە قولىڭىز بوشاپ قالسا، مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويسىڭىز، — دېدى.

— ئۇنداق قىلىشمۇ ئوشۇقچە ئىش، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاكا - ئۇكىلار ھەمىشە بىللە ئۆتۈۋاتقان يەردە، بۇنداق خىيالدا بولسىڭىز، بىر - بىرىنى يات كۆرگەنلىك بولمامدۇ؟

— ئەھۋالنى ئۇقۇپ مېنى كەچۈرسىڭىزلا بولىدى، — دېدى يەنە كۈلۈپ باۋيۈي، - نېمىشقا ئويۇن كۆرگىلى بارمىدىڭىز؟

— ئىسسىقتىن قاچتىم، ئىككى پەردە ئويۇن كۆرۈۋېدىم، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى. كېتەي دېسەم مېھمانلار ئۇزاشمىدى. نائىلاج مىجەزىم يوق دېگەن باھانە بىلەن، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلاندى - دە، خىجالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى بۇراپلا كۈلدى:

— سىز سېمىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىسسىقتىن قاچىدى-

كەنسىز ـ دە، خەقنىڭ سىزنى ياڭ گۆيفېيغا ئوخشاتقىنى بىكار ئەمەس ئىكەن.
بۇ گەپكە باۋچەي ھۆپپىدە قىزىرىپ تېرىكمەكچىمۇ بولدى، لېكىن ئەپ كۆرمىدى بولغاي، بىرپەس ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ:
— مەنغۇ ياڭ گۆيفېيغا ئوخشىغانمۇ بولاي، شۇغىنىسى ياڭ گوجۇڭ بولۇشقا يـارايدىغان نـە ئـاكام، نە ئۇكام يوقتە مېنىڭ، — دەپ تۇرۇشىغا، چۆرە قىز دىيەنئېر يەلپۈگۈچنى تاپالماي، باۋچەيدىن كۈلۈمسىرەپ سوراپ قالدى:
— ھەرقاچان باۋچەي ئاچام تىقىپ قويغان نېمە، ئۇبدان خېنىم ياندۇرۇپ بەرگەن بولسىلا.
— كۆزۈڭگە باق سەن! مەندىن گۇمانلانغۇدەك، مەن سەن بىلەن قاچان ئوينىشىپ باققان؟ ھەر كۈنى سەن بىلەن ھىجىيىشىپ يۈرۈيدىغان خېنىم قىزلاردىن سورا! — دېدى باۋچەي قولىنى دىۋەيلەپ. بۇ گەپ بىلەن دىيەنئېر قېچىپ چىقىپ كەتتى.
باۋيۈينىڭ باۋچەينى زاڭلىق قىلغانلىقىدىن دەيىيۈي ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئەمدىلا گەپ قىستۇرۇپ كۈلكىگە قوياي دەپ تۇراتتى، دىيەنئېر يەلپۈگۈچنىڭ ئىزدەك ـ سورىغىنى قىلىپ قويۇپ، باۋچەي تەگەپ بايىقى ئىككى ئېغىز گەپنى قىلغاندى، دەيىيۈي گەپنى يۆتكىدى:
— باۋچەي ئاچا، سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز قايسى ئىككى ئويۇن ئىدى ئۇ؟
باۋچەي دەيىيۈينىڭ چىرايىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى پەملىدى، ھەرقاچان باۋيۈينىڭ زاڭلىق قىلىپ دېگەن گېپى بۇنىڭ كۆڭلىگە ياققان بولسا كېرەك، دېگەن يەرگە كەلگەندى. بىردىنلا دەيىيۈي ئويۇننىڭ گېپىنى سوراپ قالغانلىقتىن:
— لى كۈي سۇڭ جياڭنى تىللاپ قويۇپ، كەيىندىن نامە

قۇل بولغانلىقىنى كۆردۈم، — دەپ جاۋاب بەردى كۇلۇپ.

— ئاچا، سىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان نەرسىلەردىن بىلمەيدىغىنىڭىز يوق ئىدى، — دېدى باۋيۇي كۇ-لۇپ، — نېمىشقىمۇ مۇشۇ ئويۇننىڭ نامىنى ئۇقماي، بىرمۇنچە گەپ قىلىپ كەتتىڭىز، ئۇ ئويۇننى «گۇناهىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» دەپ ئاتايدۇ.

— هە، بۇنى «گۇناهىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» دەيدىكەن-دە! سىلەر قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئىشلاردىن خەۋ-رىڭلار بولغىنى ئۇچۇن «گۇناهىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش»نى بىلىسىلەر. مەن «گۇناهىنى تونۇپ ئەپۇ سوراش» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىكەنمەن، — دېدى باۋچەي.

باۋيۇي بىلەن دەييۇينىڭ كۆڭلىگە دەز كەتتى، ئىككىسى ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كېتىشتى.

## 12 ـ باب مەستانە باۋيۇي خۇدىنى يوقىتىپ كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىپ قويغانلىقى

بىر كۇنى، باۋيۇي شياڭيۇن بىلەن كۇلكە ـ پاراڭ قىلى-شىپ ئولتۇرغانىدى، شۇ ئەسنادا بىركىم كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— شىڭلۇڭ كوچىسىدىكى بېگىم كەلگەنىكەن، ئۇلۇغ بې-گىم غوجامنى كېلىپ كۆرۈشسۇن، دەيدۇ.

باۋيۇي بۇ گەپتىن جىيا يۇيسۇننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلى غەش بولدى. شىرېن ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ ئىگىنىنى ئەكېلىپ بەردى. باۋيۇي ئۇتۇكىنى كىيىۋېتىپ غودۇڭشىدى:

— ئاتام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋەرسە بولمامدىكىنە، هەر قېتىم مەن بىلەن كۆرۈشمەن دەيدىكەن.

— سەن مېهمان قوبۇل قىلىشنى قاملاشتۇرىسەن، شۇڭا ئۇلۇغ بېگىم سېنى چاقىرغاندۇ، — دەپ كۇلدى بىر چەتتە

يەلپۈگۈچ يەلپۈپ تۇرغان شياڭيۈن.

— نەدە ئاتام چاقىرسۇن؟ — دېدى باۋيۈي، — ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى كۆرۈشسەم دەپ تەلەپ قىلغان نېمە.

شياڭيۈن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— «ساھىبخان مېھماندوست بولسا مېھمان ئۆكسىمەيدۇ» دېگەن گەپ بار، سەندە ئۇنى جەلپ قىلارلىق ئارتۇقچىلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلگەندۇ.

— بولدى، بولدى، مەنمۇ چاكىنىلاردىنمۇ چاكىنا بولغان بىر چاكىنا ئادەم، مۇنداق ئادەملەر بىلەن كەلدى ـ باردى قىلغۇم يوق، — دېدى باۋيۈي.

— مىجەزىڭ يەنىلا شۇنداق، ھېچ ئۆزگەرمەپتۇ، — دېدى شياڭيۈن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، جۈيرېن، جىنشي بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىشنى خالىمىساڭمۇ، ھەرھالدا ئەنە شۇنداق مەنسەپدارلار بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ ئەمەلدارلىقنىڭ ئېپى- جېپى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ تۇرساڭ، كەلگۈسىدە دادۇمۇئامىلە قىلىشىڭغىمۇ ئەپلىك بولىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە راۋۇرۇس دوست تېپىۋالىسەن. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بىزنىڭ قاتىرىمىزدا ئىلىشىپ يۈرۈۋەرسەڭ، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە چىقاتتى!

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— خانقىز، باشقا ئۆيگە چىقىپ ئولتۇرسىلىمىكىن، بۇ ئۆيۈم سىلىدەك ئەمەلدارلىقنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلىدىغان كىشىنى بۇلغاپ قويمىسۇن يەنە، — دېدى.

— خېنىم، قويۇڭ، ئۇنىڭغا گەپ قىلماڭ، — دەپ شىرېن دەرھال ئارىچىلىدى، — ئۆتكەن قېتىممۇ باۋچەي خېنىم بىر نۆۋەت شۇنداق گەپنى قىلىۋېدى، بۇمۇ كىشىنىڭ يۈزىگە سەت بولار دېمەستىن، «ئوھۇي» دەپلا، تاراقلاپ چىقىپ كەتتى. باۋچەي خېنىمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى، بۇنىڭ چىقىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىزا تارتقىنىدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ
كەتتى. گەپ قىلاي دېسە تېخى، گەپ قىلماي دېسە تېخى.
ھېلىمۇ ياخشى، باۋچەي خېنىمغا شۇنداق قىلدى، ئەگەر دەييۈي
خېنىمغا شۇنداق قىلسا، ئۇ يىغلاپ ـ قاقشاپ نېمىلەرنى قىلمۇۋې-
تەركىنتاڭ! بۇ ئىشنى دەپ كەلسەك، باۋچەي خېنىمنىڭ قە-
دىرلىگۈچىلىكى بار ئىكەن، ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن بەك ئوڭايسىزلاندىم، مەن ئۇنى
قېيداپ قالدىمىكىن دەپتىكەنمەن، نەدىكىنى، كېيىن يەنىلا
بۇرۇنقىدەك يۈرۈۋەردى. راستىنىلا تەمكىن، كۆڭلى كەڭ ئى-
كەن ئۇنىڭ. بۇ غوجام ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپلا يۈرۈيدۇ.
دەييۈي خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ قالىدىغان بولسا
بولدى، بۇ غوجام نەچچە قېتىم ئالدىغا كىرىپ ئەپۇ سورىغان
بولاتتى.

— دەييۈي قىز ئاشۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ باققان-
مۇ زادى؟ — دېدى باۋيۈي، — ئۇمۇ مۇشۇنداق بولمىغۇر
گەپلەرنى قىلغان بولسا، ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى تارتقان
بولاتتىم.

— بۇزە بولمىغۇر گەپ ئىكەن ـ دە! — دەپ تەڭلا باشلى-
رىنى لىڭشىتىپ كۈلۈشتى شىرېن بىلەن شياڭيۈن.

دەييۈي شياڭيۈننىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى، باۋيۈينىڭمۇ
يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئىككىسىنىڭ نىيىتى-
نى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاستا باۋيۈينىڭكىگە كېلىپ پەيت
پايلىغانىدى. ئويلىمىغاندا، شياڭيۈننىڭ «ئەمەلدارلىقنىڭ ئې-
پى- جېپى» توغرىسىدىكى گېپىنى، باۋيۈينىڭ «دەييۈي قىز
مۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلمايدۇ، مۇنداق گەپلەرنى قىلغان
بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆزۈمنى تارتقان بولاتتىم» دەۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ قالدى.

دەييۈي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خۇشالمۇ بولدى ھەم چۆچۈدى

ۋە مەيۈسلەندى، ھەم ئاھ ئۇردى. «دەرۋەقە كۆزۈم ئۆتكۈر ئىكەن، ئادەتتە ئۇنى قەدىردانىم، دەپ بىلگەنىدىم، دېگەندەك ئۇ قەدىردانىم ئىكەن» دەپ خۇشال بولدى. «كىشىلەرنىڭ ئال-دىدا ئۇ ئۆز كۆڭلىنى دەپ مېنى ماختاپ گۇمان تۇغۇلۇشتىن ھەزەر قىلماي، ماڭا چىن كۆڭلىدىن بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ئىزھار قىلىپ قويدى» دەپ چۆچۈدى. «سەن مېنىڭ قەدىردانىم بولغان ئىكەنسەن، مەنمۇ ساڭا قەدىردان بولالايمەن. ئىككىلەن بىر - بىرىمىزگە قەدىردان تۇرۇقلۇق، ‹زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز› توغرىسىدا گەپ بولۇشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى؟ ‹زەر ئۈزۈككە ياقۇت كۆز› دېگەن گەپ بولۇشقا توغرا كەلسە، ئىككى-مىزنىڭ ئارىسىدا بولۇشى كېرەككۇ، بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن باۋ-چەي ئارىلىشىۋالىدىكەن» دەپ ئاھ ئۇردى. «ئاتا - ئانام ئاللىقا-چان ۋاپات بولغان، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغان ئارزۇلىرىم بول-سىمۇ، لېكىن ماڭا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇۋېرىپ، بارا - بارا كېسەل چېقىپ قويۇۋاتىدۇ. تېۋىپمۇ ‹قان ئازلاپ ماغدۇر-سىزلىنىپ كېتىپتۇ، سىل بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار› دې-دى. مەن ساڭا قەدىردان بولساممۇ، لېكىن ئۆمرۈم ئۇزاققىچە يار بېرەلمەسمىكىن، سەن ماڭا قەدىردان بولغىنىڭ بىلەن، مەن شور پېشانە تۇرسام!» دەپ مەيۈسلەندى. خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. ئۆيگە كىرىپ كۆرۈشمەكچىمۇ بولغانىدى، لېكىن كىرىشكە قىزىقمىدى - دە، كۆز يېشىنى سۈرتكەچ، بۇرۇلۇپلا كەينىگە ياندى.

شۇ ئەسنادا، باۋيۈي ھاپىلا - شاپىلا ئىگىنىنى كىيىپ تالاغا چىققانىدى، ئالدىدا دەييۈيىنىڭ ئاستا كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەپتى-دىن يېشىنى ئېرتىۋاتقاندەك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئالمان - تالمان سوقۇشۇپ كېلىپ كۈلۈمسىرىدى:

— سىڭلىم، نەگە كېتىۋاتىسىز؟ يەنە يىغلاپسىزغۇ؟ سىز-

نى كىم خاپا قىلدى؟

دەييۇي قايرىلىپ باۋيۇينى كۆرۈشى بىلەنلا، زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى:

— تۇپتۇزۇك تۇرۇپتىمەنغۇ، نەدە يىغلاپتىمەن؟

— قارىڭا، كۆزلىرىڭىز ياش يۇقى تۇرۇپمۇ يالغان ئېيتىۋا-تىسىز، — دەپ باۋيۇي ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتمەكچى بولۇپ ئىختىيارسىز قولىنى ئۇزاتقانىدى، دەييۇي شاققىدە كەينىگە داجىپ:

— يەنە ئۆلگۈڭىز كەلگەن ئوخشىمامدۇ! يەنىلا مۇشۇنداق كېلىش - پەخەشلىك قىلىدىكەنسىز، — دېدى.

— گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزۈمنى تۇتالماي قول ئۇزىتىپ تاشلاپتىمەن، ئۆلۈم - كۆرۈممۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەپ-تۇ، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

— ئۆلسىڭىز، سىزگىغۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، لېكىن «ئال-تۇن» دەمدۇ، «بوبرا كېيىك» دەمدۇ، شۇلار سىزدىن ئايرى-لىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتىشەركىن؟

بۇ گەپ باۋيۇينى تېرىكتۈرۈۋەتتى، ئۇ يېقىنراق كېلىپ سورىدى:

— يەنىلا شۇ گەپنى قىلىدىكەنسىز، سىز زادى مېنى قار-غىماقچىمۇ ياكى مېنىڭ چىشىمغا تەگمەكچىمۇ؟

بۇ سوئالدىن دەييۇي قايسى كۈنى بولغان ئىشنى ئەسلەپ، بۇ گەپنى ئويلىماستىن دەپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى ۋە شۇئان كۈلۈمسىرەپ:

— تېرىكمەڭ، خاتا سۆزلەپ قويۇپتىمەن. بۇنىڭ ھېچقىسى يوققۇ، ئاچچىقىڭىزدا گۈرەن تومۇرلىرىڭىز كۆپچۈپ، يۈزىڭىز-نى تەر بېسىپ كەتتى، — دەييۇي شۇنداق دەپ يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەرىنى قولى بىلەن ئېرتىشكە باشلىدى.

باۋيۇي ئۇنىڭغا خېلىغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

دەييۈي بۇ گەپكە هاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىپ:

— مەن نېمىدەپ خاتىرجەم ئەمەسكەنمەن؟ بۇ گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم، ئېيتىڭا، خاتىرجەم بولۇش، دېگىنىڭىز نېمە-سى؟ — دېدى.

— بۇ گەپنى راستتىنلا چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئادەتتە سىزگە كۆڭۈل بەرگىنىم خاتا بولغانىكەن - دە! كۆڭلىڭىزنى ئالماي كەلگەن بولسام، دەرۋەقە ھەر كۈنى ماڭا ئاچچىقلاپ يۈرگىنىڭىزدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغۇدەك:

— خاتىرجەم بولۇش - بولماسلىق دېگەن گېپىڭىزنى راستتىنلا چۈشەنمىدىم، — دېدى دەييۈي.

— جېنىم سىڭلىم، مېنى ئالدىمىسىڭىزچۇ! — باۋيۈي ئۆلۈغ - كىچىك تىندى، — راستتىنلا بۇ گەپنى چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، مېنىڭ كۆڭۈل بەرگىنىممۇ بىكار كېتىپتۇ، ھەتتا سىزنىڭمۇ ماڭا بەرگەن كۆڭلىڭىز يەردە قاپتۇ. خاتىرجەم بولال-مىغانلىق دەستىدىن ۋۇجۇدىڭىز كېسەلگە گىرىپتار بولغان. كۆڭلىڭىز ئارام تاپقان بولسا، كېسىلىڭىز كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشمىغان بولاتتى.

ئىككىسى خېلى ۋاقىتقىچە تېڭىرقاپ تۇرۇشتى. ئاخىرى دەييۈي «ھە» دېدى - دە، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلۇشقا باشلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى. باۋيۈي دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، قولىدىن تارتىپ:

— جېنىم سىڭلىم، بىر ئاز تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىر ئېغىز گېپىم بار، شۇنى دەۋالاي، ئاندىن كېتىڭ، — دېدى.

دەييۈي كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى - دە:

— دەيدىغان نېمە گېپىڭىز بولاتتى؟! دەيدىغان گېپىڭىزنى

مەن بىلمەن، — دېدى ـ دە، كەينىگىمۇ قارىماي كېتىۋەردى.

باۋيوي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپلا قالدى. بايا باۋيوي ئالدىراشچىلىقتا يەلپۇگۇچنى ئالماي چىقىپ كەتكەچكە، شىرېن ئۇنى ئىسسىقلاپ قالمىسۇن دەپ، ھاپىلا ـ شاپىلا يەلپۇگۇچنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بېرىش ئۇچۇن ماڭغانىدى، ئۇنىڭ دەييۇي بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بىر دەمدىن كېيىن دەييۇي كېتىپ قالغان بولسىمۇ، باۋيوي مىدىرلىماي تۇرۇۋەردى، شۇڭا شىرېن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يەلپۇگۇچنىمۇ ئالماي چىقىپ كېتىپتىكەنسىز، بۇنىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ كەينىڭىزدىن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. باۋيوي خۇدىنى يوقىتىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن، ئۆزىگە شىرېننىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى بايقىماي، ئۇنى تارتىپ:

— جېنىم سىڭلىم، سىزگە بولغان كۆڭلۇمنى ئېيتىشقا پېتىنالماي يۈرەتتىم، بۈگۈن يۈرەكلىك ئېيتىۋېرەي، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق! سىزنى دەپ مەنمۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم، بىركىمگە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي ئىچىمگە سىڭدۈرۈپ كەلدىم. سىز ساقايغاندىن كېيىنلا مېنىڭ كېسىلىممۇ تۈزۈلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇخلىسام چۈشۈمدىمۇ سىزنى ئۇنتۇيالمايمەن! — دېدى. بۇ گەپتىن شىرېن يامان قورقۇپ كەتتى، ئۇ: «تووۋا قىلدىم، تەڭرىم» دەۋەتتى ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ:

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ نېمە بولدى سىزگە؟ چاپسانراق بارمامسىز؟ — دېدى.

باۋيوي شۇندىلا ئۆزىگە كېلىپ، يېنىدا شىرېن تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ خىجىل بولغانلىقىدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، يەلپۇگۇچنى ئالدى ـ دە، لام ـ جىم دېمەستىن مېڭىپ كەتتى.

# 13 ـ باب  نائەهلى ئوغۇلنىڭ بەدقىلىقلىقتىن پالاقفا تارتىلغانلىقى

ساداقەتلىك چىنۋاڭ غوجام قەسىرنىڭ باش دورغا بېگى باۋيۈيىنىڭ تالادا چاڭچىلىكەش بىلەن ئۆلپەت بولۇپ، ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشقانلىقىنى دەپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جيا خۇەنمۇ باۋيۈيىنىڭ ئانىسىنىڭ دېدىكىگە زورلۇق قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان جيا جېڭنىڭ ئاچچىقىدا كۆزلە-ىرى قىزىرىپ، مۇلازىملارغا قەھرى بىلەن:

— بۇ مەلئۇننىڭ ئاغزىغا بىرنەرسە تىقىڭلار، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. مۇلازىملار بۇيرۇقتىن باش تارتىشقا پېتىنالماي، باۋيۈينى بەندىڭگە ياتقۇزۇپ يوغان پالاق بىلەن ئوننى ئۇردى.

جيا جېڭ بوش ئۇرۇپ قويدى دەپ، پالاق تۇتقاننى بىرنى تەپتى ـ دە، پالاقنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى قەھر بىلەن ئون نەچچە-نى سالدى. سۇخەنچىلەر بۇنداق ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، جيا جېڭنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تىلەشكە باشلىدى. جيا جېڭ نەدە گەپكە قۇلاق سالسۇن!

— سىلەر ئۇنىڭ نېمە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار، ئەپۇ قىلىشقا بولىدىغان ـ بولمايدى-غانلىقىنى ئاندىن بىلىسىلەر! سىلەر ھەمىشە يان بېسىپ بۇنى بۇزۇۋەتتىڭلار، ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە، يەنە ماڭا تەسەللى ئېيتماقچىمۇسىلەر؟ ئەتە ـ ئۆگۈن ئىش يوغىناپ، ئاتىسىنى ياكى خاننى ئۆلتۈرىدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئاندىن هاي بەر-مەكچىمۇسىلەر! — دېدى جيا جېڭ.

كۆپچىلىك بۇ گەپنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىد-

قىنى پەملەپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلدى. دە، دەرھال ئىچكىرىگە ئادەم كىرگۈزۈپ خەۋەر قىلىپ قويۇش ئۈچۈن پىتىرلىشىپ كەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، جيا ئانىغا مەلۇم قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئالمان-تالمان چاپىنىنى كىيىپ، نامەھرەم بولۇشقىمۇ قارىماستىن، دېدەككە يۆلەنگىنىچە كۇتۇپخانىغا ھاپىلا ـ شاپىلا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كىرىشىدىن ئالاقزادە بولۇشقان سۇخەنچىلەر ۋە مۇلازىملار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. جيا جېڭ يەنە ئۇرۇشقا تەمشەلگىنىدە، بىردىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم-نىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئوتقا ماي چاچقاندەك بولدى ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى پالاق بارغانسېرى قاتتىق ۋە تېز چۈشۈشكە باشلىدى. باۋيۈينى بېسىپ تۇرغان ئىككى مۇلازىم قويۇپ بې-رىپ، دەرھال ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. باۋيۈينىڭ مىدىر ـ سىدىر قىلغۇچىلىكىمۇ قالمىغانىدى.

جيا جېڭ يەنە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم پالاققا ئېسىلىۋالدى.

— قوي، قويۇۋەت، — دېدى جيا جېڭ ۋارقىراپ، — بۈگۈن ھەممىڭ مېنى تېرىكتۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان بولۇشتۇڭ!

— باۋيۈينى ئۇرۇشقا تېگىشلىكتۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئايىسىلا، بېگىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ، — يەنە كېلىپ مۇشۇنداق تومۇز ئىسسىقتا ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ تەن سالا-مەتلىكىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس، باۋيۈينى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسى-لە، بۇنىڭ كارى چاغلىق، مۇبادا ئۇلۇغ ئانىمىزغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ.

— بۇنداق گېپىڭنى قوي، — دېدى جيا جېڭ زەھەرخەندە-لىك بىلەن، — بۇ قاغىش تەگكۈرنى تاپقىنىمنىڭ ئۆزى ئاتا-ئانامغا ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىم. ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم تەنبىھ بەرسەملا، بۇنى ھەممىڭلار قانات ئاستىغا ئېلىۋالىسىلەر. بۇ

ھارامزادىنى بۇگۇنلا جىنىدىن جۇدا قىلىۋەتسەمغۇ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان بالا ـ قازادىن قۇتۇلارمەن، — دېدى ـ دە، ئارغامچا كەلتۈرۈپ ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئالمان ـ تالمان جىيا جېڭغا ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— بېگىم، ئوغۇللىرىغا تەربىيە بېرىشقىغۇ ئەلۋەتتە ھەققىدىرى بار. ئەر ـ خوتۇنچىلىقىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنىمۇ قىلىشىلىرى كېرەك. مەن ئەمدى ئەللىك ياشقا كىرىپ قالدىم، مېنىڭ مۇشۇ بىرلا شور پېشانەم بار. ئۇنىڭ زادى قانداق جازاسىنى بېرىمەن دېسىلە، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىشقا مېنىڭمۇ ھەددىم ئەمەس. بۇگۇن بۇنى چوقۇم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىلا، مېنىمۇ كۆزدىن يوقىتىۋېتىدىغان ئوخشايلا. ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولسىلا، ئالدى بىلەن مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرسىلە. بىز ئانا ـ بالا بىللىلا ئۆلسەك، مېنىڭمۇ ئاخىرەتتە تايانچىم بولىدۇ! — ئۇ باۋيۈينى قۇچاقلاپ قاتتىق ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى. جىيا جېڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بىر ئۇھ تارتتى ـ دە، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ يامغۇردەك ياش تۆكۇشكە باشلىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈينى قۇچاقلاپ تۇرۇپ شۇنداق نەزەر سالغانىدى، ئۇ يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ، ئىچىگە كىيگەن يېشىل شايى تامبىلى قانغا بويىلىپ كېتىپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ ئىشتانبېغىنى يېشىپ قارىغانىدى، پاقالچىقىدىن تارتىپ كاسىسىغىچە ھەممە يېرى كۆكىرىپ، تىتىلىپ، قان ئۇيۇپ، ساق يېرى قالماپتۇ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئىختىيارسىز: «شۇم پېشانە بالام!» دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

داد ـ پەرياد بېسىلماي تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز بىر دېدەك:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. شۇ ئەسنادا دېرىزىنىڭ سىرتىدىن تىترىگەن ئاۋاز كەلدى:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈر، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈر، شۇ چاغدا

قولاق تىنچىيدۇ.

جيا جېڭ ئانىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا تەمتىرەپ كەتتى ھەم ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. جيا ئانا دېدەكنىڭ مۈرىسىگە تايانغان ھالدا ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئاران مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. جيا جېڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ھىجايدى:

— مۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ جېكىلەيدىغان ھەرقانداق گەپ - سۆزلىرى بولسا، ئۆزلىرى چىقماستىن، مېنى چاقىرتقان بولسىلا، قاشلىرىغا ئۆزۈم كىرسەم بولماسمىدى؟

بۇ گەپ بىلەن جيا ئانا قەدىمىنى توختىتىپ بىر ئۇھ تارتتى - دە:

— سەن تېخى ماڭا گەپ قىلىۋېتىپسەن - دە؟ ھە، مېنىڭغۇ دەيدىغان گەپ - سۆزۈم بار ئىدى، لېكىن ئۆمرۈمدە يارامىلىق بىر ئوغۇل كۆرمىگەن تۇرسام، گېپىمنى كىمگىمۇ دەرمەن؟ !

جيا جېڭ بۇ گەپنىڭ غەيرىيرەك بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ دەرھال تىزلاندى - دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— پېقىر ئوغۇللىرى ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن، ئۇنى جىمىلەپ قويغانىدىم. بۇزرۇكۋار ئانىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئوغۇللىرى قانداق كۆتۈرەلىسۇن، — دېدى. جيا ئانا بىرنى تۈكۈردى ۋە:

— مەن بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قويسام چىدىيالماي كەتتىڭ، سېنىڭ ئۇ شۇملۇق ياندىغان پالىقىڭغا باۋيۈي بالام چىدىيالامتى؟ سەن تېخى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن ئوغلۇمغا تەنبىھ بېرىۋاتىمەن دەيسەن، ئۆز ۋاقتىدا ئاتاڭ ساڭا مۇشۇنداق تەنبىھ بەرگەنمىدى؟ — دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى.

جيا ئانا ئەنە شۇ گەپنى قىلغاچ باۋيۇيىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك تاياق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ كەتتى ھەم ئاچچىقىمۇ كەلدى، ئۇنى قۇچاقلاپ يەنە يىغلىۋەتتى. جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ غەزىپى بېسىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز مەيلىگە بېرىلىشكە پېتىنالماي، سوغدىشىپلا ماڭدى. جيا ئانا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— چىقىپ كەتمەي، يەنە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ بۇنىڭغا تېخى كۆڭلۈڭ قانماي، ئۆلۈشىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرمەكچىمىدىڭ؟ — دېدى. جيا جېڭ «خوش - خوش» دەپ شوخشىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن باۋيۇيىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشۇپ، بىرى چاي ئىچكۈزسە، بىرى يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈۋاتاتتى. كىشىلەر باۋيۇيىنى ئەملەپ ئۇخشاپ بولغانىدى، جيا ئانا:

— ئۇنى ئاۋايلاپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

مۇلازىملار ئۇنى ئارامبەخش ھويلىدىكى ئۆز ئۆيىگە ئۇلاش-چولاش ئاپىرىپ، كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇشتى.

## 14 - باب مېھرىبانلىقتىن مېھرى ئېرىپ، سىڭلىنىڭ تەسرلەنگەنلىكى

شىرېن جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەتكەندىن كېيىن، باۋيۇيىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغىنىچە سورىدى:

— نېمىشقا مۇشۇ ھالەتكە كەلگۈچە ئۇردى؟

— ئاشۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۇرمامدۇ، سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى باۋيۇي ئۇھ تارتىپ، — بىلىمىنىڭ تۆۋەن يېنى قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، قاراپ باققىنا، قەيرىم زەخىملەندىكىن؟

شىرىن ئاستا قولىنى تىقىپ، ئىشتىنىنى سالدۇرۇشقا كىرىشتى، سەللا قىمىرلىتىۋەتسە، باۋيۇي چىشىنى چىشلەپ «ۋاي-جان» دەپ ۋاقىرىۋېتەتتى، شىرىن دەرھال قولىنى توختىتىۋالاتتى. ئۈچ قېتىم شۇنداق بولۇپ، ئاخىرى سالدۇرالىدى. شىرىن قارىسا، يوتىسى پۇتۇنلەي كۆكىرىپ، تۆت ئىلىك يوغانلىقتا ھۆررەك يارىلار قاپىرىپ چىقىپتۇ.

— ۋاي ئانام! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىن شىرىن بۇنى كۆرۈپ، — نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلىپ بۇنچىلىك قاتتىق ئۇرغاندۇ! مېنىڭ سۆزۈمگە كىرگەن بولسىڭىزغۇ، بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىڭىز. خەيرىيەت، سۆڭەك زەخىملەنمەپتۇ. ئەگەر ئۇرۇپ ناكار قىلىپ قويغان بولسا قانداق قىلاتتۇق؟

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، دېدەكلەر خەۋەر قىلىپ كىردى:

— باۋچەي خېنىم كەلدى.

شۇئاندا باۋچەي كۆملاچ دورا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە شىرىنگە:

— ئاخشاملىقتا بۇ دورىنى هاراق بىلەن ئېزىپ، يارىلىرىغا چېپىپ قويغىن. ئۇيۇپ قالغان قان - زەرداپلارنى شىمىقتۇرۇۋەتسە، ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپ، دورىنى شىرىنگە بەردى، ئاندىن باۋيۇيدىن:

— ئەمدى خېلى ياخشى بولۇپ قالغانسىز؟ — دەپ سورىدى. باۋيۇي رەھمەت ئېيتىپ:

— خېلى ياخشى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە باۋچەينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى بايىقىدىن تۈزىلىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ سۆزلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ، باۋچەينىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ بىر ئۇھ تارتتى:

— بۇرۇنراق سۆزىمىزگە قۇلاق سالغان بولسىڭىز بۈگۈنكى ئەھۋالغا قالماس ئىدىڭىز. ئۇلۇغ ئانىمىز بىلەن ھامما ئاچامنىڭ

قانچىلىك ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى سۆزلىمەيلا قوياي، ھەتتا بىزمۇ سىزگە قاراپ كۆڭلىمىزدە...، — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە باۋچەي گېپىنىڭ يېرىمىنى ئىچىگە يۇتۇۋالدى ـ دە، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش ئەگىپ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى، ئۇ گەپ قىلماستىن يەرگە قارىۋالدى.

باۋيۈي بۇ سۆزلەرنىڭ شۇنچىلىك سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. لېكىن، بىردىن باۋچەينىڭ سۆزىنى يۇتۇۋېتىپ شۇك بولۇۋالغانلىقىنى، يۈزى قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالغانلىقىنى، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ چېچىنى ئويناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن قورۇنۇپقىنا تارتىنىش، ئېچىنىپ ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇلىرىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش تەس ئىدى. باۋيۈي ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ تەسىرلەندى ـ دە، ئاغرىقى يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ نېرىسىغا ئۇچۇپ يوقىلىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «مەنغۇ بىرنەچچە تاياق يەپتىمەن، ئۇلار ماڭا شۇنچىلىك ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ. مۇبادا ماڭا چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ قالسا، ئۇلار قانچىلىك ھەسرەت چېكىشەركىنتاڭ! ئۇلار ماڭا مۇشۇنچىلىك قىلىشىپ تۇرغان يەردە، ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى، ئۆمۈرلۈك ئىشىم سۇغا ئېقىپ كەتسىمۇ ئارمىنىم يوق» . باۋيۈي ئەنە شۇنداق خىيال سۈرۈۋاتقاندا باۋچەي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەتىلىككە يەنە كېلىمەن، ياخشىراق داۋالىنىڭ. بايا دورا ئالغاچ كەلگەنىدىم، شىرىنگە بەردىم، كەچتە يارىلانغان يەرگە چاپسا جەزمەن ساقىيىپ كېتىدۇ، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي يېرىم ئۇيقۇلۇقتا ياتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنى بىرى ئىتتىرىۋەتكەندەك بولدى ـ دە، ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس يىغا ـ زارە ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى. باۋيۈي چۆچۈپ ئويغىنىپ، كۆز ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا باشقا بىرى ئەمەس، دەييۈي

تۇرۇپتۇ. ئوخۇمۇ - چۈشۈمۇ دەپ ئالدىراپ بىر ئاز كۆتۈرۈ-
لۈپ، چىرايىغا تازا سەپسىلىپ قارىغۇدەك بولسا، شاپتۇلدەك
ئىششىپ كەتكەن بىر جۈپ كۆزنى، ئۇنچىدەك ياش تامچىلىرى
پارقىراۋاتقان ئىككى مەڭزىنى كۆردى، ئۇ دەييۇي ئىدى. باۋيۈي
تېخىمۇ قارىغۇسى كېلىپ، ئورنىدىن كۆتۈرۈلەي دېگەنىدى، شۇ
زامات بىلىنىك تۆۋەن يېنىگە قاتتىق ئاغرىق سانجىلدى - دە،
چىدىيالماستىن «ۋاي» دەپ ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى. ئۇ ئۇھ
تارتىپ سۆزلەشكە كىرىشتى:

— نېمىشقا كەلگەنسىز! كۈن تېخى ئەمدىلا پاتتى، يەر
يەنىلا قىزىق تۇرۇپتۇ، ئىسسىق ئۆتۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟
مەن تاياق يېگەن بولسامۇ، ئانچىلىك ئاغرىپ كەتكىنى يوق.
ئۇلار ئالدىنىپ بۇ ئەھۋالىمنى تالا - تۈزدە دەپ يۈرسە، ئاتامنىڭ
قۇلىقىغا يېتەرمىكىن دەپ، ئۆزۈمنى ئەتەي مۇشۇ ئەھۋالغا سې-
لىۋالدىم. بىلەمسىز، بۇ يالغان ئىش، بۇنى راست دەپ چۈشەـ
نىپ قالماڭ.

دەييۇي گەرچە ھۆكرەپ يىغلىمىسىمۇ، ئۈن چىقارماستىن
يۇم - يۇم يىغلاۋېرىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، چىدىغۇ-
چىلىك ماجالى قالمىدى. باۋيۈينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىشى بىلەن
قەلبىدە ئۇنىڭغا دەيدىغان كۆرمىڭ سۆز پەيدا بولدى، لېكىن
بىرىم ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي، بىرھازادىن كېيىن يۇم - يۇم
يىغلىغان پېتى:

— قىلىقلىرىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز بولاتتى! — دېدى.

باۋيۈي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ئۇلۇغ تىنىپ
قويدى - دە:

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنداق سۆزنى قىلماڭ، مەن سىلەر
ئۈچۈن ئۆلۈشكىمۇ رازىمەن، — دېدى.

گەپ تۈگىمەيلا، تاشقىرىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كېلىن ئاغىچام كەلدى.

دەييوي فىۋجىيىنىڭ كەلگىنىنى بىلىپ، ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— مەن ئارقا هويلا بىلەن چىقىپ كېتەي، كېيىن يەنە كېلىمەن، — دېدى.

— قىزىق گەپ بولدى، هېچ ئىش يوق تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نېمانچە قورقىسىز؟ — دېدى باۋيۈي ئۇنى قويۇپ بەرمەي.

دەييۈي جىلە بولۇپ تېپىرلاپ كەتتى ـ دە، ئاستا دېدى:

— كۆزلىرىمگە قارىڭا، بۇ هالدا يەنە ئۇلارغا كۈلكە بولۇپ بېرىمىز.

باۋيۈي شۇ گەپ بىلەن دەيیۈينىڭ قولىنى دەرهال قويۇۋەتتى. دەيیۈي چاققانلىق بىلەن كارىۋاتنى ئايلىنىپ ئارقا هويلىغا چىقىشىغىلا، ئالدى ئىشىكتىن فىۋجىي كىرىپ كەلدى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ باۋيۈيدىن، — نېمە يېگۈڭ كەلسە ماڭا ئادەم ئەۋەت.

ئارقىدىن شۆ هاماچا كەلدى، ئاندىن جيا ئانىمۇ خىزمەتكارىنى ئەۋەتىپتۇ.

چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولغاندا، باۋيۈي ئىككى يۇتۇم شورپا ئىچىپلا ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

باۋيۈي ئويغاندى. ئۇ دەيیۈينى ئېسىدىن چىقارمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن شىرېندىن قورقتى. بىر ئامال ئويلاپ، ئۇنى باۋچەينىڭ قېشىغا كىتاب ئەپكېلىشكە بۇيرۇۋەتتى. شىرېن كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي چىڭۋېننى چاقىرىپ ئۇنى بۇيرۇدى:

— دەيیۈي خانقىزنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ باق، نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ، مېنى سورىسا، ياخشى بولۇپ قالدى، دېگىن.

— كۆزۈمنى پارقىرىتىپ بىكاردىن ـ بىكارغا نېمىدەپ بارىمەن؟ — دېدى چىڭۋېن، — بىرەر گەپ ـ سۆزنى دەپ بارسامۇ تۈزۈكرەك بولاتتى.

— دەيدىغان ھېچقانداق گەپ ـ سۆزۈم بولمىسا، — دېدى باۋيوۋي.

— يا بىرەر نەرسىنى ئاپىرىپ بېرەي ياكى بىرەر نەرسىنى ئالغىلى بارغان بولاي، — دېدى چىڭۋېن، — بولمىسا، مەن گەپنى نەدىن باشلايمەن؟

باۋيوۋي بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئىككى دانە كونا ياغ- لىقنى ئېلىپ چىڭۋېنگە تاشلاپ بېرىپ كۈلدى:

— مانا بۇنى ئەۋەتتى دەپ ئاپارساڭ بولىۋېرىدۇ.

— بۇ تېخىمۇ قىزىق ئىش بولدى. بۇنداق نىمكەش ياغلىق- لارنى ئالامتى ئۇ؟ مېنى زاڭلىق قىلدى دەپ ئاچچىقى كەلمەمدۇ ئۇنىڭ؟ — دېدى چىڭۋېن. باۋيوۋي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بول، ئۇ ئۆزى ئەلۋەتتە بىلىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن چىڭۋېن نائىلاج ياغلىقنى ئېلىپ، بامبۇكزار سارىيىغا كەلدى. چىڭۋېن كىرىۋەردى، ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭ- غۇ، چىراغمۇ يېقىلمىغانىدى. كارىۋاتتا ياتقان دەيىيوۋي:

— كىم ئۇ كىرگەن؟ — دەپ سورىدى. چىڭۋېن دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— مەن چىڭۋېن، — دېدى.

— نېمىشقا كەلدىڭ؟

— غوجام مۇنۇ ياغلىقنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەنىدى.

دەيىيوۋي ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ياغلىقنى ماڭا نېمىشقا ئە- ۋەتكەندۇ؟».

— بۇ ياغلىقنى ئۇنىڭغا كىم ئەۋەتىپتىكەن؟ — دەپ سورى- دى ئۇ، — ياخشى ياغلىق ئوخشايدۇ، باشقا بىرىگە سوۋغا قىلسۇن، ماڭا ھازىر بۇنىڭ لازىمى يوق.

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ، — يەنە يېڭى ياغلىق ئەمەس، تۇتۇلغان كونا ياغلىق.

دەيىيوۋي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولدى، لېكىن

بىردەم پەملەپ كۆرۈپ، ئاندىن چۈشىنىۋالدى ـ دە، شۇئانلا:
— قويۇپ قوي، بولدى كېتىۋەر، — دېدى.
دەييۈي ياغلىقنى ئەۋەتىشنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىپ، شېرىن خىياللارغا غەرق بولدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ، بىردىنلا ئىچىنى نېمىدۇر تاتىلىغاندەك بولدى. چېگىش خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن دەييۈي چىراغ ياققۇزدى، گۇمان تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەشنىمۇ ئۇنتۇپ، سىياھنى ئېزىپ قەلەمنى مىلىدى، ئاندىن ھېلىقى ئىككى كونا ياغلىققا مۇنۇلارنى يازدى:

## بىرىنچى شېئىر

ياشلىرىم ئاقتى بىكارغا ئۆرتىنىپ ھەسرەتتە مەن،
كىم ئۈچۈن تۆكتۈم بۇ ياشنى تۈن-كېچە خىلۋەتتە مەن؟
مەرھەمەت قىپسىز ئاجايىپ مەنىلىك ياغلىقنى سىز،
سىز ئۈچۈن چەكتىم پىراق، ھېچ يوق ئىلاج دەردتە مەن!

## ئىككىنچى شېئىر

ياشلىرىم ئاقماقتا پىنھان ئۈنچىدەك، مۆلدۈرسىمان،
كېچە-كۈندۈز يوق ئاراملىق، بىقارارمەن ھەر زامان.
يەڭ بىلەن ياستۇقتىكى ھۆل تۇگمەس ھېچ سۈرتسىمۇ،
تامچە-تامچە ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقسۇن راۋان.

## ئۈچىنچى شېئىر

ئىككى مەڭزىم ئۈنچىسىنى يىپقا بولماس تىزغىلى،
كونا ئىزلارنى يوقاتقان ئەمدى شياڭجاڭ ساھىلى.

بار مېنىڭمۇ پەنجىرەم ئالدىدا بامبۇك مىڭلىغان،
بىلمىدىم، سىڭگەنمۇ ياشىم شۇ قومۇشلارغا ھېلى؟

دەيىۋي يەنە يازماقچى ئىدى، لېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت-تەك قىزىپ، يۈزى لاۋۇلداپ كۆيگەندەك بولدى ـ دە، كىمخاب پەردىنى ئېچىپ ئەينەككە قارىدى، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى شاپتۇل چېچىكىدىنمۇ ئۆتە قىزىرىپ كەتكەنىدى. بەلكىم كېسەل ئەنە شۇنىڭدىن تەگكەن بولسا كېرەك، بىردەمدىن كېيىن كارىۋاتقا كېلىپ ياتتى، ياغلىقنى ئېلىپ يەنە ئويغا پاتتى.

## 15 ـ باب قىزىل قۇۋا ھۇجرىسىدا قوشماق ئۆردەك كەشتىسىنى تىكىۋېتىپ چۈشە-كىگەن سۆزنى ئاڭلاپ قېلىش

جيا ئانا ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باۋيۈينىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىچ- ئىچىدىن سۆيۈندى. لېكىن، جيا جېڭ باۋيۈينى يەنە چاقى-رىتىپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە، جيا جېڭنىڭ يېقىن مۇلازىمى-نى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان ياكى مېھمان كۈتىدىغان ئىش ـ كۈش چىقىپ قېلىپ، بېگىڭ باۋيۈينى چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇسا، سەن كېلىپ خەۋەر قىلىپ يۈرمەي، بېگىڭگە مېنى دېدى دەپ، مۇنداق مەلۇم قىلىپ قوي: بىرىنچىدىن، تاياقنىڭ زەربى ئېغىر بولغاچقا، بىرنەچچە ئاي ئوبدان داۋالانسا، ئاندىن ماڭالايدىكەن، ئىككىنچىدىن، بەگزادەمنىڭ يۇلتۇزى ئوڭۇشسىز بولۇپ، نەزىر ئۆتكۈزۈش لازىم ئىكەن، شۇڭا سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈ-

شۇشكە بولمايدىكەن، سەككىزىنچى ئاي ئۆتسە، ئاندىن يان ئىد-
شىنىڭ بىلەن تالاغا چىقالايدىكەن، دېگىن.

مۇلازىم خوش دەپ بۇيرۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. باغ-
يۇي ئادەتتە تۆرە - ئەمەلدارلار بىلەن سۆزلىشىشكە خۇشى يوق
ئىدى، ئېگىز قالپاق، رەسمىيانە تونلاردىن، تەبرىكلەش - پاتى-
ھەلەش قاتارلىق باردى - كەلدى ئىشلىرىدىن ناھايىتى بىزار
بولغانىدى. بۇگۈن ھېلىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى كېرىلىپ
كەتتى - دە، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇبۇرادەرلەر بىلەن بېرىش-
كېلىشنى پۈتۈنلەي توختىتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئائىلىدە بەل-
گىلەنگەن ئەتىگەن - ئاخشامدا ئاتا - ئانىسىنى يوقلاش ئىشىنىمۇ
خالىسا قىلىدىغان، خالىمىسا قىلمايدىغان بولدى.

بەزىدە باغچەي قۇراملىقلار پەيت تېپىپ نەسىھەت قىلماقچى
بولسا، ئاچچىقى كېلىپ مۇنداق دەيتتى:

— شۇ قەدەر پاك، مەسۇم قىز تۇرۇقلۇق شۆھرەتپەرەست-
لىكنى ئۆگىنىپ، ھارامتاماقلارنىڭ يولىغا كىرىپ كېتىپتۇ!
بۇنداق بولۇشىغا ئۆتمۇشتىكىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن
چىققان مەخلۇقلارنى يولدىن چىقىرىش ئۈچۈن، يوق يەردىن
ئىش تۇغدۇرۇپ، غەرەزلىك چىقارغان ئويدۇرمىلىرى زامىن
بولغان. مەن ھاياتىمنىڭ بۇنداق بەختسىز بولىدىغانلىقىنى ئوي-
لىمىغان ئىكەنمەن، يەنە كېلىپ ئېسىل ھەرەم قىزلىرىغىمۇ
ئەنە شۇنداق ئادەتنىڭ يۇقۇپ قالغانلىقىنى دېمەمدىغان! بۇلار
جاھاندىكى بارلىق نازاكەتلىك ۋە دانالىقنى يارانقان تەڭرىنىڭ
ئىنايىتىگە ھەقىقەتەن خىلاپ كېلىدۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاسانلىقچە ئۇنىڭغا
رەسمىي گەپلىرىنى قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. يالغۇز دەييۇيلا
كىچىكىدىن تارتىپ، ئۇنى مەرتىۋىگە ئېرىشىش، نام - ئابرۇي
قازىنىشقا دەۋەت قىلمايتتى. شۇڭلاشقا، باۋيۇيمۇ دەييۇينى ئىن-
تايىن ھۆرمەتلەيتتى.

بۈگۈن چۈشتە شۆ هامما ئاچا، باۋچەي، دەييۈيلەر ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدە تاۋۇز يېيىشىۋاتاتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دېدەكلەر توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، شىرېننى تىلغا ئېلىپ قالدى.

— شىرېن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمەتكارى ئىدى، ئۇكام باۋيۈيىنىڭ خىزمىتىگە بېرىلگەن، — دېدى فېڭجېي كۈلۈپ، — ئۇ بىر سەر كۈمۈشنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ دېدەكى هېسابىدا ئالىدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خېلى ۋاقىت ئويلانغاندىن كېيىن، فېڭجېيگە قاراپ:

— ئەتە دېدەكتىن بىرنى تاللاپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپ بەرگىن، شىرېننىڭ ئورنىدا ئىشلىسۇن، ئۆزۈمنىڭ هەر ئايدا ئېلىۋاتقان يىگىرمە سەر ئايلىقىمدىن ئىككى سەر كۈمۈش ۋە بىر تىزىق داچەن ئاجرىتىپ، شىرېنغا بەرگىن. بۇنىڭدىن كېيىن جاۋ كىچىك ئانا بىلەن جۇ كىچىك ئانىغا نېمە بېرىلسە، شىرېنغىمۇ ئوخشاش بېرىلسۇن، شىرېننىڭ ئالىدىغان بۇ هەسسىسى خەزىنە هېسابىدىن ئەمەس، مېنىڭ هېسابىمدىن بولسۇن، — دېدى. فېڭجېي «خوش - خوش» دەپ بىر - بىرلەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى - دە، شۆيي هامما ئاچىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— هامما ئاچا، ئاڭلىغانىلا، مەن ئادەتتە نېمە دەپ كەلگەندىم؟ هازىر خۇددى مەن دېگەندەك بولدى.

— بۇرۇنراق شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، — دېدى شۆ هامما ئاچا، — ئۇ بالىنىڭ تەقى - تۇرقى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق، ئۇ قىز ئىش قىلىشتا ئەپچىل، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە سىلىق، خۇشخۇي، ئىچى كۈچلۈك، زەردىلىك. هەقىقەتەن شۇنداق كەم ئۇچرايدىغان ئارتۇقچىلىقلىرى بار.

— راستىنى دېسەم، سىلەر بۇ بالىنىڭ ياخشى تەرىپىنى تېخى بىلمەيسىلەر، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — مېنىڭ باۋيۈي بالامدىن ئون ھەسسە ئارتۇق. باۋيۈينىڭ ھەقىقەتەن تەلىيى بار ئىكەن، ئۇ ئىمكانىقەدەر باۋيۈيگە ئۆمۈر بويى خىزمەت قىلسا ئوبدان بولاتتى!

ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ، تارقىلىپ كېتىشتى.

باۋچەي بىلەن دەيىيۈي باغقا كېلىشتى. باۋچەي دەيىيۈينى نېلۇپەر سەيناسىغا بارايلى، دەپ تەكلىپ قىلغانىدى، دەيىيۈي يۈيۈنىدىغان ئىشىم بار، دېگەنلىكتىن، ھەرقايسى ئۆز يولىغا مېڭىشتى. باۋچەي ئۆزى يالغۇز كېلىۋېتىپ، ئۆتەر يولىدا ئا-رامبەخش ھويلىغا كىردى - دە، باۋيۈي بىلەن بىردەم پاراڭلى-شىپ، چۈشلۈك ھاردۇقىنى چىقارماقچى بولدى. ئۇ ھويلىغا كىرىۋېدى، ھەممە ياق جىمجىتلىق. باۋچەي سەيلە ئايۋىنى بىلەن ئۆيگە كىردى. دالاندىكى كاتتا دېدەكلەر ھەرقاييان سۇنايلىنىپ ئۇخلىشىۋېتىپتۇ. ئۇ نەقىشلىك شىرمەلدىن ئۆتۈپ باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋىدى، باۋيۈي كارىۋاتتا ئۇخلاۋېتىپتۇ. شىرېن ئۇنىڭ يېنىدا يىڭنە ئىشى قىلىۋاتاتتى، قېشىدا كەركىدان مۈڭ-گۈزىدىن قىلىنغان چىۋىن قورۇغۇچ تۇراتتى. باۋچەي يېقىنراق كېلىپ، ئاستاغىنا كۈلۈپ:

— سەنزە تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىكەنسەن، بۇ ئۆيدە چىۋىن-پاشا نېمە قىلىدۇ، چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن نېمىنى قورۇماقچى-دىڭ؟ — دېدى.

شىرېن بېشىنى كۆتۈرۈپ باۋچەينى كۆردى، ئۇ تىكىۋاتقان ئىشىنى دەرھال قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاستا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— كەلسىلە، خېنىم! خېنىم، بىلمەيدىلا، بۇ ئۆيدە چى-ۋىن- پاشا دېگەنلەر بولمىغىنى بىلەن، شۇنداق ئۇششاق ھاشا-راتلار باركى، ئۇلار مۈنۈ شايى پەردىنىڭ تۆشۈكىدىن كىرىۋال-

دۇ، ئۇلارنى كۆز كۆرمىگەندىن كېيىن، ئادەمنى خۇددى چۇمۇله چاقىقاندەك چاقىدۇ.

— بۇ ئۆينىڭ كەينى سۇغا يېقىن، ھەممە يېرىدە خۇشپۇراق گۇللەر بار، ئۆينىڭ ئىچىمۇ خۇشبۇي. بۇنداق ھاشاراتلار گۇل چېچەكلىرىدە ياشىغاچقا، ئۆزىنى خۇشپۇراقا ئاتىدۇ، — دېدى باۋچەي.

باۋچەي سۆزلەۋېتىپ، شىرىننىڭ قولىدىكى يىڭنە ئىشىغا سەپسالدى. بۇ قىزىل ئەستەرلىك ئاق تاۋار قورساق تاڭغۇچ بولۇپ، يۇزىگە نېلۇپەر ئارىسىدا ئويناپ يۇرگەن قوشماق ئۆردەك كەشتىسى چۇشۇرۇلگەن، نېلۇپەرنىڭ رەڭگى قىزىل، يوپۇرمىقى يېشىل، ئۆردەكلەر بولسا خىلمۇخىل رەڭ بىلەن تىكىلگەنىدى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن چاقناپ تۇرغان قول ئىشى بۇ! — دېدى باۋچەي، — كىمگە تىكتىڭ؟ شۇنىڭغىمۇ مۇنچە ئەجىر قىلامسەن؟

شىرىن تۇمشۇقى بىلەن كارىۋاتنى ئىما قىلدى. باۋچەي كۇلۇپ تۇرۇپ:

— تونۇۋا، ئۇ چوپچوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق بۇنى باغلامدىكەن؟ — دېدى.

— ئەسلىدىغۇ باغلىمايتتى، شۇنىڭ ئۇچۇن ياخشىراق تىكەي دەۋاتىمەن، — دېدى شىرىن، — ئۇ كۆرسە باغلىغۇسى كېلىپ قالار. ھازىر كۇن ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇخلىغاندا ئېھتىيات قىلمايدۇ. بۇنى باغلىۋالسا كېچىسى ئېچىلىپ قالسىمۇ مەيلى. سىلە بۇنىڭغىمۇ ئەجىر تارتىپ يۇردۇڭمۇ دەيدىلا، ئۇنىڭ بېلىگە باغلىۋالغىنىنى كۆرمىدىله تېخى.

— سەن نېمىدېگەن بەرداشلىق - ھە! — دېدى باۋچەي كۇلۇپ.

— بۇگۇن شۇنچىلىك جىق ئىشلىدىمكى، ئېگىشىپ ئولتۇ-

رۇپ گەجگەم تېلىپ كەتتى، — دېدى شىرىن، ئاندىن كۇلۇم-سىرەپ، — ئۇبدان خېنىم، سىلە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغان بولسىلا، مەن تاشقىرىغا چىقىپلا كىرسەم، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

باۋچەي كەشتىگە قاراپلا قالدى، ئېھتىيات قىلىشنىمۇ ئې-سىدىن چىقىرىپ، بايا شىرىن ئولتۇرغان يەرگىلا ئولتۇردى. بۇ كەشتە ھەقىقەتەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەرلىك بولغاچقا، ئىختىيارسىز ھالدا يىڭنىنى قولىغا ئېلىپ، كەشتىنى تىكىشكە كىرىشىپ كەتتى.

لىن دەييۈي شياڭيۈن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا شىرىننى مۇبارەكلەپ چىقايلى، دېدى. بۇ ئىككىسى باغقا كى-رىشتى. ھەممە يەر جىمجىت ئىدى. شياڭيۈن شىرىننى تاپماق-چى بولۇپ يان ھۇجرا تەرەپكە بۇرۇلدى، دەييۈي بولسا دېرىزى-نىڭ قېشىغا كېلىپ شايى كۆزنەكتىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى. باۋيۈي ئاچ قىزىل شايى كۆينەك بىلەن كارىۋاتتا بىمالال ئۇخلا-ۋاتاتتى، باۋچەي يېنىدا ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىۋاتاتتى، قېشىدا بىر چىۋىن قورۇغۇچ تۇراتتى. دەييۈي بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ كۇلۇپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن خېلى ۋاقىتقىچە قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن شاڭ-يۈننى ئىما بىلەن يېنىغا چاقىردى. شياڭيۈن ئۇنى نېمە يېڭى-لىقنى كۆرگەندۇ، دەپ ئىلدام قېشىغا كېلىپ قارىغانىدى، ئۇنىڭمۇ كۇلگۇسى كەلدى، لېكىن باۋچەينىڭ ئۆزىگە ھەمىشە ئۇبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى بىردىنلا ئېسىگە كەلدى - دە، قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى. شياڭيۈن دەييۈينىڭ گەپتە چېقىۋالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا دەييۈينى كۇلۇپ تاشلىمى-سۇن دەپ يېڭىدىن تارتىپ دېدى:

— كېتەيلى، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، شىرىن چۈشتە كۆلگە كىر يۇغىلى بارىمەن، دېگەنىدى، ئۇ چوقۇم شۇ يەرگە

كەتتى، بىز شۇ يەردىن تاپايلى.

دەييۇي شاڭيۇننىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، مېيىقىدا كۇلۇپ قويدى ـ دە، نائىلاج شياڭيۇنگە ئەگىشىپ ماڭدى.

باۋچەي بۇ يەردە كەشتىنىڭ ئەمدىلا ئىككى ـ ئۈچ بەرگىنى پۈتتۈرگەنىدى، تۇيۇقسىز باۋيۇي چۈشەكەپ ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى:

— راھىب ـ دەرۋىشلەرنىڭ سۆزىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟! ئۇلارنىڭ «ئالتۇن بىلەن قاشتېشى تەقدىردە نىكاھ بىلەن باغلانغان» دېگىنى نېمىسى؟ مەن بولسام «ياغاچ بىلەن تاش تەقدىردە نىكاھ بىلەن باغلانغان» دەيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋچەي قورقۇپ كەتتى. لېكىن، تۇيۇقسىز شىرېن كىرىپ كەلدى:

— تېخىچە ئويغانمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. باۋچەي ياق دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن ھازىرلا دەييۇي خېنىم ۋە شياڭيۇن خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، — دېدى شىرېن كۇلۇپ، — ئۇلار بۇ يەرگە كىردىمۇ؟

— ياق، ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى كۆرمىدىم، ساڭا ئۇلار بىرنەرسە دېمىدىمۇ؟

— ئۇلار ماڭا مۇنداقلا چاقچاق سۆزلەرنى قىلىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ماڭا دەيدىغان نېمە مۇھىم گېپى بار ئىدى، — دېدى شىرېن كۇلۇپ.

— ئۇلارنىڭ ساڭا ئېيتقىنى چاقچاق گەپ ئەمەس، — دېدى باۋچەي كۇلۇپ، — مەنمۇ ساڭا شۇنى دېمەكچى ئىدىم، لېكىن سەن ئالدىراش چىقىپ كەتتىڭ.

بۇ گەپ تېخى تۈگىمىگەنىدى، فېڭجيېنىڭ ئۆيىدىن بىر خىزمەتكار شىرېننى چاقىرغىلى كەلدى. باۋچەي شىرېنگە:

— سېنى دەل ئەنە شۇ گەپ توغرۇلۇق چاقىرىتتى، —

دېدى كۆلۈپ.

شىرىن ئىككى دېدەك قىزنى چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزى باغ-چەي بىلەن ئارامبەخش ھويلىدىن چىقتى - دە، فېڭجېيىنىڭ قېشىغا كەلدى. دېگەندەك، فېڭجېي ئۇنىڭغا بايىقى گەپنى دەپ بەردى ۋە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا باش ئۇرۇپ رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى، جيا ئانىنىڭ قېشىغا بېرىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇ-قىنى تاپشۇردى، لېكىن شىرىننى بەك ئىزا تارتقۇزۇۋەتتى. شىرىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلگۈچە باۋيۈمۇ ئويغانغانىدى، ئۇنىڭدىن نەگە بارغانلىقىنى سورىۋىدى، شىرىن تۇتۇقلا جاۋاب بەردى. كېچىسى ئەل ئايىغى بېسىققاندا، ئاندىن ئۇ جاۋاب بەردى. باۋيۈي خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىڭنى كۆرەي! ئۆت-كەن قېتىم ئۆيۈڭگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندە، ئاكام پۇل تۆلەپ بۇ يەردىن مېنى ئېلىپ كېتەمەكچى، بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، ئاقىۋىتىم نېمە بولار، دەپ تايىنى يوق سوغۇق گەپلەر بىلەن مېنى قورقۇتماقچى بولغانىدىڭ، ئەمدى كۆرەيچۇ، سېنى ئېلىپ كېتىشكە كىم پېتىنالايدىكىن؟

— ۋاي غوجام، بولدى قويۇڭ ئۇنداق گەپنى، — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بولۇپ قالدىم. ئەگەر كېتىش توغرا كەلسە، سىزگىمۇ ئېيتىپ يۈرمەستىن، توپتوغرا ئاغىچا خېنىمدىن رۇخسەت سوراپ كېتىۋېرىمەن.

— بوپتۇ، مەنغۇ يامان بولاي، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — سەن ئانامدىن رۇخسەتمۇ ئالارسەن، باشقىلار ئاڭلى-سا، مېنى ئەسكىمۇ دەر، خوش، سەن بۇ يەردىن كېتىپ نېمە پايدا تاپارسەن؟

— نېمە پايدا تاپارسەن دېگىنىنى؟ — دېدى شىرىن كۈ-

لوٗپ، — بوٗ گەپچە مەنزە پەس ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىۋېرىدىكەنمەن ـ دە! ئوٗنىڭدىن ئوٗلگىنىم ياخشى. ئادەم يوٗز ياشقا كىرسىموٗ، بەرىبىر ئوٗلىدوٗ. ئوٗنداق قىلغىنىمدىن، نەپەس-تىن توختاپ بىر يولىلا ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدىغان، كوٗرمەيدى-غان بولوٗپ كەتكىنىم خوپ.

باۋيوٗي بوٗ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كوٗلوٗپ توٗروٗپ:

— ئوٗلمەيدىغان كىم بار؟ لېكىن، لايىقىدا ئوٗلگەن ياخشى. ھېلىقىدەك ساقال ـ سوٗمباتلىق مەخلوٗقلار «قەلەم مەنسەپدارى ئىلتىماستا ئوٗلىدوٗ، ئەلەم مەنسەپدارى جەڭدە ئوٗلىدوٗ» دېيىل-گەن موٗشوٗنداق ئىككى ئوٗلوٗمنى مەرد ـ ئەزىمەت ئوٗچوٗن ئابروٗي-لوٗق ئوٗلوٗم، دەپ بىلىدوٗ. لېكىن، ئوٗلار بىلمەيدوٗكى، پەقەت ئەخمەق پادىشاھ بولغاندىلا، ئوٗنى دەۋەت قىلغانلىق توٗپەيلىدىن ئوٗلىدىغان مەنسەپدار بولىدوٗ. بوٗنداق مەنسەپدارلار ئاتاق چىقى-رىش كويىدىلا بولوٗپ، ئوٗزىنى ئوٗلوٗمگە توٗتوٗپ بېرىدوٗ ـ دە، كەلگوٗسىدە پادىشاھ ۋە ئاتىسىنىڭ نەدە قېلىشى بىلەن كارى بولمايدوٗ. جەڭ بولغاندىلا، جەڭدە ئوٗلوٗش بولىدوٗ، بوٗنداق ئەلەم مەنسەپدارىموٗ زور خىزمەت كوٗرسىتىش كويىدىلا بولوٗپ، ئوٗزىنى ئوٗلوٗمگە توٗتوٗپ بېرىدوٗ ـ دە، كەلگوٗسىدە دوٗلەتنىڭ نېمە بولوٗشى بىلەن كارى بولمايدوٗ، — دېدى.

— قەدىمكى زاماندا ئوٗنداق كىشىلەر پەقەت چارىسىز قالغاندىلا ئوٗلگەن بولغىيتتى! — دېدى شىرېن سوٗز قىستوٗروٗپ.

باۋيوٗي يەنە شوٗنداق دېدى:

— ئەگەر سەركەردە بىپەرۋا، تەدبىرسىز بولسا، ئوٗزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى توٗپەيلىدىن بىكارلا ئوٗز جېنىنى نابوٗت قىلى-دوٗ. بوٗموٗ چارىسىزلىقتىن بولامدىكەن؟ قەلەم مەنسەپدارىنى ئەلەم مەنسەپدارى بىلەن تېخىموٗ سېلىشتوٗرغىلى بولمايدوٗ. قە-لەم مەنسەپدارى كىتابتىن بىر- ئىككى ئىبارىنى يادلىۋالىدوٗ-دە، ئوٗردىدا كىچىككىنە نوٗقسان كوٗروٗلگەن ھامان، پادىشاھقا

كاپشىپ نەسىھەت قىلىپ، سادىق پىداكار دېگەن نامنى قازىنىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ دېتىغا ياقماي قالسا، بىرلا ئاچ-چىقى كېلىدۇ - دە، مەنسەپدار شۇ زامانلا ئۆلۈمگە دۇچار بولىدۇ. بۇمۇ چارىسىزلىقتىنمۇ؟ ھېلىقىدەك ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ - مەنسەپدارلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئاساسىي مىزاننى بىلمەي، شان - شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنغۇچىلار. مەسىلەن، شۇ تاپتا بەخت - تەلىيىم كېلىپ، مەن سىلەرنىڭ كۆز ئالدىڭلاردا جان بەرسەم، ماڭا يىغلىغان كۆز يېشىڭلار چوڭ دەريا ھاسىل قىلىپ، مېنىڭ جەستىمنى لەيلىتىپ، ئۇچار قۇشمۇ قونمايدىغان چەت - ياقىغا ئاپىرىپ تاشلىسا، ئۇ يەردە جەستىم توپىغا ئايلىنىپ شامال ئۇچۇرۇپ كەتسە، ئۇندىن كېيىن روھىم ئىنسان بولۇپ قايتا تۆرەلمىسە، مانا شۇ چاغدا مەن راسا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆلگەن بولىمەن.

شىرىن باۋيۈينىڭ ئالجىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، «ھېرىپ كەتتىم» دېگەننى باھانە قىلىپ، جاۋابمۇ قايتۇرمىدى. باۋيۈي كۆزىنى يۇمۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى باۋيۈي قىلغان سۆزىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

بىر كۈنى، لىن دەييۈي ئارامبەخش ھويلىغا كىرىپ باۋيۈي-نى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەتە شۇ ھامما ئاچامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، بايا مەن تاغامنىڭ قېشىدا ئاڭلىدىم. ئۇ ماڭا سىزنى بارامدىكىن سوراپ باققىن، دېگەنىدى. ئالدىنقى قورۇغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇچۇرىنى بىرىپ قويۇڭ، — دېدى. باۋيۈي:

— ئۆتكەن قېتىم ئۇلۇغ بېگىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگىمۇ بارمىغانىدىم، ئەمدى ئۇ يەرگە بارسام، بىركىم مېنى كۆرۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ مەن بارمايلا قوياي، مۇنداق ئىسسىقتا كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان گەپ. بارمىسام ھامما ئاچاممۇ خاپا بولماس.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — دېدى شىرىن، — شۇ ھامما ئاچىڭىزنى ئۇلۇغ بېگىمغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، شۇ ھامما ئاچىڭىزنىڭ ئۆيى مەشەدىلا تۇرسا، يەنە كېلىپ يېقىن تۇغقان تۇرسا، بارمىسىڭىز كۆڭلىگە باشقا ئىش كېلىپ قالامدۇ؟ ئىسسىقتىن قورقسىڭىز، ئەتىگەنرەك تۇرۇپ سالقىن چاغدا بېرىپ، باش ئۇرۇپ مۇبارەكلەپ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ قايتىپ كەلسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

باۋيۇي سۆز ئاچقۇچە، دەيىيۇي دەرھاللا كۈلۈپ:

— خەقنىڭ پاشا قورۇپ قويغان ئەجرى ئۈچۈن بولسىمۇ، بېرىپ كېلىشىڭىز كېرەك - دە، — دېدى.

— پاشا قورۇغان، دېگەن گەپ قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي. شىرىن تۈنۈگۈن باۋيۇي ئۇخلاپ قالغان چاغدا، يېنىدا ھەمراھ بولىدىغان كىشى بولمىغانلىقتىن، باۋچەي خېنىم بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— بۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىدى، — دېدى باۋيۇي، — نېمىشقا ئۇخلاپ قېلىپتىمەن. ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك بولۇپتۇ. ئەتە چوقۇم بارىمەن.

شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، شياڭيۈن راسا ياسانغان ھالدا كىرىپ كەلدى - دە، ئۆيىدىن ئۆزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتكەنلىكتىن خوشلاشقىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ باۋيۇي بىلەن دەيىيۇي دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، لېكىن شياڭيۈن ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى. باۋيۇي بىلەن دەيىيۇي ئۇنى نائىلاج ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. شياڭيۈننىڭ كۆزىدە لىققىدە ياش بولسىمۇ، ئائىلىسىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زارلىنىشقا پېتىنالمىدى. باۋچەي ئەھۋالنى چۈشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن كىشىلەر قايتىپ بېرىپ خان

ئاچىسىغا ئېيتىدىغان بولسا، ئۆيىگە بارغاندا ئازار يەپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنى كېتىشكە ئالدىراتتى. ھەممەيلەن ئۇنى ئىككىنچى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. باۋيۇي تېخىمۇ يىراقراق يەرگىچە ئۇزىتىپ قويماقچى ئىدى، لېكىن شياڭيۈن ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ ئۇنىمىدى. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايرىلىپ، باۋيۇينى قېشىغا چاقىردى ـ دە، قۇلىقىغا پىچىرلاپ تاپىلىدى:

— مەن چوڭ ئانامنىڭ يادىغا كەلمىسەم، سەن پات ـ پات ئېسىگە سېلىپ قويغىن، چوڭ ئانام مېنى ئالدۇرۇۋالسۇن.

باۋيۇي «بولىدۇ» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئۇزاتقىلى چىققانلار شياڭيۈن مەپىگە چۈشكۈچە قاراپ تۇرۇشۇپ، ئۇ ماڭغاندىن كېيىن قايتىپ كىرىشتى.

## 16 ـ باب يامغۇرلۇق ئاخشىمى دىمىقىپ يامغۇر ھەققىدە نەزمە يېزىش

دەييۇينىڭ ھەر يىلى ئەتىيازدىكى كۈن توختاش ۋە كۈزدىكى كۈن توختاش مەزگىللىرىدىن كېيىن كونا كېسىلى قوزغىلاتتى. بۇگۈن باۋچەي ئۇنى يوقلاپ كەلدى، ئۇنىڭ كېسىلى توغرۇلۇق سۆز بولۇپ قالدى ـ دە، باۋچەي:

— بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دورىلىرى سىزگە ھېچ مەنپەئەت قىلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستىراق بىر تېۋىپ چاقىرىپ كەلسەك، كۆرۈپ داۋالاپ باقسا دەيمەن. ھەر يىلى ياز بويى شۇنداق بولسا، سىز يا قېرى ئادەم، يا كىچىك بالا بولمىسىڭىز، مۇنداق كېتىۋەرسە، بۇمۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى.

— كار قىلمايدۇ، — دېدى دەيۇي، — كېسىلىمنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن. ئاغرىغان ۋاقتىمنى قو-

يۈپ تۇرۇپ، ساق تۇرغان چاغلىرىمدىمۇ ئەھۋالىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىدىن شۇ مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم، — دېدى باۋچەي بېشىنى لىڭشىتىپ، — قەدىمكى كىشىلەر: «غىزا يېگەن ئادەم ئۈرە تۇرالايدۇ» دەپتىكەن. سىزنىڭ ئادەتتە يېگەن نەرسىلىرىڭىز ماغدۇر كىرگۈزەلمەيدۇ، بۇمۇ ياخشى ئەمەس.

— «ھايات - ماماتلىق تەقدىردىن بولىدۇ، باي - ئېسىلزادىلىك تەڭرىدىن»، — دېدى دەييۈي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇنىڭغا ئىنساننىڭ چامىسى يەتمەيدۇ. بۇ يىل مېنىڭ ئەھۋالىم ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

دەييۈي سۆز ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم يۆتەلدى. باۋچەي:

— تۈنۈگۈن دورا قەغىزىڭىزگە قارىسام، ئۇنىڭدا ئادەمگىياھ بىلەن گۇلدارچىن بەك كۆپ ئىكەن. بۇ دورىلارنى پايدىلىق، دەردكە داۋا، دېيىشىدۇ، لېكىن بەك ئىسسىق كېلىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭچە، جىگەردىكى سەپرانى تەڭشەپ، مەيدىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن مەيدىدە كېسەل قالمايدۇ، ئاندىن ئوزۇقلۇقمۇ بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەنرەك تۇرۇپ، ئالىي دەرىجىلىك قارلىغاچ چاڭگىسىدىن بىر سەر، ناۋاتتىن بەش مىسقالنى كۈمۈش چۆگۈندە قايناتىڭ. بۇنى ئىچىشكە ئۆگىنىپ كەتسىڭىز، ھەرقانداق دورىدىنمۇ ياخشىراق پايدا قىلىدۇ ھەم ناھايىتى ئوبدان قۇۋۋەت بېرىدۇ.

— سىز كىشىلەرگە بەك ئوبدان مۇئامىلە قىلىسىز، — دېدى دەييۈي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — لېكىن مەن تولىمۇ گۇمانخور بولغاچقا، سىزنى نىيىتى يامان، دەپ ئويلاپ كەپتىمەن. مېنىڭ ئانام بالدۇر ئالەمدىن ئۆتكەن، ھازىر يا ئىنىچەسىڭلىم، يا ئاكا - ئۇكىلىرىم يوق. بۇ يىل 15 كىردىم، شۇ

كەمگىچە ھېچكىم ماڭا ئاشۇ كۆنى سىز قىلغانغا ئوخشاش نەسى-
ھەت قىلىپ باقمىغانىدى. قايسى كۆنى ھەرقىسما كىتابلارنى
ئوقۇش ياخشى ئەمەس، دەپ نەسىھەت قىلىپ بىرمۇنچە ياخشى
سۆزلەرنى قىلدىڭىز. سىز بىرەر سۆزنى قىلسىڭىز، شۇ زاماتلا
سۆزىڭىزنىڭ شىپىنغا ئۇرۇۋېتەتتىم، سىز پەقەتلا كۆڭلىڭىزگە
ئالمايتتىڭىز. ئەگەر قايسى كۆنىدىكى ياخشىلىقىڭىزنى كۆرمى-
گەن بولسام، بۇگۈن بۇ سۆزلەرنى سىزگە دېمىگەن بولاتتىم.
بايا سىز قارلىغاچ چاڭگىسى شورپىسىنى ئىچىپ تۇرغىن، دېدى-
ڭىز. قالىغاچ چاڭگىسىنى تېپىش ئاسان بولسىمۇ، سالامەتلى-
كىم ياخشى بولماي كېسىلىم ھەر يىلى قوزغىلىۋەرگەنلىكتىن،
ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماسىكىن. ھېلىمۇ تېۋىپ چاقى-
رتىپ، دورا قاينىتىپ، ئادەمگىياھ، گۈلدارچىندىن دورا تەيى-
يارلاتقۇزۇپ، پۇتۇن ئۆينى ئاستىن - ئۇستۈن قىلىۋاتىمەن.
ئەمدى يەنە يېڭىدىن ئىش چىقىرىپ، قارلىغاچ چاڭگىسى قاينى-
تىشقا كىرىشسەم، چوڭ ئانام، هاما ئاچام ۋە فېڭجيې ئاچامغۇ
ھېچنېمە دېمەس، لېكىن تۆۋەندىكى خىزمەتكار ئايالللار ۋە دې-
دەكلەر مېنى ئەجەبمۇ چاتىقى تولا ئىكەن، دەپ يامان كۆرۈپ
قالارمىكىن. ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز، بۇ يەردىكىلەر چوڭ ئانام-
نىڭ باۋيۈي بىلەن فېڭجيېغا بەك كۆيۈنىدىغانلىقىنى بىلگەچكە،
بۇ ئىككىسىنى خۇددى يولۋاستەك كۆرۈشىدۇ، ئەمما كەينىدىن
ھەرنېمىلەرنى دېيىشىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مېنى ئۇلار نېمى-
مۇ دېمەس؟ يەنە كېلىپ مەن بۇ يەردە خوجايىنلار قاتارىدىكى
كىشى ئەمەسمەن. ئەسلىدە مېنىڭ ھېچقانداق يار - يۆلىكىم
بولمىغاچقا، بۇ يەردىكىلەرنى پاناھ تارتىپ كېلىپ قالغان. مەن-
چۇ، بۇ خىزمەتكارلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدىم. شۇ
تۇرقىدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان
يەردە، ئۇلارنىڭ قارغىشىغا قېلىپ نېمە قىلاي.
— ئۇنداق دېسىڭىز، مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا، — دېدى

باۋچەي.

— سىز ماڭا قانداق ئوخشايسىز؟ — دېدى دەيىۋي، — سىزنىڭ ئانىڭىز بار، ئاكىڭىز بار، بۇ يەردە سودا ئورۇنلىرىڭىز بار، ئۆز ئائىلىڭىزلەرگە قاراشلىق ئۆي ـ جاي، يەر ـ زېمىنلىڭىزلار بار. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزنىڭ مېھرىبانچىلىقىدىلا بۇ يەردە بىكارلا تۇرۇۋاتىسىز، چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا بىر ياماقمۇ ھاجىتىڭىز چۈشمەيدۇ، كىتىمەن دېسىڭىز كېتۆېرىسىز. مېنىڭ ھېچنېمەم، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، خەجلىرىمدىن تارتىپ بىر تال ئوت ـ خەشەك چاغلىق نەرسىلەرگىچە بۇلارنىڭ خانىدانىدىكىلەرگە ئوخشاش تەمىنلىنىدۇ. مۇشۇنداق تۇرسام، ھېلىقى تېگى پەسلەر مېنى يامان كۆرمەي قالامدۇ؟

— كەلگۈسىدىمۇ ناھايىتى كەلسە شۇ، بىر قۇر تويلۇق ئۈچۈن پۇل خىراجەت قىلىشار، ھازىرچە بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ.

دەيىۋي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىزا تارتقىنىدىن قىزىرىپ كەتتى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنى راۋۇرۇس ئادەم دەپ ئىچىمدىكى دەردىمنى تۆكۈپ بەرسەم، ماڭا چاقچاق قىلغىلى تۇردىڭىزغۇ! — دېدى.

— بۇ سۆزۈم چاقچاق بولسىمۇ، چىن سۆز، — دېدى باۋچەي كۈلۈپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ يەردە بىر كۈن بولىدىكەنمەن، سىزنى بىر كۈنمۇ تاشلىماي بىللە بولىمەن. ھەرقانداق دىلئازارلىق، خاپىلىق تارتسىڭىز ماڭىلا دەڭ، قولۇمدىن كېلىدىغانلىرىنى مەن ئەلۋەتتە ھەل قىلىپ بېرىمەن. مېنىڭ بىر تۇغقان ئاكام بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سىز بىلىسىز. سىزدىن ئارتۇقراق يېرىم ناھايىتى شۇ بىرلا ئانام بار، بىز ئۆزىمىزنى ھەمدەرد دېسەكمۇ بولىدۇ. سىز غەرەز ئۇقۇپ تۇرۇپ، خۇددى «سىما نيۇنىڭ ھەسرىتى» دەك ھەسرەت چېكىپ

نېمە قىلاتتىڭىز؟ بايا دېگەنلىرىڭىز توغرا، چۈنكى ئىلاجىكى بار ئىشنى ئازايتىپ كىشىگە مالاللىق يەتكۈزمىگەن ياخشى. مەن ئەتە ئۆيگە بېرىپ ئانامغا ئېيتاي، بەلكىم بىزنىڭ ئۆيدە قارلىغاچ چاڭگىسى باردۇر، بولسا بىرنەچچە سەر ئەۋەتىپ بېرەي، ھەر كۈنى دېدەكلىرىڭىز قاينىتىپ بەرسۇن. قايناتماق ئوڭاي، ئاۋارىچىلىكى يوق، — دېدى.

— بۇغۇ ئەرزىمەس نەرسە، لېكىن سىزنىڭ مۇنداق غەمخورلۇقىڭىز تېپىلغۇسىز - دە، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ.

— بۇنىڭ ھېچقانداق ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، مەن ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىنى تەكشى ئالالمىغانلىقىمدىن غەم يەيمەن، — دەپ باۋچەي ئۆيدىن چىقتى.

دەييۈي بىرنەچچە يۇتۇم شوۋىگۈرۈچ ئىچىپ، يەنە كارىۋاتقا قىڭغايدى. كۈن تېخى ئولتۇرماستىنلا تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ، بارا - بارا يامغۇر تامچىلىغىلى باشلىدى. بۇ كۈزگى ئاق يېغىندا ھاۋانىڭ ئوچۇق ياكى تۇتۇقلۇقىنىڭ قارارى بولمىغاچقا، بۇگۈن كەچ كىرىشى بىلەن، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر بامبۇك شاخلىرىغا تاراسلاپ چۈشتى - دە، دەييۈي تېخىمۇ غېرىبسىندى. ئۇ باۋچەينىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇدۇل كەلگەن بىر كىتابنى قولىغا ئالدى، بۇ «نەغمە - غەزەل توغرىسىدا ھەر خىل خاتىرىلەر» ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ھەرەم قىزىنىڭ كۈزگى قايغۇسى»، «ھىجران ئەلىمى» دېگەن نەزمىلەرمۇ بار ئىدى، دەييۈي بىردىنلا ئىلھاملىنىپ «باھارنىڭ ئايدىڭ كېچىسىدە دەريادىكى گۈللەر» دېگەن ئۇسلۇبقا تەقلىد قىلىپ، ئىختىيارسىز رەۋىشتە مىسرالار تۈزۈشكە باشلىدى، بۇ نەزمىگە «كۈزگى پەنجىرە ئالدىدىكى يامغۇرلۇق ئاخشام» دەپ نام قويدى. نەزمە مۇنداق ئىدى:

سولدى پۈتكۈل كۈزگى گۈللەر، بار گىياھ بولدى خازان،

ياندى پلپىل كۆز چىراغى، تۈن ئۆزارماقتا هامان.
كۆزگى پەنجىر سىرتىدا كۆز مەنزىرىسى پۈتمەي تۇرۇپ،
چۆلسىرەپ قالدى، يىغىپ بۇ ئۈستىلەپ يامغۇر - بوران.
هۆل - يىغىن كېلەرمۇ مۇنداق كۆزگە تېز ھەمدەم بولۇپ؟
كۆزگى پەنجىردە چۆچۈتتى كۆزگى چۈشۈمنى بۇزۇپ.
قالمىدى ئۆخلاشقا هالىم، قايغۇرۇپ كۆز ئىشقىدا،
پەرلىدىم شام ياشىنى مەن كۆزگى شىرمەلدە تۇرۇپ.
ياش تۆكۈپ لەپ - لەپ، پاكار شامدانىنى كۆيدۈرگۈسى شام،
قوزغىدى ھەسرەت - ئەلەمنى، قىلدى ھىجران بىئارام.
قايسى هويلا بۇ شامالدىن خالىي بولغان كۆز كۈنى؟
خالىي بوپتۇ قايسى پەنجىر كۆزدە يامغۇردىن تامام؟
شايى يوتقان كۆز شامالىغا بولالمىدى پاناھ،
سورىدى سۇ سائىتى كۆزنى، تېزلىدى يامغۇر مانا؛
تۈن بويى ھېچ توختىماي سىم - سىم يېغىن، غۇر - غۇر شامال،
ئىگرىدى غېرىب - مۇساپىر شامدا جور بولۇپ ئاگا.
بىر كۆرۈمسىز بولدى هويلام، ئۈستىنى باسقاچ تۇمان.
سېرىق قومۇش، هۆرمەت دېرىزەمگە تامار يامغۇر هامان؛بىلمىدىم،
توختار قاچاندا بۇ سوغۇق يامغۇر - شامال.
كۆز يېشىمدىن شايى پەردەم بولدى نەم ئاللىقاچان.
دەيىۋى ئوقۇپ بولۇپ قەلەمنى قويدى - دە، ئەمدىلا ياتاي
دەپ تۇرۇۋېدى، بىر دېدەك:
— باۋيۈي غوجام كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلىپ كىردى.
شۇ گەپ بىلەنلا باۋيۈي بېشىغا چوڭ مىسىل قالپاق كىيگەن،
ئۈستىگە يامغۇرلۇق يېپىنچۇالغان هالدا كىرىپ كەلدى.
— نەدىن كەلگەندۇ مۇنۇ بېلىقچى بوۋاي؟ — دېدى دەيىۋى
ئىختىيارسىز كۈلۈپ. باۋيۈي دەرهال سورىدى:
— بۈگۈن ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ دورا ئىچتىڭىزمۇ؟
قانچىلىك غىزا يېدىڭىز؟

شۇ گەپ بىلەن باۋيۇي بېشىدىن مىسىل قالپاقنى ئالدى، يامغۇرلۇقنى سېلىپ قويدى، ئاندىن بىر قولى بىلەن چىراغنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن چىراغنى داldا قىلىپ، دەييۈينىڭ يۈزىنى يورۇتتى ـ دە، سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن رەڭگىرويىڭىز خېلى ياخشى كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

باۋيۇي يامغۇرلۇقنى سېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، دەيـ يۈي ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا قارىدى. ئۇ ئىچىگە نىمكەش قىزىل دارايى كالتە كەمزۇل كىيىپ، بېلىگە يېشىل پوتا باغلىۋالغانـ دى، سايىۋەن گۈللۈك يېشىل پاچىقى ئىشتان تىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇتىغا كالاۋۇتۇن بىلەن تۇتاش كەشتە تىكىلگەن شايى پايپاق ۋە گۈلگە قونغان كېپىنەك سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن خەي كىيىۋالغانىدى. دەييۈي ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇستىڭىز يامغۇردىن قورقسا، ئايىغىڭىزدىكى بۇ خەيـ پايپاق يامغۇردىن قورقمامدۇ؟ تېخى پاك ـ پاكىز تۇرۇپتۇ.

— مېنىڭ بۇ نېمەمنىڭ ھەممىسى تەل، ياۋا نەشپۈت ياغىـ چىدىن ياسالغان باشماق كىيىپ كەلگەنىدىم، ئۇنى دەھلىزگە سېلىپ قويدۇم، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

دەييۈي ئۇنىڭ يامغۇرلۇقى بىلەن مىسىل قالپىقىنىڭ ئادەتـ تە بازاردىن تاپقىلى بولمايدىغاندىغانلىقىنى، ئىنتايىن سىپتا ۋە ئەپلىك توقۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، باۋيۇيدىن:

— قانداق ئوتتىن توقۇلغاندۇ؟ توۋا، بۇنى كىيىۋالسىڭىزـ مۇ كىرپىدەك كۆرۈنمەيدىكەن، — دېدى.

— بۇ ئۈچ خىل كىيىمنى ماڭا بېيجىڭۋاڭ سوۋغا قىلغان، — دېدى باۋيۇي، — ئۆزىمۇ ئادەتتە يامغۇر ياغقان چاغلاردا، ئائىلىدە مۇشۇنداق كىيىدىكەن. بۇلارنى سىزمۇ ياقـ تۇرسىڭىز، مەنمۇ سىزگە بىر يۈرۈش ئەپكېلىپ بېرەي. باشقىـ

سى بىر نورى، مۇنۇ مىسىل قالپاقنىڭ قىزىققۇچىلىكى بار ئىكەن. تۆپىسىدىكى مۇنۇ قۇببىسى بوش تۇرىدۇ، قىش كۈنلىرى قار ياغقاندا قۇلاقچا بىلەن كىيىشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭ بامبۇك تومىگىنى چىقىرىۋېتىپ، قۇببىسىنى ئېلىۋەتسە، مۇنۇ كېزىكىلا قالىدۇ، قار ياغقاندا ئەر - ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىيسە بولۇۋېرىدۇ. مەن سىزگە بىرنى بېرەي، قىش كۈنلىرى قار ياققاندا كىيەرسىز.

— ماڭا لازىمى يوق، — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، — ئۇنى كىيسەم خۇددى رەسىمدىكى ياكى ئويۇندىكى بېلىقچى مومايغا ئوخشاپ قالارمەن.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ، بۇ گەپنىڭ بايا باۋيۈيگە ئۆزى ئېيتقان گەپ بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بەك پۇشايمان قىلدى ھەم ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى - دە، شىرەگە بېشىنى قويۇپ، توختىماي يۆتىلىشكە باشلىدى.

باۋيۈي ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى شېئىرغا كۆزى چۈشكەچ، قولىغا ئېلىپ بىر-قۇر ئوقۇپ چىقتى - دە، ئىختىيارسىز ماختاپ كەتتى. دەييۈي بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، شېئىرنى تارتىۋېلىپ، چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بوپتۇ، كۆيدۈرۈۋەتسىڭىز كۆيدۈرۈۋېتىڭ، لېكىن ئوبدان يادلىۋالدىم، — دېدى.

— مەن ئارام ئالاي، مېنى ھەر كۈنى نەچچە رەت كېلىپ يوقلاپ تۇردىڭىز، رەھمەت سىزگە، يامغۇر تېخىچە يېغىۋاتىدۇ، تۈن كېچىمۇ بولۇپ قالدى. مەرھەمەت قىلىپ كەتسىڭىزچۇ، ئەتە يەنە كېلەرسىز، — دېدى دەييۈي.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوينىدىن ياڭاقچىلىك ئالتۇن سائەتنى ئېلىپ قارىۋېدى، يىڭنىسى شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ سائەتنى قوينىغا سېلىپ:

— راست، ئارام ئېلىشىڭىز كېرەك ئىدى، سىزنى بىر-مۇنچە ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — دېدى - دە، شۇ گەپ بىلەن يامغۇرلۇقنى يېپىنىپ، مىسىل قالپاقنى كىيىپ چىقىپ كې-تىپ، يەنە كەينىگە يېنىپ كىردى ۋە:

— نېمە يېگۈڭىز كەلسە، ماڭا دەڭ، ئەتە ئەتىگەندە چوڭ ئانامغا ئۆزۈم مەلۇم قىلسام، بۇ يەردىكى قېرى ئاياللارنىڭ دېگىنىدىن چۈشىنىشلىك بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ئاڭلاۋاتامسىز، يامغۇر تازا چۈشكىلى تۇردى، تېزرەك كېتىڭ. ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۇي كۈلۈپ.

— بار، تاشقىرىدا كۈنلۈك تەييارلاپ، پانۇسنى يېقىپ قويدۇق، — دېدى تالادا تۇرغان ئىككى خىزمەتكار ئايال. دەييۇي:

— مۇشۇنداق يامغۇر ياغقان كۈنىمۇ پانۇس ياقامدىكەن؟ — دېدى كۈلۈپ. باۋيۈي:

— ھېچقىسى يوق، قوشقار مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، يامغۇر-دىن قورقمايدۇ، — دېدى. دەييۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كىتاب جاۋىنى ئۈستىدىن يۇمۇلاق ئەينەك پانۇسنى ئالدى - دە، بىر تال كىچىك شام ياقتۇرۇپ باۋيۈيگە سۇندى ۋە:

— مۇنۇ پانۇس ئۇنىڭدىن يورۇقراق، دەل يامغۇردا ياقىدى-غان پانۇس، — دېدى. باۋيۈي:

— مەندىمۇ مۇشۇنداقتىن بىرى بار، خىزمەتكارلار تېيىل-لىپ كەتسە چېقىلىپ كېتەرمىكىن، دەپ ياققۇزمىغانىدىم.

— پانۇس ئەتىۋارمۇ، ئادەم ئەتىۋارمۇ، — دېدى دەي-يۈي، — ياغاچ باشماق كىيىشكە تازا ئۆگەنمەپسىز - دە. ئۇلار پانۇسنى ئالدىڭىزدا كۆتۈرۈپ ماڭسۇن، مۇنۇ پانۇس ئەپچىل ھەم يورۇقراق، ئەسلىدە يامغۇر ياغقاندا ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ماڭاتتىم. قولىڭىزدىن چۈشۈپ كەتسىمۇ كارى چاغلىق، نېمانداق سىزدە

بىردىنلا «جان كەتسىمۇ كەتسۇن، مال كەتمىسۇن» دەيدىغان خۇي پەيدا بولۇپ قالغاندۇ!

باۋيۇي ئۇنچىقماستىن پانۇسنى ئالدى. ئالدىدا ئىككى ئايال كۇنلۇك بىلەن ھېلىقى «قوشقار مۇڭگۇزى» پانۇسنى كۆتۈردى، ئارقىسىدا يەنە ئىككى چۆرە قىز كۇنلۇك تۇتۇپ ماڭدى. باۋيۇي دەييۇي بەرگەن پانۇسنى چۆرە قىزغا بېرىپ، ئۆزى شۇ قىزنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ ئۆيدىن چىقتى.

باۋيۇي كەتكەندىن كېيىن، شۇ باۋچەيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئاسارۇنزار ھويلىدىن بىر خىزمەتكار ئايال كەلدى، ئۇ يوغان بىر بولاق قارلىغاچ چاڭگىسى ۋە بىر بولاق ئاپئاق ھەپىرەڭ بەرگىدەك پەرەڭ شېكىرى ئېلىپ كەلگەنىدى. زىجۇەن قارلىغاچ چاڭگىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، چىراغنى باشقا يەرگە يۆتكەپ، پەردىنى چۈشۈرۈپ، دەييۇينى ياتقۇزۇپ قويدى.

دەييۇي دېرىزە ئالدىدىكى بامبۇك شاخلىرى ۋە بانان يوپۇرماقلىرىغا شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پەردىدىن ئۆتۈۋاتقان سوغۇقنى سىزىپ، ياستۇققا باش قويۇش بىلەن باۋچەينى ئەسلىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ۋە ئاكىسى بارلىقىغا ھەۋىسى كەلدى، بىردەمدىن كېيىن باۋيۇي بىلەن ئىناقلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭدىن سەل گۇمانلاندى، چېگىش ھېس - تۇيغۇلار ئىلكىدە ئىختىيارسىز يەنە كۆزىنى ياشلىدى. ئۇ تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇيقۇغا كەتتى.

## 17 - باب ھاماقەت تېۋىپنىڭ كۈچلۈك دورىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلەتكەنلىكى

ئۇچىنچى جېسەك ۋاقتىدىن كېيىن، باۋيۇي چۈشەكەپ شىرىننى قىچقاردى. ئۇ ئىككى قېتىم ۋارقىرىدى، ھېچكىم

جاۋاب بەرمىدى، ئويغىنىپ كېتىپ، شىرىنىنىڭ يوقلۇقى ئېسىگە كەلدى - دە، كۈلۈۋەتتى. چىكۆبىن ئويغىنىپ شېيۆنى قىچقاردى:

— مەن چېغىمدا ئويغىنىپ كەتتىم، يېنىدا قوغداپ ياتقان ماۋۇنىڭ ھېچنېمىنى تۇيماي مۇردىدەك يېتىۋەرگىنىنى!

شېيۆ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئەسنەۋېتىپ كۈلدى ۋە:

— ئۇ شىرىنىنى قىچقارسا، ماڭا نېمە ئالاقىسى بار، ھە، نېمە قىلىدىلا؟ — دېدى.

— چاي ئىچىمەن، — دېدى باۋيۈي. شېيۆ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىسقا پاكچۇ چاپىنىنى كىيىپلا ماڭغانىدى، باۋيۈي:

— مېنىڭ جۇۋامنى يېپىنىۋال، سوغۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى. شېيۆ كەينىگە يېنىپ، باۋيۈي يېپىنىۋالغان بۇلغۇن قامىسىدىن تىكىلگەن يۆگەم پەشلىك جۇۋىسىنى ئېلىپ يېپىنىۋالدى. پەسكە چۈشۈپ داستا قولىنى يۇدى، ئاۋۋال بىر پىيالە ئىسسىق سۇ قۇيۇپ، يوغان تۇكورۇكدانىنى ئېلىپ كەلدى. باۋيۈي ئاغزىنى چايقىدى، ئاندىن شېيۆ چاي سوغىسىدىن پىيالە ئېلىپ، ئىلمان سۇدا چايقىۋەتتى، چايداندىن يېرىم پىيالە چاي قۇيۇپ باۋيۈيگە بەردى، ئۆزىمۇ ئاغزىنى چايقىۋېتىپ، يېرىم پىيالە چاي ئىچتى.

— ئوبدان سىڭلىم، ماڭىمۇ بىر يۇتۇم بەرسەڭچۇ، — دېدى چىكۆبىن كۈلۈپ.

— بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىسەن جۇمۇ! — دېدى شېيۇيمۇ كۈلۈپ.

— ئوبدان سىڭلىم، ئەتە ئاخشاملىققا سەن قىمىرلىماي يات، مەن سېنى كېچىچە كۈتۈپ چىقاي، بولامدۇ؟ — دېدى چىكۆبىن. شېيۆ نائىلاج ئۇنىڭغا ئېغىز چايقايدىغان سۇ بەردى، ئاندىن يېرىم پىيالە چاي قۇيۇپ بەردى.

— ئىككىڭلار ئۇخلىماي گەپلىشىپ تۇرۇڭلار، مەن تالاغا
چىقىپ كىرەي، — دېدى شىيۇ. چىڭۋېن كۇلۇپ تۇرۇپ:

— تالادا سېنى كۇتۇپ تۇرغان جىن بار، — دېدى.

— تالا راسا ئايدىڭ، بىز پاراڭلىشىپ تۇرىمىز، سەن
چىقىپ كېتىۋەر، — دېدى باۋيۇي.

شىيۇ ئارقا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، كىگىز مىلەڭزىنى
قايرىپ قاراپ باقتى. دەرۋەقە تالا ئايدىڭ ئىدى. ئۇ چىقىپ
كەتكەندىن كېيىن، چىڭۋېن ئۇنى بىر قورقۇتۇپ قويماقچى بول-
دى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتە باشقىلاردىن غەيرەتلىك ئىكەنلىكىگە
تەمەننا قويۇپ، سوغۇققا پىسەنت قىلماي، كىيىممۇ يېپىنىۋال-
ماي، قىسقا جۇيازىسى بىلەنلا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەينى-
دىن ماڭدى.

— قويساڭچۇ، سوغۇقتىمۇ ئوينىشامدۇ، — دەپ باۋيۇي
هاي بەردى.

چىڭۋېن قولىنى سىلكىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى. تالا سۇت-
تەك ئايدىڭ ئىدى، غۇررىدە شامال ئۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆڭەك -
سۆڭىكىگە سوغۇق ئۆتكەندەك بولدى - دە، ئىختىيارسىز ئەندى-
كىپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «خەقلەر بەدەن قىزىپ تۇرغاندا
سوغۇق شامالغا چىقماسلىق كېرەك، دەپ بىكار ئېيتمىغان ئى-
كەن، دەرۋەقە سوغۇق يامان ئىكەن» دېگەن ئوي بىلەن تۇرۇۋشى-
غا، باۋيۇي ئۆيدە تۇرۇپ:

— چىڭۋېن كەينىڭدىن چىقىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرى-
دى. چىڭۋېن شۇ زامات يېنىپ كىرىپ:

— ئۇنى ئۆلگۇدەك قورقۇتۇۋېتەتتىممۇ؟ ئىچ ئاغرىتىپ
مومايدەك كۆيۈپ - پىشىپلا كېتىدىكەنلا، — دېدى كۇلۇپ.

— ئۇنى بەك قورقۇتۇۋېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىگىنىم
يوق، — دېدى باۋيۇي كۇلۇپ، — بىرىنچىدىن، سەن سوغۇقتا
توڭلىساڭ ياخشى بولمايدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇ بىخەستە تۇرغاندا

ۋارقىرىۋەتسە، باشقىلارنى ئويغىتىۋېتىدۇ. خەق بىزنى ئويىنىشىۋېتىپتۇ دېمەي، «شىرىن كېتەر ـ كەتمەيلا شەيتانلىق قىلغىلى تۇرۇپسىلەر» دەيدۇ. مەيەرگە كېلىپ، يوتقاننىڭ ماۋۇ يېرىنى قىستۇرۇپ قوي.

چىڭۋېن بېرىپ يوتقاننى قىستۇرۇپ قويدى ۋە قولىنى يوتقانغا تىقىپ ئىسسىتماقچى بولدى.

— قولۇڭ نېمانداق سوغۇق؟ توڭۇپ كېتىسەن دېمىگەنمىدىم، — دەپ كۈلدى باۋيۈي ۋە چىڭۋېننىڭ ئىككى مەڭزى ئەڭلىكتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سىلاپ بېقىۋىدى، قولىغا مۇزدەك بىلىندى.

— يوتقانغا كىرىپ ئىسسىنىۋال، — دېدى باۋيۈي.

شۇنداق دېيىشىگىلا، ئىشىك «گۇپپىدە» قىلدى ـ دە، شېيۆ كۈلگىنىچە ھاپىلا ـ شاپىلا كىرىپ كەلدى:

— ئەجەب قورقۇپ كەتتىم، — دېدى ئۇ، — قاراڭغۇدا، سۇئىي قورام تاشنىڭ كەينىدە بىركىم زوڭ ئولتۇرغاندەك كۆرۈندى، ۋارقىراي دېگەنىدىم، ئۇ قارىغان توخۇسى ئىكەن، مېنى كۆرۈپلا پۇررىدە ئۇچۇپ ئايدىڭغا چۈشتى. قارىسام شۇ ئىكەن. تەنتەكلىك قىلىپ سۇرەن سالغان بولسام، خەقلەرنى پاراكەندە قىلىۋېتىدىكەنمەن، — ئۇ قولىنى يۇيۇۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — چىڭۋېننى چىقىپ كەتتى، دېيۋىدىلىغۇ؟ قېنى ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ھەرقاچان مېنى قورقۇتقىلى چىقىپ كەتكەن نېمە.

— قارىغىنا، مانا بۇ ئەمەسمىكەن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — مەيەردە ئىسسىنىۋاتىدۇ. مەن ھاي دەپ توۋلىمىغان بولسام، سېنى راسا قورقۇتاتتى.

— مەن قورقۇتمىساممۇ، بۇ جۇۋاينىمەك ئۆزىدىن ئۆزى قورقۇپ يېنىپ كىرىپتۇ، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ ۋە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا كەلدى. شېيۆ:

— سەن ئاشۇنداق بەگچەدەك كىيىنگەن پېتىڭ، غىرمى-يىپ تالاغا چىققان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى. باۋيۈي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ پېتى چىقىپ كەتتى، — دېدى. شېيۈ:

— هوي، ياخشى كۆن كۆرمەي ئۆلىدىغان! سەن چىقىپ بىردەم تۇرۇپ باققىنا، تېرەڭ توڭلاپ ئېتىلىپ كەتمىگىنىنى مەن كۆرەي! — دېدى ۋە ئوتدانىنىڭ مىس قاپقىقىنى ئېچىپ، بەل گۈرجەك بىلەن چوغنى كۆمۈپ قويۇپ، تېز كۆيىدىغان كۆجىدىن ئىككى تالنى سېلىپ قاپقاقنى ياپتى، ئاندىن شىرمەل-نىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، چىراغنى پەرلەپ قويۇپ ئۇخلاشقا ياتتى.

چىڭۋېن بايا توڭۇپ كەتكەنىدى، ئەمدى بىر دىنلا ئىسسىشى بىلەنلا، بىر - ئىككى چۈشكۈرۈۋەتتى.

— قانداق ئىكەن، راست دەپتىمەنمۇ؟ ئاخىر زۇكامداپ قالدىڭ مانا، — دېدى باۋيۈي ئۇلۇغ تىنىپ.

— ئۇ ئەتىگەندىن بېرى مىجەزىم يوق، دەپ غىڭشىپ يۈرەتتى، — دېدى شېيۈ كۈلۈپ، — بۈگۈن تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمىدى. ئۇ كۈتۈنەي دېمەستىن، تېخى خەقنى ئەخمەق ئېتىپ ئويىناماقچى بوپتۇ. ئەتە ئاغرىپ قالسا، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە.

— بېشىڭ قىزىۋاتامدۇ؟ - دەپ سورىدى باۋيۈي.

— بولدى ئەنسىرىمەڭ، هېچقىسى يوق، — دېدى چىڭۋېن يۆتىلىپ كېتىپ، — ئانچە نازۇك ئەمەسمەن.

شۇ ئەسنادا، تاشقىرىقى ئۆينىڭ تەكچىسىدىكى سائەت ئىك-كى قېتىم داڭ ئۇردى. تاشقىرىقى ئۆيدە كۆزەتچىلىك قىلىپ ياتقان ئىنىگە بىر - ئىككى يۆتىلىپ قويۇپ:

— قىزلار، ئۇخلاڭلار، كۈلكە - پاراڭنى ئەتە قىلىشساڭ-لارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— گەپ قىلمايلى، — دېدى باۋيۈي ئاستا، — بولمىسا، ئۇلارنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇچىلىسى ئۇخلاشتى.

ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا، دېگەندەكلا چىڭۋېنىنىڭ دىمىغى پۈتۈپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ بوشىشىپلا كەتتى.

— ئىڭراپ شاۋقۇن كۆتۈرمە، — دېدى باۋيۈي، — ئانام ئۇقۇپ قالسا، كېسىلىنى ئۆيدە باقسۇن، دەپ ئەۋەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئۆز ئۆيۈڭگۇ ياخشى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆيگە يەتمەيدۇ. سەن ئىچكىرىكى ئۆيدە يات، مەن تېۋىپ چاقىرتاي، ئاستا ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ تومۇرۇڭنى تۇتۇپ باقسۇن.

— شۇنداقمۇ دەيلا، نېمىلا بولمىسۇن، چوڭ كېلىن ئاغىچىغا دەپ قويسىلا، — دېدى چىڭۋېن، — بولمىسا، بىردەمدىن كېيىن تېۋىپ كەلگەندە سوراپ قالسا، نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟

باۋيۈي بۇ گەپنى ئورۇنلۇق تېپىپ، ئىنىكىلەردىن بىرىنى چاقىرىپ تاپىلىدى:

— سەن بېرىپ چوڭ كېلىن ئاغىچىغا مەلۇم قىلىپ قوي، چىڭۋېن مۇنداقلا سوغۇق تەگكۈزۈۋاپتۇ، ھېچقانداق ئاغرىق دېگۈچىلىكى يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە شىرېن ئۆيدە ئەمەس، چىڭۋېن كېسىلىنى داۋالايمەن دەپ ئۆيگە كەتسە، بۇ يەردە ئادەم قالمايدۇ. تېۋىپ چاقىرتساق، ئارقا ئىشىكتىن ئاستىلا كىرىپ كۆرۈپ باقسا، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلمىساق، دېگىن.

ئىنىكە چىقىپ كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن مەلۇم قىلدى:

— چوڭ ئاغىچا كېلىن خەۋەر تېپىپ مۇنداق دېدى: ئىككى بولاق دورا ئىچىپ ساقىيىپ قالسا مەيلى، ساقىيالمىسا، ئۆيىگە كەتكىنى تۈزۈك. ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، باشقىلارغا كېسەل يۇقىسىغۇ چاغلىق ئىش، ھەممىدىن قىزلارنىڭ سالامەتلىكى مۇھىم.

چىڭۋېن ئىللىق ھۇجرىدا يېتىپ يۆتىلىۋەردى، بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ، غۇچچىدە ئاچچىقى تۇتتى ـ دە:

— ماڭا ۋابا كېسىلى تېگىپتىمۇ؟ خۇددى خەققە يۇقۇپ

قالدىغاندەك قىلىشىپ كېتىپتۇ! مەن بۇ يەردىن كەتسەم، قېنى كۆرەرمەن، سىلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى تارتمىغىنىڭلارنى! — دەپلا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، باۋ-يۈي دەرھال يانتۇزۇپ نەسىھەت قىلدى:

— خاپا بولما! بۇ كېلىن ئاغىچىنىڭ جاۋابكارلىقىدىكى ئىش. ئاغىچا خېنىم ئۇقۇپ قالسا، ماڭا كايىمدىكىن، دەپ ئەنسىرەيدۇ. بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ. ئادەتتە بەك تېرىك-كەك ئىدىڭ، ھازىر تېخىمۇ سەپرايىڭ ئۆرلەپ كېتىپتۇ.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، بىركىم كىرىپ:

— تېۋىپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. باۋيۈي بۇيانغا ئۆتۈپ، كىتاب جاۋىنىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى. ئارقا ئى-شىكنى باقىدىغان خىزمەتكار ئاياللاردىن ئىككى - ئۈچىسى تېۋىپنى باشلاپ كىردى. بۇ يەردىكى چۆرە قىزلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى، بىر ئىنىكە ئىللىق ھۇجرىنىڭ كەشتىلىك قىزىل چىمىلدىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى، چىڭۋېن چىمىلدىقتىن قو-لىنىلا چىقىرىپ بەردى. تېۋىپ ئۆستۈرۈلگەن ئىككى تىرناقنى ۋە تىرناقتىكى خېنە ئىزلىرىنى كۆرۈپ، كەينىگە قارىۋالدى. ئىنىكىلەردىن بىرى دەرھال كېلىپ، چىڭۋېننىڭ قولىنى ياغ-لىق بىلەن يېپىپ قويدى. تېۋىپ بىرقۇر تومۇر تۇتقاندىن كېيىن، تاشقىرىقى ئۆيگە يېنىپ چىقىپ، ئىنىكىلەرگە:

— خېنىم زۇكام تېگىپ قەۋزىيەت بولۇپ قاپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى، خېنىم ئادەتتە غىزانى كەمرەك يەيدىكەن، سوغۇقمۇ ئانچە تەگمەپتۇ. ئىككى بولاق دورا يەپ، ئىچى بوشىسا ئوڭلى-نىپ قالىدۇ، — دېدى - دە، ئىنىكىلەر بىلەن چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي قەغەزنى كۆردى، قەغەزدە سۇزە، قارا بۇيا، كە-مەك، چېتىن چېچەك قاتارلىق دورىلار، كەينىگە ياۋا موزا، چاكاندا يېزىلغانىدى.

— ھەي ئۆلگۈر، ئۇ قىز باللارنىمۇ بىزنى داۋالىغاندەك

داۋالامدىكەن، بۇنى قانداق ئىشلەتكىلى بولسۇن؟ — دېدى باۋ-يۈي، — قەۋزىيەت بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ياۋا موزا، چاكاندىنى ئۇ قانداق كۆتۈرەلەيدۇ؟ ئۇنى كىم چاقىرتىپ كەلگەن؟ ئۇنى تېزرەك يولغا سېلىۋېتىڭلار! تونۇش تېۋىپلاردىن بىرنى چاقىرىپ كېلىڭلار.

— قانداقراق دورىلارنى بۇيرۇغانلىقىنى بىز بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى ئىنىگە، — مۆلازىمنى ئەۋەتىپ ۋاڭ تېۋىپنى چاقىرتىپ كېلىشقۇ ئاسان. مۇنۇ تېۋىپنى باش دەپتەردارغا ئېيتمايلا چاقىرتىپ كەلگەن، بۇنىڭغا قەدەم ھەققى بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئۇنىڭغا قانچە پۇل بېرىمىز؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي.

— ئاز بەرسەك سەت بولار، بىر - ئىككى سەر كۈمۈش بەرسەك بولارمىكىن، — دېدى خىزمەتكار ئايال.

— سەن چاپسانراق بېيىمىڭغا دە، باشقا تېۋىپ چاقىرىپ كەلسۇن، — دېدى باۋيۈي. خىزمەتكار ئايال كۈمۈشنى ئېلىپ، ئۆز ئىشىغا چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، بېيىمىڭ ۋاڭ تېۋىپنى چاقىرىپ كەلدى. بۇ تېۋىپ ئاۋۋال تومۇر تۇتۇپ، ئاۋۋالقى تېۋىپنىڭكىدىن باشقىچە گەپ قىلدى، يازغان دورا قەغىزىدە ياۋا موزا، چاكاندا قاتارلىق دورىلار يوق، كىرەش، ئاپېلسىن شۆپۈكى، ئاق چوغلۇق قاتارلىق دورىلار بار ئىدى، مىقدارىمۇ ئاۋۋالقى دورىدىن ئازايتىلغانىدى. باۋيۈي خۇشال بولۇپ:

— قىز بالىنىڭ دورىسى دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ، ئىچىنى بوشاتقاندىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئۆتكەن يىلى مەن كېسەل بولۇپ، قىزىتمام ئېشىپ، قەۋزىيەت بولۇپ قاپتىكەنمەن، ۋاڭ تېۋىپ كۆرۈپ، مېنى چاكاندا، سىدىگىرتاش، ياۋا موزا قاتارلىق كۈچلۈك دورىلارنى كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەنىدى. مەن قەبرىستانلىقتا ئۆسكەن يوغان تېرەككە ئوخشاي-

مەن، سىلەر كۆزدە ئېچىلغان تاش گۈلگە ئوخشايسىلەر. مەن كۆتۈرەلمىگەن دورىلارنى سىلەر كۆتۈرەلمەيسىلەر! — دېدى.

— قەبرىستانلىقتا پەقەت تېرەكلا بولامدۇ؟ قارىغاي بولمامدۇ؟ — دېدى شېيۇ كۈلۈپ، — تېرەك سەت بىر دەرەخ، شۇنچە يوغان تۇرۇپ بىزەلا يوپۇرمىقى بار، ئازراقلا شامالنى كۆرە ـ كۆرمەيلا شىلدىرلاۋېرىدۇ. ئەتەي شۇنىڭغا ئوخشىتىپ، سىلىمۇ تولا سەتلەشتۈرۈۋەتتىلە.

— ئۆزىمىزنى قارىغايغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ھەتتا كۇڭ فۇزىمۇ: «قاتتىق سوغۇق بولغاندا ئاندىن قارىغاي بىلەن ئارچىنىڭ غازاڭ بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ» دەپتىكەن، دېمەك بۇ ئىككى دەرەخ ئېسىل نەرسە. ئىسىزا تارتمايدىغان كىشى ئۆزىنى شۇنىڭغا كەلسە ـ كەلمەس ئوخشىتىدۇ.

شۇ ئەسنادا، خىزمەتكار ئايال دورىنى ئېلىپ كەلدى. باۋيۈي دورا قاينىتىدىغان كۈمۈش كورىنى تاپتۇرۇپ چىقىپ، ئوتداندا قاينىتىشقا بۇيرۇدى.

— ئۇنداق قىلماي، ئۇلار چايخانىدا قاينايسىمۇ بولىۋېرەتتى! — دېدى چىڭۋېن، — بۇنداق قىلسا، ئۆيدە دورا پۇراپ كەتمەمدۇ!

— دورىنىڭ پۇرىقى باشقا ھەرقانداق گۈلنىڭ پۇرىقىدىن خۇشبۇي بولىدۇ! — دېدى باۋيۈي، — بۇ ئۆيدە ھەر خىل نەرسىلەر تەل بولسا، دەپ ئويلايتتىم، پەقەت دورىنىڭ خۇشبۇيىلا كەملىك قىلىۋاتاتتى، ئەمدى بۇمۇ تەل بولدى.

چىڭۋېن دورىسىنى ئىچتى، كېچىسى ئازراق تەرلىگەن بولسىمۇ، دورا يەنىلا مەنپەئەت بەرمەي بويى قىزىپ، بېشى ئاغرىپ، دىمىغى ۋە ئۇنى پۇتۇپ قالدى. ئەتىسى ۋاڭ تېۋىپ كېلىپ كۆرۈپ بېقىپ، قايناتما دورىلارنى باشقىدىن تەڭشەپ يېزىپ بەردى. چىڭۋېننىڭ قىزىتمىسى بېسىلغان بولسىمۇ،

بېشىنىڭ ئاغرىقى يەنىلا توختىمىدى.

— كېلىن ئاغىچىنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنى دېدى دېگىن: فېڭجيې ئاچامدا باش ئاغرىقىغا چاپلايدىغان «ئىرىنا» دېگەن پەرەڭ دورىسى بار، شۇنىڭدىن ماڭا ئازراق بەرسۇن.

شېيۆ خوش دەپ كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن، يېرىم مەلھەمنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىر پارچە قىزىل تاۋار پۇرۇچنى تېپىپ كېلىپ، تىرناقچە يوغانلىقتا ئىككى دۈگىلەك كەستى، دورىنى ئوتتا ئېرىتىپ، دۈگىلەككە چاچ تۇرگۇچ بىلەن تەكشى سۈرتتى. چىڭۋېن تۇتقۇچى بار ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، مەلھەمنى ئىككى چېكىسىگە چاپلىۋالدى.

— كېلىن ئاغىچا: ئەتە بەگ تاغىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن، ئاغىچا خېنىم ئۆزلىرىنى بارسۇن، دەيدۇ. ئەتە قايسى ئىگىننى كىيىدىلا؟ بۈگۈن ئاخشام تەق قىلىپ قويساق، ئەتە ئەتىگەندە ئىزدەپ ئاۋارە بولمايمىز، — دېدى شېيۆ.

— قايسى ئىگىن قولغا چىقسا، شۇنى كىيسەم بولۇۋېرىدۇ، — دېدى باۋيۈي، — يىل بويى تۇغۇلغان كۈنلەرنى قىلىۋېرىپ، ئېلىشىپلا كەتتى كىشى!

باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپلا تالاغا چىقىپ، شىچۈننىڭ ئۆيىگە رەسىم كۆرگىلى ماڭدى.

## 18 ـ باب جۈرئەتلىك چىڭۋېننىڭ كېسەل تۇرۇقلۇق توز يىپىنچىنى يامىغانلىقى

ئەتىسى تېخى تاڭ ئاتمايلا، چىڭۋېن شېيۆنى ئويغاتتى:

— ئۇيقۇڭنى ئاچساڭچۇ، قانماي ئۇخلاۋېرىدىكەنسەن! چىقىپ قىزلارغا دېگىن، غوجامغا چاي تەييارلىسۇن، بۈنى مەن ئويغىتىپ قوياي، — دېدى ئۇ. شېيۆ ئىگىننى كىيىشكە باشلىدى. ئىككىسى كىيىنىپ تۇرۇشىغا، باۋيۈي ئويغىنىپ كەت-

تى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا كىيىمىنى ئۇچىسىغا ساپتى. شېيۆ
چىيۇۋېن قاتارلىق چۆرە قىزلارنى چاقىرىپ، باۋيۇينى تەڭ كۇ-
تۇشتى. باۋيۇي يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ بولغاندىن كېيىن، شېيۆ:
— هاۋا يەنە تۇتۇق، قار ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ، بىرقۇر
كىيىم كىيىۋالسىلا، — دېدى. باۋيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇ-
دى. شۇ زامات ئۇنىڭ كىيىمىنى يەڭگۇشلەتكۇزدى. چۆرە قىز
فۇجيەن نېلۇپىرى سېلىنغان بىر چىنە چىلان شورپىسىنى كى-
چىك خونچىدا كۆتۇرۇپ كىردى، باۋيۇي بۇنىڭدىن ئىككى ئوت-
لاپ قويدى. شېيۆ مەخسۇس قىيام قىلىنغان زەنجىۋىلدىن بىر
تەخسە ئەكىردى. باۋيۇي ئۇنىڭدىن بىر پارچىلا يېدى، ئاندىن
چىڭۋېنگە سۆز جېكىلەپ قويۇپ، دەرهال جيا ئانىنىڭ يېنىغا
چىقىپ كەتتى.

جيا ئانا تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى، باۋيۇينىڭ تالاغا
چىقىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ، كىرىشىگە
رۇخسەت قىلدى. باۋيۇي جيا ئانىنىڭ كەينىدە باۋچىنىنىڭ يۇزى-
نى تامغا قىلىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. جيا ئانا باۋيۇينىڭ
ئۇچىسىدىكى قىزغۇچ سېرىق يۇڭ چەكمەندىن تىكىلگەن پەيكان
يەڭلىك كەمزۇل، كالاۋۇتۇندىن كەشتىلىك قۇلپى، رەڭ تاۋار-
دىن جىيەك تۇتۇپ قىزىل مۇۋۇتتا تىكىلگەن قاتار پۆپەكلىك
تۇرمىنى كۆرۇپ سورىدى:

— قار يېغىۋاتامدۇ؟

— هاۋا تۇتۇق، تېخى قار ياغمىدى.

— تۇنۇگۇنكى توز پەرىدىن توقۇلغان يېپىنچىنى ئېلىپ
چىقىپ بەرگىن، — دەپ جيا ئانا يۇەنياڭنى بۇيرۇدى. يۇەنياڭ
«خوش» دەپ كىرىپ كېتىپ، يېپىنچىنى ئېلىپ چىقتى.

باۋيۇي قارىغۇدەك بولسا، يېپىنچىنىڭ مامۇقلىرى ئالتۇن-
دەك يالت ـ يۇلت قىلىپ، ئاق تىۋىتلىرى كۆزنى چاقنىتىپ
تۇراتتى. جيا ئانا:

— بۇنى «توز زەرباب» دەيدۇ، بۇ رۇسيىدە توز مامۇقىدىن ئىگىرىلگەن يىپتا توقۇلغان، — دېدى كۇلۇپ.
باۋيۇي بىر قېتىم باش ئۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى يېپىنىۋالدى.
— ئاۋۋال ئاناڭغا كۆرسىتىپ، ئاندىن بارغىن، — دېدى جيا ئانا كۇلۇپ.
باۋيۇي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كىيىمنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا كۆرسەتتى، ئاندىن يەنە باغقا قايتىپ كىرىپ، چىڭۋېن، شېيۆلەرگىمۇ كۆرسىتىپ بولۇپ، يەنە جيا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەلۇم قىلدى:
— ئانامغا كۆرسەتسەم، ساڭا زايە كېتىپتۇ، ئاياپ كىيىگىن، بىزەپ قىلىۋەتمە، دېدى.
— مۇشۇ بىر دانىسىلا قالغان، بىزەپ قىلىۋەتسەڭ، بۇنىڭدىن باشقىسى يوق. ھازىر ساڭا ئالاھىدە مۇشۇنداقتىن تىكتۇرۇپ بەرگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى جيا ئانا ۋە يەنە تاپىلاپ قويدى، — شارابنى كۆپ ئىچمە، بالدۇرراق قايتىپ كەل.
باۋيۇي كەينى ـ كەينىدىن «خوش ـ خوش» دەپ، ئىنىگە بىلەن چىقىپ كەتتى.
چىڭۋېن دورا ئىچىسىمۇ، كېسىلى ساقايمىغاچقا جىلە بولۇپ:
— خەقنى ئالداپ پۇل ئېلىشنىلا بىلىدۇ، كىشىگە تۈزۈك بىرەكىمۇ دورا بەرمەيدۇ، — دەپ تېۋىپقا كايىغىلى تۇردى.
— مىجەزىڭ بەك ئىتتىك سىڭىلىڭ، — دەپ كۇلدى شېيۆ، — «كېسەل پىلدەك كېلىپ، قىلدەك كېتىدۇ» دېگەن ماقال بار. ئۇ دېگەن ئەۋلىيالار پىرى ياسايدىغان ھۇببى ناياپ ئەمەس. ئۇنداق خاسىيەتلىك دورا نەدە بار ئىكىنتاڭ. بىرنەچچە كۈن جىم يېتىپ داۋالانساڭ ساقىيىپ كېتىسەن. ئىچىڭ تىتىلدىغانسېرى ئۈزۈك ئاۋارە بولىسەن.
— باشلىرىنى نەگە تىقىۋېلىشتىكىن بۇ بىرنېمىلەر! —

دەپ چۆرە قىزلارنى كايىشقا باشلىدى چىڭۋېن، — مېنىڭ ئاغرىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، غەم تارتماي چىقىپ كېتىشىپتۇ. خەپ، ئەتە - ئۆگۈن ساقايغىنىمدا، بىر - بىرلەپ تېرەڭلارنى تەتۈر سويمايدىغان بولسام!

چىڭۋېن باياتىن چېچىلىپ، تېرىكىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېخىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، خېلىغىچە پەرىشان بولۇپ، چىراغ يورۇتىدىغان چاغدىلا سەل ئارام تاپتى. شۇ چاغدا باۋيۈي «ھەي ئىسىت» دېگىنىچە تاقىلداپ كىرىپ كەلدى. شېيۆ نېمە بولغانلىقىنى سورىۋېدى:

— مۇنۇ يېپىنچىنى بۈگۈن چوڭ ئانام ئامراقلىقى تۇتۇپ كېتىپ ماڭا بەرگەن ئىدى، — دېدى باۋيۈي، — دىققەتسىزلىك قىلىپ، كەينى پېشىدىن بىر يېرىنى كۆيدۈرۈۋالدىم. ھېلىمۇ ياخشى، كەچ كىرىپ قالغاچقا، بۇنى چوڭ ئانامۇ، ئاناممۇ بىلمەي قالدى، — ئۇ شۇنداق دەپ يېپىنچىنى سالدى.

شېيۆ يېپىنچىنى كۆردى، دېگەندەك تىرناقچە يەر كۆيۈپ كېتىپتۇ.

— ھەرقاچان قول ئوتداندىن ئۈچقۇن چاچراپ كەتكەن نېمە، — دېدى شېيۆ، — ھېچقانچە ئەمەس ئىكەن، بىر كىمدىن ئاستا تالاغا چىقارتىپ، توقۇپ يامىيالايدىغان ئۇستىغا توقۇتۇۋەتسەكلا بولۇۋېرىدۇ.

شېيۆ ئۇنى بوقچىغا ئوراپ، خىزمەتكار ئاياللاردىن بىرىنى قىچقىرىپ:

— تاڭ ئاتقۇچە پۈتكۈزۈپ بولسۇن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم زادىلا ئۇقمىسۇن، — دەپ تاپىلىدى.

خىزمەتكار ئايال كېتىپ، خېلىدىن كېيىن يېنىپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— توقۇپ - يامايدىغان ئۇستا تۆگۈل، ئۇستا تىككۈچى، كەشتىچى ۋە ئاياللارنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلاردىن سورىدىم،

ھېچقايسىسى بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ياماشقا ھۆددە قىلالمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى شېيۆ، — ئەتە كىيمەيلا قويسۇن.

— *ئەتە ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى،* — *دېدى باۋيۈي،* — چولڭ ئانام بىلەن ئانام مۇشۇنى كىيىپ چىقسەن، دېگەن. كىيگەن كۈنىلا كۆيدۈرۈپ قويسام، ئەرۋايى ئۇچامدۇ كىشىنىڭ!

چىڭۋېن خېلىغىچە بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ، ئاخىر چىدىمىدى - دە، يېنىغا ئۆرۈلۈپ:

— ئەكېلىڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ، — بۇنى كىيىشكە نېسىپ بولماپتىكەن، شۇ تاپتا تىت - تىت بولۇپ كەتكىنىنى بۇنىڭ.

— بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى باۋيۈي ۋە يېپىنچىنى چىڭۋېنگە بەردى.

چىڭۋېن چىراغنى ئەكېلىپ، يېپىنچىغا يەنە بىرقۇر سەپ-سېلىپ چىقتى ۋە:

— توز ماھۇتتىن ئىگىرىلگەن كالاۋۇتۇندا توقۇلغان ئىكەن. بىزمۇ ئاشۇنداق كالاۋۇتۇندا پەتلە ئەتكەندەك قويۇق يۆمەپ قويساق، ئانچە بىلىنمەي قېلىشى مۇمكىن، — دېدى كۈلۈپ.

— ئۇنداق كالاۋۇتۇنغۇ بار، لېكىن بۇ يەردە سەندىن باشقا كىم يۆمىيەلەيدۇ؟ — دېدى شېيۆ كۈلۈپ.

— بوپتۇ، جېنىمنىڭ بېرىچە تىرىشىپ باقاي، — دېدى چىڭۋېن.

— ئۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ — دېدى باۋيۈي دەرھال، — ئەمدىلا ياخشى بولاي دېگىنىڭدە، ئىش قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟

— سىز كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ كۆيۈنۈپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى چىڭۋېن كۈلۈپ. شۇ گەپ بىلەن چىڭۋېن ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، چاچلىرىنى تۈزەش-

تۇرۇپ، كىيىمىنى يېپىنچاقلىدى، لېكىن بېشى قېيىپ، كۆز-لىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ، زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. قىلماي دېسە، باۋيۇينى تىتىلداپ كېتەرمىكىن دەپ، نائىلاج چىشىنى چىشلەپ ئىشلەشكە تۇتۇندى، شېيۇنى يىپ ئىگىرىشكە جورىدى. چىڭژېن ئاۋۋال يىپتىن بىر تال ئېلىپ سىلىشتۇرۇپ باقتى:

— ئۆزىدەك بولسىمۇ، يامىسا ئاسانچە بىلىنمىگۈدەك، — دەپ كۈلدى چىڭژېن.

— مانا بۇ ياخشى بولدى، — دېدى باۋيۇي، — بولمىسا، ئورۇس تىككۈچىنى نەدىن تاپاتتۇق.

چىڭژېن ئاۋۋال ئەستىرىنى سۆكۈپ، تەتۈرىنى پىيالىنىڭ ئاغزىچىلىك بامبۇك كەرگۈگە تارتتى. تۆشۈكنىڭ چۆرىسىنى ئالتۇن پىچاق بىلەن قىرىپ بۇرۇت چىقاردى، ئاندىن كېيىن يىڭنە بىلەن بىر - ئىككى يۆمەپ بېقىپ، ئۆرۈش ئارقاقلىرىنى پەرق ئېتىۋالدى. پەتلە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاۋۋال تېگىنى يۆمەپ چىقتى، ئاندىن گۈلى بىلەن قايتا توقۇدى. بىر - ئىككى يىڭنە سانجىپ، يەنە قاراپ باقتى، تۆت - بەش يىڭنە سانجا - سانجمايلا بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ياستۇققا قىڭغىيىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالاتتى.

باۋيۇي يېنىدا تۇرۇپ، بىردەم «قايناقسۇ ئىچىپ باقامسەن؟» دەپ سورىسا، بىردەم «دەم ئېلىۋال» دەيتتى. بىردەمدىن كېيىن تېيىن يېپىنچىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۇچىسىغا يېپىپ قويسا، يەنە بىردەمدىن كېيىن ياستۇقنى ئۇنىڭ بېلىگە يۆلەپ قوياتتى.

— ۋاي كىچىك بۇزرۇكۋارىم، ئۇخلاۋەرسىلىچۇ، يەنە مۇشۇنداق يېرىم كېچە جاپا تارتسىلا، ئەتە كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپلا كەتسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدىغان گەپ؟ — دەپ يالۋۇردى چىڭژېن جىلە بولغىنىدىن.

ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن باۋيۇي ئاخىرى ئۇخلاشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى.

سائەت تۆت قېتىم داڭ قاقتى، چىڭۋېن شۇ چاغدىلا ئاران ياماپ بولدى، كۆتۈرۈلۈپ قالغان مويلىرىنى كىچىك چوتكا بىلەن چوتكىلىۋەتتى.

— ئوبدان بوپتۇ، سىنچىلاپ قارىمىسا، پەرق ئېتەلمەيدۇ، — دېدى شېيۆ.

باۋيۇي دەرھال قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى. چىڭۋېن بىرنەچچە قېتىم تۈتۈلۈپ كېتىپ، مىڭ تەسلىكتە ياماپ تۈگەتتى.

— ياماشنىغۇ يامىدىم، ئەمما ئۆزىدەك بولمىدى، مەنمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلالمايمەن، — دېدى چىڭۋېن ۋە، — ۋايجان، — دېدى ـ دە، ئۆزىنى ياستۇققا تاشلاپ ئۇخلاپ قالدى.

## 19 ـ باب ئەقىللىق زىجۈەننىڭ ئىشق سۆزلىرى بىلەن تەنتەك قاشتېشىنى سىنىغانلىقى

بىر كۈنى باۋيۇي بامبۇكزار سارايىغا باردى، دەييۇي چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىدى. باۋيۇي ئۇنى ئويغىتىۋەتمەي دەپ، دەھلىزدە ئىش تىكىپ ئولتۇرغان زىجۈەننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— تۈنۈگۈن ئاخشام يۆتىلى خېلى پەسلەپ قالغاندۇ؟

— پەسلەپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى زىجۈەن. باۋيۇي ئۇنىڭ يۇمشاق دارايىدىن تىكىلگەن نېپىز مەشۈت پاختىلىق چاپان، تېشىغا قارا تاۋاردىن جىلىتكە كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بەكمۇ يىلىڭ كىيىنىۋاپسەنغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تازا شامال تېگىدىغان يەردە ئولتۇرۇۋاپسەن. ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، سەنمۇ ئاغرىپ يېتىپ قالساڭ تېخىمۇ تەس بولىدۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن پارىڭىمىز بولسا قىلىشايلى، ئەمما قول تەگكۈزمەيلى، — دېدى زىجۇەن ، — ئادەم دېگەن يىلدىن-يىلغا چوڭ بولىدۇ، كىچىك بالىدەك قىلىق قىلغان بىلەن، بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، ئىززەت قىلمايدىغان بولۇۋالىدۇ. يۈزى قارىلىق قىلىدىغان بىرنېمىلەرنىڭ كەينىلىرىدىن گەپ قىلىشى-دىن ئېھتىيات قىلسىلا، سىلە ھەمىشە بىپەرۋالىق قىلىپ، كىچىك چاغلىرىدىكىدەكلا قىلىق قىلىۋەرسىلە قانداق بولىدۇ؟ دەييۈي خېنىم بىزگە دائىم، سىلە بىلەن چاقچاقلاشماسلى-قىمىزنى جېكىلەپ تۇرىدۇ. يېقىندىن بۇيان خانقىزنى يوقلاپ كىرگەنلىرى بىلەن، ئۇ سىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغانسېرى ھېچلا نېرى بولالماي يۈرۈيدىلا، — زىجۇەن شۇنداق دېگەن پېتى ئور-نىدىن تۇرۇپ يىڭنە - يىپلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا باشقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

باۋيۈي بۇ ئەھۋالدىن خۇددى ئۇستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك بولۇپ، ئالدىدىكى بامبۇك كۆچىتىگە قاراپ قېتىپلا قالدى. ئۇ بىرپەستىلا خۇدىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، قورام تاشنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قالدى - دە، خىيالغا چۆمۈپ ئىختىيارسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى، ئۇيان - بۇيان ئويلاپ ئويىنى ھېچ باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. شۇ ئەسنادا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىدىن ئادەمگىياھنى ئېلىپ كېلىۋاتقان شۇبىيەن شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇرۇلۇپ قارىشىغا، شاپتۇل تۈۋىدىكى تاشنىڭ ئۇستىدە بىركىمنىڭ ئېڭىكىنى يۆلەپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەل باۋيۈي ئىدى. شۇبيەن باۋيۈينىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىلا؟
باۋيۇي شۇبيەننى كۆرۈپ:
— مېنى نېمىشقا ئىزدەپ كەلدىڭ؟ سەن قىزلاردىن ئەمەس-مىدىڭ - يا؟ ئۇ گەپكە قالماسلىق ئۈچۈن سىلەرنى ماڭا يولـ-ماڭلار، دېگەن تۇرسا، سەن مېنى يەنە ئىزدەپ كەپسەن. ناۋادا ئىككىمىزنى بىرى كۆرۈپ قالسا، يەنە گەپ بولمامدۇ؟ شۇڭا، تېزرەك ئۆيگە قايت.
شۇبيەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەتىمالىم ئۇ يەنە دەييۇيدىن ئازار يېگەن ئوخشايدۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئادەمگىياھنى زىجۈەنگە بەردى. زىجۈەن ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ئاغىچا خېنىم نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟
— ئاغىچا خېنىممۇ چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىكەن، شۇڭا مۇشۇ كەمگە قالدىم. دەييۇي خېنىمغۇ تېخىچە ئويغانمىغان بولغىيدى، باۋيۇينى كىم خاپا قىلغاندۇ؟ تالادا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.
زىجۈەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال سورىدى:
— قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟
— ئەترەپشان شىپاڭنىڭ كەينىدىكى شاپتۇل تۈۋىدە، — دېدى شۇبيەن.
زىجۈەن بۇنى ئاڭلاپلا، ئالمان - تالمان قولىدىكى يىپ - يىڭنىنى قويۇپ، شۇبيەنگە:
— سەن مەشەدە ئولتۇرۇپ تۇر، خېنىم مېنى سوراپ قالسا، ھازىرلا كېلىدۇ، دەپ قويغىن، — دېدى - دە، بامبۇك-زار سارايدىن چىقىپ، باۋيۇينى ئىزدەپ ماڭدى، باۋيۇينىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلگىنىچە:
— مەن ھەممىمىزنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئاشۇ گەپنى قىلىۋې-دىم. ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ، بۇ شامالىق يەرگە كېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىرى نېمىسى، ئاغرىپ - تارتىپ قالسىلا قانداق

بولىدۇ؟

— كىم خاپا بوپتۇ! — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — سېنىڭ گېپىڭ ئورۇنلۇق بولغىنى ئۈچۈن ئويلىنىپ قالدىم. بۇلار بۇنداق دەۋاتقان يەردە، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق دېيىشى تۇرغان گەپ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، ھەممە خەق مەندىن بىزار بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئولتۇردۇم.

زىجۈەن ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇۋېدى، باۋيۇي كۈلۈپ ئۇنىڭغا:

— بايا ئۇدۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ گەپ قىلسام مېنىڭدىن قېچىۋىدىڭ، ئەمدى يېقىنىمغا كىرىپ ئولتۇرىسەنغۇ؟ — دېدى.

— ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى زىجۈەن، — قايسى كۈنى سىلە ئاكا - سىڭىل ئىككىڭلار گەپلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىرىڭدا، جاۋ كىچىك ئاپام كىرىپ قېلىپ، دەييۈي خېنىمغا «قارلىغاچ چاڭگىسى» دەپ گەپنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ، ئايغىنى دېمىگەنىدىلە. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىدىلا، مەن سىلىدىن شۇنى سوراي دەپ يۈرەتتىم.

— بۇ ئانچە مۇھىم ئىش ئەمەس. دەييۈي سىڭلىم قارلىغاچ چاڭگىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي يېيىشكە توغرا كېلىپ، چوڭ ئانامغا گەپنىڭ ئازراق ئۈچىنى چىقىرىپ قويۇۋىدىم، چوڭ ئانام فېڭجيې ئاچامغا دېگەن ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام سىلەرگە كۈنىگە بىر سەر قالىغاچ چاڭگىسى بېرىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپمۇ تۈگىدى، — دېدى باۋيۇي.

— سىلە دەپتىكەنلا - دە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نېمانداق ھەر كۈنى بىر سەر قارلىغاچ چاڭگىسى ئەۋەتكۈزۈپ بېرىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولۇۋىدۇق، — دېدى زىجۈەن.

باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنى ھەر كۈنى يەۋەرسە، ئىككى - ئۈچ يىلغىچە ئۈزۈلدۈرمەي يېسە، چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ.

— بۇ يەردە ئۇنى يەپ ئۆگىنىپ قالسا، كېلەر يىلى ئۆيگە قايتىپ كەتكەندە، ئۇنى سېتىۋېلىپ يەيدىغانغا بىكار پۇل نەدى-كەن؟ — دېدى زىجۇەن. باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئالدىراپ سورىدى:

— كىم قايتىپ كەتمەكچى؟

— سىڭلىلىرى سۇجۇغا كەتمەكچى، — دېدى زىجۇەن.

— يەنە قۇرۇق گەپ قىلغىلى تۇردۇڭ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئۇنىڭ يۇرتى سۇجۇ بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ قارايدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، بۇ يەرگە ئالدۇرۇ-ۋالغان تۇرساق، كېلەر يىلى قايتىپ كەتسە، كىمنىڭكىگە باردۇ؟ دېمەك، سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن.

زىجۇەن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى:

— سىلە خەقنى بۆلەكچىلا كەمسىتىدىكەنلا. يالغۇز سىلەر-نىڭ جيا خانىدانىڭلارلا كۆپ جەمەت، كۆپ جانلىق ئىكەن-دە، باشقا ئادەمنىڭ بىرلا ئاتا - ئانىسى بولۇپ، باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق - ۋۇجۇدى بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ بىزنىڭ خانقىزنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئانىسىدىن كىچىك قالدى، گەرچە تاغىلىرى بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىغا ئوخشىمايدۇ، دەپ بۇ يەرگە ئالدۇرۇ-ۋالغان. دەيىۈي خېنىم چوڭ بولۇپ ياتلىق قىلىنغان چاغدا، ئۇنى ئەلۋەتتە لىن ئائىلىسىگە ئاپىرىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. لىن ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، ئۇلار ئەجدادىدىن تارتىپ ئوقۇ-مۇشلۇق كىشىلەر، ھەرگىزمۇ بالىسىنى تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا قارىتىپ قويۇپ، كۈلكىگە قېلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، بالدۇر بولسا كېلەر يىلى ئەتىيازدا، كېچىكسە كۈزدە قايتىپ كېتىدۇ. ناۋادا بۇ يەردىكىلەر ئاپىرىپ قويمىسا، لىن جەمەتىدىكىلەردىن بىرەرى كېلىپ ئەپكېتىدۇ. قايسى كۈنى ئاخشىمى دەيىۈي خې-نىم مېنى سىلىگە ئېيتىپ قوي، كىچىك چېغىمىزدا ئوينىغان ئويۇنچۇقلاردىن مەن سوۋغا قىلغانلىرىمنى ئەكېلىپ ماڭا قايتۇ-

رۇپ بەرسۇن، دېگەنىدى. ئۆزىمۇ سىلىنىڭ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەپ تەقلەۋاتىدۇ.
بۇ گەپ باۋيۇيگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، گويا بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. زىجۈەن ئۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى خېلىغىچە كۈتتى، ئۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا چىڭۋېن بىردىنلا باۋيۇينى ئىزدەپ كېلىپ قالدى:
— بۇ يەردىكەنغۇ، سىلىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چاقىرىتىپتۇ، — دېدى ئۇ.
— ئۇ دەييۇي خېنىمنىڭ كېسىلىنى سورىۋېدى، ئۇنىڭغا ياخشى بوپقالدى، دەپ شۇنچە دېسەممۇ ئىشەنمەيۋاتىدۇ. سەن ئۇنى ئېلىپ كەتكىنە، — زىجۈەن شۇنداق دەپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.
چىڭۋېن باۋيۇينىڭ خۇدىنى يوقىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى، باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ، يۈزىنىڭ كۆپچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى قولىدىن تارتقىنىچە ئارامبەخش ھويلىغا ئېلىپ كەلدى. شىرېن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى ۋە ئىسسىق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن قىزىپ، بەدىنى شامالداپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. باۋيۇيگە شامال تېگىپ قالغان بولسىغۇ كارى چاغلىق ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى قىمىرلىماي قادىلىپلا قالغاندەك تۇراتتى، جاۋغىيىدىن شۆلگەي ئاقاتتى، خۇدىنى بىلمەيتتى، ياستۇق قويۇپ بەرسە ئۇخلايتتى، يۆلىسە ئولتۇراتتى، چاي قۇيۇپ بەرسە ئىچەتتى. ئەتراپىدا تۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، پايپېتەك بولۇشتى، دېۋەڭلىك قىلىپ جيا ئانىغا مەلۇم قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى، ئالدى بىلەن لى ئىنىگئانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشتى.
لى ئىنىگئانا كېلىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ باقتى. ئۇ جاۋاب بەرمەيتتى، تومۇرىنى

تۇتۇپ كۆردى، ئۇستۇنكى كالپۇكىدىكى ئاراچىنى بىر - ئىككى چىمداپ قويدى، تىرناق شۇنچە پىتىپ كەتسىمۇ، ئۇ ئاغرىقنى سەزمەيتتى. بۇنى كۆرۈپ، لى ئىنىگئانا:

— ۋاي بولماپتۇ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، بېشىنى تۇتۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. شىرىن ھودۇقۇپ كېتىپ موماينى تارتىشتۇرۇپ:

— ۋاي ئانىكا، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرمۇ، ئەمەسمۇ، بىزگە ئېيتسىلا، بىز بېرىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلايلى، بىكاردىن - بىكارغا نېمانداق يىغلايدىلا؟ — دېدى.

— ئەمدى بولالمىغۇدەك، ئىسىت، ئۇنى شۇنچە باققانىدىم! — لى ئىنىگئانا ھەدەپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ياستۇق قۇچاقلاپ يىغلايتتى. شىرىن ئۇنى كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك دەپ چاقىرىتىپ كەلگەنىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇنداق دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ راست ئوخشايدۇ، دەپ ئىشەندى - دە، ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ يىغلىغىلى تۇردى.

چىڭۋېن شىرىنگە ئۆزىنىڭ بايا كۆرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شىرىن بۇنى ئاڭلاپلا ئالمان - تالمان بامبۇكزار سارايغا كەلدى. زىجۇەن دەيىۈيگە دورا ئىچكۈزۈۋاتاتتى، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىنلا، زىجۇەننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن بايا باۋيۈيگە نېمىدېگەن ئىدىڭ؟ سەن بېرىپ ئۇنىڭ قانداق ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ باق، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا ئۆزۈڭ مەلۇم قىل، مېنىڭ كارىم يوق! — دېدى - دە، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

دەيىۈي شىرىننىڭ چىرايىدىكى بۇنداق ھودۇقۇش ئارىلاش غەزەپنى، كۆزلىرىدىكى ياش يۇقىنى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى مۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ تەشۋىشلەندى - دە:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى. شىرىن ئۆزىنى بىرئاز

بىسىۋېلىپ، يىغلىغىنىچە:

— زىجۇەن خان ئاغىچا ئۇنىڭغا نېمىدېگەن بولغىيتىكىن. تاڭ، ئۇ ھاماقەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۈت - قوللىرىمۇ مۇزلاپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي ياتىدۇ، لى ئانىكام چىمداپ باقسىمۇ ھېچنېمىنى سەزمەي نىمجان بولۇپ ياتىدۇ! ھەتتا لى ئانىكاممۇ ئىش چاتاق، دەپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتىدۇ. بۇ چاغقىچە ئۆلۈپمۇ قالدىمىكىن تېخى!

دەيىيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لى ئىنىكئانا كۆپنى كۆرگەن كادالڭ ئايال، ئۇ تۇگىدى دېگەن بولسا راستىنلا تۇگىگەن ئوخشايدۇ، دەپ «ھۆ» دېيىشى بىلەنلا، ئىچكەن دورىلىرىنى قۇسۇۋەتتى - دە، قاتتىق يۆتىلىپ تېلىقىپ قالدى، چىرايى كۆكىرىپ، كۆزلىرى چىڭقىلىپ، دىمىغى سىقىلىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. زىجۇەن ئىتتىك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ دۈمبىسىگە ئاستا ئۇردى. دەيىيۈي ياستۇقنى قۇچاقلىغىنىچە بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن زىجۇەننى ئىتتىرىپ تۇرۇپ:

— دۈمبەمگە ئۇرمايلا قوي! ئۇنىڭدىن كۆرە بوينۇمغا سىرتماق سېلىپ بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ تۈزۈك، — دېدى.

— ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلغىنىم يوق، قىلغىنىم پەقەتلا بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاق گەپ، شۇنى راست دەپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى زىجۇەن.

— سەن ئۇنىڭ ھەرقانداق چاقچاق گەپكە راست دەپ ئىشىنىپ قالىدىغان سارالڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟ — دېدى شىرېن.

— سەن ئۇنىڭغا نېمە دېگەن؟ — دېدى دەيىيۈي، — ماڭ، چاپسان بېرىپ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قوي، بەلكىم ھوشىغا كېلىپ قالار.

زىجۇەن دەررۇلا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، شىرېن بىلەن ئارامبەخش ھويلىغا ئۆتتى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتار-

لىقلار قاچانلاردىدۇر بۇ يەرگە كېلىپ بوپتىكەن. جيا ئانا زىد-جۇەننى كۆرۈشى بىلەنلا، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى ياندى ـ دە، تىللاپلا كەتتى:

— هوي جۇۋاينىمەك، ئۇنىڭغا نېمىدېگەنىدىڭ؟

— بىرنەچچە چاقچاق گەپ قىلىشۋېدىم، ئۇنىڭدىن باشقا هېچقانداق گەپ بولۇنمىغان، — دېدى زىجۇەن ئېتتىكلا. كىم-نىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن، باۋيۇي زىجۇەننى كۆرۈپلا «ۋايجان» دەپ ۋارقىراپلا يىغلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ يۈرد-كى جايىغا چۈشتى. جيا ئانا باۋيۇينى زىجۇەن رەنجىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، زىجۇەننىڭ قولىدىن تارتىپ، تىزلىد-نىپ باۋيۇيدىن ئەپۇ سوراشقا بۇيرۇق قىلدى. لېكىن، باۋيۇي زىجۇەننىڭ قولىدىن كاپلا تۇتۇۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمەي:

— كەتسەڭلار، مېنى بىللە ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى.

باۋيۇينىڭ بۇ سۆزىنى هېچكىم چۈشىنەلمەي، كېيىن زىد-جۇەندىن تەپسىلىي سوراپ، زىجۇەننىڭ دەييۇي سۇجۇغا قايتىپ كېتىدۇ، دېگەن بىر ئېغىز چاقچىقىدىن ئۇنىڭ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىشتى. جيا ئانا كۆز يېشى قىلىپ:

— مەن تېخى بىرەر چوڭ ئىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن! بايا ئۇنى مۇشۇ هالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان بىر ئېغىز چاقچاق گەپ ئىكەن ـ دە، — دېدى، ئاندىن يەنە زىجۇەنگە قاراپ، — قارا سېنى، ئەقىللىق، زېرەك ئىدىڭغۇ، ئۇنىڭ تەلۋىلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىكاردىن ـ بىكار ئۇنى ئالداپ، نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى. شۇ هامما ئاچا جيا ئانىغا تەسەللى بېرىپ:

— باۋيۇي باغرى يۇمشاق بالا، دەييۇي قىز بۇ يەرگە كىچىك كېلىپ، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى بىر ئۆيدە چوڭ بولۇشقان. نەشتەر ئۇرغاندەك قىلىپ، بىركىمنى كېتىدىغان بولدى، دېسە، باۋيۇيدەك باغرى يۇمشاق گۆدەك بالىغۇ بۇياقتا

تۇرسۇن، باغرى قاتتىق چوڭ ئادەملەرنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. بۇ چوڭ كېسەلمۇ ئەمەس، بىر ـ ئىككى دورا ئىچسىلا تۈزىلىپ كېتىدۇ.

شۇ ئارىدا بىرى خەۋەر قىلىپ كىردى:

— لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن لەي دانىڭ ئايالى غوجامنى كۆرگىلى كەپتۇ.

باۋيۇي «لىن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا، كارىۋاتتا ئېغىناپ، غەلۋە قىلغىلى تۇردى:

— ۋاي بولمىدى، لىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنى ئالغىلى كەپتۇ، ئۇلارنى چاپسان كەتكۈزۈۋېتىڭلار!

بۇنى كۆرۈپ جىيا ئانىمۇ دەررۇلا:

— كەتكۈزۈۋېتىڭلار، — دېدى، ئاندىن يەنە ئۇنى بەزلەشكە كىرىشتى، — بۇلار لىن ئائىلىسىدىكى كىشىلەر ئەمەس. لىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن، ئۇنى ئېلىپ كېتىدىغان ئادەممۇ يوق، خاتىرجەم بولغىن!

— كىم بولسا بولسۇن، سىڭلىم لىن دەييۇيدىن باشقا ھېچكىمنىڭ فامىلىسى لىن بولمىسۇن، — دېدى باۋيۇي. جىيا ئانا:

— لىن فامىلىلىكتىن ھېچكىم كەلگىنى يوق. لىن فامىلىلىكلا ئادەم بولسا، ھەممىسىنى كەتكۈزۈۋەتتۇق، — دېدى، ئاندىن ئۇ يەنە خىزمەتكار ئاياللار بىلەن دېدەكلەرگە شۇنداق دەپ تاپىلىدى، — بۇنىڭدىن كېيىن لىن جىشياۋنىڭ ئايالى باغقا كىرمىسۇن، سىلەرمۇ «لىن» دېگەن گەپنى ئېغىزغا ئالغۇچى بولماڭلار.

خىزمەتكار ئاياللار بىلەن دېدەكلەر «خوش» دېيىشىپ، كۈلگۈسى كەلسىمۇ كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇ ئارىدا باۋيۇينىڭ كۆزى خىلمۇخىل نەقىش چىقىرىلغان تەكچىگە قويۇقلۇق ئالتۇن ھەل بېرىلگەن پەرەڭ كېمىگە چۈشـ

تى. دە، ئۇنى كۆرسىتىپ، يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى:
— ئەنە ئاۋۇ، ئۇلارنى ئالغىلى كەلگەن كېمە ئەمەسمۇ؟ قىرغاقتا ساقلاپ تۇرۇپتۇغۇ!
جيا ئانا دەرھال ئۇنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. شىرېن ئىت. تىك بېرىپ ئۇنى ئېلىۋەتتى. باۋيۈي قولىنى ئۇنىڭغا سوزدى، شىرېن بېرىۋېدى، باۋيۈي ئېلىپلا يوتقىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ:
— ئەمدى كېتەلمەيدىغان بولدى، — دېدى، لېكىن زى. جۈەننى زادىلا قويۇپ بەرمىدى.
شۇ ئارىدا بىرى كىرىپ، تېۋىپنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، جيا ئانا تېۋىپنىڭ چاپسان كىرىشىنى دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، شۆ هاما ئاچا، باۋچەي قاتارلىقلار ۋاقتىنچە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. جيا ئانا باۋيۈينىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ تېۋىپ ئۆيگە كىرىپ، جيا ئانىغا سالام بەردى، ئاندىن باۋيۈينىڭ تومۇرىنى تۇتتى. زىجۈەن نائىلاج يەرگە قارىۋالدى. ۋاڭ تېۋىپ ئۇنىڭ ئۆزىدىن قاچمىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، باۋيۈينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بو. لۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە شۇنداق دېدى:
— بەگزادىمىزغا تەگكەن كېسەل قاتتىق دەرد ـ ئەلەمدىن بولغان ھېرىسلىك كېسىلى ئىكەن. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە: بەلغەم مىزاجىدىن بولغان ھېرىسلىك بىرنەچچە تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى شۇكى، كەم ماغدۇرلۇقتىن زەئىپلىشىپ، يېگەن تائام ھەزىم بولماي، بەلغەم چىرماپ ھېرىسلىكنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىرى شۇكى، قاتتىق چېچىلىپ جۇدۇنى تۇتقانلىقتىن بىردىنلا سەپرا ئۆرلەش بىلەن ھېرىسلىككە مۇپتىلا بولىدۇ، يەنە بىرى شۇكى، قاتتىق دەرد ـ ئەلەمدىن بوغۇنۇقۇپ ھېرىسلىك قوزغى. لىدۇ. مەزكۇر بەلغەم مىزاجىدىن بولغان ھېرىسلىك كېسىلى قاتتىق دەرد ـ ئەلەم ۋەجىدىن بىردەملىك بوغۇنۇقۇش سەۋەبى

بىلەن بولغان كېسەل ئىكەن، بۇ كېسەل يۇقىرىدا ئېيتىلغانلىرىدىن يەڭگىلرەك.

— بۇ كېسەل خەتەرلىكمۇ ـ قانداق، كىم سىزنى دورا كىتابىنى يادلاپ بەرسۇن دەپتۇ؟ — دېدى جىيا ئانا. ۋاڭ تېۋىپ ئالدىراپ جىيا ئانىغا تەزىم قىلىپ، كۈلگەن پېتى:

— خەتەرلىك ئەمەس، خەتەرلىك ئەمەس، — دېدى.

— راستىنلا خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا.

— راستىنلا خەتەرلىك ئەمەس، بۇنى كەمىنىلىرى ھۆددىگە ئالالايمەن، — دېدى ۋاڭ تېۋىپ.

— ئەمىسە، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ دورا يېزىپ بېرىڭ، — دېدى جىيا ئانا، — ئەگەر بەرگەن دورىڭىز شىپالىق بەرسە، سىزگە ئايرىم سوۋغات تەييارلاتقۇزۇپ، نەۋرەمنى ئالدىڭىزغا رەھمەت ئوقۇپ باش قويۇشقا ئەۋەتىمەن. ناۋادا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالسا، ئادەم ئەۋەتىپ خانلىق شىپاخانىنىڭ داتاڭلىرىنى بۇزدۇرۇۋېتىمەن.

ۋاڭ تېۋىپ نەچچە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ، ھىجىيىپ:

— ھەشقاللا، رەھمەت، — دەۋەتتى. ئۇ جىيا ئانىنىڭ: «ئايرىم سوۋغات تەييارلاتقۇزۇپ باۋيۈينى باش قويۇشقا ئەۋەتىمەن» دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلاپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي، «ھەشقاللا، رەھمەت» دەۋەردى. لېكىن، ئاخىرىدىكى «خانلىق شىپاخانىنى بۇزدۇرۇۋېتىمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىماي قېلىپ، ئۇنىڭغىمۇ «ھەشقاللا، رەھمەت» دەۋەرگەچكە، جىيا ئانا باشلىق ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، دورا قەغىزى بويىچە دورا تەييارلىتىپ، باۋيۈيگە ئىچكۈزۈۋۈدى، دېگەندەكلا باۋيۈي بۇرۇنقىدىن خېلى تىنچىپ قالدى، لېكىن ئۇ زىجۈەننى زادىلا قويۇپ بەرگۈسى كەلمىدى.

— ئەگەر بۇنى قويۇپ بەرسەم، ئۇلار سۇجۇغا كېتىپ قالىدۇ، — دەيتتى ئۇ.

جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم نائىلاج زىجۇەننى باۋيۈي-نىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەييۈينى كۇتۇشكە خۇپونى ئەۋەتتى. دەييۈي شۈبيەننى باۋيۈينىڭ ئەھۋالىنى ئۇ-قۇشقا پات - پات ئەۋەتىپ تۇردى. بۇ يەردىكى ئىشلار ئايىغلاش-قاندىن كېيىن، دەييۈي كۆڭلىدە ئازابلاندى. كەچتە باۋيۈي بىر ئاز ئارام تاپقاچقا، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار قايتىپ كېتىشتى. كېچىچە بىرقانچە رەت ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. لى ئىنىكئانا باشچىلىقىدا بىر-نەچچە ياشانغان مومايلار باۋيۈيگە كۆڭۈل قويۇپ قاراشتى، زى-جۇەن، شىرېن، چىڭۋېنلەر كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدىن ئايرىلمىدى. بەزىدە باۋيۈي ئۇخلاۋېتىپ چۆشە-كەپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. يا يىغلاپ دەييۈي كېتىپتۇ، دەپ نالە قىلاتتى، يا بولمىسا، ئۇنى ئالغىلى ئادەم كەپتۇ، دەپ جۆيلۈيتتى. ھەر قېتىم جۆيلىگەندە، زىجۇەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرسە، ئاندىن تىنچلىناتتى.

ئەتىسى باۋيۈي يەنە ۋاڭ تېۋىپنىڭ دورىسىنى ئىچتى، بۇ-نىڭ بىلەن ئۇ ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا باشلىدى. باۋيۈي كۆڭ-لىدە ھەممىنى بىلىپ ياتاتتى، زىجۇەننىڭ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قەستەن شۇنداق تەلۋىلىك قىلغانىدى. زىجۇەنمۇ قىلغان چاقچى-قىغا شۇ كۈندىن باشلاپ قاتتىق پۇشايمان يېدى، باۋيۈينىڭ يېنىدىن نېرى بولالماي كېچە - كۈندۈز جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن زادىلا ئاغرىنمىدى. كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇپ قالغان شىرېن زىجۇەنگە قاراپ ھىجىيىپ:

— ئۆزۈڭ تاپقان بالانى ئۆزۈڭ كېلىپ داۋالىغىنىڭ ئوبدان بولدى. بىزنىڭ ئەخمەق غوجىنىڭ سۇنى كۆرمەي پۇچقاق تۇرۇ-دىغانلىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلى-

شارمىز كىنتالڭ، — دېدى.

شۇ كۈنلەردە شياڭيۈن ساقىيىپ قالغانىدى، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ باۋيۈينى يوقلاپ تۇردى. باۋيۈينىڭ خۇدىنى بىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كېسەل چېغىدا قىلغان تەلۋىلىكلىرىنى ئۆزىگە دوراپ كۆرسەتتى. باۋيۈي ياستۇقىنى قۇچاقلىغىنىچە قاتتىق كۈلۈۋەتتى. ئەسلىدە ئۇ دەسلەپ قىلغان قىلىقلىرىنى ھەقىقەتەن بىلمەيتتى، ئەمدىلىكتە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلا-پ، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى. ئۆي دېدەكلەردىن خالىي قالغان چاغ-دا، باۋيۈي زىجۈەننىڭ قولىدىن تارتىپ:

— نېمىشقا مېنى قورقۇتتۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوينىشىپ گوللاپ قويسام، سىلە ئۇنى راست دەپ قالدىلا، — دېدى زىجۈەن.

— دېگەن گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق، راستتەك تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ چاقچاق گەپ دېگىلى بولىدۇ؟ — دېدى باۋيۈي. زىجۈەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىنى مەن توقۇغان. لىن ئائىلىسىدە ھازىر راستتىنلا ئادەم قالمىدى. بار دېگەندىمۇ ناھايىتى يىراق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىلا بار. ئۇلاردىن بىرەرى دەييۈي خېنىمنى ئالغىلى كەلگەندىمۇ، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ھەرگىز ئۇنى بەرمەي-دۇ، — دېدى.

— چوڭ ئانام ئۇنىڭ كېتىشىگە قوشۇلغان ھالەتتىمۇ مەن ئۇنىمايمەن، — دېدى باۋيۈي.

— راستتىنلا ئۇنىمامدىلا؟ ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان گەپتۇ ئۇ. ئەمدى سىلە چوڭ بولدىلا، چايمۇ ئىچكۈزۈ-لۈپ بولدى، ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆيلەنسىلە، باشقىلار كۆزلىرىگە كۆرۈنەمتى؟ — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ سورىدى:

— كىم چاي ئىچكۈزۈپتۇ؟ كىمگە چاي ئىچكۈزۈپتۇ؟

— چاغاندا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ باۋچېنغا چاي ئىچكۈزد-
مەن، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم، بولمىسا ئۇنىڭغا شۇنچە-
لىك كۆيۈنۈپ كېتەمتى؟ — دېدى زىجۈەن كۇلۇپ.

— مېنى ھەممە ئادەم ئەخمەق دېيىشىدۇ، سەن مېنىڭدىنمۇ
ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنسەن، — دېدى باۋيۈي كۇ-
لۇپ، — بۇ بىر چاقچاق گەپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى باش مىرزا
بېگىمنىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان بولۇپ چاي ئىچكۈزۈپ قويغان.
مەن مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلگەن بولسام، يۈرىكىمنى سۇغۇ-
رۇپ ئېلىپ كۆرۈپ باققان بولساڭلار، ئاندىن ئەت - پەت،
سۆڭەك - پۆڭەكلىرىم كۆيۈپ كۇلگە ئايلانسا، كۇللىرىم تۇتۇن
بولۇپ، بوران ئۇنى تەرەپ - تەرەپكە تارىتىۋەتكەن بولسا، خويمۇ
ئوبدان بولاتتى، — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

زىجۈەن دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ يېشى-
نى سۈرتتى، ئاندىن كۇلۇپ ئالدىراپ چۈشەندۈرگىلى تۇردى.

— ۋاي بولدى، ئۇنچىلا تىتىلداپ كەتمىسىلە، سىلىنى
سىناپ باققانىدىم.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— سېنىڭ نېمىگە ئىچىڭ تىتىلدايتتى؟

— سىلىگىمۇ مەلۇم، — دېدى زىجۈەن كۇلۇپ، — مەن
لىن ئائىلىسىنىڭ ئادىمى ئەمەس، مەنمۇ شىرېن، يۈەنياڭلارغا
ئوخشاش دېدەك. مېنى لىن دەيىيۈي خېنىمغا خىزمىتىگە سال-
سۇن دەپ بەرگەن. ئۇ خېنىممۇ مەن بىلەن قەۋەتلا ئوبدان
چىقىشىپ قالدى، بىر - بىرىمىزدىن بىردەممۇ ئايرىلالمايمىز.
مەن ئۇنى سۇجۇغا كېتىپ قالامدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ. ئۇ
كېتىدىغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشىم كېرەك.
مېنىڭ ھەممە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىم مۇشەدە، ئۇنىڭ بىلەن
كەتمەي دېسەم، ئىككىمىزنىڭ ئادەتتىكى مېھرىمىزنى يەرگە
ئۇرغان بولىمەن. كېتەي دېسەم، ئائىلەمدىن ئايرىلىپ كەتكۈ-

دەكمەن. مەن مۇشۇنداق ئەندىشىدە قىلىپ، ئەتىگە شۇ يالغان سۆزلەر بىلەن سىلىنى نېمە دەيدىكىن، دەپ سوراپ باققانىدىم، بۇنداق تەلۋىلىك قىلىشلىرى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن.

— بۇنىڭدىن كېيىن غەم يېمەيلا قوي، — دېدى باۋ-يۈي، — ساڭا بىرلا ئېغىز گەپ قىلاي، تىرىك بولساق بىللە ياشايمىز، ئۆلۈپ كەتسەك، بىز بىللە كۈلگە، تۈتۈنگە ئايلىنىپ كېتىمىز، سىنىڭچە قانداق؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زىجۈەن كۆڭلىگە بىرنېمىنى پۈكۈپ تۇ-راتتى، شۇ ئارىدا ئۇشتۇمتۇت خىزمەتكار ئايالدىن بىرى خەۋەر قىلىپ كىرىپ كەلدى:

— جيا خۇەن غوجام بىلەن جيا لىەن غوجام ئۆزلىرىدىن ئەھۋال سوراپ كەپتۇ.

— جاۋاپ كەپسىلە، باۋيۈي ئۇخلاپ قالدى، دەپ يولغا سېلىۋەت، — دېدى باۋيۈي. خىزمەتكار ئايال «خوش» دەپ چىقىپ كەتتى.

— سىلىمۇ تۇزلىنىپ قالدىلا، ئەمدى مېنى قويۇپ بەرسىلە، مەن بېرىپ بىزنىڭ خېنىمغا قارىسام بولاتتى، — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — مەن سېنى تۈنۈگۈن كەچتىلا قايتۇرۇۋەتمەكچىدىم، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئەمدى مەن تۈزىلىپ قالدىم، كەتسەڭمۇ بولىدۇ.

زىجۈەن ئورۇن - كۆرپىلىرىنى، پەدەز بۇيۇملىرىنى يى-غىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— پەدەز بۇيۇملىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئەينەكتىن ئىككى - ئۈچى بارلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ھېلىقى قىياق گۈللۈك ئەينەك-نى ماڭا قالدۇرۇپ كەتسەڭ، ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويسام، ئۇخلىغاندا قارايدىغانغا ياخشى، تالا - تۈزگە چىققاندا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ئىكەن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

زىجوەن ئۆنىڭ تەلپىنى يەردە قويماي ئەينىكىدىن بىرنى باۋيۇيگە بەردى، ئاندىن نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن بىرىدىن كەتكۈزۈۋې-تىپ، ئارقىدىن ھەممەيلەن بىلەن خوشلاشتى ـ دە، بامبۇكزار سارايغا قايتىپ كەتتى.

دەييۈي يېقىندىن بۇيان تولا يىغلاپ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇ-رۇۋالدى. زىجوەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلى ئوبدانلا تۈزىلىپ قالدى، خۇپونى جيا ئانىنىڭ خىزمىتىگە قايتۇ-رۇۋەتتى. ئاخشىمى ئەل ئايىغى تىنچىغاندىن كېيىن، زىجوەن كىيىملىرىنى سېلىپ ياتار ۋاقتىدا، كۇلۇپ تۇرۇپ دەييۇيگە ئاستا شۇنداق دېدى:

— باۋيۇيىنىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق ئىكەن، بىزنىڭ كېتىدى-غانلىقىمىزنى ئاڭلاپ ئاشۇنداق كېسەل بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

دەييۈي جاۋاب بەرمىدى، زىجوەن بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك بولۇپ دېدى:

— يۆتكەلگەندىن كۆرە مۇشۇ يەردە تۇرغان تۈزۈك. باشقى-سىغۇ بىر نورى، كىشىگە ئەڭ تەس كېلىدىغىنى، كىچىكىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلىشىپ بولغاندا ئايرىلىش تەس ئىكەن.

دەييۈي تۇكۇرۇپ قويۇپ:

— نەچچە كۈنىڭياقى ھارمىدىڭمۇ، ئوبدانراق ئارام ئال-ماي، يەنە نېمىدەپ ۋالاقشىيسەن! — دېدى. زىجوەن كۇلۇپ تۇرۇپ:

— مەن بىكاردىن ـ بىكارغا ۋالاقشىمايمەن. چىن كۆڭلۈمە-دىن سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەۋاتىمەن، — دېدى ۋە يەنە گېپىنى داۋام قىلدى، — بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى سىز ئۈچۈن ئاز باش قاتۇرمىدىم. ھالىڭ نىچۇك دەيدىغانغا يا ئاتا ـ ئانىڭىز، يا قوۋم ـ قېرىنداشلىرىڭىز بولمىسا، سىزنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ

كۆزى ئوچۇق ۋاقتىدا چوڭ ئىشنى پۈتكۈزۈۋېلىش مۇھىم ئىدى. «كۈزنىڭ ئاپتىپى ئۇزاققا بارمىغاندەك، ھەرقانچە تېمەن قېرىمۇ يىقىلماي قالمايدۇ». ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندا، خورلۇقتا قالارسىزمىكىن، شۇڭا ھازىر بىر مەسلىھەتكە كېلىۋالغان زۆرۈر.

— مۇنۇ قىز ئېلىشىپ قاپتىمۇ نېمە؟ — دېدى دەييۇي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا، بىردىنلا ئۆزگىرىۋاپتىغۇ؟ ئەتە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ سېنى قايتۇرۇۋەتمىسەم بولمىدى، سېنى ئىشلىتەلمىگۇدەكمەن.

— مەن سىزگە ياخشى گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى زىجۈەن كۈلۈپ، — مەن سىزنى كۆڭلىدىلا بىلىپ قالسۇن دېدىم، سىزنى ھەرگىز يامانلىق قىلسۇن دېمىدىم، — شۇ سۆز بىلەن زىجۈەن ئۇخلاپ قالدى.

دەييۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە مەيۇسلەنمەي تۇرالمىدى. زىجۈەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ كېچىچە تىك ئولتۇرۇپ يىغلاپ چىقتى، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئازراقلا كۆزىنى يۇمدى. ئەتىسى ئورنىدىن تەستە قوپۇپ، يۇز - كۆزىنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ، قارلىغاچ چاڭگىسى سالغان شوۋىگورۇچتىن ئازراق ئىچتى. بىردەمدىن كېيىن جيا ئانا قاتارلىقلار كېلىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپ تاپىلىدى.

باۋچەي بامبۇكزار سارايغا كەلدى. ئانىسىمۇ دەييۇينى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىدى.

— ئانا، سىز بۇ يەرگە قاچان كېلىۋالدىڭىز؟ كېلىشىڭىزنى ئۇقماپتىمەن، — دېدى باۋچەي.

دەييۇي باۋچەينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا:

— دۇنيادا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئىشلار بولىدىكەن، ھاما ئاچام بىلەن چوڭ تاغامنىڭ قۇدا چۇشۇپ قالغانلى-

قىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى.
— ۋاي بالام، سىلەر قىزلار بۇنداق ئىشنى نەدىن بىلەتتىڭ-لار، — دېدى شۆ هاما، — قەدىمدىن قالغان «نىكاھ غايىب» دېگەن ماقال بار. مەخسۇس نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان قەمەر بوۋاي دېگەن بىر بوۋاي بار ئىكەن. ئۇ دۇنيادىكى ئادەم-لەرنىڭ كىم بىلەن كىم جۇپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن شۇ ئادەم-لەرنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈپ، قىزىل يىپەك يىپ بىلەن بىر - بىرىنىڭ پۇتىنى چېتىپ قويىدىكەن. بۇ ئادەملەردىن بىرى مەيلى دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىدا بولسۇن ياكى باشقا ئەلدە بولسۇن ۋەياكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆچ - ئاداۋەت بولسۇن، هامان بىر كۈنى تېپىشىپ قېلىپ، ئەر - خوتۇن بولۇشىدىكەن. ئاتا - ئانىلىرى رازى بولۇپ چاي ئىچكۈزۈشكەن تەقدىردىمۇ، ھەمىشە بىر يەردە تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەگەر قەمەر بوۋاي ئىككىسىنى قىزىل يىپ بىلەن چېتىپ قويمىغان بولسا، قانچە قىلغان بىلەنمۇ بىر بولۇ-شالمايدىكەن. مەسىلەن، ئاچا - سىڭىل ئىككىڭلارنىڭ جۈپتۈڭ-لار مەشەدىمۇ ياكى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىمۇ بۇنى بىلگىلى بولماي-دۇ. قايسى كۈنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سىڭلىڭ باۋچېننى باۋيۈي-گە سورىغانىدى، قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا بۇرۇنلا چاي ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ، بولمىسا، بۇ تازىمۇ تېگى - تەكتىدىن لايىق ئىش بولاتتى. باۋچېننىڭ لايىقى بولغاچقا، مېنىڭ ئۇنى بېرىشكە ئامالىم بولمىغان بىلەن، بىرەر ئېغىز گەپنى بولسىمۇ قىلماي قويمايمەن. مېنىڭچە بولسا، ئىنىڭ باۋيۈيگە ئۇلۇغ ئاغىچا خې-نىم شۇنداق كۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇمۇ ئاجايىپ بىر بالا بولدى، ئۇنىڭغا سىرتتىن لايىق ئىزدىسە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم-نىڭ دىتىغا زادىلا ياقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە سىڭلىڭ دەييۈينى شۇنىڭغا بەرسە، گۈل ئۈستىگە گۈل قويغاندەك بولمامدۇ.
دەسلەپتە دەييۈي شۆ ھامىنىڭ گەپلىرىگە دەككە - دۈككى-دە بولۇپ قۇلاق سالدى، كېيىن گەپنىڭ ئايىغى ئۆزىگە چۈش-

كەندە، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى. شۇ ئارىدا زىجۇەن يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ھامما خېنىم مۇشۇنداق نىيەتلىرى بولسا، نېمە ئۇچۇن بۇ نىيەتلىرىنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا بىلدۈرمەيلا؟ — دېدى.

— سەن نېمە ئالدىرايتتىڭ، دەييۈي قىزىمنى چاپسانراق ياتلىق قىلىۋېتىپ، ئۆزۈڭگىمۇ بالدۇرراق يىگىت تاپماقچىمىدىڭ - يا؟ — دېدى شۇ ھامما كۈلۈپ.

زىجۇەن ئىزا تارتىپ ھۆپپىدە قىزىرىپ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھامما خېنىم راستىنلا ئۆزىنىڭ ياشانغىنىنى پەش قىلدىكەن، — دېدى - دە، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

— شۇ ھاممام مۇنداقلا سۆزلىگىنى بىلەن، ھەرھالدا ئوبدان سۆزلىدى. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئىشنى چوقۇم روياپقا چىقىرالايدۇ. شۇنىڭدا بۇ «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويۇلغاندەك ئىش بولىدۇ، — دېدى ئايال خىزمەتكارلار كۈلۈشۈپ.

— مۇشۇنداق مەسلىھەت قىلسامىلا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چوقۇم خۇش بولىدۇ، — دېدى شۇ ھامما. شۇ ئارىلىقتا بىر قىز خىزمەتكار كىرىپ خەۋەر قىلدى:

— نىڭگۇ قەسىرىدىكى چوڭ كېلىن ئاغىچا كىرىپتىكەن. ھامما خېنىمغا دەيدىغان گېپى بار ئىكەن.

شۇ ھامما ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

## 20 - باب شاھزادىنى قۇتلاپ گۈل چېھرىلەرنىڭ كېچىلىك زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكى

باۋيۈي ھۇجرىسىغا كېلىپ، شىرېنگە مەسلىھەت سالدى:

— ئاخشاملىققا شاراب ئىچىشكەندە، قورۇنۇپ ئولتۇرماي،

ھەممەيلەن تەڭ كۆڭۈل ئاچساق بولىدۇ. بۈگۈن قانداق غىزا يېسەك بولار؟ بالدۇرراق ئېيتىپ قويساڭ، ئۇلار راسكارلىقنى قىلىشۋەرسۇن.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى شىرىن كۈ-لۈپ، — مەن بىلەن چىڭۋېن، شېيۈ، چيۈۋېن تۆتەيلەن بەش مىسقالدىن، جەمئىي ئىككى سەر كۈمۈش چىقاردۇق. فاڭگۈەن، بىخېن، شياۋيەن، سىئېر تۆتى ئۈچ مىسقالدىن كۈمۈش چىقار-دى، رۇخسەت سورىغانلىرىنى ھېسابلىمىدۇق. شۇنداق قىلىپ جەمئىي ئۈچ سەر ئىككى مىسقال كۈمۈش يىغىلىشۋىدى، ليۇ يەڭگىگە قىرىق تەخسە مېۋە - گېزەك تەييارلاڭ، دەپ بۇيرۇپ قويدۇق. مەن پىڭئېرگە دېگەنىدىم، شاۋشىڭ شارابىدىن بىر كوزا بەردى، ئەپكېلىپ ئاۋۇ يەرگە تىقىپ قويدۇق. بىز سەك-كىزەيلەن يالغۇز سىزنىڭلا تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى قىلىپ بېرە-مىز.

— ئۇلارغا نەدىن كەلگەن پۇل ئىكەن؟ پۇل چىقارغۇزماس-لىق كېرەك ئىدى، — دېدى باۋيۈي خۇشاللىقىدا ئالدىراپ.

— ئۇلارنىڭ پۇلى بولمىسا، بىزنىڭ پۇلىمىز بارمى-دى؟ — دېدى چىڭۋېن، — بۇ ھەركىمنىڭ ئۆز كۆڭلى. ئۇ ئوغرىلاپ كەلگەن بولسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭ ئادىمەتچىلىكىنى قو-بۇل قىلسىلا بولىدى.

— توغرا دېدىڭ، — دېدى باۋيۈي.

— سىزچۇ، ھەركۈنى بىر - ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ ئاڭلاپ ئەدىپىڭىزنى يەپ تۇرمىسىڭىز كۈنىڭىز كۈن بولماي-دۇ، — دېدى شىرىن كۈلۈپ.

— سەنمۇچۇ، بارغانسېرى ئەسكىلىشىپ چېقىمچى بولۇپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى چىڭۋېن. بۇ گەپكە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋەتسۇن، — دېدى باۋيۈي.

— كىشىلەر سىزنى «بىكارچى ئالدىراڭغۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن، — دېدى كۈلۈپ شىرىن، — شۇ تاپتىلا دەرۋازىنى تاقىۋەتسەك، خەقلەر گۇمان قىلىپ قالىدۇ، سەل تەخىر قىلايلى.

چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولدى. هويلىغا بىر توپ ئادەم كىرىپ كېلىشتى. ئۆيدىكىلەر دېرىزىدىن قارىغانىدى، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى ۋە بىرقانچە غوجىدار ئاياللار كىرىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرى يوغان پانۇس كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— ئۇلار جېسەكچىلەرنى چارلاپ كەپتۇ، بۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دەرۋازىنى تاقىۋەتسەك بولىدۇ، — دېدى ئاستا كۈلۈپ چىڭۋېن. ئارامبەخش هويلىدا جېسەكچىلىك قىلىدىغانلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى جېسەكچىلەرگە جېكىلەپ قويدى:

— قىمار ئوينايدىغان، شاراب ئىچىدىغان، خالىغانچە يېتىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئاڭلاپ قالسام يۈز - خاتىر قىلمايمەن.

— ئارىمىزدا ئۇنداق يۈرىكى چوڭلاردىن يوق، — دەپ كۈلۈشتى جېسەكچىلەر.

— باۋيۈي غوجام ئۇخلاپتىمۇ؟

— ئۇقمىدۇق.

شىرىن دەرهال باۋيۈينى تۈرتكىلەپ قويدى، باۋيۈي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— تېخى ئۇخلىمىدىم، ئانىكا. كىرىپ بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، — دەپ قويۇپ شىرىننى چاقىردى، — شىرىن، چاي قۇي.

شۇئان چىڭۋېن چاي قۇيۇپ ئەكەلدى. ئۇ چاي ئىچىپ بولۇپ:

— ئارام ئالسىلا، بىز كېتەيلى، — دېدى.

چىكۆۋىنلەر دەرھال بېرىپ دەرۋازىنى تاقاشتى. شىرىن:

— ئېگىز جوزىنى ئىشلەتمەي، گۈللۈك ئامۇت ياغىچىدىن ياسالغان يۇمىلاق شىرەنى كاڭغا قويايلى، ئازادە ھەم ئولتۇرۇشقىمۇ ئەپلىك، — دېدى. كۆپچىلىك شىرەنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. شېيۆ بىلەن سىئېر مېۋە - چېۋە توشىغلى ماڭدى، يوغان ئىككى پەتنۇس بىلەن بەش قېتىمدا توشۇپ بولدى. ئىككى خىزمەتكار موماي چوغداننىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ شاراب ئىسسىتىۋاتاتتى.

— ھاۋا ئىسسىق، چاپانلىرىمىزنى سېلىۋەتسەك بولاتتى، — دېدى باۋيۈي.

— سىلە سېلىۋەتسىلە مەيلى، بىز تېخى قاتىرىسىغا قۇتلاش يارىشىقىنى قىلىمىز، — دېدى باشقىلار.

— مۇنداق يارىشىقنى قىلىمىز دېسەڭلار، بەشىنچى جېسەك ۋاقتىغىچە بارارمىكىن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ، — ئۇنداق چاكىنا تەكەللۇپتىن قاچىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر، يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا نائىلاج شۇنداق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ تۇرقىدا ئۇنداق چىشىمغا تېگىدىغان ئىشنى قىلىشىڭلار ياخشى ئەمەس.

— سىلىنىڭ رايىلىرىچە بولسۇن، — دېدى باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن داستىخانغا ئولتۇرمايلا، ئالدىراش - تېنەش كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىشتى. بىردەمدىلا رەسمىيانە بېزەكلەرنى ئېلىۋېتىپ، باشلىرىغا چاچلىرىنى ئاندا - مۇندىلا تۇرمەكلىۋېلىشتى، ئۈچلىرىدا يالاڭ تۇرمىلىرىلا قالدى. ئۈستىگە قىزىل چۈچۈنچە پەشمەت كىيگەن، قارا بۆرتمە گۈللۈك يېشىل دارايى شالۋۇر كىيىپ، پۇشقىنى بوغمىغان ۋە ئىشتانباغ بىلەن باغلىۋالغان باۋيۈي رەڭگارەڭ ئەتىرگۈل ۋە چوغلۇق بەرگلىرى بىلەن تولدۇرۇپ يېڭى تىكىلگەن يۇرۇن شايى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن فاڭگۇەن بىلەن چېنەك ئويۇنغا

چۈشتى. فاڭگۈەن بولسا، ئىسسىپ كەتتىم، دەپ ۋايساپ تۇراتـ-
تى، ئۇ پەشمەت كىيگەن، كۆكۈچ يېشىل بەلۋاغ ئورىۋالغان،
چاچما گۈللۈك ئاچ قىزىل شالۋۇر كىيىپ، پۇشقاقلىرىنى بوغـ-
مىغان ئىدى. چېكە چاچلىرىنى ئۆششاق ئۆرۈپ، چوققىسىغا
تۇرمىلەپ يوغان بىر ئۆرۈم قىلىپ كەينىگە تاشلىغان، ئوڭ
قۇلىقىغا يوغانلىقى گۈرۈچتەك قاشتېشى پۈگەت سانجىپ، سول
قۇلىقىغا مېغىزدەك قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن سىرغا سالـ-
غان، يۈزى تولۇن ئايدەك ئاپئاق، كۆزلىرى كۈزنىڭ سۇيىدەك
تىنىق ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقىدىن باشقىلار كۈلۈشۈپ:
— بۇ ئىككىسى قوش كېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئوخشاپ
قاپتۇ، — دېيىشتى.
شىرىن بىر ـ بىرلەپ شاراب قۇيۇپ:
— چېنەك ئويۇننى قويۇپ تۇرسىلا، قۇتلاش يارىشىقىنى
قىلمىساقمۇ، ھەرھالدا ھەربىرىمىزنىڭ قولىدىن بىر ئوتلامدىن
ئىچىپ قويسىلا، — دېدى.
ھەممىسىدىن ئاۋۋال شىرىن قەدەھنى باۋيۈيىنىڭ ئاغزىغا
سۇندى، باۋيۈي بىر ئوتلىدى، قالغانلىرىنىڭكىنىمۇ بىر ـ بىر-
لەپ ئوتلاپ چىقتى، ئاندىن ھەممەيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.
بايىقى مېۋە ـ گېزەك كەلتۈرۈلگەن قىرىق تەخسىنىڭ ھەممىسى
دىڭياۋ خۇمدىنىدا ئىشلەنگەن ئاق تەخسىلەر ئىدى. چوڭ تەخسىـ-
لەرگە ئىقلىمنىڭ تاغ ـ دېڭىزلىرىدىن چىقىدىغان سۇ ۋە قۇ-
رۇقلۇق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇق ۋە يېڭى خىللىرى بولۇپ،
شاراب ئىچىشكە لايىق كۆك گېزەك ئۇسۇلغانىدى.
— بىزمۇ شاراب تېپىشمىقى ئوينىساق ياخشى بولاتتى، —
دېدى باۋيۈي.
— ئەدەپلىكرەك بولساق، كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ ۋاراڭ ـ
چۇرۇڭ كۆتۈرمىسەك، ئىككىنچىدىن، بىز ساۋاتسىز، ئۇنداق
ئەدەبىي تېپىشماقلارنى ئىشلەتمىسەك، — دېدى شىرىن.

— شىشخال تاشلاپ، كىمنىڭ قىزىل چېكىتى كۆپ بول-
سا، شۇ ئۇتقان بولسۇن، — دېدى شېيۈ كۈلۈپ.
— شىشخالنىڭ قىزىقى يوق، ياخشى ئەمەس، چۆپتەك
ئېلىپ ئوينايلى، — دېدى باۋيۈي.
— شۇنداق قىلايلى، بالدۇرلا شۇنى ئوينىغۇم بار
ئىدى، — دەپ كۈلدى چىڭۋېن. شىرېن:
— بۇ ئويۇنغۇ ئوبدان، لېكىن ئادەم ئاز بولسا قىزىقى
بولمايدۇ، — دېدى.
— مېنىڭچە بولسا، ئاستاغىنا باۋچەي خېنىم، شياڭيۈن
خېنىم، دەييۈي خېنىملارنى تەكلىپ قىلىپ، بىردەم ئويۇن -
كۈلكە قىلىشىپ، ئىككىنچى جىسەك ۋاقتىدا ئۇخلىساقمۇ كەچ
قالغان بولمايتتۇق، — دېدى چۈنيەن كۈلۈپ.
— ئۆيمۇئۆي جار سېلىپ يۈرسەك، تۇن كۆزەتچىلىرىگە
يولۇقۇپ قېلىپ... ، — دەپلا قالدى شىرېن.
— نېمە قورقۇش، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزدى
باۋيۈي، — ئۈچىنچى خانقىزمۇ شاراب ئىچەلەيدۇ، ئۇنىمۇ تەك-
لىپ قىلىپ قويغىنىمىز ئوبدان، ئاندىن باۋچىن قىزمۇ بار.
— باۋچىن قىزنى قىچقارمايلا قويايلى. ئۇ چوڭ كېلىن
ئاغىچىنىڭ ئۆيىدە، ئۇنى چاقىرساق غەلۋىمىز ئېشىپ كې-
تەرمىكىن، — دېدى باشقىلار.
— ۋاي - ۋۇي، نېمىدىن قورقاتتۇق، چاپسان بېرىپ
تەكلىپ قىلىڭلار، — دېدى باۋيۈي.
چۈنيەن، سىئېر «هايت - هۇيت» دېگۈچە ئىشىكتىن
چىقىپ، چۆرە قىزلارنى كەينىگە سېلىپ، ئىككىسى ئىككى
تەرەپكە چاپتى.
— بۇ ئىككىسى بارغان بىلەن، ئۇلار كەلمەي قويارمىكىن،
بىز تەكلىپ قىلغىلى بارساق، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ
ئەكېلىمىز، — دېدى چىڭۋېن، شېيۈ، شىرېن ئۈچىسى. شۇ-

نىڭ بىلەن شىرىن، چىڭگۈيىن ئىككىسى خىزمەتكار مومايغا پانۇس كۆتۈرتكۈزۈپ چىقىپ كەتتى. دەرۋەقە دېگەندەك باۋچەي «كەچ بولۇپ كەتتى» دېدى، دەييۇي «مىجەزىم يوق» دېدى. شىرىن بىلەن چىڭگۈيىن «ھەرقانداق بولمىسۇن، ئازراق يۈزىمىزنى قىلىپ، بىرىپ بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بەرسىلە» دەپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئېلىپ كېلىشتى، بۇنى ئاڭلاپ تەنچۈنمۇ خۇش بولدى. لى ۋەننىڭ تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىنى ئۆزى ئاڭلاپ قالسا، ياخشى بولماس دېگەن يەرگە كېلىشىپ، سۈيمۇنى چۈنيەن بىلەن بىرىپ، لى ۋەن بىلەن باۋچىننى تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى. تەكلىپ قىلىنغانلار كەينى ـ كەينىدىن ئارامبەخش ھويلىغا يىغىلىشتى. شىرىن بىرنېمە قىلىپ يۈرۈپ شياڭلىڭگىمۇ سۆرەپ ئەكەلدى. ئۇلار كاڭغا يەنە شىرە قوشلاپ ئولتۇرۇشتى.

— دەييۇي سىڭلىم سوغۇققا چىدىمايسىز، بۇ ياققا ئۆتۈپ تاختاي تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى باۋيۈي. شىرىنلەر كاڭنىڭ تۆۋىگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرۇشتى. دەييۇي شىرەدىن يىراقراقتا يۆلەنچۈككە تايىنىپ، باۋچەي، لى ۋەن، تەنچۈنلەرگە قاراپ كۈلۈپ شۇنداق دېدى:

— سىلەر ھەر كۈنى خەقلەرنى كېچە ـ كېچىلەپ شاراب ئىچىپ، قىمار ئوينايدۇ، دەيتتىڭلار، بۈگۈن ئۆزىمىزمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولدۇق. كېيىن خەق توغرىسىدا ئېغىز ئاچالمايمىز ئەمدى.

— بۇنىڭ نېمە كارايىتى بولاتتى؟ — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — يىل بويى بىز پەقەت مەۋلۇت ـ ئايەم كۈنلىرىدىلا شۇنداق قىلىپ قويىمىز، ھەر كېچىسى ئۇنداق قىلىپ ئولتۇرمىغاندىكىن، ھېچقانداق قورقىدىغان يېرىمىز يوق.

شۇ ئارىدا، چىڭگۈيىن بامبۇكتا ئويۇلغان چۆپداننى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭغا يىل چىشىدىن قىلىنغان چۆپتەكلەر سېلىنغاندى. چىڭگۈيىن چۆپتەكلەرنى رالىۋېتىپ، شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا

قويدى. ئاندىن شىشخال ئېلىپ قوْتىغا سېلىپ، ئوْنىموْ بىر شاراقشىتىۋېتىپ، قوْتىنى ئاچقانىدى، ئالتە چېكىت كوْروْندى، بوْ ساناق بويىچە باۋچەيگە توغرا كەلدى.

— ئاۋۋال مەن ئالاي، قولۇمغا قاندىقى چىقاركىنتاڭ، — دەپ باۋچەي كوْلگىنىچە چوْپدانىنى رالىۋېتىپ، بىر تال چوْپتەكىنى ئالدى، ھەممەيلەن قارىغوْدەك بولسا، چوْپتەككە بىر تال مودەن گوْل سىزىلغان بولوْپ، «گوْل چېھىرلەر تاجىسى» دەپ يېزىلغانىدى، ئوْنىڭ ئايىغىغا ئوْششاق خەت بىلەن تاڭ زامانىسىدىكى موْنوْ مىسرا ئويوْلغانىدى:

گەرچە ئىشقى بولمىسا ھەم قوزغىغاي دىلدا ئەسەر.

ئاندىن «داستىخاندىكىلەر موْبارەكلەپ بىر قەدەھ توْتقاي، مەزكوْر گوْل چېھىرلەرنىڭ تاجىسى كىشىلەرگە ئەمر قىلغاي» دەپ ئىزاھلانغان ئىدى.

— راسا باب كەلدى، سىز ئەسلىدە مودەن گوْلگە جوْپ ئىدىڭىز، — دېدى كوْپچىلىك ۋە قەدەھ توْتوْپ قوْتلوْقلىدى. باۋچەي ئىچىپ بولوْپ، كوْلوْمسىرەپ:

— فاڭگوْەن بىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسوْن، — دېدى.

— ئەمىسە، ھەممەيلەن ئوْز ئالدىدىكى قەدەھنى ئىچىۋەتسە، ناخشا چىرايلىق ئاڭلىنىدوْ، — دېدى فاڭگوْەن. شوْنىڭ بىلەن ھەممەيلەن قەدەھلىرىنى كوْتوْروْشتى. فاڭگوْەن ناخشا باشلىدى.

شوْ موْبارەك بەزمە ـ سوروْن بولدى، ھەي، خوْش مەنزىرە...

— قوي بوْ ناخشىنى، شوْ تاپتا سېنىڭ قوْتلاپ ئولتوْروْشوْڭنىڭ زادىلا كېرىكى يوق. ناخشىلىرىڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بەر، — دېدى كوْپچىلىك. ئاخىرى فاڭگوْەن «گوْل ناخشا پەيتى» دېگەن غەزەلنى لەرزان ئېيتىپ بەردى. باۋيوْي بولسا، قولىدا چوْپتەكنى توْتقىنىچە، ھەدەپ «گەرچە ئىشقى بولمىسا ھەم قوزغىغاي دىلدا ئەسەر» دېگەن مىسرانى ئوْڭ ـ

تەتۈر ئوقۇپ ئولتۇراتتى. فاڭگۇەننىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىشى بە-
لەنلا، زۇۋان سۇرمەي فاڭگۇەنگە قاراپلا قالدى. شياڭيۇن ئۇ-
نىڭ قولىدىن چۆپتەكنى تارتىۋېلىپ باۋچەيگە تاشلاپ بەردى.
باۋچەي شىشىخالنى يەنە بىر تاشلىۋىدى، ئون ئالتە چېكىتكە
توختاپ، ساناق تەنچۇنگە توغرا كەلدى. تەنچۇن قولىنى سو-
زۇپ، چۆپتەكتىن بىر تالنى ئېلىپ قاراپ بېقىپ، شىرەگە
چۆرۈۋەتتى - دە، قىزىرىپ كۈلۈپ:
— مۇنداق ئويۇننى ئوينىماسلىق كېرەك ئىدى، بۇ ئەسلىدە
تالادىكى كېرەكسىزلەرنىڭ ئويۇنى ئىدى. بۇنىڭدا بولمىغۇر گەپ-
لەر تولىكەن، — دېدى. باشقىلار بۇ گەپنى چۈشەنمەي، شىرېن-
لەر بايىقى چۆپتەكنى ئۆپۈل - توپۇل ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆر-
سەتتى. ئۇنىڭغا بىر تال ئۆرۈك چېچىكى سىزىلىپ، قىزىل
خەت بىلەن «قاش بۇلاق هۆر مېۋىسى» ۋە:
كۈن يېنى بۇلۇتقا يانداپ ئۆرۈك تىكىلگەن،
دېگەن مىسرا يېزىلغان ھەمدە «بۇ چۆپتەكنى ئالغۇچى ئېسىل
كۈيۈگە ئېرىشىدۇ، كۆپچىلىك مۇبارەكلەپ بىر قەدەھ تۇتقاي،
ئاندىن يەنە بىر قەدەھنى بىللە ئىچىشكەي» دەپ ئىزاھلانغانىدى.
— نېمىكىن دەپتىكەنمىز، — دېدى باشقىلار كۈلۈ-
شۈپ، — بۇ ئەسلىدە قىز ھۇجرىسىدا قىلىنغان چاقچاق ئىدى،
چۆپتەكلەرنىڭ ئىككى - ئۈچ تېلىدىلا مۇشۇنداق گەپلەر بار،
قالغانلىرىدا ھېچقانداق تېتىقسىز گەپلەر يوق، بۇنىڭ نېمە زىيى-
نى بار ئىدى؟ بىزنىڭ ئائىلىدىن خانىش چىقتى، سىزمۇ خانىش
بولىدىغان ئوخشىمامسىز؟ مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن!
شۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن تەنچۇنگە قەدەھ تۇتتى، ئۇنى
ئىچىشكە تەنچۇن نەدە كۆنسۇن؟ شياڭيۇن، شياڭلىڭ، لى ۋەن
بولۇپ ئۈچ - تۆتىسى زورلاپ يۇرۇپ بىر قەدەھنى ئۇنىڭ ئاغزىغا
قۇيدى - دە، ئاندىن بولدى قىلدى.
شياڭيۇن تەنچۇننىڭ قولىدىن شىشىخالنى تاشلاتقۇزۇۋەت-

تى، ئۇن توققۇز چىكىت چىقتى، بۇ ساناق بويىچە، لى ۋەن چۆپتەك ئىلىشقا توغرا كەلدى. لى ۋەن چۆپداننى رالىۋېتىپ، چۆپتەكتىن بىر تالنى ئالدى ـ دە، قاراپ بېقىپ كۈلۈپ كەتتى:
— قالتىس ئىكەن بۇ. قاراڭلار، ئەجەب قىزىق ئىكەن.
باشقىلار چۆپتەككە قارىدى، ئۇنىڭغا قىرىغان مېيخۇا گۈل سىزىلىپ «تاڭ قىراۋدا ئاق قامەت» دەپ، يېنىغا كونا شېئىرلاردىن بىر مىسرا يېزىلغانىدى:
قاشا ئارا چەللىسىدىن دىلى خوي مەمنۇن ئىكەن.
ئاندىن، «ئۆزى بىر قەدەھ ئىچكەي، يېنىدىكى كىشى شىشىخالنى تاشلىغاي» دەپ ئىزاھلانغانىدى.
— راستتىنلا قىزىق ئويۇن ئىكەن، سىلەر شىشىخالنى تاشلاۋېرىڭلار، ئۆزۈمگە تېگىشلىك قەدەھنى ئىچەي. سىلەرنىڭ ئالتوپىلاڭ قىلىشىڭلار بىلەن كارىم يوق، — دېدى كۈلۈپ لى ۋەن شارابنى ئىچىپ، شىشىخالنى دەييۈيگە بەردى. دەييۈي تاشلىغانىدى، ئۇن سەككىز چىكىتكە توختاپ، شياڭيۈنگە توغرا كەلدى. شياڭيۈن كۈلگىنىچە يەڭلىرىنى شىمايلاپ، چۆپتەكتىن بىر تالنى ئالدى. كۆپچىلىك قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭغا بىر تال يەسمەن سىزىلىپ، «شېرىن خىيال لەززىتى» دەپ، نېرىقى يېنىغا مۇنداق مىسرا يېزىلغانىدى:
نىسپى تۈن بولغاچقا گۈللەر ئۇيقۇغا كەتكەنمىكىن.
— «تۈن نىسپى» دېگەن سۆزنى «تاش سوغۇق» دەپ ئۆزگەرتكەن بولسا ياخشى بولاتتىكەن، — دېدى كۈلۈپ دەييۈي. باشقىلار شياڭيۈننىڭ كۈندۈزى مەست بولۇپ قالغانلىقىغا دارىتمىلغانلىقىنى بىلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. شياڭيۈنمۇ كۈلۈپ كېتىپ، ئۆزى يۈرەر قېيىقنى دەييۈيگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— تولا گەپ قىلماي، ئاۋۇ قېيىققا ئولتۇرۇپ ئۆيىڭىزگە كېتىڭ. — دېدى. باشقىلار كۈلۈشتى. بايىقى چۆپتەكنىڭ بىر يېنىغا «مەزكۇر شېرىن خىيال لەززىتى دەپ قەيت قىلىنغان

چۆپتەكنى ئالغۇچى ئۆزى ئىچمىگەي، ئوڭ ـ سول ياندىكىلىرىگە بىر قەدەھتىن ئىچكۈزگەي» دەپ ئىزاھلانغاندى.

— ئامىتابا، ئەجەبمۇ ئوبدان چۆپتەك ئىكەن بۇ! — دېدى كۈلۈپ شياڭيۈن چاۋاك چېلىپ. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا دەييۈي، سول يېنىدا باۋيۈي ئولتۇراتتى. ئۇ ئىككىسىگە ئىككى قەدەھ قۇيۇپ، ئۇلارنى ئىچىشكە قىستىدى. باۋيۈي يېرىم قەدەھ ئىچىپ باشقىلارغا تۇيدۇرماي، فاڭگۇەنگە بەردى، فاڭگۇەن ئېلىپلا گېلىغا ئۆكتۈردى، دەييۈي باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەن بولۇپ، شارابنى تۈكۈرۈكدانغا تۆكۈۋەتتى.

شياڭيۈن شىشىخالنى ئېلىپ تاشلىۋىدى، توققۇز چېكىتكە توختىدى. ساناق سان بويىچە شېيۆگە توغرا كەلدى. شېيۆ چۆپتەكتىن بىرنى ئالدى، ئۇنىڭغا بىر تال نەسرىن گۈل سىزىلىپ، «گۈل باھار ۋايىگە يەتتى» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا شېئىردىن بىر مىسرا يېزىلغانىدى:

ئېچىلىش پەيتىدە نەسرىن بارچە گۈل بولغاي خازان.

ئاندىن، «داستىخاندىكىلەر ئۈچ قەدەھتىن ئىچىپ باھارنى ئۇزاتقاي» دەپ ئىزاھلانغانىدى.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دەپ سورىدى شېيۆ. باۋيۈي قاپىقىنى تۈرۈپ، چۆپتەكنى ئېلىپ يوشۇرۇۋالدى ۋە:

— قېنى بىز ئىچىۋېرەيلى، — دېدى. ھەممەيلەن ئۈچ ئوتلامدىن ئىچىپ، ئۈچ قەدەھتىن ئىچكەنگە ھېساب قىلدى.

شېيۆ شىشىخالنى تاشلىۋىدى، ئون چېكىتكە توختىدى. بۇ شياڭلىڭغا توغرا كەلدى. شياڭلىڭغا «قوشماق ساپاقلىق گۈل» دېگەن چۆپتەك چىقتى، ئۇنىڭغا «باھارغا چىرماش سائادەت» دەپ، يېنىغا كونا شېئىردىن بىر مىسرا يېزىلغانىدى:

قوشماق بولۇپ شاخ ئۇچىدا چېچەك ئېچىلدى.

ئاندىن «بۇ چۆپتەكنى ئالغۇچى ئۈچ قەدەھ بىلەن قۇتلىغاي، ھەممەيلەن بىر قەدەھتىن ئىچىشكەي» دەپ ئىزاھلانغان.

شياڭلىك شىشىخالنى تاشلىدى. ئالتە چېكىتكە توختاپ، دەي-
يۇيگە توغرا كەلدى. دەييۇي:

«قولۇمغا بىرەر ئوبدانراقى چىقسا بولاتتى» دېگەن خىيال بىلەن قولىنى سوزۇپ، بىر تالنى ئالدى، چۆپتەككە بىر تال نېلۇپەر سىزىلىپ، «سەلكىن شامال غەمنى سۇردى» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا شېئىردىن بىر مىسرا يېزىلغانىدى:

چەكمە ھەسرەت شەرق شاملى كەلدى دەپ سەن قايغۇرۇپ.

ئاندىن، «ئۆزى بىر قەدەھ ئىچكەي، مودەن بىر قەدەھنى بىللە ئىچىشكەي» دەپ ئىزاھلانغانىدى. كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ:

— قالتىس جايىدا كەلدى. ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم نېلۇپەر-گە جۈپ بولالمايدۇ، — دېيىشتى. دەييۇي ئۆزىمۇ كۈلۈۋېتىپ شارابنى ئىچىۋەتتى، ئۇ شىشىخالنى تاشلىدى، يىگىرمە چېكىت-كە توختاپ، شىرېنگە توغرا كەلدى، شىرېننىڭ قولىغا «شاپ-تۇل چېچىكى» دېگەن چۆپتەك چىقتى، ئۇنىڭغا، «ۋۇلىڭنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى» دەپ، ئۇ يېنىغا كونا شېئىر يېزىلغانىدى:

قىزىرىپ شاپتۇل چېچەك ئاچسا يەنە كەلگەي باھار.

ئاندىن، «ئۆرۈك چېچىكى ئولپەت بولۇپ بىر قەدەھ ئىچ-كەي، ئولتۇرغانلاردىن تەڭتۇشلار ئىچكەي، فامىلىداشلار ئىچ-كەي» دەپ ئىزاھلانغانىدى.

— بۇ تېخىمۇ قىزىتىدىغان بولدى، — دەپ كۈلۈشتى كۆپچىلىك. ھېسابلاپ كۆرۈشۈۋىدى، شياڭلىك، چىڭۋېن، باۋ-چەي ئۇچىسى شىرېن بىلەن تەڭتۇش، دەييۇي ئۇنىڭ بىلەن مۆچەلداش چىقتى، فامىلىداشلار يوق ئىدى.

— مېنىڭمۇ فامىلەم خۇا، ئۇنىڭغا مەن ئولپەت بولۇپ بىر قەدەھ ئىچەي، — دېدى شۇئان فاڭگۇەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممەي-لەن شاراب قۇيۇشتى.

— ھوي پېشانىسىغا ئېسىل كۈيۈ پۈتۈلگەن قىز، سىز چاپسانراق ئىچىۋېتىڭ، — دېدى دەييۇي كۈلۈپ تەنچۇنگە.

— بۇ قانداق گەپ بولدى؟ چوڭ يەڭگە، بۇنى بىر كاچات سېلىڭا، — دېدى تەنچۈنمۇ كۈلۈپ.

— ئۇ ئېسىل كۈيۈگە ئېرىشەلمىگەننىڭ ئۇستىگە تاياق يېسە، مەنمۇ چىداپ تۇرالمايمەن، — دېدى كۈلۈپ لى ۋەن، باشقىلارمۇ كۈلۈشتى. شىرىن شىشىخالنى تاشلاپ تۇرۇشىغا، ئىشىك قېقىلدى. شۇ ھامما دەييۈينى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدى. كۆپچىلىك:

— قانچىنچى جېسەك ۋاقتى بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئۆتتى، سائەت ئون بىرگە جاڭ ئۇردى، — دېدى بىركىم. باۋيۈي بۇنىڭغا ئىشەنمەي، سائەتنى ئالدۇرۇپ قاراپ باقتى. نىسپى شەپ ۋاقتىدىن بىر چارەك ئون مىنۇت ئۆتكەنىدى. دەييۈي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بېرىپ دورا ئىچىمەن تېخى، — دېدى.

— ھەممىمىز تارقىساق بولىدۇ ئەمدى، — دېيىشتى باشقىلار. شىرىن، باۋيۈيلەر ئۇلارنى تۇتۇپ قالماقچى بولۇشتى، لېكىن لى ۋەن بىلەن تەنچۈن:

— تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ كەتسە قاملاشمايدۇ، ھېلىمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، ھەربىرلىرى بىر قەدەھتىن ئىچىپ مېڭىشسىلا، — دېدى شىرىن. چىڭۋېنلەر قەدەھنى توشقۇزۇپ شاراب قۇيدى، ھەممەيلەن بىر قەدەھتىن ئىچتى، پانۇس يېقىشقا كىشىلەرنى بۇيرۇشتى. شىرىنلەر ئۇلارنى ئەترەپشان شىپاڭغىچە ئۇزىتىپ، ئۆستەڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلدى.

ئۇلار دەرۋازىنى تاقاپ، ئېغىزلىرىنى چايقاپ، ئۇخلىماقچى بولۇشتى.

## 21 ـ باب غەمكىن ساھىبجامالنىڭ ھەسرەت ئىچىدە بەش گۈزەلنى كۈيلەپ شېئىر يازغانلىقى

بىر كۈنى، باۋيۈي ئارامبەخش ھويلىغا قايتىپ كېلىپ، شىرىن بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ، ئاندىن تالاغا قاراپ ماڭدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، بىخىنغا:

— ئىش چىقىپ قالسا، مېنى دەييۈي قىزنىڭكىگە ئىزدەپ بارغىن، — دەپ تاپىلىدى، ئاندىن بامبۇكزار سارىيىغا دەييۈينى كۆرگىلى ماڭدى.

ئەترەپشان كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشىگىلا، شۈبيەن ئىككى خىزمەتكار موماينى كەينىگە سېلىپ كېلىپ قالدى. مومايلار پىچىم گۈل، نېلۇپەر يىلتىزى، مېۋە ـ چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. باۋيۈي شۈبيەندىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ خانقىز مۇنداق سوغۇق نەرسىلەرنى يېمەيتتى، بۇ مېۋە ـ چېۋىلەرنى نېمە قىلىدىكىن؟ خانقىز ياكى كېلىن ئاغىچىلاردىن بىرەرسىنى چىللامدىكەن يا؟

— مەن سىلىگە دەپ بەرسەم، خانقىزغا دەپ قويمىسىلا جۇمۇ، — دېدى شۈبيەن كۈلۈپ. باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېۋىلەرنى زىجۈەن ئاچامغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، مېنى سوراپ قالسا، بىرەر ئىشى بار ئوخشايدۇ، ھازىر كېلىدۇ، دەپ قويۇڭلار، — دېدى شۈبيەن.

ئىككى خىزمەتكار موماي «خوش» دەپ يۈرۈپ كەتتى.

— بىزنىڭ خانقىز بىر ـ ئىككى كۈندىن بۇيان خېلى

ئوبدانلا تۇزۇلۇپ قالدى. بۇگۇن غىزادىن كېيىن ئۇچىنچى خان-
قىز كېلىپ، ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنى يوقلاپ كېلەيلى،
دېگەنىدى، خانقىز بارماي قويدى. خىيالىغا نېمە كەچتىكىن،
ئۆزى يالغۇز بىرپەس كۆز يېشى قىلدى، قولىغا قەلەمنى ئې-
لىپ، شېئىر مىكىن، نەزمىمىكىن، ئىشقىلىپ بىرنېمىلەرنى
يازدى. مېنى مېۋە ـ چېۋە ئالدۇرۇشقا جورىغانىدى، چىقىپ
كېتىۋاتقىنىمدا، خانقىزنىڭ: «زىجۇەن، ئىچكىرىكى ئۆيدىن
جىغانە شىرەسىدىكى تىزىقلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، شىرەنى
تاشقىرقى ئۆيگە ئەپچىقىپ يەرگە قوي، ئاندىن ئەجدىھا گۈللۈك
كۇجىدانىنى شىرەگە قوي، مېۋىلەر كەلگەندە ئىشلىتىمىز» دەپ
جورىغانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بىركىمنى چىللامدىكىن
دېسە، ئۇنداق ئالدىراش ـ تېنەش كۇجىدانىنى قويغۇزمايتتى،
كۇجە ياقامدىكىن دېسە، بىزنىڭ خانقىز يېڭى گۈل، مېۋە ـ
چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى قويدۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەكنى
ئىسلىتىۋېتىدىغان ئۇنداق نەرسىنى ياقتۇرمايتتى. كۇجە كۆي-
دۇرگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى دائىم ياتىدىغان جايدىلا كۆيدۇرەت-
تى. يا خىزمەتكار مومايلار ئۆينى ئىسلاپ سېسىتىۋەتتى دەپ،
كۇجە تۇتۇۋېتەيلى، دېگىنىمىكىن؟ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى
مەنمۇ ئۇقمايلا قالدىم، — شۇبيەن شۇنداق دېدى ـ دە، كېتىپ
قالدى.

باۋيۇي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئىختى-
يارسىز ئويغا كەتتى: «شۇبيەنىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇنداق
قىلىشنىڭ بىر سەۋەبى بولسا كېرەك. ھەمشىرىلەردىن بىرەرسى
بىلەن پاراڭدىشىپ ئولتۇرماقچى بولسا، ئالدى بىلەن مۇنداق
قاچا ـ قۇچىلارنى تىزدۇرۇپ قويمايتتى. قېيناغام بىلەن ھاما
ئاچامنىڭ ۋاپات بولغان كۇنىمۇ يا؟ ياق، ئېسىمدە قېلىشىچە،
ھەر يىلى شۇ كۇنلىرى كەلگەندە، چوڭ ئانام نەزىر قىلىشقا
كېرەكلىك يېمەكلىكلەرنى ئايرىم تەييارلاتقۇزۇپ، دەييۇي سىڭ-

لىمىنىڭ ئۆز ئالدىغا نەزىر قىلىشى ئۇچۇن ئەۋەتكۈزۈپ بېرەتتى،
بىراق ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئېھتىمال يەتتىنچى ئاي ۋاقتى
مېۋە - چېۋە پەسلى بولغاچقا، ھەممە ئائىلىدىكىلەر كۆز پەسلىدە
قەبرە بېشىغا چىقاتتى، شۇڭا دەيىۋي سىڭلىم كۆڭلى يېرىم
بولۇپ، ھۇجرىسىدا ئۆزى يالغۇز نەزىر ئۆتكۈزۈۋېتەي، دېگەن
ئوخشايدۇ. «يوسۇننامە» دە قەيت قىلىنغان «تۆت پەسىلدىكى
يېڭى يېمەكلىكلەر بىلەن نەزىر - سەدىقە ئۆتكۈزگەي» دېگەن
مەنىدە شۇنداق قىلىسىمۇ قىلغاندۇ. لېكىن، شۇ تۇرقىدا كىرى-
سەم، ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا
تەسەللى ئېيتماي بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسام، تېخىمۇ پەرىشان
بولۇپ، يۈرىكىگە دەرد تۈگۈلۈپ قالۇرمىكىن، دەپ ئەنسىرەي-
مەن. كىرمەي دېسەم، تەسەللى بېرىدىغان ئادەم بولماي، ئۇ
تېخىمۇ مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، فېڭجىيې ئاچام-
نى يوقلاپ بىردەم ئولتۇرۇپ كېلەي، ئۇ چاغدىمۇ دەيىۋي سىڭ-
لىم يەنىلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئولتۇرغان بولسا، ئاندىن بىر
ئامال قىلىپ تەسەللى ئېيتارمەن. شۇنداق قىلسام، ھەددىدىن
ئارتۇق ھەسرەت چېكىشىگىمۇ سەۋەبكار بولۇپ قالمىغۇدەكمەن.
قايغۇسى سەل بېسىلسا، دەرد - ئەلەم تۇپەيلى كېسەلمۇ
بولمايدۇ...» باۋيۈي مۇشۇنداق خىياللار بىلەن باغدىن چىقىپ،
فېڭجىيېنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق پاراڭلاشتى،
ئاندىن باغقا يېنىپ كىردى.

جيا باۋيۈي بامبۇكزار سارايىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ
قارىدى، كۇجىداندا ئازراق ئىس - تۈتەك تۇراتتى، نەزىر قىلىن-
غان شاراب قالدۇقلىرى يەردە ياتاتتى. زىجۈەن ئۆيگە شىرەنى
يۆتكىتىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇتقۇزۇۋاتاتتى. ئۇ نەزىر
تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۆيگە كىردى، دەيىۋي تامغا قاراپ
قىڭغىيىپ، ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ ھالىدىن كەتكەندەكلا ياتاتتى.
— باۋيۈي غوجام كەلدى، — دېدى ئالدىراپ زىجۈەن.

دەييوي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردى.

— سىڭلىم، بىر - ئىككى كۈندىن بۇيان خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ رەڭگىرويىڭىزغا قارىسام، خاتىرجەم كۆرۈنىسىز، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا كۆڭلىڭىز يېرىم؟ — دېدى باۋيۇي.

— بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى، ئوبدان تۇرۇپتىمەنغۇ، قاچان كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپتىمەن؟ — دېدى دەيىيۇي.

— سىڭلىم، يۈزىڭىزدە ياش يۇقى تۇرسا، مېنى قانداق ئالدىيالايسىز؟ سىز تولا كېسەل بولىسىز. ھەرقانداق ئىشتا ئۆز- ئۆزىڭىزگە تەسەللى بېرىپ تۇرسىڭىز ئوبدان بولىدۇ، بىھۇدە ھەسرەت چەككەننىڭ پايدىسى يوق، ئۆزىڭىزنى نابۇت قىلىۋالسىڭىز، مېنى... — گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، باۋيۇي ئاخىرىنى دېيەلمەي، دەرھال گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

ئۇ دەيىيۇي بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن چىقىشاتتى، ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولۇشنى خالايتتى. ئۇلار بۇنى كۆڭلىدىلا بىلىپ، بىر - بىرىگە يۈزتۇرانە دېيىشمىگەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەيىيۇي گۇمانخور بولغاچقا، گەپ - سۆز قىلىشقانلىرىدا باۋيۇي كۆپىنچە قارامىلىق قىلىپ قويۇپ، ئۇنى رەنجىتىپ قوياتتى. بۈگۈن ئۇ دەيىيۇيگە تەسەللى بەرگىلى كەلگەن ئىدى، يەنە قارامىلىق قىلىپ، دېمەيدىغان گەپنى دەپ تاشلاپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ھودۇقۇپ قالدى، دەيىيۇينى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقتى. ئۆز كۆڭلىدە ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى - دە، كۆزىگە ياش ئالدى. دەيىيۇي بالدۇر باۋيۇينى گەپنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي سۆزلەۋېرىدۇ، دەپ ئۇنىڭدىن ئاغرىناتتى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەلپازىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بۇزۇلدى. دەيىيۇي ئەزەلدىن يىغلاڭغۇ بولغاچقا، شۇ تاپتا ئۇمۇ گەپ قىلالماي، تەڭلا ئۆكسۈپ

يىغلىۋەتتى.

زىجۇەن چاي كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇ ئىككىسى يەنە نېمىشقا گەپ تەگىشىپ قالغاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن:

— خانقىز ئەمدى ياخشى بولۇپ قالغاندى، غوجام كېلىپلا يەنە جىلە قىلىپ قويۇپتۇ، زادى نېمە بولدى؟ — دېدى.

— سىڭلىمنى جىلە قىلىدىغان كىمنىڭ ھەددىكەن؟ — دېدى باۋيۇي يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ۋە گەپ ئېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان ماڭدى. سىياھدانىنىڭ ئاستىدا ئارانچە كۆرۈنۈپ تۇرغان قەغەزنىڭ بۇرجىكىگە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ئىختىيارسىز قول سوزۇپ قەغەزنى ئالدى. دەييۈي ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ تارتىۋالماقچى بولدى، باۋيۇي قەغەزنى قوينىغا تىقىۋېلىپ يالۋۇردى:

— ئوبدان سىڭلىم، مەن كۆرۈپ باقايلا!

— بۇ يەرگە كەلسىڭىز، كۆرۈنگەنلا نەرسىگە ئوڭ - تەتۈر قول ئۇزىتىۋېرىدىكەنسىز، — دېدى دەيیۈي.

شۇ ئارىدا باۋچەي كىرىپ كەلدى:

— باۋيۇي ئۇكام، نېمىنى كۆرەي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى كۈلۈمسىرەپ. باۋيۇي ئۇ قەغەزگە قانداق سۆز - ئىبارىلار يېزىلغانلىقىنى تېخى كۆرمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەيیۈينىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇڭا قارىسىغا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالماي، دەيیۈيگە قارىغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇۋەردى. دەيیۈي باۋچەينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ:

— قەدىمكى تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇلاردا بايان قىلىنغان ئىستىبداتلىق ئاياللارنى ئۇچراتقانىدىم. ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان، ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ھەم كىشىلەرنى ھەسرەتلەندۈرىدىغان ۋە ئاھ ئۇرغۇزىدىغانلارمۇ تولا ئىكەن. بۈگۈن غىزادىن كېيىن قولۇم بوشاپ قاپتىكەن، شۇلاردىن بىرقانچىسىنى تاللاپ، ئۆز

تەسىراتىمنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، شۇلار ھەققىدە بىرنەچچە شېئىر يازاي، دەپ تۇراتتىم. تەنچۈن قىز فىڭجىيې ئاچامنى يوقلاپ كېلەيلى، دەپ كەپتۇ. قارىسام، پۈت ـ قولۇمنىڭ ھېچ ماغدۇرى يوق، شۇڭا بىللە بارماي شېئىر يازدىم. بەش شېئىرنى يازا ـ يازمايلا ھېرىپ قېلىپ، ئاۋۇ يەرگە تاشلاپ قويغانىدىم، باۋيۈي غوجام كېلىپ كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ كۆرسىمىغۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەدېسىلا كۆچۈرۈۋېلىپ، خەققە كۆر-ستىدىغانلىقىدىن بىزار بولدۇم، — دېدى.

— قاچان خەققە كۆرسىتىپتىمەن؟ — دېدى باۋيۈي، — «ئاق يەسمەن ھەققىدە» دېگەن شېئىرلارنى ياقتۇرغانلىقىم ئۇ-چۈن دائىم قولۇمدا كۆرۈشكە ئەپلىك بولارمىكىن دەپ، قايسى كۈنكى ھېلىقى يەلپۈگۈچكە رەسمىيانە ئۇششاق خەت بىلەن يېزىـ-ۋالغانىدىم. ھەرەمخانە قىزلىرىنىڭ شېئىر ـ پۈتۈكلىرىنى خا-لىغانچە تالا ـ تۈزدە قىرائەت قىلىپ يۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. سىز مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن تاشقىرىـ-غا زادىلا ئېلىپ چىقمىدىم.

— دەيىيۈي سىڭلىمنىڭ بۇنداق ئەندىشە قىلىشى ئورۇنـ-لۇق، — دېدى باۋچەي، — يەلپۈگۈچكە يېزىۋالدىم دېگىنىڭىز بىلەن يادىڭىزدىن چىقىپ، قىرائەتخانىغا ئېلىپ بارسىڭىز، ئۇ يەردىكى پۈتۈكچى موللىلار كۆرۈپ قالسا، كىم يازغان دەپ سورىماي قالمايدۇ؟ ئاندىن ئۇلار سىرتقا تارقىتىۋەتسە چىرايلىق ئىش بولمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ «ئايالنىڭ پەزىلىتى ئەدەپ ـ ئەخلاقتا» دېگەن گەپ بار. ئىپپەتلىك بولۇش بىرىنچى ئورۇندـ-كى ئىش، ئايالنىڭ قول ھۈنىرى بولسا، ئىككىنچى ئورۇندـ-كى ئىش. ئاندىن قالسا، شېئىر، نەزمە ھەرەمخانىدىكىلەر ئۇ-چۈن ئەمەك ھېسابلىنىدۇ، بۇ بىلىسمۇ بولىدىغان، بىلمىسىمۇ بولىدىغان نەرسە. بىزدەك خەقنىڭ قىزلىرىغا ئۇنداق ئىستېدات-لىق دېگەن نام ـ شۆھرەتنىڭ زادى كېرىكى يوق، — ئۇ

كۇلۇمسىرەپ دەيىۋىگە قارىدى، — ماڭا كۆرسەتسىڭىز ھېچنېمە بولمايدۇ، باۋيۇي ئۇكام ئېلىپ چىقىپ كەتمىسىلا بولدى.

— ئۇنداق دېسىڭىز، سىزمۇ كۆرمەيلا قويۇڭ، — دېدى كۇلۇپ دەيىۋي، ئاندىن باۋيۇينى كۆرسىتىپ، — ئۇ ئاللىقاچان تارتىۋالغان.

باۋيۇي ئاخىر شېئىرلارنى قوينىدىن چىقىرىپ، باۋچەيىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار بىرلىكتە ئوقۇپ چىقتى:

## شى شى

داڭقى چىققان نى گۈزەللەر بولدى غەرق سۇ قوينىدا،
چەكتى پىراق ۋۇ قەسرىدە ئۆز يۇرتىنىڭ غەم - كويىدا.
كۇلمىگەي ئەل قوشنا قىزدىن قوشۇما دوراپتۇ دەپ،
يۇدى كىر ئاقارغۇچە ئۇ چاچلىرى سۇ بويىدا.

## يۇي جى

كۆك بوز ئات كىشنەپتۇ تۇندە سوقسا يەل دەھشەت بىلەن،
يۇي قاراپتۇ قوش قاراقتا تۇگىمەس نەپرەت بىلەن.
قىيما - چىيما بولسىمۇ چىك - پىك يېتەلمەس يۇي جىگە،
يۇي ئۆزىگە ئۇردى شەمشەر چۇ قوشىدا دەرد بىلەن.

## مىڭ فېي

كەتتى خەن خان ئوردىسىدىن، ۋاھ، ئەجەب ئايدەك جامال،
تا ئەزەلدىن شور پېشانە بولدى قىز تاپماي كامال.
خان ئەگەر سالماي نەزەر قويغاندىمۇ گۇل ھۆسنىگە،
نە ئۈچۈن رەسسامغا بەردى تەقدىرىنى بىمالال.

## لۇجۇ

پاخشه كاشىن، ئۇنچه ـ دۇردىن بارچه ۋاز كەچكەندە، بەس،
شى بېكىم قانداقمۇ قىلغاي نازىنىنغا كۆپ ھەۋەس.
بەخت ـ تەلەي ئەلمىساقتا پۈتۈلۈپ پېشانىگە،
تاپتى تەسكىن كۆڭلى گۈلنىڭ بىللە ئۈزگەچكە نەپەس.

## خۇڭفۇ

ئۆزگىچە سىياقى، گەپدان، ئاسقىنى چوڭ زۇلپىقار،
بولسىمۇ موھتاج ـ مۇساپىر، بىلدى باتۇر دەپ نىگار.
سەكراتتا قالسا ياڭ گۇڭ بارىگاھى مۇردىدەك،
شۇنچە مەردانە ئايالنى ئىلكىدە قانداق تۇتار؟

باۋيۈي بۇ شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى ـ دە:

— دەييۈي سىڭلىم بۇ شېئىرلاردىن بەشىنىلا يېزىپتۇ، بۇنى «بەش گۈزەل ھەققىدە كۈي» دەپ ئاتىساق بولامدۇ؟ — دەپلا، باشقىلارنىڭ سۆزلىشىگە يول قويماي، قەلەم ئېلىپ كەينىگە شۇنداق دەپ يېزىپ قويدى.

— مەيلى شېئىر قانداق تېمىدا يېزىلسۇن، ئۇنىڭدا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئۈستىلىق بىلەن ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك، — دېدى باۋچەي، — كىشىلەرنىڭ باسقان ئىزىدىن كېتىۋەرسە، سۆز ـ ئىبارىلەرنى ھەرقانچە ئىشلەتكىنى بىلەنمۇ، مەنە جەھەتتىن ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇنداق شېئىرنى بەرىبىر ياخشى شېئىر دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئىلگىرىكى ئادەملەرنىڭ ۋاڭ جاۋجۈن ھەققىدە يازغان شېئىرلى-

ـرى ناھايىتى تولا. ئۇلاردىن ۋاڭ جاۋجۈنگە ئىچىنىدىغانلىرىمۇ بار، نەپرەتلەنگەنلىرىمۇ بار، شۇنىڭدەك رەسسامنى دانا ئەربابلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا سالماي، ئۇنىڭغا گۈزەللەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزدۇرغان دەپ، خەن پادىشاھىنى ھەجۋىي قىلىدىغانلىرىمۇ بار، ئىشقىلىپ گەپ تولا. كېيىن ۋاڭ ئەنشى، ئوۋ ياڭشۇ ئۆز شېئىرلىرىدا باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە بولغان خاس پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويغان. دەيىۋى سىڭلىم يازغان بۇ بەش شېئىردا يېڭى مەزمۇن ئىپادىلىنىپ، ئاجايىپ يېڭىلىق يارىتىلىپتۇ.

ئۇ گېپىنى يەنە داۋام قىلدۇراي دەپ تۇراتتى، بىركىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— جيا ليەن بېگىم يېنىپ كەپتۇ.

باۋيۈي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، چوڭ دەرۋازىغا چىقىپ تۇرۇشىغا، جيا ليەن تالادا ئاتتىن چۈشۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەتە ئەتىگەندە يېتىپ كېلىدۇ. يول ئۈستىدە سالامەتلىكى ئوبدان كەلدى، بۈگۈن مېنى ئۆيگە بېرىپ كۆزدىن كۆچۈرگەچ تۇر، دەپ ئەۋەتتى. ئەتە بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدا شەھەردىن چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى، ئاندىن باشقىلار سەپەر ئۈستىدىكى ئىشلاردىن ئەھۋال سورىدى.

## 22 ـ باب ھىيلىگەر چېقىمچىنىڭ ئېزىتقۇلۇقى بىلەن نەزەرباغنىڭ تىنتىلغانلىقى

كېچە، باۋيۈي يېڭىلا ئۇخلاشقا ياتقان، دېدەكلەر بولسا ئۆز ئورۇنلىرىغا تارقىشىپ ياتايلى، دەپ تۇرۇشقانىدى، ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ ئىشىك قاققانلىقى ئاڭلاندى. خىزمەتكار موماي ئىشىكنى ئېچىۋىدى، جاۋ كىچىك خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى چۆرە قىز

شياﯞچۇ ئىكەن. موماي ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى، شياﯞچۇ ئۇنىڭغا جاﯞاب بەرمەي، ئۇدۇل ئىچكىرىگە مېڭىپ باﯞيۇينىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. باﯞيۇي يېڭىلا ياتقانىدى، شياﯞچۇ باﯞيۇيگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلىگە بىر ئىشنى دەپ قويغىلى كەلدىم. بايا بىزنىڭ خېنىم ئۇلۇغ بېگىمگە سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ سالدى. پەخەس بولسىلا، ئەتە ئۇلۇغ بېگىم سىلىگە گەپ قىلىشى مۇمكىن، مەن سىلىگە مۇشۇنى دېگىلى كەلدىم، — دېدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ماڭدى. شىرېنىنىڭ ئۇنىڭغا چاي قويۇپ بېرىڭلار، دېگىنىگىمۇ ئۇنىماي، ئىشىك ئېتىلىپ قالمىسۇن دەپ چىقىپ كەتتى.

جيا بېگىم ئاستانىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باﯞيۇيدىن ئۆگەنگەن ساﯞاقلىرىنى سورىماي قالمايتتى. باﯞيۇي شياﯞچۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خۇددى سۇن ﯞۇكۇڭ «ئىسكەنجىنى قىسىش ئەپسۇنى» ئاڭلىغاندىكىدەك، جىمى ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ، بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى. ئويلا ـ ئويلا، ئەتىكى سوئال ـ سوراققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، ئىتتىك ئورنىدىن قوپۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلىدى ـ دە، كىتاب ئوقۇماقچى بولدى. يەنە تۇرۇپلا ئۆزىچە: «خېلى كۈنلەر بولدى، سۇرۇشتۇرمىدىغۇ دەپ تاشلىۋېتىپ ئۇنتۇپ كەتتىم، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ھەر كۈنى ئوقۇپ تەكرارلاپ تۇراتتىم» دەپ پۇشايمانمۇ قىلدى. ئەمدى ئۇ ياد بىلىدىغانلىرىنى دەڭسەپ باقتى، ئاران «ئىلمى ئەزەم»، «مۇرەسسە ـ مادارا»، «مۇھاكىمە ھەم بايان» نىلا ئوقۇپ بېرەلەيدىكەن. ئىككىنچى قىسىم «مىڭزى» نىڭ يېرىمىنى چالا بىلىدىكەن، ئەگەر بۇ كىتابتىن پوسۇقىدە بىر ئېغىز سوراپ قالسا يادلاپ بېرەلمەيدىكەن، ئىككىنچى قىسىم «مىڭزى» نىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بىلمەيدىكەن، «بەش نامە» گە كەلسەك، يېقىنىڭياقى شېئىر يېزىش ئۈچۈن دائىم

«بەش نامە» دىن پايدىلىنىپ يۇرگەچكە، پىششىق بىلمىسىمۇ، ئەپلەپ - سەپلەپ بىرنىمە قىلالايدىكەن. بۇنىڭدىن باشقىلىرى ئۇنىڭ خاتىرىسىدە قالمىغان. ئۇنىڭ بەختىگە، ئادەتتە جىيا جېڭ ئوقۇ دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىلمىسىمۇ ھېچقىسى يوق ئىدى. ئەمدى قەدىمىي ئەدەبىياتقا كەلسەك، بۇلاردىن ئۆتكەن يىللاردا «زۇ چيۇمىڭ يىلنامىسى»، «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى»، «گۇڭيالڭ تەزكىرىسى»، «گۇليالڭ تەزكىرىسى»، «خەن، تاڭ ئەسەرلىرى» بولۇپ، بىرقانچە پارچىنىلا ئوقۇغان، ئەمما بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنى ئوقۇپ باقمىغانىدى. خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا، بىردەم ئوقۇپ قوياتتى، لېكىن ئوقۇغىنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى، قېتىرقىنىپ ئوقۇپ باقمىغاچقا، ئېسىدە قالمايتتى. بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى.

زامانىۋى سەككىز بۆلەك يېزىقچىلىقىدىن جاۋاب بېرىش ئۆتكىلىمۇ بار ئىدى. باۋيۈي بۇنداق ئۇسلۇبنى يامان كۆرەتتى، بۇنى ئەسلىدە ئەۋلىيالار تەسىس قىلمىغان تۇرسا، ئۇ ئەۋلىيالارنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى قانداقمۇ بايان قىلىپ بېرەلىسۇن، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۇ پەقەت نام چىقىرىش ۋە مەنسەپكە چىقىش شوتىسى بولۇپ قالغان، دەيتتى. جىيا جېڭ سەپەرگە ئاتلىنىدىغان كۈنى ئوقۇغىنى، دەپ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بىرەر يۈز پارچە ئەسەرنىڭ ھەممىسى كېيىنكىلەر يازغان زامانىۋى ئەدەبىياتتىن ئىدى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە نەپىس يېزىلغانلىرىمۇ ئۇچراپ قالاتتى. مەسىلەن، سەرگەردانلىق، ئويۇن - تاماشا ياكى قايغۇ-ھەسرەت توغرىسىدا يېزىلغانلىرىدىن كىشىنى ئانچە - مۇنچە قىزىقتۇرالايدىغانلىرىنى ئاندا - ساندا ئوقۇپ قوياتتى، بىراق بىردەملىك قىزىقىش بىلەن ئوقۇيدىغان نەرسىلەرنى پۈتۈن باب بويىچە تولۇق زېھنىگە ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى بۇگۈن باۋيۈي بۇنى تەكرارلاي دېسە، ئەتە ئاتىسىنىڭ ئۇنى

سوراپ قىلىشىدىن، ئۇنى تەكرارلاي دېسە، بۇنى سوراپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگىلى تۇردى. قانداقلا بولمىسۇن بىر كىچىنىڭ ئىچىدە ھەممىنى تەكرارلاپ بولغىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ تېخىمۇ تىتىلداشقا باشلىدى.

ئۆزى يالغۇز كىتاب ئوقۇسىغۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى، بىراق ھۇجرىدىكى دېدەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاۋارە قىلىپ ئۇخلاتمايدىغان بولدى. شىرېن، شېيۈ، چىڭۋېن قاتارلىقلار بىر چەتتە چىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ، چاي قۇيۇپ بېرىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇششاق چۆرە قىزلار بولسا، مۈگدەپ ئولتۇرغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. چىڭۋېن:

— ھوي جۇۋاينىمەك شۇملار، — دەپ تىللىدى، — كېچە- كۈندۈز مۈردىدەك سۇنايلىشىپ يېتىشقىنىنى ئاز دەپ، بىرەر قېتىم ۋاقچىراق ئۇخلاشقا توغرا كېلىپ قالغانغا ئولتۇرغان قىلىقىنى قاراڭلار! يەنە مۇشۇنداق قىلىشىدىغان بولساڭ يىڭنە سانجىيمەن.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، چۈنيەن بىلەن چيۇۋېن ئارقا ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن:

— ۋاي بولمىدى، تامدىن بىرى سەكرەپ چۈشتى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئالدىراپ:

— ۋاي نەدە؟ — دەپ سوراشتى ۋە ئادەم چاقىرىپ ھەممە يەرنى ئاختۇرۇشقا چىقىپ كېتىشتى. چىڭۋېن باۋيۈينىڭ كىتاب ئوقۇيمەن دەپ بېشى قاتقانلىقىنى، كېچىچە پۈتۈن پىكىر - زېھنىنى سەرپ قىلسىمۇ، ئەتە سىناقتىن ئۆتەلىشىنىڭ ناتايىنلىقىنى پەملەپ، ئۇنى بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزلەۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت دۈچ كەلگەن بۇ ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كەلدى - دە، باۋيۈيگە:

— بۇ پەيتنى قولدىن بەرمەي، قورقۇپ كەتتىم دەپ،

ئاغرىپ قالغان بولۇپ يېتىۋالسىلا، — دېدى.

بۇ گەپ باۋيۇيگە ياغدەك ياقتى. كېچىلىك جىسەكچىلەر ئويغىتىلىپ، پانۇس بىلەن ھەممە يەر ئاختۇرۇلدى، ئەمما ھېچ-قانداق ئىز كۆرۈنمىدى.

— كىچىك قىزلارنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى تورلى-شىپ قالغاچقا، تالاغا چىقسىلا شامالدا لىڭشىغان دەرەخ شاخلى-رىنى ئادەم دەپ خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— قوي، بىكار گەپ قىلىشما! — دېدى چىڭۋېن، — ئۆزۈڭلار ئوبدان ئاختۇرۇشماي، بىز ئەيىبلىك بولۇپ قالمايلى دەپ قورقۇپ، مۇشۇ گەپ بىلەن ئۆزۈڭلارنى قاچۇرۇۋاتىسىلەر-ھە. بايا باۋيۇي بىلەن ھەممىمىز تالاغا چىقىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. شۇ تاپتا باۋيۇي قورقىنىدىن چىرايلىرى تاتى-رىپ، پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ كەتتى، مۇشۇ تۇرقىدا مەن تۆر ئۆيگە يۈرەكنى ئورنىغا چۈشۈرىدىغان كۆملاچ ئەكېلىشكە بارىمەن، ئاغىچا خېنىم سوراپ قالسا، ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتى-شىم كېرەك. سىلەرنىڭ گېپىڭلار بويىچە يەتكۈزسەم بولامتى؟

كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورققانلىرىدىن بىر ئېغىز زۇۋان سۈرەلمەي، يەنە تەرەپ - تەرەپكە ئاختۇرۇپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن باغنىڭ ئىچىدە پانۇس بىلەن مەشئەل كۆتۈرۈپ ئاختۇرۇپ، كېچىچە پاتپاراق بولۇشتى.

جىيا ئانا باۋيۇينىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى. كۆپچىلىك يېپىۋېتىشكە پېتىنالماي، بولغان ئەھۋالنى تولۇق دەپ بەردى.

— مەن بۇنداق ئىش چىقار، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى جىيا ئانا، — ھەرقايسى جايلاردىكى جىسەكچىلەرنىڭ ئېھتى-ياتسىزلىق قىلىپ قويۇشلىرى كىچىك ئىش، كىم بىلسۇن، بەلكىم ئوغرى شۇلارمۇ تېخى.

مۇشۇ گەپ بولۇنۇۋاتقان چاغدا، بۇ يەرگە شىلى ئاغىچا خېنىم، يۇ شىلار سالامغا كەلگەنىدى. فېڭجيې، لى ۋەن ۋە ھەممە ھەمشىرىلەرمۇ جيا ئانىنىڭ خىزمىتىگە كېلىشكەنىدى. ئۇلار جيا ئانىنىڭ بۇ گېپىگە جاۋاب بەرمەي جىمجىت ئولتۇرۇ-شاتتى. يالغۇز تەنچۈنلا ئورنىدىن قوپۇپ شۇنداق دېدى:

— يېقىنقىياقى فېڭجيې ئاچام بىرنەچچە كۈن ساقسىز بولۇپ قېلىۋىدى، باغدىكىلەر بۇرۇنقىدىن خېلى كۆپ بەڭۋاش بولۇپ كەتتى. بۇرۇن ناھايىتى كەلسە، ئۇلار ئوغرىلىقچە بىر-دەم- يېرىمدەم ئارام ئېلىشىۋالاتتى ياكى جېسەكتە تۇرغاندا ھې-رىپ مۈگدەپ قالمايلى دەپ، ئۈچ - تۆتى بىر يەرگە يىغىلى-شىپ، شىشخال، قەغەزگە ئوخشاش ئەرزىمەس بىرنېمىلەرنى ئوينىشاتتى. بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇلار بارغانسېرى ھەد-دىدىن ئېشىپ تاۋكا قۇرۇپ، قىرىق - ئەللىك ياماق تىكىپ ئوينىشىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭدىن يېرىم ئاي بۇرۇن تېخى سوقۇ-شۇپ- چاچلىشىدىغان ئىشلارمۇ چىقتى.

— بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق مەلۇم قىلمىدىڭ؟ — دېدى جيا ئانا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا.

— مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ ئىشى تولا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقىياقى كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلماي، چوڭ يەڭگەم بىلەن ئىش باشقۇرىدىغان-لارغا ئېيتقانىدىم، بىرقانچە قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ ئەيىبلىگەن-دىن كېيىن، ئۇلار ھازىر خېلى تۈزىلىپ قېلىشتى، — دېدى تەنچۈن.

— سەن دېگەن قىز بالا تۇرساڭ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە چىقى-دىغان يامانلىقنى نەدىن بىلەتتىڭ؟ — دېدى جيا ئانا دەررۇلا، — سەن بىلمەيسەن، قىمار ئويناش ئادەتتىكى ئىش، ئۇرۇش - جېدەل چىقمىسىلا بولدى، دەپ ئويلايسەن. ئەمما، كېچىدە قىمار ئوينىغاندا شاراب ئىچمەي قالمايدۇ، شاراب ئىچكەندىن

كېيىن، ئىشكىلەرنى ئۆز مەيلىچە ئېچىپ قويۇپ، سىرتقا بىر نەرسە سېتىۋالغىلى چىقىشىدۇ. كېچىدە جىمجىتلىق بولىدۇ، ئادەملەر سېلىكىپ قالىدۇ، شۇنداق چاغدا ئوغرى - يانچۇقچىلارنى باشلاپ كىرسە، ئۇلار نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، باغدا ھەمشىرىلىرىگە يېتىپ - قوپۇشقا ھەمراھ بولۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېدەك قىزلار بىلەن ئاياللار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھوشيارلىرىمۇ، كالۋالىرىمۇ بار. نەرسە - كېرەكنى ئوغرىغا ئالدۇرۇشقۇ كىچىك ئىش، ناۋادا باشقا ئىشلار بولۇپ قېلىپ، شەنىمىزگە ئازراق داغ چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كىچىك چاغلىغىلى بولمايدۇ، بۇ ئىشنى بۇنداقلا ئەپۇ قىلىشقا بولامدۇ؟

تەنچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇندىمەي جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. فېڭجيې سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، روھى ئانچە چۈشكۈن ئەمەس ئىدى، ھازىر جيا ئانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى قاتارلىق تۆت نەپەر باش غوجىدار ئايالنى چاقىرىپ كەلدى ۋە جيا ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇلارغا بىرقۇر تەنبىھ بەردى. جيا ئانا دوكارنى، قىمارۋازلارنى ئېنىقلاپ چىقىپ، پاش قىلغۇچىلارغا ئىنئام بېرىش، ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغۇچىلارنى جازالاش كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى قاتارلىقلار جيا ئانىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھېچقايسىسى يۈز - خاتىر قىلىشقا پېتىنالماي، دەررۇلا باغقا كىرىپ ھەممىنى يىغدى - دە، بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى. دەسلەپتە ئۇلار بىردەم تېنىپ بېقىشتى، ئاخىر ھەممە ئىش ئايان بولماي قالمىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، چوڭ دوكاردىن ئۈچى، كىچىك دوكاردىن سەككىزى، توپلىشىپ قىمار ئوينىغانلاردىن جەمئىي يىگىرمە نەچچە ئادەم چىقتى. ئۇلار جيا ئانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار

هويلىدىلا يۆكۈنۈپ ھەدەپ باش ئۇرۇپ كەچۈرۈم سورىغىلى تۇردى. جىيا ئانا: «شىشىخال، قەغەز - پەغەزلىرى كۆيدۈرۈلـ-ـسۇن، ھەممە پۇلى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆپچىلىككە تارقىتىپ بېرىلسۇن، باشلامچىلىرى قىرىق پالاقتىن ئۇرۇلۇپ، قوغلاپ چىقىرىلسۇن، بۇ يەرگە قايتا كىرگۈزۈلمىسۇن. ئەگەشكۈچىلىـ-ـرىنى يىگىرمە تاياقتىن ئۇرۇپ، ئۈچ ئايلىق مائاشى بېرىلمىـ-ـسۇن» دەپ بۇيرۇدى.

جىيا ئانىنىڭ چۇشلۇك ئارام ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، كۆپچىلىك ئۆيدىن تارقىلىشتى، ئەمما جىيا ئانىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆيلىرىگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ۋاقتىنچە مەشەدىرەك تۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا بىردەم ئولتۇر-غاندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىققۇسى كې-لىپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىشىگە، ئۇدۇلـ-ـدىن جىيا ئانىنىڭ ھۇجرىسىدىكى گالۋاڭ داجيې ئىسىملىك بىر چۆرەقىز ھىجايغان پېتى چىقىپ كەلدى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈر-مەستىن، قولىدىكى ئالا - يېشىل نەرسىگە قاراپ كېلىۋەردى-دە، شىڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىپ، ئاندىن توختىدى. شىڭ ئاغىچا خېنىم:

— مۇنۇ گالۋاڭ يەنە قانداق ئەتىۋارلىق نەرسە تېپىۋالدىكىـ-ـنە، ئەجەب خۇشالغۇ؟ ئەكېلە، مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

گالۋاڭ داجيې ئون تۆت - ئون بەش ياشلارغا كىرگەن، جىيا ئانا ھۇجرىسىدىكى قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلىشقا يېڭىدىن سېتىۋېلىنغانىدى. ئۇ ئۆزى سېمىز، يۈزى تاۋاقتەك، پۇتلىرى يوغان ئىدى. ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلىشقا شۇنـ-ـچىلىك ئەپچىل ھەم چاققان ئىدى، لېكىن ئەخمەق ھەم جاھىل، پەم - پاراستى يوق قىز ئىدى، چوڭلىدا توختىمايدىغان گەپلەر-

نى قىلىپ يۇرەتتى. جيا ئانا ئۇنىڭ چاققان ۋە چەبدەسلىكىنى ياخشى كۆرەتتى، گەپكە سىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى، سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىمۇ ئانچە ئەيىبلەپ كەتمەيتتى، ئۇنىڭغا «گالۋاڭ داجيې» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغانىدى. ئۇ ئىش يوق چاغلاردا باغقا كىرىپ ئوينايتتى.

بۇگۈن ئۇ باغدا چىكەتكە تۇتۇپ ئويناۋېتىپ، رەڭگارەڭ كەشتىلەنگەن ئىپار قاپچۇقىنى تېپىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، كەشتىلەنگىنى گۈلمۇ ئەمەس، قۇشمۇ ئەمەس، بىر تەرىپىدە قۇچاقلىشىپ تۇرغان قىپيالىڭاچ ئىككى ئادەمنىڭ سۈرىتى، بىر تەرىپىدە بىرنەچچە خەت ئىدى. بۇ گالۋاڭ قىز ئەسلىدە ئاشىق-مەشۇقلۇق نىشانىسىنى بىلمىگەچكە، كۆڭلىدە: «ئىككى ئالۋاستى سوقۇشۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ئالۋاستى بولمىسا، ئىككى ئادەمنىڭ سوقۇشۇۋاتقىنىدۇ ھەرقاچان؟» دەپ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچ چۈشىنەلمەي، جيا ئانىغا كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن ھەجايىغىنىچە كېتىۋاتاتتى. شىڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، ئۇ ھەجىيىپ:

— ئاغىچا خېنىم، تېپىپ دېدىلە، راستىنىلا ئەتىۋارلىق نېمىكەن! خېنىم، كۆرۈپ باقسىلا، — دەپلا ئۇزاتتى.

شىڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپلا قورقۇپ كېتىپ چىڭ مىجىقلىۋالدى ۋە ئالدىراپ:

— بۇنى سەن نەدىن تېپىۋالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— چېكەتكە تۇتىمەن دەپ، سۇنئىي تاغ ئارقىسىدىن تېپىۋالدىم، — دېدى گالۋاڭ داجيې.

— بۇنى ھەرگىز بىركىمگە ئېيتقۇچى بولما، — دېدى شىڭ ئاغىچا خېنىم، — بۇ ياخشى نەرسە ئەمەس، بۇنى كۆتۈرۈپ يۇرسەڭ، سەنمۇ تاياق ئاستىدا ئۆلىسەن. ئادەتتىمىغۇ سەن گالۋاڭ قىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمە.

گالۋاڭ داجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن تاتىرىپ

كەتتى ـ دە:

— ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، — دېگىنىچە ئاغىچا خېنىمغا باش قويۇپ، ھاڭقىيىپ چىقىپ كەتتى. شىلڭ ئاغىچا خېنىم كەينىگە قاراپ باقتى، ئۇ يەردە تۇرغانلار ساپلا قىزلار ئىدى. بۇنى ئۇلارغا بېرىشنى ئەپ كۆرمەي يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى، بۇ نەرسە نەدىن كىرىپ قالغاندۇ، دەپ پەرەز قىلىپ باقتى، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى سەزگىلى بولمايتتى.

شۇ تاپتا فېڭجيې بىلەن پىڭئېر ئۇي ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، بىرى:

— ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە ئاغىچا خېنىمنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئۇقالماي، پىڭئېر بىلەن ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئۆزىنىڭ يېقىن بىرلا چۆرىسىنى ئېلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇدۇللا ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇردى. فېڭجيې ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭغا چاي تۇتتى، ئارقىدىن ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئاغىچا خېنىم، بۈگۈن كەيپلىرى چاغ ئوخشىمامدۇ، شۇڭا بۇ تەرەپلەرگە كەپتىلا، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— پىڭئېر، چىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدى. پىڭئېر بۇ ھالەتنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي «خوش» دېدى ـ دە، چۆرە قىزلارنى باشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئىشىكنىڭ تېشىدا توختىدى، ئاندىن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ھۇجرىغا بىر ئادەمنىمۇ كىرگۈزمىدى.

فېڭجيې ھودۇقۇپ، نېمە ئىش بوپكەتكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كۆزىگە ياش ئېلىپ، يېڭىنىڭ ئىچىدىن ئىپار قاپچۇقنى چىقىرىپ ئاتتى ـ دە:

— بۇنى كۆر، — دېدى. فېڭجيې ئىتتىك ئۇنى قولىغا ئالدى. قارىسا، ئۇ ئاشىق- مەشۇقلار كەشتىلەنگەن كىمخاب ئىپار قاپچۇقى ئىكەن، ئۇمۇ بەك قورقتى - دە، ئالدىراپ:
— ئاغىچا خېنىم، بۇنى نەدىن تاپتىلا؟ — دەپ سورىدى.
بۇ سوئال بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تېخىمۇ مۆل - مۆل يىغلاپ تاشلىدى ۋە تىترەك ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى:
— مەن بۇنى نەدىن تېپىۋالاتتىم؟ مەن ئەتىدىن - كەچكىچە قۇدۇقنىڭ ئىچىدىلا ئولتۇرغان ئادەم ئىكەنمەن! مەن سېنى ئىشقا پۇختا، دەپ ئويلىغاچقا، قولۇمنى ئىشتىن تارتقانىدىم. ۋايتاڭەي، سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئىكەنسەن، مۇشۇنداق نەرسە كۆپكۆندۈزدە باغدىكى سۇنئىي تاغنىڭ كەينىدە تۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ چۆرىسى تېپىۋاپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى قېيناناڭ كۆرۈپ قاپتۇ، بولمىسا ئاللىقاچان ئۇلۇغ ئاغىچا خې-نىمنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارىدىكەن. قېنى، سەندىن سوراپچۇ، بۇ نەرسىنى قانداقلارچە ئۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ فېڭجيېنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ۋە ئالدىراپ سورىدى:
— ئاغىچا خېنىم، بۇ نەرسىنىڭ مېنىڭ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلدىلە؟
— تېخى مېنىڭدىن سورايسەنغۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ھالدا، — ئويلاپ باق، پۈتۈن خانىداندا ياش ئەر - خوتۇنلار سىلەر ئىككىڭلارلا، قالغىنى قېرى مومايلار تۇرسا، ئۇلار بۇ نەرسىنى نېمە قىلىدۇ؟ قىزلار بۇ نەرسىنى نەدىن ئالىدۇ؟ دېمەك، بۇنى جيا ليەن دېگەن ئىلگىرى كەلمەيدىغان پەس بىر يەردىن تېپىپ كەلگەن بولغىيت-تى. ئىككىڭلار ئەپ بولغاچقا، بۇنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەنسىلەر. ياشلار دېگەندە قىز - يىگىتنىڭ ھۇجرا تاماشىلى-رى بولىدۇ، تېخى مېنىڭدىن يوشۇرۇۋاتىسەن. ھېلىمۇ ياخشى،

باغدىكى يۇقىرى - تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىش ئۇقمايدىغان-لار، بۇ نەرسە ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماپتۇ. ناۋادا بۇنى دېدەكلەر تېپىۋېلىپ، ھەمشىرىلىرىڭ كۆرۈپ قالغان بولسا، ئىش تېخىمۇ ئوخشايتتى. ياكى بولمىسا، بۇنى چۆرە قىزدىن بىرەرسى تېپىۋېلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، باغنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالدىم، دېسە، تالادىكى خەقلەر ئۇقۇپ كەتسە، بىزگە بۇ جان بىلەن بۇ يۈزنىڭ نېمە كېرىكى بولاتتى؟

فېڭجيې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جىلە بولدى ھەم ئىزا تارتتى، شۇئاندىلا ئۇنىڭ يۈزى تاتىرىپ ئېسىلىپ كەتتى. ئۇ كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ يۈكۈندى - دە، يىغلاپ تۇرۇپ دەرد - تۆكتى:

— ئاغىچا خېنىمنىڭ دېگەنلىرى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق، ئۆ-زۈمنى ئاقلاشقىمۇ ھەددىم ئەمەس. بىراق، مەندە ئۇنداق نەرسە يوق ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشلىرىنى ئۆتۈ-نىمەن، — ئۇ بىر تالاي سەۋەبلەرنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىر يەنە، — يالغۇز مەندىلا ئەمەس، ھەتتا پىڭئېردىمۇ ئۇنداق ئىش ئۆتكىنى يوق. ئاغىچا خېنىم، ئــوبدانراق ئــويلاپ بــاققان بولسىلا.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم فېڭجيېنىڭ بۇ گەپلىرىنى خېلى ئەقىلگە سىغىدىغان گەپلەر، دېگەن يەرگە كەلدى - دە:

— ئورنۇڭدىن تۇر، — دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەنمۇ بىلىمەن، سەن چوڭ خاندانىدىن چىققان قىز، سەنمۇ بۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلمايسەن، لېكىن بۇ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بايا قېيىناناڭ بۇنى پېچەتلەپ مېنى كۆرۈپ باقسۇن دەپ، بىرىدىن ماڭا ئەۋەتىپتۇ، ئاڭلىسام، گالۋاڭ داجە-يې تېپىۋالغان ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىمدا ئۆلەي دېدىم.

— ئاغىچا خېنىم، ھەرگىز خاپا بولمىسىلا، — دېدى فېڭجيې، — ناۋادا بۇ ئىشنى كۆپچىلىك سېزىپ قالىدىغان بولسا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشى تۇرغان-

لا گەپ. ئۆزىمىزنى توختىتىپ، ئاچچىقىمىزنى بېسىپ، يەڭ ئىچىدە كۆزىتىپ باقساق، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز. قىمار ۋەقەسى بىلەن كۆپ ئادەملەر ھەيدەلگەن. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇ رۇينىڭ ئايالى، ۋاڭ ئېرنىڭ ئايالى قاتارلىق ئىشەنچلىك، ئاغزى چىڭ ئاياللاردىن تۆت - بەشىنى قىمار ئوينىغانلارنى تەكشۈرىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن باغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويايلى. ئاغىچا خېنىم، ئويلىنىپ باقسىلا، مېنىڭ بۇ گېپىم قانداقكىن؟

— دېگەنلىرىڭ توغرا بولمامدىغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، سەن ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا بۇ ئىشنى يوشۇرۇنچە چاپسانراق سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىغىن، — دېدى. فېڭجيې دەررۇلا پىڭئېرنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا جېكىلىدى.

ھايال ئۆتمەي جۇ رۇينىڭ ئايالى باشلىق بەش نەپەر خىزمەتكار خانىغا كىرىپ كېلىشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇلارنى چارلاشقا يېتىشەلمەي ئازلىق قىلامدىكىن، دەپ تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇتلا شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئانىخاسى — ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى، ھېلىقى ئىپار قاپچۇقىنى ئاشۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ ھېلىقى ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— بېرىپ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كېلىپ باغدا قىلىدىغان ئىشقا قارىشىپ بېرىڭ، — دېدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئادەتتە باغقا كىرىپ قالغان چاغلىرىدا، دېدەكلەر ئۇنىڭغا ئانچە خۇشامەت قىلىپ كەتمەيتتى، بۇ ئىش كۆڭلىگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر چاتاق تاپاي دېسە تاپالماي يۈرگىنىدە، تەلىيىگە بۇ ئىش چىقىپ قالدى - دە، ئەمدىغۇ سېپى قولۇمغا چۈشكەندۇ، دەپ تۇراتتى. شۇڭا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇقىمۇ ئۇنىڭغا ياغدەك ياقتى:

— بۇ ئاسان، — دېدى ئۇ، — قۇللىرىنىڭ تولا گەپچىلىكىم ئەمەس، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى بۇرۇنراق چىلكۇتۇش كېرەك ئىدى. خېنىم، ئۆزلىرىمۇ باغقا ئانچە كىرىپ تۇرمايلا. بۇ قىز بالىلار خۇددى يارلىق بويىچە مەرتىۋىگە ئېرىشكەندەك قىلىشىپ، ئېسىلزادە خان قىزلاردەك بولۇۋالدى. ئۇلار ئائىلەمنى مالىلەم قىلىۋەتسىمۇ، بىر كىمنىڭ ئۇلارغا غىڭ دېيىشكە ھەددى ئەمەس. خان قىزلارنى كۆشكۆرتۇپ، بىزنى بوزەك قىلدى، دېگىلى سالسا، ھېچكىم بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دېدى:

— خان قىزلارغا سوڭدىشىپ يۈرۈيدىغان دېدەكلەر باشقىلارغا قارىغاندا ئۇستۇنرەك بولىدۇ، بۇمۇ ئادەتتە بار ئىش. ئۇلارغا نەسىھەت قىلىڭلار، تەربىيە بەرمەي ئۇلارنى مۇشۇنداق قويۇپ بەرسەك، باشقىلىرىنى قانداق قىلىمىز؟

— باشقىلىرىغۇ مەيلى، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى، — ئاشۇنداقلارنىڭ بىرىنچىسى باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدىكى چىڭۋېن دېگەن دېدەك. چىرايىنىڭ باشقىلارنىڭكىدىن سەل تۈزۈكلۈكىگە بەكمۇ تەمەننا قويىدۇ، ئۆزىمۇ بەك گەپدان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، كۈندە خۇددى شى شىغا ئوخشاش ياسىنىپلا يۈرۈيدۇ، خەققە زادىلا گەپ بەرمەيدۇ. بىرەر ئېغىز گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالسا، شۇ زاماتلا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئادەمنى تىللاپلا كېتىدۇ. قائىدىدىن چىقىپلا كەتكەن بىرنېمە ئۇ!

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئۆتكەنكى ئىشنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، فېڭجيېدىن سورىدى:

— ئۆتكەن قېتىم بىز ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن باغنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمىزدە، بېلى ئىنچىكە، مۈرىسى تۈز كەلگەن، قاش ـ كۆزى دەييۈينىڭكىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرى بىر چۆرە قىزنى تىللاۋېتىپتىكەن، مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇنداق

ھاكاۋۇرلۇقىنى زادىلا ياقتۇرمىغانىدىم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن كېتىۋاتقاچقا، ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغانىدىم، كېيىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سورايمەن، دەپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇگۇن مېنىڭ كۆرگىنىم بۇنىڭ دېگەنلىرى بىلەن تازا بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ، بۇ دېدەك ئاشۇ ئوخشىمامدۇ؟

— بۇ دېدەكلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چىڭۋېندەك چىرايلىق ئەمەس، — دېدى فېڭجيې، — گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش جەھەتتە، ئۇ بىر ئاز يېنىكرەك. ئاغىچا خېنىمنىڭ دەۋاتقىنى شۇنىڭغا بەكمۇ ئوخشاپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنكى ئىشنى مەنمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قالايمىقان بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— بۇنداق دېمۇ ئولتۇرمايلى، ئۇنى ھازىر چاقىرتىپ كېلىش تەس ئەمەس، ئاغىچا خېنىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى.

— باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغىنىم شىرېن بىلەن شېيۈ ئىدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بۇ ئىككىسى پالاكەترەك بولسىمۇ ھەرھالدا ياخشى. ئۇ شۇ يەردە بولسا، كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمايدۇ. مەن ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق ئادەملەرنى ئەڭ يامان كۆرەتتىم، قېرىشقاندەك بۇنداق ئادەمنىڭ تاپىنىمنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. بىر ئوبدان باۋيۈينى بۇ جۇۋاينىمەك يولدىن ئازدۇرۇۋېتىدىغان بولسا، قانداقمۇ قىلارمىز، — ئۇ ئۆزىنىڭ دېدىكىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ تاپىلىدى، — سەن بېرىپ ئۇلارغا ئاغىچا خېنىمنىڭ سورايدىغان گېپى بار ئىكەن، دېگىن. شىرېن بىلەن شېيۈ قېلىپ، باۋيۈينىڭ خىزمىتىنى قىلسۇن. چىڭۋېن دەيدىغان زېرەك بىرى بار، شۇنى تېز كەلسۇن دەيدۇ، دەپ چاقىرىپ كەل، كەلگۈچە ئۇنىڭغا ھېچقانداق گەپ قىلما!

چۆرە قىمىز ئارامبەخش ھويلىغا كەلدى، چىڭۋېننىڭ تاۋى

بولمىغاچقا، چۈشلۈك ئۈيقۇدىن تېخى يېڭىلا قوپۇپ ئېزىلىپ ئولتۇراتتى، چوّره قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئامالسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. نەچچە كۈننىڭياقى تاۋى يوق بولۇپ قىلىپ، تازا ياسىنىپ - جابدۇنۇپ كەتمەي، ھېچ بالاسى بولماس دەپلا يۈرگەنىدى. فېڭجىيېنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، جىغىسى مايماق، كۆڭلىكى ساڭگۇل - سۇڭگۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇ بېسىپ تۇرغان ئېزىلەڭگۈ تۇرقىغا قاراپ ھەمدە چىراي - شەكلىدىن بىر ئاي بۇرۇن ئۆزى كۆرگەن ھېلىقى دېدەكنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بايىقى ئاچچىقى غۇچچىدە تۇتتى. ئاچچىقى تۇۋىدىن تۇتقان ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆتكەن ئىشنى ئويلاپ، سوغۇققىنا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قالتىس ساھىبجامال ئىكەن بۇ! «كېسەل شى شى» گە تازىمۇ ئوخشاپسەن. ئەتىدىن - كەچكىچە كىمگە بۇنداق شاللاقلىق قىلىپ بېرىپ يۈرۈيسەن. قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى مېنى ئۇقمايدۇ دەپ ئويلايدىغانسەن، مەن ئەتەيگە سېنى مۇشۇنداق قويۇپ بەرگەن، تېرەڭنى تەتۈر سويىدىغان كۈنلەرمۇ بار. باۋيۈي بۈگۈن خېلى تۈزىلىپ قالغاندۇ؟

چىڭۋېن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. تولىمۇ زېرەك بۇ قىز بىرىنىڭ يوشۇرۇنچە ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى بىلدى. باۋيۈي خېلى تۈزىلىپ قالغاندۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، راست گەپ قىلماي، ئىتتىك يۈكۈنۈپ، شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— مەن باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا ئانچە كىرىپ قالمايمەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن تازا خەۋىرىم يوق. بۇ شىرېن بىلەن شېيۈ ئىككىسىنىڭ ئىشى، ئاغىچا خېنىم، شۇلاردىن سوراپ باققان بولسىلا.

— مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كاچىتىڭغا سېلىش كېرەك! — دېدى

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — سەن ئۆلۈكمىدىڭ؟ سەنلەرنى نېمىدەپ ئەكەلگەن؟

— مەن ئەسلىدە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئادىمى ئىدىم، — دېدى چىڭۋېن، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم باغ يوغان، ئادەم ئاز بولغاچقا، باۋيۈي قورقىدۇ دەپ، مېنى باۋيۈينىڭ تاشقىرىقى ھۇجرىسىغا كېچىلىك جىبسەكتە تۇرۇپ، ھۇجرىغا قاراشقا چىقارغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈم گالۋاڭراق، خىزمىتىنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن دېسەم، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مېنى تىللاپ: «سېنى ئۇنىڭ ئىشىنى قىل دېمىگەندىكىن، چېچەنلىكىڭنىڭ نېمە كېرىكى بار؟» دېدى. مەن شۇ گەپ بىلەن بارغانىدىم. ئون- يىگىرمە كۈندە بىرەر قېتىم باۋيۈي چاقىرىپ قالسا، كىرىپ گېپىنى ئاڭلاپلا چىقىپ كېتىمەن. باۋيۈينىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇش ئىشلىرىغا قارايدىغان ئىنىگئانىلار، ئانىكىلار بار، تۆۋەندە شىرېن، شېيۆ، چيۇۋېنلەر بار. بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىنىڭ يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىمەن، شۇڭا باۋيۈينىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيتىكەنمەن. ئاغىچا خېنىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇيدىغان بولسىلا، بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈل بۆلەي.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گېپىگە راست دەپ ئىشىنىپ قېلىپ، ئىتتىكلا:

— ھەرنېمە بولسا سەن باۋيۈيگە يېقىنلاشمايدىكەنسەن، مېنىڭ تەلىيىم بار ئىكەن. سېنىڭ ئۇنىڭغا جان كۆيدۈرۈپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سېنى باۋيۈينىڭ خىزمىتىگە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بەرگەن بولسا، ئەتە - ئۆگۈن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ، ئاندىن سېنى قوغلايمەن، — دېدى - دە، ئارقىدىن ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا، — سىلەر كىرىپ كېتىۋېرىڭلار، بۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ئوبدان قاراڭلار، باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىدا ئۇخلاشقا يول قويماڭلار. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا

مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇنىڭ جازاسىنى بېرد-
مەن، — دەپ بولۇپ، چىكۇيىنغا قاتتىق ۋارقىرىدى، — ماڭ،
چىق! بۇ يەردە كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ تۇرماي.
چىكۇيىن ھۇجرىدىن يېنىپ چىقتى.
بۇ ئەلەم سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئەلەم ئىدى، ئۇ
ھۇجرىدىن چىقىپلا قولياغلىقى بىلەن يۈزىنى توساپ يىغلىغان
پېتى ئۇدۇل باغقا كەلدى.
چىكۇيىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم
فېڭجيېلەرگە ئۆزىدىن ئاغرىنىپ بەردى:
— نەچچە يىل بولدى، بارغانسېرى ماغدۇرۇم كېتىپ،
ھەممە ئىشقا يېتىشەلمەي قالدىم، مۇشۇنداق ئالۋاستىدەك بىرنې-
مىگىمۇ كۆزۈم چۈشمەپتۇ. بۇنداقلاردىن يەنە بولۇشى مۇمكىن،
ئەتە تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك.
فېڭجيې ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ راسا غەزىپى كەلگەنلىكىنى
كۆردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى شىڭ ئاغىچا
خېنىمنىڭ كۆز ـ قۇلىقى بولۇپ، دائىم شىڭ ئاغىچا خېنىمنى
كۇشكۇرتۇپ چاتاق تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. فېڭجيېنىڭ دەيدىغان
تۈمەن مىڭ تۇرلۇك گەپلىرى بولسىمۇ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بىر
ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ھەممى-
گە «خوش» دەپلا ئولتۇردى.
— ئاغىچا خېنىم، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دېدى
ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى، — بۇ كىچىك ئىشلار، بۇنى مەن چاكار-
لىرىغا تاپشۇرسىلا. ھازىر بۇنى تەكشۈرۈش ناھايىتى ئاسان،
ئاخشاملىقتا باغنىڭ ئىشىكى ئېتىلگەن چاغدا، ئىچكىرى بىلەن
تاشقىرىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ، شۇ چاغدا بىز ئويلىمىغان
يەردىن چىقىپ، كىشىلەرنى باشلاپ كىرىپلا، ھەممە ئورۇنلار-
دىكى دېدەكلەرنىڭ ياتاقلىرىنى ئاختۇرايلى. مۇشۇ نەرسە پالانى-
نىڭ، دەپ ئويلىغان بولساق، ئۇنىڭدا يالغۇز بۇلا ئەمەس،

چوقۇم باشقا نەرسىمۇ چىقىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا باشقا بىر نەرسىنى ئۇنىڭدىن تېپىۋالدۇقمۇ، دېمەك بۇ مۇشۇنىڭ دېگەن گەپ.

— بۇ توغرا گەپ بولدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجىيېدىن سورىدى، — قانداق؟

فېڭجىيې:

— ئاغىچا خېنىم بولىدۇ دېسە، شۇنداق قىلايلى، — دەپ ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇردى:

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، جيا ئانا ئارام ئالغان، باۋچەيلەر باغقا كىرىپ كەتكەن چاغدا، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى فېڭجىيېنى تەكلىپ قىلىپ باغقا بىللە كىردى ـ دە، يان ئىشىكلەرگە قۇلۇپ سېلىشنى بۇيرۇپ، تىنتىشنى كېچىلىك جېسەكتە تۇرىدىغان جايلاردىن باشلىدى. ئۇلاردىن تېپىلغىنى ئېشىپ قالغان شام، چىراغ مېيىغا ئوخشاش نەرسىلەر بولدى.

— بۇمۇ زاڭ مال، جايىدىن قوزغالمىسۇن، ئەتە ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن قوزغاشقا بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاۋۋال ئارامبەخش ھويلىغا كېلىپ، ئىشىكنى تاقاشقا بۇيرۇق قىلدى. باۋيۈي چىڭۋېننىڭ ئىشى بىلەن كۆڭلى غەش ئولتۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت بىر توپ ئادەم كىرىپ كەلدى. باۋيۈي ئۇلارنىڭ نېمىگە كىرگەنلىكىنى ئۇقالماي، ئۇدۇل دېدەكلەرنىڭ قېشىغا ئۆزىنى ئېتىۋىدى، ھۇجرىدىن فېڭجىيې چىقىپ قالدى. باۋيۈي ئۇنىڭدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، فېڭجىيې:

— مۇھىم بىرنەرسە يىتۇپ كەتكەنىدى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئالغىنىنى ئىقرار قىلمىدى، شۇڭا گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن، دېدەكلەرنى ئاختۇرىمىز، دەپ ھەممەيلەننى ئاختۇرۇپ چىقماقچى، — دېدى ـ دە، ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ

ئايالى قاتارلىقلار ھوجرىنىڭ ئىچىنى بىرقۇر ئاختۇرۇپ چىققان-دىن كېيىن، يەنە:

— بۇ ساندۇقلار كىمنىڭ؟ — دەپ بىر - بىرلەپ سوراپ چىقتى ۋە، — ساندۇقلارنى ئۆز ئىگىسى كېلىپ ئاچسۇن، — دېدى.

شىرىن چىڭۋېننىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، چوقۇم بۆلەكچە بىر ئىش بولدى، دەپ ئويلىغانىدى، ئارقىدىنلا بۇ ئاختۇرۇش باشلاندى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ ئۆزىنىڭ ساندۇقى بىلەن قوتىسىنى ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئاختۇرۇشى ئۈچۈن ئېچىپ بەر-دى. ئۇنىڭدا ئادەتتە دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرلا بار ئىدى، ئۇلار بۇنى قويۇپ، باشقىنىڭكىنى ئاختۇردى. قاتىرىسىغا بىر-بىرىدىن ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، نۆۋەت چىڭۋېننىڭ سان-دۇقىغا كەلدى:

— بۇ كىمنىڭ، نېمە ئۈچۈن ئېچىپ ئاختۇرغۇزمايدۇ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار.

شىرىن چىڭۋېننىڭ ئورنىغا ئېچىپ بېرەي دەپ تۇراتتى، چاچلىرىنى تۇرۇۋالغان چىڭۋېن ئېتىلىپ كىرگىنىچە ساندۇقى-نى تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئېچىپ دۇم كۆمتۈرۈۋېتىدى، ساندۇق-نىڭ ئىچىدىكى جىمى نەرسە يەرگە تۆكۈلدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىپ، فېڭجيېگە مەلۇم قىلىپ باشقا يەرگە بېرىشنى ئېيتتى. فېڭجيې:

— زەن قويۇپ تەكشۈرۈڭ، مۇشۇ قېتىمدا تاپالمىساق، جاۋاب بەرمەك تەس، — دېدى.

— ھەممىنى تولۇق ئاختۇرۇپ چىقتۇق، ھېچقانداق نەرسە چىقمىدى، — دېيىشتى كۆپچىلىك. — ئەرلەرگە كېرەكلىك بىرنەچچە خىل نەرسە بار ئىكەن، بىراق ھەممىسى ئۇششاق باللارنىڭ نەرسىلىرى ئىكەن، باۋيۈينىڭ كونا ئويۇنچۇقلىرى ئوخشايدۇ، ئالاقىسى يوق بىرنېمىلەركەن.

فېڭجيې بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۈلۈپ قويۇپ:
— ئۇنداق بولسا، ماڭايلى، باشقا يەرلەرگە قاراپ چىقايلى، — دېدى - دە، ھۇجرىدىن چىقىپلا ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا، — مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىم بار، توغرىمۇ - يوق، دەپ باقاي، تىنتىغاندا ئۇزىمىزنىڭكىلەرنى تىنتىساق، باۋچەي خانىمنىڭ ھۇجرىسىنى تىنتىغان بىلەنمۇ چىقمايدۇ، — دېدى.
— ئەلۋەتتە شۇنداق. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىنى تىنتىسا بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ھىجىيىپ. فېڭجيې بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پاراڭ بىلەن بامبۇكزار سارىيىغا يېتىپ كېلىشتى. دەييۇي ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇشتۇمتۇت بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئەمدى ئورنىدىن قوپاي دەپ تۇرۇشىغا، فېڭجيې ھۇجرىغا كىرىپ كېلىپ، ئىتتىك ئۇنى مۈرىسىدىن بېسىپ قوپقىلى قويمىدى ۋە:
— ئۇخلاۋېرىڭ، بىز ھايال بولماي كېتىمىز، — دېدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى قالغانلارنى باشلاپ، دېدەكلەرنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى - دە، ساندۇق - پاندۇقلارنى ئېچىپ ئۆكتۈرۈپ بىرقۇر ئاختۇرۇپ چىقتى. زىجۈەن ياتقان ھۇجرىدىن باۋيۈي ئۆتكەندە يەڭگۈشلەپ تاشلاپ قويغان ئىككى دانە ئات قويۇش تۇمارى، بىر دانە باغلىق ئىلمە مۈرىلىك، ئىككى ھەميان ۋە يەلپۈگۈچ قاپچۇقى تېپىلدى. بۇلار بۇرۇن باۋيۈي ئۆز قولىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىلەر ئىدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كېتىپ، كۆزىدىن كۆچۈرۈپ بېقىشقا دەررۇ فېڭجيېنى تەكلىپ قىلدى:
— مانا بۇ نەرسىلەر نەدىن كەلگەن؟ — دېدى.
— باۋيۈي ئۇلار بىلەن كىچىكىدىن بىرنەچچە يىل بىللە ئارىلىشىپ ئۆتتۈشكەن، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ، — بۇ نەرسى-

لەر تايىنلىق باۋيۈينىڭ كونا نەرسىلىرى. بۇمۇ ھېچقانچە ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. بۇنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقا يەرگە بارغىنىمىز تۈزۈك.

زىجۈەن كۈلۈپ:

— تاكى بۈگۈنگىچە، بىر - ئىككى ئايىنىڭياقىنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلىيالمايۋاتساق، بۇنى سورىغىنىڭلار بىلەن بۇنىڭ قايسى يىل، قايسى ئاي، قايسى كۈنلەردە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى فېڭجىيېنىڭمۇ شۇنداقراق تەلەپپۇزدا قىلغان گېپىنى ئاڭلاپ بولدى قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، فېڭجيې بىلەن ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى تەنچۈننىڭ ھويلىسىغا كېلىشتى. بۇ ئىشنى ئاللىقاچان تەنچۈنگە يەتكۈزۈپ بولغان ئىكەن. تەنچۈن بۇنىڭ بىر سەۋەبى بار، شۇڭا بۇلار مۇشۇنداق رەسۋالىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، دېدەكلەرگە چىراغ ياققۇزۇپ، ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچقۇزۇۋېتىپ، ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. تەنچۈن ئۇلاردىن قەستەنگە:

— نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىرنەرسە يوقالغانىدى، ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن سوراشتۇرۇپ تاپالمىدۇق. باشقىلار ئۇنى بۇ قىزلارغا ئارتىپ قويمىسۇن دەپ، گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن ھەممەيلەننى ئاختۇرۇپ يۈرۈيمىز. بۇ ئۇلارنى ئاقلاشنىڭ ئوبدان چارىسى، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ.

تەنچۈن تەنە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ:

— بىزنىڭ دېدەكلەرنىڭ ھەممىسى ئوغرى بولسا، دېمەك ئۇلارنىڭ باش يوشۇرغۇچىسى مەن بولىمەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، ئالدى بىلەن مېنىڭ ساندۇقلىرىمنى تىنتىڭلار. ئۇلار ئوغرىلاپ ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىدۇ، مەن

يوشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى ـ دە، دېدەكلىرىگە ساندۇق، ئەينەك، ئۇپا ـ ئەڭلىك قۇتىلىرى، ئورۇن ـ كۆرپە ياپقۇچلىرى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك نەرسىلەرنى بىر يولىلا ئېچىشقا بۇيۇرۇپ، فېڭجيېنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

— مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدىم، مېنىڭدىن رەنجىپ يۈرمەڭ، سىڭلىم، — دېدى فېڭجيې ھىجىيىپ، ئاندىن دېدەكلەرگە بۇيرۇق قىلدى، — خان قىزنىڭ ساندۇقلىرىنى چاپسان ئېتىۋېتىڭلار.

پىڭئېر، فېڭئېرلەرمۇ شۇلارغا ياردەملىشىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ياپىدىغىنىنى يېپىپ، يىغىشتۇرىدىغىنىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشۈڭلارغا بولىدۇ، — دېدى تەنچۇن، — ئەمما دېدەكلىرىمنىڭ نەرسىلىرىنى ئاختۇرماقچى بولىدىكەنسىلەر، بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن. مەن باشقىلارغا قارىغاندا ئەسكى، دېدەكلەرنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى مەن بىلىمەن. ھەممىسى مېنىڭ ئىچكى ھۇجرامدا ساقلاقلىق. بىر تال يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىنىمۇ ئۇلار ئۆز ئالدىغا ساقلىمايدۇ، تىنتىماقچى بولساڭلار مېنىڭكىنى تىنتىڭلار. ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭلار، ئاغىچا خېنىمغا بېرىپ، مېنى ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىدى، دەپ مەلۇم قىلىڭلار، ماڭا قانداق چارە قوللانسا، ئۇنى مەن قوبۇل قىلىمەن. سىلەر ئالدىراپ كەتمەڭلار، تىنتىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ! سىلەر بۈگۈن ئەتىگەندىلا تېخى جېن جەمەتىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ، ئۆزلىرى بىر ئۆيدانلا تۇرۇپ، بىزنى تىنتىۋەتسىكەن، دەپ ئارزۇ قىپتىكەن، مانا دېگەندەكلا بوپتۇ، راستتىنلا تىنتىلىپتۇ، دېگەن ئىدىڭلارغۇ! مانا ئەمدى بىزگىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ! شۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇنداق چوڭ ئۇرۇق ـ جەمەتنى سىرتتىن كېلىپ بوغسا، ھەدېگەندىلا بوغۇپ ئۆلتۈرەلمەيدۇ. بۇ خۇددى كونىلارنىڭ

«مىڭئاياغ ئۆلىدۇ، ئەمما قاتمايدۇ» دېگىنىگە ئوخشاش، ئالدى بىلەن پەقەت جەمەت ئىچىدە بىر - بىرىنى بوغۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ۋەيران قىلىش باشلانغاندىلا، ئاندىن يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ! — شۇنداق دەپلا تەنچۈننىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى.

فېڭجيې خىزمەتكار ئاياللارغا قاراپلا قالدى.

— قىزلارنىڭ ھەممە نەرسىلىرى مەشەدە بولسا، كېلىن ئاغىچا خېنىم باشقا يەرگە بارساقمىكىن، خانقىزمۇ ئارام ئال-سۇن، — دېدى جۇ رۈينىڭ ئايالى، فېڭجيې ئورنىدىن تۇرۇپ تەنچۈن بىلەن خوشلاشتى. تەنچۈن:

— ئوبدان تىنتىڭلار، كۆڭلۈڭلار ئايدىڭلاشسۇن. ئەگەر ئەتىگەنلىككە يەنە كېلىدىغان بولساڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىماي-مەن، — دېدى تەنچۈن.

— دېدەكلەرنىڭ نەرسىلىرى مەشەدىلا بولسا، تىنتىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇستاتلىقىڭىزنى كۆرۈڭ، — دېدى تەنچۈن سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — ھەتتا مېنىڭ بوغچىلىرىمدىن تارتىپ ئاختۇ-رۇپ بولۇپ، يەنە ئاختۇرمىدۇق، دەيسىزغۇ! ئەتىگەنلىككە مې-نى دېدەكلەرنى ياقلىدى، ئاختۇرۇشقا يول قويمىدى دەپ بېقىڭ-لارچۇ قېنى! گەپنىڭ ئېنىقىنى دەپ قوياي، يەنە ئاختۇرىمىز دەيدىكەنسىلەر، مەرھەمەت، ئاختۇرۇڭلار.

فېڭجيې تەنچۈننىڭ ئادەتتە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، كۈلكىگە زورلاپ:

— ھەتتا سىزنىڭ نەرسىلىرىڭىزنىمۇ تىنتىدۇق، كۆڭلى-مىز ئايدىڭلاشتى، — دەپ قويدى.

— سىلەرمۇ تىنتىپ ئايدىڭلاشتۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپ سو-رىدى تەنچۈن قالغانلاردىن.

— ھەممىمىزگە ئايدىڭلاشتى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى جۇ

رۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلار كۇلۇمسىرىشىپ.
ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئەسلىدە ئالدى - كەينىنى ئويلىماي-
دىغانراق ئايال ئىدى، ئادەتتە ئۇ تەنچۇننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ
كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقىچە ئويلايتتى، باشقىلارنىڭ كۆزى
يوق، يۇرەكسىز ئىكەن، قىز بالىمۇ شۇنچىلا يامان بولامدۇ!
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دېگەن توقالدىن تۇغۇلغان، قولىدىن نېمە
كېلەتتى! ئۆزىنىڭ شىڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئانىخاسى ئىكەنلىكى-
نى ھىمات قىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چېغىدىمۇ ماڭا باشقىچە
قاراۋاتقان يەردە باشقىلار نېمە ئىدى؟ تەنچۇننى يالغۇز فېڭجېي-
گىلا چېچىلىۋاتىدۇ، بىزگە چېچىلغىنى يوق دەپ چاغلاپ، ھە-
ماتىغا يۆلىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى - دە،
باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تەنچۇننىڭ ئېتىكىدىن تارتىپ، قەس-
تەن سىلكىپ قويۇپ، قىھ - قىھلاپ كۈلدى:
— خانقىزنىڭ ئۇستۈپشىنىمۇ ئاختۇرۇۋېدىم، دېگەندەك
ھېچنېمە چىقمىدى، — دېدى.
فېڭجېي ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ:
— ئانىكا، مېڭىڭ، ساراڭدەك قىلىق قىلماڭ، — دېدى.
گەپنىڭ ئايىغى چۇشمەيلا، تەنچۇن ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى
«چاڭگىدە» بىر تەستەك سالدى. تەنچۇن بىردىنلا غەزەپكە كې-
لىپ، قولىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:
— كېلىپ مېنىڭ كىيىمىمنى تارتىشقا قولۇڭ بارغۇدەك
قانچىلىك نېمە سەن؟ مەن ئاغىچا خېنىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھەم
يېشىڭغا قاراپ «ئانىكا» دەپ قويسامزە، سەن ئىگىسىگە تايىنىپ
ھەيۋە قىلىدىغان ئىتتەك ئەتىدىن - كەچكىچە ئۇپراقچىلىق قى-
لىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىدىغان بولۇۋاپسەن،
بۈگۈن تېخىمۇ ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭغۇ! مېنىمۇ ئۆزۈڭلار-
نىڭ خانقىزىڭلاردەك رايىش چاغلاپ، خالىغانچە بوزەك قىلىش-
ماقچىمىدىڭ؟ چۆچۈرىنى خام ساناپسەن. بۇ يەرگە كېلىپ نەر-

سىلەرنىڭ تىنتىغىنىڭىزغا مەن خاپا بولمايمەن، لېكىن مېنى زاڭلىق قىلغۇچى بولما، — تەنچۇن شۇنداق دەپلا، تۈگمىلىرىنى يېشىپ، فېڭجىيېنى ئوبدان ئاختۇرۇڭ، دەپ قولىدىن تارتىپ، — سىلەرنىڭ غالچاڭلار ئاختۇرغاندىن كۆرە، كېلىپ سىز ئاختۇرۇڭ، — دېدى. فېڭجىي، پىڭئېر ئالمان - تالمان كېلىپ، تەنچۇننىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى ۋە ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا:

— ئانىكا، سىز ئىككى يۈتۈم شاراب ئىچىۋالسىڭىزلا مۇشۇنداق ساراڭدەك قىلىدىكەنسىز، قايسى كۈنى ئاغىچا خېنىمنىڭ چىشىغىمۇ تەگدىڭىز! — دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن تەنچۇنگە تەسەللى بەردى. تەنچۇن سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاچچىقىم كەلگەن بولسا، ئاللىقاچان تامغا ئۇسۇپلا ئۆلۈۋالاتتىم! ئەمىسە، ئوغرىلانغان مالنى تاپىمىز دەپ، نېمىشقا بىر چاكارنىڭ يېنىمنى ئاختۇرۇشىغا يول قويىسىلەر؟ ئەتە ئەتىگەندە ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئاغىچا خېنىمغا بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئانىكامنىڭ ئالدىغا ناماقۇللۇققا بارىمەن، نېمە قىلىمەن دېسە، مانا مەن تەييار، — دېدى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى بۇ ئىشتىن يۈزى يەر بولۇپ، ئالمان- تالمان ئۆزىنى دېرىزىنىڭ سىرتىغا ئالدى - دە:

— بولدى، بولدى! ئەتە ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ، ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن. قېرىغىنىمدا ماڭا بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى.

تەنچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دېدەكلەرگە ۋارقىرىدى:

— سەنلەر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە مېنى ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىششقا سالماقچىمۇسىلەر؟

سىشۇ شۇ گەپ بىلەن سىرتقا چىقتى - دە، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىغا:

— ئانىڭىزنىڭ ئۆيىگە كەتسىڭىزغۇ، بىزنىڭ تەلىيىمىز

كەلگەن بولاتتى. كېتىشكە كۆزى قىيمامدىكىن، دەپ ئەنسىرەي-مىز، — دېدى. فېڭجيې كۇلۇپ تۇرۇپ:

— پاھ، مۇنۇ قىزنى، ئىگىسىگە بېقىپ چاكىرى بولىدۇ، دېگەننىڭ دەل ئۆزىكەن، — دېدى.

— بىزدەك ئوغرىلارنىڭ ئاغزىمىزدا ئانچە - مۇنچە گېپى-مىز بولىدۇ، شۇغىنىسى يەڭ ئىچىدە خوجايىنلارنى كۇشكۇر-تۇشنى ئۇقمايدىكەنمىز، — دېدى تەنچۇن سوغۇققىنا كۇلۇپ. پېڭئېرمۇ ھىجايغىنىچە ئىتتىك كېلىپ، ئۇلارنى ئايرىمچىلاپ سىشۇنى تارتىپ ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. جۇ رۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلارمۇ بىرقۇر تەسەللى ئېيتىشتى. فېڭجيې دېدەك-لەر تەنچۇننى ئۇخلاتقۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن كىشىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، لى ۋەن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىدى، ئۇ شىچۇن بىلەن تام قوشنا، تەنچۇن بىلەن ئارىلىقى يېقىن ئىدى. شۇڭا، فېڭجيېلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى ھۇجرىغا كىرمەكچى بولدى. لى ۋەن تېخى يېڭىلا دورا يەپ ئۇخلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى پاراكەندە قىلمايلى، دېيىشىپ، ئۇنىڭ دېدەكلىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىشتى - دە، ئۇلارنىمۇ بىر-بىردىن تىنتىپ ھېچنېمە تېپىشالمىدى، ئاندىن شىچۇننىڭ ھۇجرىسىگە كىرىشتى.

شىچۇن تېخى كىچىك، ئانچە ئىش ئۇقمايدىغانلىقى ئۈچۈن، نېمە ۋەقە بولغاندۇ، دەپ ئۇقالماي قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ، فېڭجيې ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى. ئاختۇرۇش نەتىجىسى-دە، ئويلىمىغان يەردىن رۇخۇانىڭ ساندۇقىدىن يوغان بىر بو-لاقتا ئوتتۇز - قىرىق دانە كۇمۇش تەڭگە چىقىپ قالدى، يەنە بىر دانە قاشتېشى بەلۋاغ، ئەرەنچە ئۆتۈك - پايپاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ چىقتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سو-رىۋىدى، رۇخۇا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىغان پېتى ھەقىقىي

ئەھۋالنى سۆزلىدى:

— بۇ جىيا جېڭ بېگىم ئاكامغا ئىنئام قىلغان نەرسىلەر ئىدى. ئاتا ـ ئانىمىز جەنۇبتا بولغاچقا، ئاكام بۇ يەردە تاغامغا يۆلىنىپ جان بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. تاغام بىلەن ئايالى ئىككىسى ھەدېسىلا ھاراق ئىچىپ قىمار ئوينايدۇ، شۇڭا ئاكام تاپقان ـ تەرگىنىنى ئۇلارغا بەرسەم خەجلىۋېتىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، خىز ـ مەتكار ئانىكام ئارقىلىق ئاستىلا كىرگۈزۈپ بېرىپ، ماڭا ساق ـ لىغىلى قويىدۇ.

شىچۇن ئەسلىدە قورقۇنچاق قىز ئىدى، بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى ـ دە، فېڭجىيېگە:

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، بۇ قانداق گەپ بولدى؟ يەڭگە، ئۇرىدىغان ئىشلار بولسا، ئۇنى تالاغا ئەپچى ـ قىپ ئۇرۇڭلار، مەن ئاڭلىمايلا قوياي، — دېدى.

— ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسا، ئۇنى كەچۈ ـ رۈشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى فېڭجيې كۈلۈپ كېتىپ، — بىراق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بۇنداق نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ بەرمەس ـ لىكى كېرەك ئىدى. گەپ ئېلىپ كىرگەن ئادەمدە. ئەگەر بۇ گېپىڭ راست بولماي، ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسە بولسا، ساڭا ئۇ چاغدا كۈن يوق.

— يالغان گەپ قىلىدىغانغا ھەددىم ئەمەس، — دېدى رۇخۇا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلىغان پېتى، — خېنىم، ئەتە بىزنىڭ خېنىم بىلەن بېگىمدىن سوراپ باقسىلا، ناۋادا ئىنئام قىلمىغان بولۇپ چىقسا، ئاكام ئىككىمىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلىمۇ بىز رازى.

— بۇنى سوراشنىغۇ سورايمىز، — دېدى فېڭجيې، — راست ئىنئام قىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ توغرا بولمىغان تەرىپى بار. كىم سېنى باشباشتاقلىق قىلىپ بۇنى ئېلىپ كىرسۇن دېدى؟ بۇنى ئەكىرىپ بەرگەن كىشىنى ئېيتساڭ، سېنى كەچۈرىمەن،

بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق قىلما.
— بۇنى ئەكىرىپ بەرگەن باشقا بىرى ئەمەس، ھەرقاچان ئارقا ئىشىكتىكى لاۋجاڭ بولسا كېرەك. ئۇ دائىم مۇشۇ دېدەك-لەر بىلەن تىمىسقىلىشىپلا يۈرۈيدۇ، بۇلارمۇ ئۇنىڭغا بەك غەم-خورلۇق قىلىپ كېتىشىدۇ، — دېدى شىچۈن. فېڭجيې بۇ گەپلەرنى يېزىپ قويۇشقا بىرىنى بۇيرۇدى، نەرسە - كېرەكلەر-نى بولسا ئەتە يۈزلەشتۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، جۇ رۈينىڭ ئايالىغا ۋاقتىنچە ساقلاپ قويۇشقا بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىچۈن بىلەن خوشلىشىپ، يىڭچۈننىڭ ھۇجرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
يىڭچۈن ئۇخلاپ قالغان، دېدەكلەرمۇ ئەمدىلا ئۇخلاشقا ياتقا-نىدى، ئۇلار كېلىپ ئىشىكنى قېقىۋىدى، بىرھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. فېڭجيې ئۇلارغا:
— خانقىزنى ئويغىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ تاپىلاپ، ئۇدۇل دېدەكلەرنىڭ ياتىقىغا ماڭدى. سىچى ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنىڭ قىز نەۋرىسى ئىدى، فېڭجيې ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى يۈز قارامدۇ - قارىمامدۇ دەپ، ئۇنىڭ ئاختۇرۇشىغا دىققەت قىلدى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ساندۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، باشقا بىرنەرسە تاپالمىدى، نۆۋەت سى-چىنىڭ ساندۇقىغا كەلگەندە، مۇنداقلا مالتىلاپ قويۇپ:
— بۇنىڭدىمۇ ھېچنېمە يوق ئىكەن، — دەپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپاي دەپ تۇرۇشىغا، جۇ رۈينىڭ ئايالى:
— توختىسىلا، بۇ نېمە؟ — دەپلا ساندۇققا قولىنى سىلىپ بىر پارچە ئەرەنچە سەرناق پايپاق بىلەن تاۋاردىن تىكىلگەن بىر پارچە خەينى ئالدى، يەنە بىر تۇگۇنچەكمۇ چىقتى، تۇگۇنچەكنى ئېچىۋىدى، بىر دانە «قوش مۇتكە» نەقىشلىق ئويۇنچۇق چىقتى، ئۇنىڭغا يانداپ بىر پارچە باغاقچىمۇ بار ئىدى. جۇ رۈينىڭ ئايالى ھەممىنى قوشۇپ فېڭجيېگە بەردى.

فېكجيې ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقانغا ئۇزاق بولغاچقا، ھەر خىل خەت ـ چەك، ھېسابات قاتارلىقلارنى كۆپ كۆرۈپ يۈرۈپ، ئانچە ـ مۇنچە خەت تونۇيالايدىغان بولۇپ قالغانىدى. فېكجيې خەتنى كۆرۈپ بولۇپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. باشقىلار خەت تونۇمايتتى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى بۇ قىز نەۋرىسىنىڭ بۇنداق ئاشىق ـ مەشۇقلۇق ئىشلىرىنى ئادەتتە بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ خەي بىلەن پايپاقنى كۆرۈپ چۈشىنىپ يەۋالغاندەك بولۇپ تۇراتتى، ئارقىدىن چىققان قىزىل باغاقچىنى فېكجيېنىڭ ئوقۇپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەرقاچان ئۇلارنىڭ يازغان ھېساباتى قاملاشمىغان بولسا، خېنىم شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىدىلىغۇ دەيمەن، — دېدى.

— ھەئە، بۇنىڭدىكى ھېسابنى چىقىرالمايۋاتىمەن، — دېدى فېكجيې كۈلۈپ كېتىپ، — سىز سىچېنىڭ مومىسى، ئۇنداق بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ فامىلىسى نېمە ئۈچۈن «پەن» بولۇپ قالدى؟

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئۇنىڭ غەلىتە سوئال سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپكە ئارانلا تىلى كەلدى:

— سىچېنىڭ ھاممىسى پەن جەمەتىگە ياتلىق قىلىنغان، شۇڭا ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ فامىلىسى پەن، ئۆتكەندە قېچىپ كەتكەن پەن يۇەن شۇ.

— ئەمدى ئايدىڭ بولدى، ئەمدى مەن سىزگە بۇ خەتنى ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى فېكجيې ۋە كۈلگەن پېتى خەتنى باشتىن ـ ئاياغ بىر قېتىم ئوقۇپ بەردى. كۆپچىلىك ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىشتى.

ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى باشقىلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالسام دەپلا يۈرەتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ قولىغا ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسىنىڭ كوكۇلىسى چىقىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئۇ بوغۇلدى ھەم نومۇس قىلدى، ئۇنىڭغا يەرگە كىرەي دېسە، يەر

قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئاسمان يىراق بولدى. فېڭجيې ئۆنىڭدىن كۆز ئۈزمەي پىخىلداپ كۈلەتتى.

— بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى فېڭجيې جۇ رۇينىڭ ئايالىغا، — ئۇ مومىسىنى قىلچە غەم قىلدۇرماستىن، ھېچكىمگە ئۇقتۇرمايلا، بۇلارغا ئوبدان كۈيئوغۇل تېپىپ بېرىپتۇ.

جۇ رۇينىڭ ئايالىمۇ كۈلۈپ، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى مازاق قىلغىلى تۇردى. ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ تىللاشقا چۈشتى:

— ئۆلمەيدىغان قېرى قانجۇق، بۇ قارغىش تەگكۈرنى نېمىدەپمۇ تۇغقان بولغىيدىڭ؟ يوغان گەپ بىلەن ئاغزىم تۇۋاقلاندى. قىلغىنىم ئۆزۈمگە ياندى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلگۈسى كەلگەن بولسىمۇ كۈلۈشكە پېتىنالمىدى. فېڭجيې سىچىنىڭ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي، قورقۇش ۋە نومۇس قىلىشنى بىلمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كېچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالمىسۇن دەپ ئىككى خىزمەتكار ئايالنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىشىنى ئەتە بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، ئۆزلىرى چىقىپ كېتىشتى.

ئەتىسى، فېڭجيې ماغدۇرى قالماي بوشىشىپلا كەتتى، ھېچ بولالماي ئاخىر تېۋىپ چاقىرتىپ تومۇر تۇتقۇزۇپ، دورا يېيىشكە مەجبۇر بولدى. سىچىنىڭ ئىشى ۋاقتىنچە كېيىنگە قالدۇرۇلدى.

## 23 ـ باب چىرايلىق دېدەكنىڭ نوچىلىقىدىن دەرد ئىچىدە ۋاقىتسىز قازا تاپقانلىقى

نەزەرباغ تىنتىلغاندىن كېيىن، فېڭجيې كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئىشلارمۇ

ۋاقتىنچە تاشلىنىپ قالدى. تاۋۇز چاغىنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. فېڭجيېنىڭ كېسىلىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلى تۈزىلىپ قالدى. ئۇ سەللىمازا ساقىيىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا تالا ـ تۈزلەرگە چىقالايدىغان بولدى، شۇنداقتىمۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تېۋىپ ھەر كۈنى كېلىپ تومۇر تۇتۇپ، دورا ئىچكۈزۈپ تۇردى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھۇجرىدا ھېچكىم قالمىغاندىن كېيىن، جۇ رۇينىڭ ئايالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— قايسى كۈنكى باغنى تىنتىش ئىشىنىڭ ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى. جۇ رۇينىڭ ئايالى ئاللىقاچان فېڭجيې بىلەن بىر مەسلىھەتكە كېلىشىۋالغاچقا، بىر ئېغىز گەپنىمۇ قالدۇرماي، ھەممىنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا سۆزلەپ بەردى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپ، ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. چۈنكى، سىچى يىڭچۈن خانقىزنىڭ چۆرىسى ھەم نېرىقى تەرەپنىڭ ئادىمى بولغاچقا، بۇ ئىشنى شىڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى.

— قايسى كۈنى شىڭ ئاغىچا خېنىم ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالىنى چېپىلغاق دەپ، ئۇنى بىرنەچچە تەستەك ساپتۇ، — دېدى جۇ رۇينىڭ ئايالى بولغان ئىشنى مەلۇم قىلىپ، — ھازىر ئۇ ئايال ئاغرىپ قالدىم، دەپ قەستەن يېتىۋاپتۇ، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىچى ئۇنىڭ قىز نەۋرىسى بولغاچقا، ئۆزىنى كاچاتلاپ ئاغزى يۇمۇلۇپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى يادىدىن چىقىرىۋەتكەندەك بولۇۋېلىپ، كۈنلەر ئۆزىراپ، گەپ ـ سۆزلەر بېسىققاندىن كېيىن بىرنېمە دەرمەن دېسە كېرەك. ھازىر بۇ ئىشنى ئۇ تەرەپكە مەلۇم قىلساق، خۇددى بىز يوقىلاڭ ئىش تاپقاندەك تۇيۇلۇپ قېلىپ، ئۇلاردا گۇمان پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە، سىچىنى ساندۇقتىن چىققان نەرسىلىرى

بىلەن قوشۇپلا ئۇ تەرەپكە ئاپىرىپ، ئاغىچا خېنىمغا كۆرسەت-
سەك، ئۇنى ئانچە - مۇنچە ئوچۇقداپ ئەرگە بېرىۋەتسەك،
ئورنىغا باشقا دېدەكتىن بىرنى سەپلەپ بەرسەك، ئىشنى ئاۋۇت-
مىغان بولارمىزمىكىن؟ شۇ تۇرقىدا بېرىپ ئېيتقىنىمىز بىكار.
ئۇ ياقتىكى ئاغىچا خېنىم ئاڭلاپ مانا - ئەنە دەپ ئاغى قىلسا،
ئۇ چاغدا ئىشقا دەخلىسى يېتەرمىكىن؟ ئىككى - ئۈچ كۈنىنىڭ ئىيا-
قى نەزەر سالغۇدەك بولسام، ئۇ سەل ھۇرۇنلىشىپ قاپتۇ، ناۋادا
ئۇ دېدەك ئالىمادىس ئۆلۈۋالسا، بىزگە بالا تېپىپ بېرىدۇ.

— بۇمۇ بار گەپ، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سەل
ئويلىنىپ قېلىپ، — ئەمىسە بۇ ئىشنى چاپسانراق تۈگىتىپ،
ئاندىن بىزدىكى ھېلىقى غەنناجلارنى بىر تەرەپ قىلايلى.

جۇ رۇينىڭ ئايالى چىقىپ كەتتى، ئۇ تەرەپتىكى بىرنەچچە
خىزمەتكار ئايالنى يىغدى. ئالدى بىلەن يىڭچۇنىڭ ھۇجرىسىغا
بېرىپ، ئەھۋالنى يىڭچۇنگە مەلۇم قىلدى:

— ئاغىچا خېنىملار دېدى، سىچى چوڭ بولۇپ قالدى،
نەچچە كۈندىن بېرى ئانىسى ئاغىچا خېنىملارغا ئىلتىماس قىلىپ
تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار ئۇنى ئانىسىغا بۇيرۇپ بەردى. ئۇ بۈگۈن
بۇ يەردىن چىقىپ كېتىدۇ، سىزگە دېدەكتىن باشقا بىرى تاللى-
نىپ يېنىڭىزغا ئەۋەتىلىدۇ، — شۇ گەپ بىلەن سىچىغا يولغا
چىقىش دەۋەت قىلىندى. يىڭچۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزىگە
لىققىدە ياش ئالدى. قايسى كۈنى ئاخشىمى بولغان ۋەقەنى دېدەك-
لەر ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئەمما ئىش قائىدە - يوسۇنغا
بېرىپ تاقالغاچقا، ئۇمۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى. سىچىمۇ
مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسا ئىكەن، دېگەن ئۈمىدتە يىڭچۇندىن
پاناھ تىلەپ باقتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن سىچى
يىغلىغان پېتى:

— خانقىز، باغرىلىرى ئەجەبمۇ قاتتىق ئىكەن، ئىككى
كۈندىن بېرى مېنى گوللاپ كەلگەنتىلە، ئەمدى بولغاندا نېمىشقا

بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىلا؟ — دېدى.

— سەن تېخىچىلا خاتىقىز ئىپقالسا، دېمەكچىمىدىڭ؟ — دېدى جۇ رۇينىڭ ئايالى، — ئەپقالغان تەقدىردىمۇ باغدىكىلەرنىڭ يۈزىگە قارىيالمايسەن. چىرايلىق گەپ قىلغاندىن كېيىن، ئىنىس - جىنغىمۇ تۇيدۇرماي چىقىپ كەتسەڭ، ھەممىمىزنىڭ يۈزى ئۇچۇن ياخشى.

يىڭچۇن كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— مەن بىلىمەن، سەن چوڭ گۇناھ سادىر قىلىپ قويدۇڭ، مەن ئارىغا چۈشۈپ سېنى ئىپقالسام، مەنمۇ تۇگىشىمەن. باغدىكىلەردىن بويىغا يەتكەنلىرى ھامان كېتىدۇ، كەلگۈسىدە بەربىر تارقىلىپ كېتىمىز. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ بىرلەپ - ئىككىلەپ مېڭىپ تۇرغىنىمىز ياخشى، — دېدى.

ئامالسىز قالغان سىچى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ يىڭچۇنگە باش قويدى، ئاندىن كۆپچىلىك بىلەن خوشلاشتى، يەنە يىڭچۇننىڭ قۇلىقىغا:

— ناۋادا مېنىڭ جاپا تارتىپ قالغانلىقىم قۇلاقلىرىغا كىرىپ قالسا، ئۆزلىرىگە قىلغان چاكارلىقىمنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا، — دېدى.

— ئۇنىڭدىن غەم يېمە، — دېدى يىڭچۇن.

جۇ رۇينىڭ ئايالى قاتارلىقلار سىچىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، سىچىنىڭ جىمى نەرسە - كېرەكلىرىنى ئىككى خىزمەتكار ئايال كۆتۈرۈپ ماڭدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا باۋيۈي سىرتتىن كىرىۋاتاتتى. ئۇ سىچىنى ھېلىقىلارنىڭ ئاچىقىپ كېتىۋاتقىنىنى ھەم ئارقىدا نۇرغۇن بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈۋالغانلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مۇشۇ كەتكىنىچە ئىككىنچى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى، ئۇ دەررۇلا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساپ:

— نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. جۇ رۇيىنىڭ ئايالى قاتارلىقلار باۋيۈينىڭ ئادەتتىكى پەيلىنى بىلەتتى، شۇڭا جۇ رۇيىنىڭ ئايالى ئۇنى بۇ يەردە گەپ سېتىپ ئىشىمىزغا دەخلى يەتكۈزمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ:

— بۇ ئىشنىڭ سىلى بىلەن ئالاقىسى يوق، مەكتەپلىرىگە چاپسان ماڭسىلا، — دېدى.

— ئاچىلىرىم، بىردەم تۇرۇپ تۇرساڭلار، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ. باۋيۈينىڭ بۇ گېپىگە جۇ رۇيىنىڭ ئايالى:

— ئاغىچا خېنىم ۋاقىتنى كەيىنگە تارتماڭلار، دەپ تاپىلىغان. بىز ئاغىچا خېنىمنىڭلا گېپىنى بىلىمىز، ئارتۇق ئىش بىلەن كارىمىز يوق، — دەپ جاۋاب بەردى. سىچى باۋيۈينى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قولىنى تارتقىنىچە يىغلاپ:

— ئۇلار بۇ ئىشقا ئىگە بولالمايدۇ، قانداقلا بولسۇن، ئۆزلىرى بېرىپ ئاغىچا خېنىمدىن تىلەپ باققان بولسىلا، — دېدى.

— سەن ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ ئورۇنباسار خانقىز ئەمەس، — دېدى جۇ رۇيىنىڭ ئايالى سىچىغا تېرىكىپ، — بۇرۇنقىدەك خانقىزلارنىڭ ھىماتى بىلەن بىلگىنىمىزنى قىلىمىز دەپ خام خىيال قىلىشما. گەپكە كىرمەيدىكەنسەن، مەندىن تاياق يەيسەن. غوجامنى كۆرۈپلا يەنە قىرچاڭغۇلۇق قىلغىلى تۇردۇڭ، قانداق گەپ بۇ!

بىللە كېتىۋاتقان بىرنەچچە ئايال سىچىغا ئېغىز ئاچقۇزماي، ئۇنى سۆرىگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي ئۇلارنىڭ چىقىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى ۋە ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن زەردە بىلەن:

— بۇ خەقلەر ئەرگە تەگكەندىن كېيىنلا ئەرلەرنىڭ خۇيىنى

يوقتۇرۇۋېلىپ، مۇشۇنداق دەيۈزلۈك قىلىدىكەن، ئەرلەردىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىدىكەن، — دېدى. باغنىڭ ئىشىكىنى بېقىۋاتقان مومايلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە:

— بۇ گەپلىرىچە بولغاندا، قىزلارنىڭ ھەممىسى بەلەن، خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۇسال ئىكەن ـ دە؟ — دېيىشتى.

باۋيۇي گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرنەچچە موماي ئالدىراپ ـ سالدىراپ كېلىپ:

— پەخەس بولۇڭلار، ھەممىڭلار بىر يەرگە يىغىلىپ ھازىر بولۇپ تۇرۇڭلار. ئاغىچا خېنىم باغقا كىرىپ كىشىلەرنى كۆز-دىن كۆچۈرىدىكەن، — دەپ تاپىلاپ قويۇشتى، — چاپسان بېرىپ ئارامبەخش ھويلىدىكى چىڭۋېن قىزنىڭ يەڭگىسىنى باش-لاپ كىرىڭلار، مەشەدە ساقلاپ تۇرسۇن، سىڭلىسىنى ئاچىقىپ كېتىدىكەن. ئامىتابا! بۈگۈن خۇدانىڭ كۆزى كۆرۈپتۇ. بۇ بالا-قازا غەنناجنى كۆزدىن يوقىتىپ، بىزنى ئارام تاپقۇزىدىغان بول-دى، — دەپ كۈلۈشتى. باۋيۇي ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزى كىرىپ تەكشۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، چىڭۋېنىمۇ ساق-لاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، باغقا ئۇچقان-دەك كىرىپ كەتتى.

باۋيۇي ئارامبەخش ھويلىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ يەردە بىر توپ ئادەملەر تۇراتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ھۇجرىدا خاپا چىراي ئولتۇراتتى، باۋيۇيگە پەرۋامۇ قىلمىدى. چىڭۋېن تۆت ـ بەش كۈندىن بېرى ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىغا-ندى، چاچلىرى پاخپايغان، يۈز ـ كۆزلىرى مەينەت ئىدى. ئىككى ئايال ئۇنى كاڭدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ ئۇچىسىغا سېپىپ يۈرگەن كىيىملىرىنى چۈرۈۋېتىپ، قالغانلى-رىنى ئېپقېلىپ ئوبدان دېدەكلەرگە بېرىشنى جېكىلىدى ھەم

ھەممە دېدەكلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مۇشۇ ھۇجرىدا تۇرۇۋاتقان ھەممە دېدەكلەرنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خاپا بولغان شۇ كۈندىن كېيىن، ۋاڭ شەنباۋنىڭ ئايالى چېقىشتۇرۇپ چىگۈپنىنى خاراب قىلدى. نېرىقى تەرەپتىكىلەر بىلەن چىقىشالمايدىغان باغدىكىلەرنىڭ كەينىدىن ئىگىز- پەس سۆزلەپ يۈردى. ۋاڭ ئاغىچا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىگە سىلىپ قويدى، بايرام بولغاچقا، ئىككى كۈن چىشىنى چىشلەپ يۈردى. مانا بۈگۈن ئەمدى دېدەكلەرنى ئالايىتەن كۆزدىن كۆچۈرگىلى كەلگەنىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم دېدەكلەرنىڭ باۋيۈينى يامان يولغا باشلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى، تولىراق چىگۈپنىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن شىرېندىن باشلاپ تاكى قارا ئىش قىلىدىغان كىچىك چۆرىلەرگىچە ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كۆچۈردى.

— قايسىڭلار باۋيۈي بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان؟ — دەپ سورىدى ئۇ. شۇ دېدەكنىڭ ئۆزى «مەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىۋىدى، لى ئىنىكئانا:

— مانا مۇشۇ خۇيشياڭ، ئۇنى سىئېرمۇ دېيىشىدۇ. باۋيۈي بىلەن مۇشۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىر، — دەپ كۆرسىتىپ قويدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارىدى، ئۇنىڭ چىراي - شەكلى چىگۈپنىنىڭ نىسبىگە كېلەلمىسىمۇ، خېلى ئىسكەتى بار ئىدى، زېرەكلىكى يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، كىيىنىشلىرىمۇ باشقىچە ئىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— بۇمۇ بىر شەرمەندە بىرنېمە ئىكەن. ئىزا تارتماستىن تېخى بىر كۈندە تۇغۇلغانلار ئەر - خوتۇن بولىدۇ، دەپ يۈرۈپتىمىش. بۇ گەپنى قىلغان سەنغۇ دەيمەن؟ مېنىڭ بىزدىن يىراق تۇرىدۇ، ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەنسەن - دە. لېكىن، قۇلىقىم، ئەس - يادىم ھەمىشە مەشەدە، بار -

يوق بىر تاللا باۋيوي بالامنى سەنلەر يولدىن ئازدۇرۇپ چىقار-
ساڭلار، مەن قاراپ تۇرامتىم؟
ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆينى ئالا قويماي، باۋيوينىڭ جىمى
نەرسىلىرىنى تىنتىپ چىقتى، كۆزنگە سەللا يات كۆرۈنگەن نەر-
سىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئاپىرىۋېتىشنى بۇي-
رۇدى ۋە:
— مانا ئەمدى بۇ يەر پاكىز ئېرىقدالدى، خەقلەرمۇ تىلىنى
چاينىمايدۇ، — دەپ قويۇپ، شىرىن، شېيۆلەرگە تاپىلى-
دى، — پەخەس بولۇڭلار! بۇندىن كېيىن قىلدىن قىيىق كېتى-
دىغان ئىش بولسا، ھېچقايسىڭلارنى كەچۈرمەيمەن، — ۋاڭ
ئاغىچا خېنىم گەپنى تۈگىتىپ، چايمۇ ئىچمەي، بىللە كەلگەن-
لەرنى ئەگەشتۈرۈپ، باشقىلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن
چىقىپ كەتتى.
باۋيوي ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باغقا كىرىپ تىنتىمايدۇ، تىنتى-
غۇدەك چوڭ ئىشلارمۇ يوق، دەپ يۈرەتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم-
نىڭ قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ دەرغەزەپ بولۇپ كىرىپ كې-
لىشىنى كىم بىلدى دەيسىز. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئەيىب ئەتكەن
ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەتتە ئىچىدە بولۇنغان گەپلەر بولۇپ،
ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ نېرى - بېرى بولماي يەتكەنىدى. ئەمدى
بۇ گەپلەرنى ياندۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە باۋيوينىڭ
كۆزى يەتتى. ئۇ جېنىدىن جاق تويغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ
ئاغىچا خېنىمنىڭ راسا غەزىپى كەلگەن چاغدا، ئارتۇق گەپ
قىلىشقا پېتىنالماي، ئۇنى ئەترەپشان شىپاڭغىچە ئۇزىتىپ
كەلدى.
— بېرىپ كىتابىڭنى ئوبدان ئوقۇ! ئەتە سەندىن ئۇجۇر-
بۇجۇرىگىچە سورايمەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇيرۇق
قىلىپ. باۋيوي شۇ گەپ بىلەن كەينىگە ياندى ۋە يول بويى:
«بۇنداق چېقىمچىلىق قىلغان كىمدۇ؟ بۇ يەردىكى ئىشلارنى

هېچكىم بىلمەيتتى، ئەمدى كېلىپ بۇ ئىشلار قانداقلارچە ئانام-
نىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى؟» دەپ ئويلىغان پېتى ھۇجرىسىغا
كىرىپ كەلدى. شىرىن ئۆپكىدەپ ئولتۇراتتى، تىرناقتا توختىـ
غۇدەك قىزلار كېتىپ قالغان تۇرسا، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلماي
تۇرالامتى؟ باۋيۇي كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ، ھۆڭگىرەپ يىغلاپ
كەتتى. باۋيۇي ئۇچۇن باشقىلىرىغۇ بىر نورى، يالغۇز چىڭۋېنـ
نىڭ ئىشلا چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى شىرىن چۈشىنەتتى، شۇڭا
ئۇ باۋيۇيگە تەسەللى بەردى.

— يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. مەن
سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەي، چىڭۋېن ساقىيىپ قالغان،
ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ئارامخۇدا دېمىنى ئېلىـ
ۋالسۇن. راستىنىلا ئۇنىڭغا كۆزىڭىز قىيمىسا، ئاغىچا خېنىمـ
نىڭ ئاچچىقى بېسىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا يېلىـ
نىپ باقسىڭىز، ئۇنى ئاستاغىنا ياندۇرۇپ كىرىشمۇ تەس بولـ
ماس. ئاغىچا خېنىمنىڭ بىرەرىنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئۇشتۇمـ
تۇتلا ئاڭلاپ قىلىپ، غۇچچىدە ئاچچىقى كەلگەن ئوخشايدۇ.

— مەن چىڭۋېننىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان قانداق چوڭ
جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدىم، — دېدى باۋيۇي
يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئاغىچا خېنىم ئۇنى بەك چىرايلىق ئىكەن، شاللاقلىق
قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، — دېدى
شىرىن، — ئاغىچا خېنىم بۇنداق ساھىبجامالLARنى ئوبدان بىلـ
گەچكە، ئۇنىڭدىن كۆڭلى تىنىم تاپمايدۇ. بىزگە ئوخشاش مۇـ
شۇنداق توم تۇۋاق بولغانمۇ ياخشىكەن.

— ماقۇل، بۇنىڭغۇ بوپتۇ دەيلى، ئەمدى بىزنىڭ قىلىشقان
گەپلىرىمىزنى ئانام قانداقسىگە بىلىۋالغاندۇ؟ ئارىمىزدا گەپ
توشۇيدىغان يات ئادەم بولمىسا، بۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك! —
دېدى باۋيۇي.

— سىزنىڭ ھەزەر ئەيلەپ تىلىڭىزنى تارتىدىغان ۋاقتىڭىز-مۇ بارمۇ؟ — دېدى شىرىن، — خۇشىڭىز تۇتۇپ كەتسە، ئەتراپىڭىزدا ئادەم بارمۇ - يوق، ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولماي-دۇ، بەزىدە غەمزە قىلىپ قويىمەن ياكى ئىما قىلىپ قويىمەن، بۇنى يېنىڭىزدىكى ئادەم بىلىۋالىدۇ، ئەمما سىز زادىلا بىلمەيسىز.

— ئەمىسە، نېمىشقا ئانام ھەممىسىنىڭ ئەيىبىنى بىلىدۇ-يۇ، يالغۇز سەن بىلەن شېيۇ، چيۇۋېنلاردىنلا قۇسۇر چىقارماي-دۇ؟ — دېدى باۋيۈي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شىرىننىڭ يۈرىكى شۇرررىدە قىلدى - دە، خىلىغىچە ېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ھەم جاۋابمۇ تاپالماي، بىرھازادىن كېيىن ھىجىيىپ قويۇپ:

— شۇنى دەڭا، بىزنىڭ كۆلكە - چاقچاقلاردا ئېھتىياتسىز-لىق قىلىپ قويغان يەرلىرىمىزمۇ بار ئىدى. ئاغىچا خېنىم بۇنى قانداقىسىگە ئۇنتۇپ قالىدىكىنە؟ بەلكىم ئىشى چىقىپ قېلىپ، شۇنى تۇگەتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئىشىمىزنى توغرىلىماقچى بولغاندۇ، — دەپ قويدى.

— سەنچۇ، بىرىنچى بولۇپ نام چىقارغان ئەڭ ئىنساپلىق، ئەڭ دانىشمەن ئادەم، بۇ ئىككىسى سېنىڭ تەربىيەڭدە پىشىپ چىققان تۇرسا، جازاغا ئۇچرىغۇدەك نېمىسى بولاتتى؟ سىئېرگە مەن زامىن بولدۇم، ھېلىقى يىلى سەن بىلەن ئىككىمىز تەگ-شىپ قالغان كۈندىن باشلاپ ئۇنى سىلىق ئىشلارغا سالغاندۇق. باشقىلار مېنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئورنىمىزنى ئۇ تارتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالسىمۇ قالغان-دۇ، ئاقىۋىتى مانا بۇگۇنكىدەك بولدى. چىڭۋېنگە كەلسەك، ئۇمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاشلا، كىچىكىدىن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا ئىشلەپ كەلگەن، چىراي - شەكلى باش-قىلارنىڭكىدىن تۈزۈكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچكىمنىڭ

ئارپىسىنى خام ئورمىغان ئىدى. بىرلا يېرى، مىجەزى تۈز، ئاغزى ئىتتىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بىر كىمنى رەنجىتىپ قويغانلىقىنى كۆرمىۋىدۇق، ئەمدى سەن قوپۇپ، ئۇنىڭ تولىمۇ چىرايلىق بولۇشى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى دەۋاتە-سەن، — باۋيۈي سۆزىنى تۈگىتىپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

شىرېن ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىپ، ئۆزىدىن باۋيۈينىڭ گۇمانلانغانلىقىنى سەزدى - دە، يەنە تەسەللى بېرىشكە ئۇچايسىزلىنىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ھالدا:

— خۇدايىم بىلەر! گەپ توشۇغۇچىنى شۇ تۇرقىدىلا تەك-شۈرۈپ تاپقىلى بولمايدۇ، بۇنداق بىكار يىغىنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق، — دېدى. باۋيۈي سوغۇققىنا كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياسىما. ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاچچىقى بېسىلىپ ئۇنى ئەكېلىشۇالغۇچە، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قانداق بولۇپ كېتەر، كىم بىلىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن ئەركە ئۆگىنىپ قالغان، بىرەر قېتىم دىلى ئازار يەپ باقمىغان. ئۇنىڭ مىجەزىنى مەنمۇ بىلىمەن، مەن بىلەن پات - پاتلا تەگ-شىپ قالاتتى. مانا ئەمدى ئېچىلاي دەپ پورەكلىگەن بىر تەشتەك خۇشبۇي گۈلنى چوشقا قوتىنىغا تاشلىۋەتكەندەكلا بىر ئىش بولدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچى دەرد - ئەلەم بىلەن توشتى. ئۇنىڭ يا ئۆز ئانىسى، يا مېھرىبان دادىسى يوق، بىرلا ھېلىقى شاراب ئىچىۋالسا لايچى بېلىقتەك بۇلغىنىپ يۈرۈيدىغان تاغىسىلا بار ئىدى. مۇشۇ كەتكىنىچە ئۇ بىرەر - يېرىم ئايغا بارالامدۇ يوق؟ ئەمدى بىرەر - ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپمۇ ئالالمايدىغان بولدۇق، — سۆزلىگەنسېرى باۋيۈينىڭ يۈرىكى شۇنچە سىقىلدى.

ئاخشىمى ھەممە ياق تىنچىغاندىن كېيىن، باۋيۈي پەيت تېپىپ ئۆزى باغنىڭ ئارقا يان ئىشىكىگە باردى ۋە مېنى چىقۋې-

ـنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بار، دەپ خىزمەتكار مومايغا يالۋۇردى. دەسلەپتە ئۇ موماي: «بىرى بىلىپ قېلىپ ۋاڭ ئائىچا خېنىمغا ئېيتىپ قويسا، مەن جېنىمنى باقامدىم، باقامدىم؟» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. باۋيۇي ئۇنىڭغا بەك يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقى ھەم ئازراق پۇل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، موماي باۋيۇينى نائىلاج باشلاپ چىقتى.

چىڭۋېن ئاتا - ئانىسى بۇرۇنلا تۈگەپ كەتكەن، بارار يېرى يوق قىز ئىدى، بىرلا تاغىسىدىن باشقا تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا تاغىسى سىرتـ قا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، يەڭگىسى ئۆيمۇئۆي تېجىمەللىك قىلىپ يۈرۈۋاتاتتى، چىڭۋېن تاشقىرىقى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياتاتـ تى. باۋيۇي موماينى تالاغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز مىـ لەڭزىنى قايرىپ ئۆيگە كىردى. چىڭۋېن بورا ئۈستىدە ئۇخلاۋاـ تاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭ ئۆزى يېپىنىپ كېلىۋاتقان يوتـ قان- كۆرپىسى بار ئىدى. بۇنى كۆرۈپ باۋيۇي نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى - دە، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا قېشىغا بېرىپ، ئۇنى بوش تارتتى ۋە ئىككى قېتىم ئاستا چاقىردى.

چىڭۋېن سوغۇق تەگكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغىـ سى بىلەن يەڭگىسىنىڭ قىلغان يامان گەپلىرى ۋەجىدىن بىر كېسەلى ئىككى بولۇپ، كەچكىچە يۆتىلىۋېرىپ، يېڭىلا گىرەمـ سىرەم ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇشتۇمتۇت بىرىنىڭ چاقىرغان ئاـ ۋازىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچتى ۋە باۋيۇينى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى ھەم خۇشال بولدى، ئەلەم چەكتى ھەم ئازابلانـ دى. ئۇنىڭ قولىغا كاپلا قىلىپ ئېسىلىپ، بىرھازاغىچە ئۆكـ سۈپ - ئۆپكىدەپ، ئاندىن:

— مەن سىلىنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ تۇراتـ تىم، — دېيىشىگە يۆتەل تۇتۇپ توختىمايلا كەتتى. باۋيۇيمۇ ئۆكسۈندى، — ئامىتابا! كەلگەنلىرى ئوبدان بولدى، ئاۋۇ

چايدىن ماشا يېرىم پىيالە قۇيۇپ بەرسىلە، ئۇسساپ ئۆلەي دې-
دىم، ئادەم چاقىرسام ئادەم يوق.
باۋيۇي ئىتتىك يېشىنى ئېرتىۋېتىپ:
— چاي نەدە؟ — دەپ سورىدى.
— ئوچاق بېشىدا.
باۋيۇي قارىسا، ئۇ چۆگۈنگىمۇ ئوخشىمايدىغان كۆمۈردەك
قاپقارا قومغان ئىكەن. پىيالە ئالاي دەپ شىرەنىڭ قېشىغا كېلى-
ۋىدى، پىيالىنى قولىغا ئالمايلا بەتبۇي پۇراق دىمىغىغا ئۇرۇل-
دى. باۋيۇي ئامال يوق پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى ئىككى
قېتىم سۇ بىلەن يۇيدى، ئاندىن قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋې-
تىپ، قومغاندىن يېرىم پىيالە چاي قۇيدى. ئۇ چايغىمۇ ئوخشى-
مايدىغان قىپقىزىللا بىرنەرسە ئىدى. چىڭۋېن ياستۇققا يۆلىنىپ
تۇرۇپ:
— چاپسانراق ماشا بىر ئوتلاتسىلا، شۇنىڭ ئۆزى چاي، —
دېدى. باۋيۇي شۇ گەپ بىلەن ئاۋۋال ئۆزى تېتىپ باقتى،
ئۇنىڭدا ھېچقانداق چاي تەمى يوق، شۇنداق تۇزلۇق ھەم قاشسىق
ئىدى. باۋيۇي ئۇنى چىڭۋېنگە سۇندى. چىڭۋېن خۇددى شەربەتكە
ئۇلاشقاندەك تىنماستىن ھەممىنى ئىچىۋەتتى.
ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ باۋيۇينىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇ-
يۇلدى ۋە:
— دەيدىغان نېمە گېپىڭ بار؟ ئۆيدە ئادەم يوق چاغدا ماشا
دېگىن، — دېدى.
— دەيدىغان نېمە گېپىم بولاتتى! — دېدى چىڭۋېن ئۆك-
سۈپ - بۇقۇلداپ، — ھازىر مەن ئۇچۇن بىر كۈن، ھەتتا بىر
سائەتمۇ غەنىيمەت بولۇپ قالدى، كۆپ بولسا مېنىڭ تۆت- بەش
كۈنلۈكلا ۋاقتىم قالدى، ئاندىن مەن ئۇزاپ كېتىمەن. بىر
نەرسىگە ئۆلسەممۇ رازى ئەمەسمەن، چىراي - شەكلىم باشقىلار-
نىڭكىدىن تۇزۇكرەك بولسىمۇ، ئەمما سىلىنى ئىشق - مۇھەب-

بەت بىلەن ئازدۇرغىنىم يوق، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مېنى چورتلا «غەنناج» قاتارىغا چىقىرىۋېتىدىكەن! مەن بۇنىڭغا قايىل ئەمەس. هازىر مەن قۇرۇق ئاتاققا قالدىم، ئۇنىڭ ئۇستى-گە، سەكراتتا ياتقىنىمدا، پۇشايمانغا تولغان بىر ئېغىز گەپ قىلىمەن، مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، باشقىچىرەك يول تۇتقان بولاركەنمەن... — ئۇ يەنە يىغلاپ كەتتى.

چىڭگۈېننىڭ قولى جۇدەپ قاقشالدەك قۇرۇپ قالغانىدى، بىلىكىدە تۆت دانە كۈمۈش بىلەزۈك بار ئىدى.

— بۇ بىلەزۈكلىرىڭنى ئېلىۋېتىپ، ساقايغىنىڭدىن كېيىن سېلىۋالساڭ بوپتىكەن، — دېدى باۋيۈي يىغلاپ. چىڭگۈېن بىلە-زۈكلىرىنى بىلىكىدىن چىقىرىپ، ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ:

— مۇشۇ ئىككى تىرنىقىمنى بەك تەستە ئىككى سۇڭ ئۆس-تۈرگەنىدىم، بۇ كېسەل بىلەن تىرنىقىمغىمۇ دەرد يەتتى، — چىڭگۈېن شۇنداق دەپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ قايچىنى ئې-لىپ، ئىككى تال غولپىيازنىڭ پوستىدەك تىرنىقىنى تۈۋىدىن كەستى، ئاندىن ئىچىگە كىيگەن قىزىل دارايى ئىچكىسىنى يې-شىپ، هېلىقى تىرناق بىلەن بىللە باۋيۈيگە بېرىپ:

— ئالسىلا، چاپانلىرىنى چاپسان ماڭا كىيگۈزۈپ قويسىلا. مەن كېيىنكى كۈنلەردە گۆرىسەيدە ياتساممۇ ئۆزۈمنى ئارامبەخش هويلىدىكىدەك سېزىمەن. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ قۇرۇق ئاتاق-قا قېلىشتىن قورقمايمەن، — دېدى. باۋيۈي چىڭگۈېننىڭ ئىچ-چىسىنى كىيىپ، تىرناقنى هەميانىغا سالدى.

— بۇنى ئۇلار كۆرۈپ سورىسا، يالغان ئېيتماي مېنىڭ ئىكەنلىكىنى دېسىلە، مۇشۇنداق دېگەنلىرى تۈزۈك.

تېخى گەپنىڭ ئايىغى چۈشمەي تۇرۇپلا، چىڭگۈېننىڭ يەڭ-گىسى مىلەڭزىنى قايىرىپ، قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى كىرىپ

كەلدى.

— مانا كۆرسىلە، ئىككىڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىۋالدىم، — ئاندىن ئۇ باۋيۇيگە مۇنداق دېدى، — سىلى خوجايىن تۇرۇپ چاكارلارنىڭ ئۆيىگە نېمىدەپ كەلدىلە؟

باۋيۇي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەجىيىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

— خېنىم ئاپا، چۇقان كۆتۈرمىسىڭىز. ئۇ بىر مەزگىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغاچقا، بۇگۇن ئۆزۈمچىلا يوقلاپ كەلگەنىدىم، — دېدى. ھېلىقى چوكان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خەقنىڭ گېپىگە بەك قۇلاق سېلىپ كەتمىسىمۇ بولىدىكەن. چىڭۋېن يىنىپ كەلگەندىن كېيىن، سىلەرنى يەنە ئېغىزبۇرۇن يالىشىپ تۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلغانىدىم. مەن كىرىپ باياتىن خېلى ۋاقىتقىچە دېرىزىنىڭ تۈۋىدە قۇلاق سېلىپ تۇردۇم، قارىسام، ئۆيدە ئىككىڭلىرى يالغۇز ئىكەنلا، ئىككىڭلارنىڭ ھېچقانداق چاتىقىڭلار يوق ئىكەن. دۇنيادا ئۇۋالچىلىققا قالىدىغان ئىشلار كۆپ. مەن سىلەرنى خاتا ئەيىبلەپ يۈرۈپتىمەن. سىلى خاتىرجەم بولسىلا، بۇندىن كېيىن كېلىۋەرسىلە، مەن سىلىگە پۇتلاشمايمەن، — دېدى.

— جېنىم ئاچا، ئۇنىڭغا ئىككى كۆز قاراپ تۇرسىلا، مەن شۇ تاپتا كېتىمەن، — دەپ يالۋۇردى باۋيۇي، ئاندىن چىڭۋېن بىلەن خوشلاشتى. ئىككىسى بىر - بىرىگە قىيالماي ناھايىتى تەستە ئايرىلدى.

چىڭۋېن باۋيۇينىڭ ئۆيدىن تەستە چىقىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ باۋيۇي بىلەن كارى بولماي يېتىۋالدى. باۋيۇي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يان ئىشىكتىن كىرىدى، دېدەكلەر ئورۇن سېلىشىۋاتاتتى، ئانىكىلار كىشىلەرنىڭ دېرىكىنى ئېلىشىۋاتاتتى، ئەگەر سەللا كېچىككەن بولسا باغنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قالاتتىكەن. باۋيۇي باغقا كىرىپ، ھېچكىمنىڭ ئۇقماي قالغانلىقىدىن بەك خۇشال بولدى، ھۇجرىسىغا

كىرىپ شىرىنغا شۇ ھامما ئاچىنىڭكىگە باردىم، دەپ قويدى.
باۋيۇي كىچىچە كۆزىنى پارقىرىتىپلا ياتتى. شىرىن ئۇنى ئۇخلاشقا ئۇندەپ قويۇپ ئۆزى ياتتى، ئەمما باۋيۇي بېشىنى ياستۇققا قويغىنىچە توختىماي ئاھ ئۇراتتى، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتى. ئۇچىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندىلا، ئاندىن ئاستا-ئاستا تىنچلاندى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي «چىڭ-ۋېن!» دەپ ۋارقىرىدى.
— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى شىرىن ئۇنىڭدىن.
باۋيۇي چاي ئىچمەكچى ئىدى، شىرىن چاي قۇيۇپ كەلدى.
— ئۇنى تۇۋلاپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، سەن ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ تۇرۇپ. شىرىن:
— مەن بىلىمەن، چىڭۋېن كەتكەن بولسىمۇ، سىلى ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيلا، — دېدى شىرىن كۈلۈمسىرەپ.
باۋيۇي يەنە جىسەك ۋاقتى ئۆتكۈچە ئۇيان - بۇيان ئېغىناپ يېتىپ، بەشىنچى جىسەك ۋاقتى بولغاندىلا كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىشىغا، سىرتتىن كىرىپ كېلىۋاتقان چىڭۋېننى كۆردى، ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقى ھالىتىدە ئىدى. ئۇ كىرىپلا باۋيۇيگە: «سىلەر ئوبدان ھايات كەچۈرۈڭلار، مەن بۇگۈندىن باشلاپ ۋىدالىشىمەن!» دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى، باۋيۇي ئالدىراپ ئۇنى تۇۋلىشىغا، شىرىن ئويغىنىپ كەتتى. شىرىن ئۇنى يەنە ئاشۇنداق ئېگىز - پەس تۇۋلاپ ئادەتلىنىپ قالغان، دەپ ئويلىغاندى، ئەمما باۋيۇي:
— چىڭۋېن ئۆلدى! — دېدى.
— بۇ قانداق گېپىڭىز؟ — دېدى شىرىن كۈلۈپ، — خەق ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟
باۋيۇي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالامتى؟ ئۇنىڭ شۇ تاپتا تاڭ ئاتقان بولسا، ئادەم ئەۋەتىپ چىڭۋېننىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باققۇسى كېلىپ كەتتى.

تاڭ يورۇشىغا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىكى چۆرە قىز ئالدىنقى يان ئىشىكنى قېقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى.

— ئاغىچا خېنىم: «چاپسان بېرىپ باۋيۈينى ئويغىتىڭلار، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ تېز يېتىپ كەلسۇن. بۈگۈن بېگىمنى بىر كىم كۈزلۈك جۈيخۇا گۈللىرىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلغانىكەن، ئۇلارنى بىللە ئاپارماقچى بوپتۇ» دەيدۇ، بۇ ئاغىچا خېنىمنىڭ گېپى، خاتا يېرى يوق، سىلەر دەرھال بېرىپ ئۇنىڭغا دەڭلار، ئۇ دەررۇ كەلسۇن. بېگىم ئۇنى تۆر ئۆيدە ساقلاپ ئولتۇرىدۇ.

باۋيۈي نائىلاج ئالدىراش يولغا چىقتى.

## 24 - باب مەستانە بەگزادىنىڭ نىلۇپەر تەزىيەنامىسى توقۇپ چىققانلىقى

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن جيا ئانا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، باۋيۈي قايتىپ كەلدى ۋە:

— بەگ ئاتام تېخى يانمىدى، كۈن كەچ كىرىپ قالدى دەپ، بىزنى بالدۇر قايتۇرۇۋەتتى، — دېدى.

— بۈگۈن شەرمەندە بولىدىغان ئىشنى قىلمىغانسەن؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.

— شەرمەندە بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بىرمۇنچە نەرسىگە ئىگە بولدۇم، — دەپ كۈلدى باۋيۈي. ئاڭغىچە خىزمەتكار مومايلار ئارا دەرۋازىدىكى مۇلازىملار تۇتۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كىردى، بۇ نەرسىلەر ئۈچ دانە يەلپۈگۈچ سىرغىسى، ئالتە قۇتا قەلەم - سىياھ، ئۈچ تىزىق ئىپار مۇنچاق، قاشتېشى ئورنىتىلغان ئۈچ دانە كەمەر ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتكەن جيا ئانا باۋيۈيدىن يەنە ئازراق گەپ سورى-

دى. باۋيۈينىڭ ئەس ـ يادى چىڭقۇيىندا بولغاچقا، جاۋاب بېرىپ بولۇپلا، ئاتتا سىلكىنىپ كېتىپ سۆڭەكلىرىنىڭ ئاغرىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. جيا ئانا:

— چاپسان ھۇجرىغا كىرىپ كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلەپ، كېرىلىپ بەرسەڭ تۈزىلىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇخلىغۇچى بولما، — دېدى. باۋيۈي جيا ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئالدىراش باغقا ماڭدى.

شېيۈ بىلەن چيۇۋېن ئىككى چۆرە قىزنى كەينىگە سېلىپ باۋيۈينى كۈتۈپ تۇرغانىدى. باۋيۈي جيا ئانا بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، چيۇۋېن قەلەم ـ سىياھ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ باۋيۈي بىلەن باغقا كىردى. باۋيۈي كېتىۋېتىپ: «نېمانچە ئىسسىق بۇ!» دەپ ۋاي سېلىپ، قالپىقىنى ئېلىپ، كەمىرىنى يېشىپ، ئۈستىدىكى تونىنىمۇ سېلىۋەتتى، ئۇچىسىدا گۈللۈك يېشىل دارايى پەشمەتلا قالدى، پەشمەتنىڭ پېشىدىن چېكىت گۈللۈك قىزىل تاۋار ئىشتان كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ قىزىل ئىشتاننى چىڭۋېن تىككەنىدى، شۇڭا چيۇۋېن:

— راستىنلا «ئۆلدى ئادەم، قالدى مال» دېگەندەك بولدى، — دەپ ئاھ ئۇردى. شېيۈ چيۇۋېننى ئىتتىك تارتىپ قويدى. باۋيۈي بۇلارنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولۇپ كېتىۋەردى. ئۇ ئىككى قەدەمچە مېڭىپلا توختىدى ـ دە:

— يەنە بىر ئاز ماڭغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— كۈپكۈندۈزدە نېمىدىن قورقاتتىلا؟ يېتۈپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتامدىلا؟ — دېدى شېيۈ، ئاندىن ئىككى چۆرە قىزنى ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا جورىدى، — بىز ماۋۇ نەرسىلەرنى ئاپىرىپ قويۇپ كېلىمىز. ئىككىمىزنىڭ قولىدا بۇ نەرسىلەر تۇرسا، خۇددى پەرمانچىلاردەك بىرىمىز كاتىپلىق سايمانلىرىنى، بىرىمىز تاج ـ تون، كەش ـ كەمەرنى كۆتۈرۈپ ماڭساق قاملاشماس!

بۇ گەپ باۋيۇينىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئىككىسىگە رۇخسەت قىلدى.

باۋيۇي ئىككى چۆرە قىزنى كەينىگە سېلىپ، سۇئىيي تاغ-نىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىسىدىن:

— مەن كەتكەندىن كېيىن، شىرېن ئاچاڭ چىڭۋېننى يوق-لاپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سۇڭ ئانىكامنى ئەۋەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى بىرى.

— ئۇ قايتىپ كېلىپ نېمىلەرنى دېدى؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي يەنە.

— ئۇ قايتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «چىڭۋېن ئاچام بويىنىنى سوزۇپ كېچىچە قىچقىرىپ چىقىپتۇ، بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ كۆزىنىمۇ ئاچماپتۇ، گەپتىنىمۇ قاپتۇ»، — دەپ جاۋاب بەردى بىرى.

— كېچىچە كىمنى قىچقىرىپتۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى باۋيۇي.

— كېچىچە «ئانا» دەپ قىچقىرىپ چىقىپتۇ.

— يەنە كىمنى قىچقىرىپتۇ؟ — دېدى باۋيۇي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

— باشقا بىركىمنى قىچقارغانلىقىنى ئاڭلىماپتۇ.

— كالۋا، سەن مومايىنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالغان ئوخشايسەن.

يېنىدىكى يەنە بىر چۆرە قىز:

— مەن ئېنىق ئاڭلىدىم، تېخى ئۆزۈم ئوغرىلىقچە بېرىپ يوقلاپ كەلدىم، — دېدى.

— نېمىشقا ئۆزۈڭ باردىڭ؟ — دەپ ھودۇقۇپ سورىدى باۋيۇي.

— چىڭۋېن ئاچام ئادەتتە باشقىلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى، بىزگە بەك ئوبدان قارايتتى، — دېدى ھېلىقى چۆرە قىز، —

ئەمدى ئۇ ئازار يەپ بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە، بىزنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغۇدەك ئامالىمىز بولمىسىمۇ، بىرىپ يوقلاپ قويساق، بىزگە قىلغان كۆيۈمچانلىقىنى يەرگە ئۇرغان بولمايمىز. خەقلەر بارغىنىمنى بىلىپ قىلىپ، ئاغىچا خىنىمغا چاقسىمۇ، بىرەر قېتىم تاياق يەرمەن، شۇڭا ئوغرىلىقچە بىرىپ يوقلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى زىرەكلىكى ئۆلگىچىمۇ ئۆزگەرمەيدىكەن. مىنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپلا كۆزىنى ئىچىپ، قولۇمدىن تارتىپ، مەندىن: «باۋيۈي نەگە كەتتى؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى دىدىم. ئۇ ئاھ ئۇرۇپ قويۇپ: «كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق!» دىدى. «ئاچا، بىردەم تەخىر قىلسىڭىز، ئۇ كېلىپ كۆرۈشۇۋالسا بولمامدۇ؟» دىسەم، ئۇ كۈلۈمسىرەپ: «سىلەر ئۇقمايسىلەر، مەن ئۆلمەيمەن، ھازىر ئاسماندا گۈل مۇئەككەللىرىدىن بىرى كەم ئىكەن، تەڭرىم مىنى گۈللەردىن خەۋەر ئېلىشقا چاقىردى، مەن ئەمدى ئاخىر پىشىن ۋاقتىدىن ئىككى چارەك ئۆتكەندە ۋەزىپەمنى ئۆتەشكە كېتىپ قالىمەن، باۋيۈي بولسا، ئاخىر پىشىن ۋاقتىدىن ئۈچ چارەك ئۆتكەندە ئۆيگە يانىدۇ، ئاڭغىچە بىر چارەك ۋاقىت ئۆتىدۇ، شۇڭا يۈز كۆرۈشەلمەيمىز. بۇ دۇنيادا ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان ئادەملەرنى يامارا ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، جىنلارنى ئەۋەتىپ جان ئالىدۇ. بىردەم ـ يېرىمدەم كېچىكتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، قەغەز كۆيدۈرۈپ، ئاش ـ چاچقۇ قىلسا، ھېلىقى جان ئالغۇچى جىن تەڭگە تالىشىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۆلگۈچى بىرئاز ۋاقىت كېچىكىپ جان تەسلىم قىلىدۇ. مىنى ھازىر ئاسماندىكى مالائىكىلەر تەكلىپ قىلىۋاتسا، ۋاقىتنى كېيىنگە تارتقىلى بولامدۇ؟» دىدى. مىنىڭ بۇ گەپكە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى، ئۆيگە كىرىپ سائەتكە سىنچىلاپ قارىسام، راستىنلا ئاخىر پىشىن ۋاقتىدىن ئىككى چارەك ئۆتۈپتىكەن، ئۇ نەپەستىن توختىدى، ئۈچ چارەك ئۆتكەندە، ئۆزلىرىنى

«كەلدى» دەپ بىركىم بىزنى قىچقاردى. ۋاقىت شۇنداق توغرا كېپكەتتى.
— سەن ساۋاتسىز بولغاچقا ئۇقمايسەن، بۇ بار ئىش، ھەربىر گۈلنىڭ بىردىن مۇئەككىلى بولۇپلا قالماستىن، گۈل-لەرنىڭ باش مۇئەككىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى باۋيۈي ئالمان - تالمان، — لېكىن ئۇ باش مۇئەككەل بولغىلى كەتتىمىكىن ياكى بىرەر گۈلدىنلا خەۋەر ئالىدىغان مۇئەككەل بولۇشقا كەتتى-مىكىن؟
ھېلىقى چوكان قىز بىرپەس زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قال-دى. بۇ سەككىزىنچى ئاي ۋاقتى ئىدى. باغدىكى كۆلدە نىلۇپەر ئېچىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. چوكان قىز بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
— ئۇنىڭدىن: «قانداق گۈلدىن خەۋەر ئالىدىكەنسىز، دەپ بەرسىڭىز، كېيىنكى كۈنلەردە شۇ گۈلگە ئاتاپ نەزىر قىلىپ تۇراتتۇق» دەپ سورىسام، ئۇ: «سەن باۋيۈينىڭ ئۆزىگىلا دې-گىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە بۇ سىر - ھېكمەتنى بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ ماڭا ئېيتىپ بەردى، ئۇ مەخسۇسلا نىلۇپەر گۈلىدىن خەۋەر ئالىدىكەن.
باۋيۈي بۇ گەپكە ئەجەبلەنمىدى، بەلكى قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، ئۆرۈلۈپلا نىلۇپەر گۈلىگە قاراپ تۇردى.
— زادى ئاشۇنداق بىر ئادەم بېرىپ بۇ گۈلدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. مەن ئاشۇنداق ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئۆزىگە خاس ئىشى بولىدۇ، دەپ پەملىگەنىدىم. بىراق، بۇ دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلغىنىنى بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن يۈز كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق! — باۋيۈي ئۇنى ئەسلەپ، — جان ئۈزەر ۋاقتىدىمۇ كۆرۈشەلمىدىم، ئەمدى بولسىمۇ جەسىتى-نى كۆرۈپ تەزىم قىلىپ قويسام، بەش - ئالتە يىللىق مېھرىبان-لىقىمىزنىڭ ئەجرىنى ئۆتىگەن بولارمەن، — دېدى.

باۋيۇي شۇنداق ئويلاپلا، يىگىۋاشتىن كىيىنىپ، ئۆزى يالغۇز باغدىن چىقىپ، ئالدىنقى قېتىم يوقلاپ بارغان جايغا باردى. چىڭۋېنىنىڭ تاۋۇتى تېخى ئۆيدە بار، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق چىڭۋېنىنىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى چىڭۋېن تىنىقىدىن قېلىشى بىلەنلا، بالدۇرراق ئۆزىتىۋېتىش ئۈچۈن بىرقانچە سەر كۈمۈشكە ئېگە بولۇش كويىدا، قەسىرگە كىرىپ مەلۇم قىلغانىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئون سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىشنى بۇيرۇپ: «دەرھال سىرتقا ئاچىقىپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن. سىلدىن ئۆلگەن قىزنى زادىلا توختىتىشقا بولمايدۇ!» دەپ جېكىلىگەنىدى. چىڭۋېنىنىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى شۇ گەپ بىلەن جەسەتنى دەرھال تاۋۇتقا سېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنىغا ماڭغۇزۇۋەتكەنىدى. چىڭۋېندىن قالغان كىيىم - كېچەك، جىغا - سىرغا جابدۇقلار ئۈچ - تۆت يۈز سەر پۇلغا يارايتتى، بۇلارنى كېيىنكى كۈنلەردە تىرىكچىلىكىگە لازىم قىلىش ئۈچۈن، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى يىغىشتۇرۇپ قويغان ۋە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ تاۋۇتنىڭ كەينىدىن كېتىشكەنىدى.

باۋيۇينىڭ كەلگىنى بىكار بولدى. ئۇ بىرھازاغىچە تۇرۇپ قالدى. ھېچ ئامال تاپالماي، ئاخىرى باغقا قايتىپ كەلدى. كىرەي دېسە، ھېچبىر مەززىسى يوقتەك تۇيۇلۇپ، ئۆتەر يولىدا دەييۇينىڭكىگە كەلدى. لېكىن، دەييۇي ھۇجرىسىدا يوق ئىدى، دېدەكلەر: «باۋچەي قىزنىڭكىگە كەتتى» دەپ جاۋاب بېرىشتى. باۋيۇي ئاسارۇنزار ھويلىغا كەلدى، ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىت، ئادەمدىن ئەسەر يوق ئىدى، ئۆي - سەرەمجانىنى كۆچۈرۈپ كەتكەن، ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى، ھويلىدىكى رەيھان گۈللەر باغجانلاپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. باۋيۇي بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەسرەتلەندى.

باۋيۇي غەمكىن ئىدى، ئۇنىڭ بىردىنلا كۆلدىكى نىلۇپەرگە

كۆزى چۈشۈپ، چۆرە قىزنىڭ چىڭقۇيىن نېلۇپەر مۇئەككىلى بوپ-
تۇ، دېگەن گېپى ئېسىگە كەلدى - دە، باشقىدىن كۆڭلى
ئېچىلدى، نېلۇپەرگە قاراپ بىردەم ئاھ ئۇردى، ئاندىن يەنە:
«ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتى ئالدىدا نەزىر - سەدىقە قىلالمى-
دىم، ئەمدى بولسىمۇ نېلۇپەر ئالدىدا نەزىر ئۆتكۈزمىسەم بول-
ماس!» دېگەن ئويغا كېلىپ تەزىم قىلماقچى بولغانىدى، بىر-
دىنلا: «مۇنداقىسىغا بەك يۈزەلا قىلىپ قويسام ئەپلەشمەس،
كېيىم - كېچەكلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ، نەزىر - سەدىقە رەسمى-
يىتىنى تەلتۆكۈس قىلغاندا، سەمىمىي ئېھتىرام بىلدۈرگەن
بولىمەن» دەپ ئۆزىنى توختىتىۋالدى، ئاندىن يەنە ئويلىنىپ
قالدى: «نەزىر - سەدىقىنى كونىچە يوسۇن بىلەن قىلسام بول-
مايدۇ، ئۆزگىچە قىلمىسام ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. شۇڭا،
بىر پارچە تەزىيەنامە يازمىسام، ئۆز ۋاقتىدىكى دەرد - ئەلەم،
ئىچ ئاغرىقلىرىنى تۆكىدىغان يەر چىقماي قالىدۇ».

باۋيۈي پەتلىك بۆرتمە ئاق شايىغا رەسمىيانە خەت بىلەن «نېلۇپەر قىزغا تەزىيەنامە» دېگەن ماۋزۇدا مۇقەددىمە، ئاخىرىغا قەسىدە يازدى، ئاندىن چىڭقۇيىن ئادەتتە ياخشى كۆرىدىغان تۆت خىل يېمەكلىك تەييارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئايىغى بېسىققان-دا، بايىقى نەرسىلەرنى چۆرە قىزغا كۆتۈرتكۈزۈپ، نېلۇپەر گۈلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئاۋۋال تەزىم قىلىپ، ئاندىن بايىقى تەزىيەنامىنى نېلۇپەر شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئوقۇدى، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، تورقا لەۋھە كۆيدۈرۈپ، ئۇ يەردىن زادىلا كەتكۈسى كەلمىدى.

باۋيۈي كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشىغا، تاغنىڭ كەينىدىن بىركىمنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى:

— مەرھەمەت قىلىپ سەل توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ كىشى. نېلۇپەرلەر ئارىسىدىن چىقىۋاتقان بىركىمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. باۋيۈي قورقۇپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ باشقا

بىر كىم ئەمەس، دەيىۋي ئىكەن. دەيىۋي كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ:

— نېمىدېگەن ئاجايىپ تەزيىەنامە بۇ! — دېدى. باۋيۇي بۇ گەپتىن ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— كۆپىيىسى قېنى؟ ئوبدانراق كۆرۈپ باقاي، — دېدى دەيىۋي، — بىرمۇنچە گەپ سېتىپ كەتتىڭىز، نېمىلەرنى دېدى-ڭىزكىنتاڭ، ئارىسىدا: «قىزىل شايە چىمىلدىقتىكى دىلبەرگە بەگزادىنى مېھرىبان دېگىلى بولماس، سېرىق توپىغا كىرىپ كەتكەن قىز شور پىشانە ئىكەن» دېگەن بىر - ئىككى جۈملىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ قوشاقنىڭ مەنىسى ئوبدان ئىكەن، بىراق «قىزىل شايە چىمىلدىقتىكى» دېگەن ئىبارە چاكىنا بولۇپ قاپ-تۇ. تەييار تۇرغان چىنلىقنى ئىشلەتمەي چۆرۈۋەتكىنىڭىز نېمىسى؟

— تەييار تۇرغان چىنلىق دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى باۋيۇي.

— ھەممىمىزنىڭ دېرىزىلىرى شەپەق رەڭلىك شايىلەر بى-لەن يەملەنگەن تۇرسا، نېمىشقا «رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە تۈۋىدە بەگزادىنىڭ ئىشقى بار» دېمەيسىز؟

— ئەجەب ياخشى دېدىڭىز! بەك ياخشى بولدى! — دېدى باۋيۇي يەرنى تەپكىلەپ قويۇپ كۈلۈپ، — يەنىلا سىز ئويلاپ تاپالايدىكەنسىز. جاھاندا مۇشۇنداق چىرايلىق مەنزىرە ۋە ياخشى ئىشلار كۆپ تۇرسا، بىزدەك دۆتلەرلا ئويلاپ تاپالماي تۇرىدىكەن-مىز. ئەمدى مەن «بەگزادە» ، «قىز» دېگەن سۆزلەرنى ئۆز-گەرتىۋېتەي، ئاندىن بۇنى سىزنىڭ ئۈنىڭغا ئاتىغان تەزيىەنامى-ڭىز، دېسەك بولىدۇ. «رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە تۈۋىدە قىزنىڭ ئىشقى ھەددىسىز ئىكەن، سېرىق تۇپراققا كىرىپ كەت-كەن دېدەك تەلەيسىز ئىكەن» دەپ ئالايلى. مۇشۇنداق ئالساق، سىز بىلەن ماڭىمۇ ئالاقىسى بولمايدۇ، مېنىڭ دىتىمغىمۇ

ياقىدۇ.

— ئۇ مېنىڭ دېدىكىم بولمىسا، نېمىشقا بۇ گەپنى دەيدى-
كەنمەن؟ — دېدى كۆلۈپ دەييۈي، — زىجۈەن ئۆلگەندە مۇشۇن-
داق دېسەممۇ كېچىكىپ قالمايمەن.

— بۇ گەپنىڭ نېمە ھاجىتى، يەنە ئۇنى قارغاۋاتىسىزغۇ! —
دەپ كۈلدى باۋيۈي.

— سىز قارغىتىۋاتىسىز، ئۆزۈمچە دېگىنىم يوق، — دېدى
كۆلۈپ دەييۈي.

— يەنە ئىلھامىم كېلىپ قالدى، — دېدى باۋيۈي، —
«رويان شايە يەملەنگەن دېرىزە تۈۋى ماڭا ئەسلى نېسىپ بولماپ-
تۇ، سېرىق توپىغا كىرىپ كەتكەن مەشۇق نېمىشقا تەلەيسىز
بولغاندۇ» دېسەك بولغۇدەك.

بۇ گەپ بىلەن دەييۈينىڭ بىردىنلا رەڭگى ئۆڭدى. كۆڭلىد-
گە چەكسىز گۇمان كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېشىدا بىلىندۇر-
گۈسى كەلمەي، ئەكسىچە دەرھال كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشى-
تىپ: «ئېسىل بولدى» دەپ ماختاپ قويدى.

## 25 - باب ئاتىسىنىڭ قاتتىق تەنبىھى بىلەن باۋيۈينىڭ مەكتەپكە قايتا بارغانلىقى

چۈشتىن كېيىن باۋيۈي چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ،
بەكمۇ زېرىككىنىدىن قولىغا چىققان كىتابنى ئېلىپ ئوقۇدى.
شىرېن باۋيۈينىڭ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چاي دەملەپ
كىرىشكە چىقىپ كەتتى. كىم بىلسۇن، باۋيۈي قولىغا ئالغان
كىتاب «قەدىمكى غەزەلنامە» ئىكەن، كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ،
ساۋ مېڭدىنىڭ: «مەي - غەزەل ئالدىدا تۇرمۇش ئەرزىمەس
ھېچنەرسىگە» دېگەن بىر مىسرا شېئىرىغا كۆزى چۈشۈپ، يۇرد-
كى قارتلا قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى قويۇپ،

يەنە بىر كىتابنى ئېلىپ قارىۋىدى، بۇ «جىننامە» ئىكەن. باۋيۇي ۋاراقلاپ بېقىپ، بىردىنلا كىتابنى ياپتى ـ دە، ئېگىزكىنى يۆلەپ خىيالغا كەتكىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. چاي قۇيۇپ كىرگەن شىرېن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى دەرھال ئاڭقىرالماي ھەم سوراشقا پېتىنالماي، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— بۇ كىتابلارنى ئوقۇغۇڭىز كەلمىسە، باغقا كىرىپ ئايلىنىپ چىقىڭ، ئېچىڭىز پۇشۇپ ئولتۇرغاندىن ياخشى، — دېدى. باۋيۇي خىيال سۈرگەن پېتى تالاغا ماڭدى.

باۋيۇي بىردەمدىلا ئەترەپشان شىپاڭىغا كەلدى، ئۇ يەر چۆلدەرەپ قالغانىدى، ئاندىن ئاسارۇنزار ھويلىغا كىردى، ئۇ يەردىكى خۇشبۇي گۈل ـ چېچەكلەر بۇرۇنقىدەك ھالەتتە تۇراتتى، ئەمما ئىشىك ـ دېرىزىلەر تاقاق ئىدى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ نېلۇپەر سەيناسىغا كەلدى، ئاندىن يەنە ئارامبەخش ھويلىغا قايتتى. شۇ ئارىلىقتا بىر مۇلازىم كېلىپ:

— بېگىم ئوتتۇرانچى غوجامنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

باۋيۇي ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، جيا جېڭنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كەلدى. جيا جېڭغا سالام بېرىپ بىر چەتتە ئۆرە تۇردى. جيا جېڭ:

— يېقىنقىنىڭياقى قانداق دەرسلەرنى تەكرارلاۋاتىسەن؟ — دېدى، — بىرنەچچە پارچە نەرسە يازغان بولساڭمۇ، ئۇلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. يېقىندىن بۇيانقى ئەھۋالىڭغا نەزەر سالغۇدەك بولسام، ئۆتكەن يىللاردىكىدىن تېخىمۇ لالمىلىشىپ كېتىپسەن، كېسەلنى باھانە قىلىپ كىتاب ئوقۇماي يۈرۈۋاتقىنىڭنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۆزۈڭ شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك توغرا ئىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەنسەن. بىرنەچچە شېئىر يازالىغىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بولاتتى؟ ئىمتىھان

ئېلىپ تاللاشتا بەربىر ماقالىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئازراق بولىسمۇ ئىجتىھات قىلىپ باقمىدىڭ. بۈگۈندىن باشلاپ شېئىر- بېيىت يازمايسەن، پەقەت سەككىز بۆلەكلىك ماقالە يېزىشنىلا مەشىق قىلىسەن. ساڭا بىر يىللىق مۇددەت بېرىمەن، ئەگەر شۇ چاغقىچە سىنىڭدە قىلچە ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىسە، سەنمۇ ئوقۇمايلا قوي، ماڭىمۇ سىنىڭدەك بالىنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى ۋە لى گۈيىنى چاقىرتىپ كىردى، — بېيىمىڭغا ئېيت، ئەتە ئەتىگەندە باۋيۈينىڭ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى ئېلىپ، باۋيۈي بىلەن قېشىمغا كەلسۇن. مەن كۆرۈپ باقىمەن، ئاندىن ئۇنى ئائىلىۋى مەكتەپكە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، — ئارقىدىن باۋيۈيگە بۇيرۇق قىلدى، — ماڭ، چىق!

باۋيۈي بىرھازاغىچە بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي تۇردى، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ئارامبەخش هويلىغا قايتىپ كەلدى.

ئەتىسى سەھەردە، شىرېن باۋيۈينى ئويغاتتى. باۋيۈي يۈيۈنۈپ - تارىنىپ بولۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۇدۇل ئاتىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كەلدى. ئاتىسى ئۇنى يېنىغا ئېلىپ مەپىگە چۈشتى، كىتاب - دەپتەرلەرنى بېيىمىڭ كۆتۈرۈۋالدى. ئۇلار ئۇدۇل ئائىلىۋى مەكتەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

جيا جېڭ ئائىلىۋى مەكتەپكە كىرىپ كەلدى ۋە دەيرۇ بىلەن سالاملاشتى. دەيرۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تىنچ - ئامانلىق سوراپ، ئارقىدىن يەنە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى. باۋيۈي ئۇنىڭغا سالام بەردى. جيا جېڭ ئاۋۋال دەيرۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن ئۆزى ئولتۇردى. جيا جېڭ:

— بۈگۈن بۇنى مەكتەپكە ئالاھىدە هاۋالە قىلىش نىيىتىدە ئۆزۈم ئېلىپ كەلدىم. بۇ بالىنىڭ يېشىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. ئادەم بولۇشنىڭ ئىش - ئەمىلىنى ئۆگەنگەندە، ئاندىن ئۆمۈرۋا-

يەت ئاتاق ـ ئابرۇي بىلەن ئۆتەلەيدۇ. ھازىر بۇ ئۆيدە ئوششاق بالىلار بىلەن كەپسىزلىك قىلىپ يۈرۈيدۇ. ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يېزىش قولىدىن كەلسىمۇ، يازغانلىرى ساپلا پەلىپەتىش بىرنېمىلەر. بۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەقىقىي ئىشى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭغا كىتاب ئو-قۇشنى، كىتابتىن سۆزلەشنى، ماقالە يېزىشنى ئۆگىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر تەنبىھلىرىگە قۇلاق سالمايدىغان بولسا، ئوبدانراق ئەدىپىنى بېرىپ تۇرسىلا، شۇنىڭدا بۇنىڭ ئۆمرى زايە كەتمەيدۇ، — جيا جېڭ شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، دەيرۇ-غا قولىنى جۈپتەكلەپ سالام بەردى، ئاندىن بىرپەس باشقا پاراڭ-لارنى قىلىشقاندىن كېيىن، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

دەيرۇ جيا جېڭنى ئۇزىتىپ قويۇپ يېنىپ كىردى. ئۇ باۋيۈينىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىدىكى دېرىزىگە يېقىن قويۇلغان گۈللۈك ئاموت شىرەنىڭ ئۈك تەرىپىگە ئىككى يۈرۈش كونا كىتاب، بىر پارچە نېپىز ماقالە مەشىق رىسالىسىنى تىزىپ قويۇپ، بېيىمىڭغا قەغەز ـ قەلەم، سىياھ ـ دۇۋەتلەرنى شىرە-نىڭ تارتمىسىغا سالدۇرۇپ قويۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— باۋيۈي، قايسى كۈنى سىزنى ئاغرىپ قالدى، دەپ ئاڭلىغۇدىم، سەللىمازا ساقايدىڭىزمۇ؟ — دېدى دەيرۇ.

— سەللىمازا ساقايمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى باۋيۈي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئەمدى ئوقۇشقا ئىجتىھات قىلى-شىڭىز كېرەك. ئاتىڭىز سىزنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىلىشىڭىزنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىدۇ. بۇرۇن ئوقۇغان كىتابلىرىڭىزنى باشتىن ـ ئاياغ بىرقۇر تەكرارلاپ چىقىڭ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىتابنى تەكرارلايسىز، بىرنەچچە پارچە ماقالە مەشىق رىسالىسى ئوقۇيسىز.

باۋيۈي «خوش» دەپ ئورنىدا ئولتۇردى، دەيرۇ:

— بۈگۈن بىرىنچى كۈنى بولغاچقا، سىزنى بالدۇر قويۇپ بېرىمەن. ئەتە ئالدى بىلەن سىزنى كىتابتىن بىرنەچچە بابنى سۆزلىتىپ ئاڭلاپ باقىمەن. يېقىندىن بۇيان دەرس - ساۋاقلارنى تەكرارلىشىڭىز قانداقراق بولغانلىقىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن، قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىڭىزنى بىلىشىم مۇمكىن، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باۋيۇينىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى.

بۇ ئوننىچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. بىر كۈنى باۋيۇي ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپكە ماڭماقچى بولدى. شۇ كۈنى ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى، شۇڭا شىرېن بىر بوغچۇما كىيىمنى تەقلەپ، باۋيۇيگە:

— بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق، ئەتىسى - ئاخشىمى ئۆزىڭىزنى ئىسسىقراق تۇتسىڭىز بولىدۇ، — دەپ قويۇپ، چۆرە قىز ئارقىلىق بېيمىڭغا: «ھاۋا سوغۇق، غوجام كىيىم يەڭگۈشلىمەكچى بولغاندا، تەييار قىلىپ تۇرسۇن» دەپ گەپ تاپىلاپ چىقارتىپ بەردى. بېيمىڭ «خوش» دەپ، بوغچۇمىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ باۋيۇينىڭ كەينىدىن ماڭدى. باۋيۇي مەكتەپكە بېرىشىغا، بىردىنلا شامال چىقىپ، پەنجىرىگە يەملەنگەن قەغەزلەر تىرىقلاپ كەتتى.

— ھاۋا يەنە ئۆزگەردى، — دەپ، جيا دەيرۇ تاشقىرىقى ئىشىكنى ئېچىپ ئاسمانغا قارىدى، غەربىي شىمال تەرەپتىن قاتمۇقات قارا بۇلۇت جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى.

بېيمىڭ كىرىپ باۋيۇيگە:

— غوجام، ھاۋا سوغۇق، قېلىنراق كىيىنىۋالسىلا، — دېدى. باۋيۇي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بېيمىڭ كىيىمنى ئېلىپ كىردى، باۋيۇي كىيىمنى كۆرۈپلا ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ كىيىم چىڭۋېن ياماپ بەرگەن ھېلىقى تۇز مامۇقىدىن تىكىلگەن

زەرباب يېپىنچا ئىدى.

— نېمىشقا بۇنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ ئانچە توڭلىمىدىم، ئوراپ قوي، — دېدى باۋيوي. دەيرۇ باۋيۇينى بۇ كىيىمنى ئايىدى، تېجەشنى بىلىپتۇ، دەپ كۆڭلىدە سۆيۈندى.

— غوجام، كىيىۋالسىلا، سوغۇق تېگىپ قالسا، پېقىر چاكارلىرى ئەيىبلىك بولۇپ قالىمەن. غوجام، پېقىر چاكارلىرىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن! — دەپ تۇرۇۋالدى بىيىمىڭ.

باۋيوي نائىلاج كىيدى، لېكىن كىتابقا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى، جيا دەيرۇ ئۇنى كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ ئانچە دىققەت قىلمىدى. كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتار چاغدا، باۋيوي ئاغرىپ قالدىم دەپ، دەيرۇدىن بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. دەيرۇ ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، باللاردىن بىرەرى كەم بولسا، بىر كۈنلۈك غېمىم ئازىيىدۇ، دەپ خۇشال بولاتتى، شۇڭا ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ رۇخسەت بەردى.

ئەتىسى باۋيوي ئۇدۇل بامبۇكزار سارايغا كەلدى. ئۇ هويلىدىلا:

— دەيىيوي سىڭلىم ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كىم ئۇ؟ — زىجۈەن مىلەڭزىنى قايرىپ كۈلۈپ ئالدىغا چىقتى، — باۋيوي غوجام ئىكەنغۇ، خانقىز ئۆيدە، غوجام ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا.

باۋيوي زىجۈەن بىلەن ئۆيگە كىردى، دەيىيوي ئىچكىرىكى هۇجرىدا ئىدى.

— زىجۈەن، غوجامنى هۇجرىغا باشلا، — دېدى دەيىيوي. باۋيوي ئىچكىرىكى هۇجرىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، بۇلۇتتا پەرۋاز قىلغان ئەجدىھا گۈللۈك قارامتۇل بىنەپشەرەڭ ۋاراققا ئالتۇن سىياھ بىلەن يېڭى يېزىلغان كىچىككىنە بېيىتكە كۆزى چۈشتى. ئۇ مۇنداق يېزىلغان بېيىت ئىدى:

يېشىل پەنجىردە تولۇن ئاي ئايان بولغان،

كەتتى ئادەم، سالنامىدا نامى قالغاي.

باۋيۇي بېيتنى ئوقۇپ كۈلۈۋەتتى، ھۇجرىغا كىرىپ:

— سىڭلىم، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى كۈلۈپ. دەييۇي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قەدەم ئالدىغا كەلدى:

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇ كۈلۈپ، — سۇترا كۆچۈرۈۋاتاتتىم، ئىككى قۇرلا قالدى. شۇنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن پاراڭلىشايلى، — ئاندىن ئۇ شۈيەننى چاي قۇيۇشقا بۇيرۇدى.

— بولدى، قوزغالماي يېزىۋېرىڭ، — دېدى باۋيۇي، شۇئان ئوتتۇرا تامدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر پارچە رەسىمگە باۋيۇينىڭ كۆزى چۈشتى. رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە سىزىلغىنى ئاي پەرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر غۇلمان بار ئىدى، ئاندىن يەنە بىر پەرىزات بولۇپ، بۇنىڭ يېنىدىمۇ تون كۆتۈرۈۋالغان قىياپەتتىكى بىر غۇلمان تۇراتتى. ئاي پەرىسى بىلەن پەرىزاتنى بۇلۇتلار يانلىرىدىن قوغداپ تۇرغاندەك قىلاتتى، رەسىم ھېچقانداق رەڭ بېرىلمەي، پۈتۈنلەي ئاق قىلىپ سىزىش ئۇسلۇبىغا تەقلىد قىلىنغانىدى، ئۈستىگە رەسىميانە خەت نۇسخىسى بىلەن «زىمىستان بىلەن بەسلەشمەك» دەپ يېزىلغانىدى.

— سىڭلىم، «زىمىستان بىلەن بەسلەشمەك» دېگەن بۇ رەسىمنى يېڭى ئالغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى باۋيۇي.

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى دەييۇي، — تۈنۈگۈن بۇلار ئۆي يىغىشتۇرغاندا ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، بۇنى ئاستۇرۇپ قويدۇم.

— بۇ قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانكىن؟ — دېدى باۋيۇي.

— كۆزىڭىزگە شۇنچە تونۇش تۇرسىمۇ سورايدىكەنسىز!

— دەرھال ئەسلىيەلمىدىم، سىڭلىم، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، — دېدى باۋيۇي كۈلۈپ.

— «قىلۇر تاقەت زىمىستانغا ئاي پەرى، قار تەڭرىسى،

ئاي ـ قىراۋدا ئۈزگىچە خوپ بىر ـ بىرىنىڭ چىھرىسى» دېگەن-
نى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟
— پاھ! ھەقىقەتەن ئاجايىپ يېڭىلىق ئىكەن بۇ! بۇ رە-
سىمنى راسا پەيتىدە ئېسىپسىز، — دەپلا باۋيۇي رەسىمنى
ماختاپ كەتتى.
شۈپەن چاي دەملەپ كەلدى، باۋيۇي چاي ئىچتى. بىردەم-
دىن كېيىن، دەيىيۇي سۇترانى يېزىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ھايال قىلىپ قويدۇم، — دېدى.
— سىڭلىم، يەنىلا مۇشۇنداق تۇزۇت قىلىدىكەنسىز، —
دېدى باۋيۇي كۈلۈپ، — سىڭلىم، نەچچە كۈندىن بۇيان قول-
ڭىزغا قالۇننى ئېلىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باۋيۇي
يەنە.
— نەچچە كۈن بولدى، قولۇمغا ئېلىپ باقمىدىم، — دېدى
دەيىيۇي، — خەت يېزىپ قوللىرىم توڭۇپ كەتكەن تۇرسا، ساز
چالغىلى بولامدۇ؟
— مەندىن يوشۇرماڭ، — دەپ كۈلدى باۋيۇي، —
سىزنىڭ «قايغۇنىڭ يوق ھاجىتى، چۈنكى دىلىم ئاق مېنىڭ
بەئەينى ئاينىڭ نىسبىتى» دەپ ئوقۇغىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم.
— قانداق ئاڭلاپ قالدىڭىز؟
— قايسى كۈنى چاكاندىزار ئايۋاندىن كېلىۋېتىپ ئاڭلىغان-
دىم، پاساھەتلىك قاپىيىلىرىڭىزنىڭ بىلىنى ئۈزۈۋەتمەي دەپ،
بىردەم جىم قۇلاق سېلىپ، ئاندىن كەتكەنىدىم. سىزدىن شۇنى
سورىماقچىمەن، باشتا تەكشى ئۈرغۇلۇق قاپىيىدىن باشلاپ،
ئايىغىدا بىردىنلا ئارىلاش ئۈرغۇلۇق قاپىيىگە يۆتكىۋەتتىڭىز،
نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭىز؟
— بۇ كىشىنىڭ قەلبىدىن چىققان تەبىئىي سادا، قايسى
تەرەپكە راۋان بولسا شۇ تەرەپكە كېتىۋېرىدۇ، ئۇنىڭدا مۇقىم
چەك بولمايدۇ.

— ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە، ئەپسۇسكى، مېنىڭ قەلب ساداسىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن.
— قەدىمدىن تارتىپ قەلب ساداسىنى بىلىدىغان قانچە ئادەم بار ئىدى؟
باۋيوي ئۆزىنىڭ بۇ گەپتە قاراملىق قىلىپ قويغىنىنى تۇ-يۇپ، دەييۇينىڭ كۆڭلىگە تېگىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئەن-سىرىدى، كۆڭلىدە دەيدىغان بىرمۇنچە گەپلىرى بار دەك قىلات-تى، لېكىن دەيدىغانغا گەپ تاپالماي قالدى. دەييۇيمۇ دەپ تاشلىغان بايىقى گېپىنى شۇئاندىلا ئويلاپ بېقىپ، تولىمۇ سو-غۇق نەپەسلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، دېگەن يەرگە كېلىپ، قايتا گەپ تاپالماي قالدى. باۋيوي تەڭلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:
— سىڭلىم، سىز ئولتۇرۇپ قېلىۋېرىڭ، مەن ئۈچىنچى ھەمشىرىنى يوقلاپ كېلەي، — دېدى باۋيوي.
— ئۈچىنچى ھەمشىرە بىلەن كۆرۈشسىڭىز، مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ، — دېدى دەييۇي.
دەييۇي ئۇنى ھۇجرا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ قويۇپ يېنىپ كىردى، كۆڭلى بىئارام بولۇپ: «باۋيوي يېقىندىن بۇيان گەپ قىلسا، گېپىنىڭ بېشى بار، ئايىغى يوق، بىردەم تولۇق، بىردەم سىلىق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى، نېمە قىلغىنىكىن ئۇنىڭ» دەپ ئويلاپ تۇراتتى، زىجۇەن كىرىپ كەلدى:
— خانقىز، سۇترانى يازمامسىز ئەمدى؟ دۇۋەت ـ قەلەمنى يىغىشتۇرۇۋېتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— يازمايمەن، يىغىشتۇرۇۋەت، — دەييۇي شۇنداق جاۋاب بېرىپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كارىۋاتقا قىڭغايدى ـ دە، ئاستا خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.
— خانقىز، چاي ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى زىجۇەن يەنە كىرىپ.
— ئىچمەيمەن، ئازراق قىڭغىيىۋالاي، ئۆز ئىشىڭلارنى

قىلىشىپ بېرىڭلار.

زىجوەن «خوش» دەپ يېنىپ چىقتى، شۆيەن ئۆزى يالغۇز ھالڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇراتتى، زىجوەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— شۇ تاپتا كۆڭلۈڭدە نېمە ئىشلار كېچىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

شۆيەن ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە تۇرۇۋەرگەنلىكتىن، زىجوەننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

— بۈگۈن مەن بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم، غەلىتە گەپ، — دەپ ئىچكىرىكى ھوجرىغا تۇمشۇقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى، ئاندىن زىجوەنگە «يۇر» دېگەننى قىلىپ بېشى بىلەن تالانى كۆرسىتىپ، تالاغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدىكى سۇپا تۇۋىگە كېلىپ، كۇسۇرلاشقا باشلىدى:

— ئاچا، سەنمۇ ئاڭلىدىڭمۇ، باۋيۇينى چاي ئىچكۈزۈپ قويۇپتۇ.

زىجوەن بۇ گەپتىن چۆچۈپ كەتتى.

— نەدىن چىققان گەپكەن بۇ؟ يالغاندۇ؟

— نېمىسى يالغان بولسۇن! بىزدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇقۇپ بوپتۇ، — دېدى شۆيەن.

— نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— سىشۇدىن ئاڭلىدىم، ئۇ قانداقتۇر بىر مەشھۇر خانىداننىڭ قىزىمىش، ئائىلىسىنىڭ ھال ـ ئوقىتىمۇ ئوبدان، قىزىمۇ قاملاشقان قىز ئىكەن.

زىجوەن بۇ گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، دەييۇي ئورنىدىن تۇرغاندەك بولۇپ، يۆتىلىپ قويدى. زىجوەن ئۇنى چىقىپ قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ، شۆيەننى ئېتىكىدىن تارتىپ قويۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى، ئاندىن ئىچكىرىكى ھوجرىغا قاراپ باقتى، ھېچقانداق شەپە بىلىنمىگەچكە، يەنە كۇسۇرلاپ سورىدى:

— ئۇ زادى نېمىلەرنى دېدى؟

— قايسى كۈنى مېنى ئۈچىنچى خانقىزغا رەھمەت ئېيتىشقا ئەۋەتكەن ئەمەسمىدى، بارسام ئۈچىنچى خانقىز ئۆيدە يوق، سىشۇلا بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ گەپلەشتۇق. گەپ-تىن گەپ چىقىپ باۋيۈي غوجامنىڭ كەپسىزلىكى توغرىسىدا پاراڭ بولدى. سىشۇ: «باۋيۈي غوجامنىڭ ھېچبىر يېرى چوڭ ئادەمنىڭ سىياقىغا ئوخشىمايدۇ، چاي ئىچكۈزۈپ قويغان تۇ-رۇقلۇق، يەنىلا شۇنداق ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ يۈرۈيدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: «پۈتۈشۈپتىمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «پۈتۈ-شۈپ بولدى، ۋاڭ بېگىم دېگەن بىركىم ئەلچىلىك قىپتۇ. ۋاڭ بېگىم دېگەن كىشى شەرقىي قەسىر دېكىلەرنىڭ تۇغقىنى ئىكەن، شۇڭا سۈرۈشتۈرۈپ تۇرمايلا، ئېغىز ئېچىشى بىلەنلا ماقۇل كېلىشىپتۇ» دېدى. زىجۈەن ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— نېمىشقا بۇ ئائىلىدىكىلەردىن بىرەرىمۇ بۇ ھەقتە گەپ-سۆز قىلمايدىكىنە؟ — دەپ سورىدى ئۇ شۆيەندىن.

— سىشۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاغزىڭلار-دىن چىقارماڭلار دېگەن ئوخشايدۇ، بۇ توغرىدا گەپ - سۆز بولۇپ قالسا، باۋيۈينىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قالىدۇ، دەپ ئەن-سىرەيدىكەن. سىشۇ ماڭا: ھەرگىزمۇ بۇ گەپنىڭ ئۈچىنى چىقى-رىپ قويما، دەپ تاپىلاپ قويدى، — شۆيەن گەپ قىلىپ بېرى-ۋېتىپ ئىچكىرىكى ھۇجرىنى كۆرسىتىپ، — شۇڭا بۇ خېنىم-نىڭ ئالدىدىمۇ تىنمىدىم. بۈگۈن سەن سوراپ قالغاچقا، سەندىن يوشۇرۇپ قالالمىدىم.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شاتۇتى: «خانقىز كەلدى، چاي قۇي» دەپ، ئۆگىنىۋالغان گېپىنى چىللىغانىدى، زىجۈەن بى-لەن شۆيەن چۆچۈپ كېتىشتى، ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ بېقىپ، ھېچكىم كۆرۈنمىگەچكە، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ قاراپ بېقىشتى. دەييۈي يېڭىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن، زىجۈەن ئۇنىڭدىن چاي

ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

— ئىككىڭلار نەگە كەتكەن ئىدىڭلار؟ قىچقارسام ھېچقاي-سىڭلار يوق، — دەپ قويۇپ، دەييۇي كاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قىڭغايدى ـ دە، موكلا چۈشۈپ ياتتى ۋە چىملىدىقىنى چۈشۈرگۈ-زۈۋەتتى. بۇ ئىككىسى كۆڭلىدە بايىقى قىلىشقان گەپلەرنى دەي-يۈي ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىشىپ، بۇ توغرىدا قايتا گەپ قىلىشمىدى.

دەييۈينىڭ ئۆز كۆڭۈل سىرى بار ئىدى. زىجۈەن بىلەن شۆيەننىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى ئېنىق بولمىسىمۇ، ھەرھالدا خېلى ئوبدانلا ئاڭلاپ قېلىپ، جىسمى گويا دېڭىزغا ئىرغىتىۋې-تىلگەندەك بولۇپ كەتتى، دىلىغا كۈرمىڭ ھەسرەت ـ نەپرەت جۈغلاندى. ئۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، بۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى، ئاخىر بالدۇرراق ئۆلۈپ قۇتۇلغىنىم ئەۋزەل، دېگەن ئويغا كەل-دى. شۇنىڭ بىلەن يوتقانمۇ يېپىنماي، چاپانمۇ كىيمەي، كۆزى-نى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋەردى. زىجۈەن بىلەن شۆيەن بىرقانچە قېتىم كۈتمەكچى بولۇپ كىرگەن بولسىمۇ، دەييۈي قىمىرلاپمۇ قويمىغاچقا، ئۇنى ئويغىتىۋېتىشتىن تەپ تارتتى. دەييۈي كەچلىك غىزانىمۇ يېمىدى. چىراغ يېقىلغاندىن كېيىن، زىجۈەن چىملىدىقنى قايرىپ قاراپ باقتى. دەييۈي ئۇخلاپ قې-لىپ، يوتقاننى ئاياغقا سىيرىلدۇرۇپ قويۇپتۇ. زىجۈەن ئۇنىڭغا سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن دەپ، يوتقاننى ئاستاغىنا يېپىپ قويغا-نىدى، دەييۈي قىمىرلىمىدى، بىراق زىجۈەننىڭ چىقىپ كېتى-شىگىلا، يوتقاننى يەنە تېپىپ تۈرمەكلەپ قويدى.

ئەتىسى، دەييۈي ئورنىدىن سەھەر تۇردى. ھېچكىمنى قىچقارماي ئۆزى يالغۇز تېڭىرقاپ ئولتۇراتتى، زىجۈەن ئويغى-نىپ كەتتى. ئۇ دەييۈينىڭ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— خانقىز، نېمانچە سەھەر تۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق بولۇشى كېرەكتە! بالدۇر ياتقاندىكىن، بالدۇر تۇردۇم، — دېدى دەيیۇي. زىجۇەن ئالمان - تالمان شۆيەننى ئويغىتىپ، دەيیۇيىنىڭ يۇيۇنۇش - تارىنىشىغا كۇتكۇچىلىك قىلدى. دەيیۇي ئەينەككە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بىردەمدىلا كۆزلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق ياش قۇيۇلۇپ، ھېلىلا قولىياغلىقىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن، دەيیۇي ئاندا - مۇندىلا يۇز - كۆزىنى يۇيۇپ، چېچىنى تارىۋالدى، بىر ئاز ئولتۇرۇپ باقتى، ئاندىن:

— شىزاڭ كۇجىسىنى يېقىپ قوي، — دەپ زىجۇەننى بۇيرۇدى.

— خانقىز، ئۇخلىدى دېگۇچىلىك ھېچقانچە ئۇخلىيالمىغان تۇرسىڭىز، كۇجە ياقساق بولارمۇ؟ سۇترا يازامسىز يا؟ — دەپ سورىدى زىجۇەن. دەيیۇي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— خانقىز، يەنە سۇترا يازىدىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويارسىزمىكىن.

— نېمىدىن قورققۇلۇق! بالدۇرراق تۇگەشكىنىم تۇزۇك. شۇنى كۆچۈرۈش باھانىسى بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراي دېدىم. كېيىنكى كۇنلەردە مېنىڭ يازغان خەتلىرىمنى كۆرۈپ - تارتىپ قالساڭلار، مېنىڭ چىرايىمنى كۆرگەندەك بولارسىلەر، — شۇئان دەيیۇينىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلدى. زىجۇەن بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەتەي ئۆزىنى نابۇت قىلىش ئۇچۇن، دەيیۇي غىزانى كۆڭلى تارتماي، كۇندىن - كۇنگە ئازايتىۋەتتى. يېرىم ئايغا قالماي مەيدىسى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئاخىر سۇيۇق - سەلەڭ نەرسىنىمۇ ئىچەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. دەيیۇيگە كۇندۇزلىرى ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى باۋيۇينىڭ

ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى گەپلەر بولۇپ ئاڭلىنىدىغان، ئارام-بەخش ھويلىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىمۇ، ئەزايىدىن خۇددى باۋيۇينىڭ ئۆيلەنگەنلىكى ئىپادىلەنگەندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. دورا يېگۇسى كەلمەيتتى، تېزرەك ئۆلۈپ قېلىشنى خالايتتى. ئۇخلاپ چۈش كۆرسە، ھەممىشە كىشىلەرنىڭ «باۋيۇي غوجامنىڭ ئاغىچىسى» دەپ قىچقارغانلىقىنىلا چۈشەيدىغان بول-دى. كۆڭلىدىكى گۇمانلار يىغىلىپ كېلىپ، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىدىغان بولۇپ قالدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە غىزادىن پۈتۈنلەي قېپقالدى، شوۋىگۇرۇچىنىمۇ ئىچمەي قويدى، تىنىقى پەسلەپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى.

زىجۈەن بۇگۈن دەييۇينىڭ غىزادىن چورتلا قېپقالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدىنى ئۈزدى ـ دە، دەييۇينىڭ قېشىدا بىردەم يىغا-زارە قىلدى. ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن چىقىپ، شۆيەنگە:

— ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇر-غىن، مەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىم ھەم ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىلارغا مەلۇم قىلىپ قويۇپ كېلەي. ئۇنىڭ بۇگۇن-كى ئەھۋالى باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، — دەپ كۇسۇر-لاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

شۆيەن دەييۇيگە ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ھۇجرىغا كىرىپ قارىغانىدى، دەييۇي بىھوش ياتاتتى، ئۇ دەييۇينى جان ئۈزۈۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قورقۇشقا باشلىدى. ئاشۇنداق قورقۇپ ئولتۇرغاندا، تالادا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى ـ دە، بىرەي-لەن كىرىپ كەلدى. ئۇ سىشۇ ئىدى. ئۇنى تەنچۈن دەييۇينى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى، ئۇ شۆيەننىڭ مىلەڭزىنى قايرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— خانقىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى. شۆيەن ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى، سىشۇ شۆيەننىڭ ئارقىسىدىن ئىچ-كىرى ھۇجرىغا كىردى. ئۆيدە زىجۈەننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ،

دەيىۋىگە قاراپ باقتى. ئۇنىڭ تىنىقى ئارانلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى.

— زىجۇەن ئاچام قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— تۆر ئۆيگە خەۋەر قىلغىلى كەتتى، — دېدى شۆيەن.

شۆيەن دەيىۋىنى ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، زىجۇەن بولمىغاندىكىن، سىشۇنىڭ قولىدىن ئاستا تارتىپ:

— قايسى كۈنى ماڭا ھېلىقى ۋاڭ بېگىم دېگەن بىرى باۋيۈي غوجامغا لايىق تېپىپتۇ، دېگەن ئىدىڭىزغۇ، شۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— راست بولمايچۇ! — دېدى سىشۇ.

— قاچان چاي ئىچكۈزۈپتۇ؟ — دەپ سورىدى شۆيەن.

— نەدە چاي ئىچكۈزىدۇ؟ ساڭا دەپ بەرگەن گەپنى شۇ كۈنى مەنمۇ شياۋخۇڭدىن ئاڭلىغان. كېيىن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭكىگە بارغىنىمدا، كېلىن ئاغىچا پىڭئېر ئاچامغا مۇنداق دەپ بېرىۋېتىپتىكەن. ئۇ: «سۇخەنچىلەر مۇشۇ ئىش بىلەن ئۇلۇغ بېگىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە بېگىمنى ئۆزىگە رام قىلماقچى بولغان نېمە. چوڭ ئاغىچا خېنىم رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇ قىزنى ياخشى دېگەن تەقدىردىمۇ، چوڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆزى ئادەم تونۇيالامتى؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغىنى بار، ئۇمۇ مۇشۇ باغنىڭ ئىچىدە. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم چوڭ بېگىم سۆز ئېچىپ قويغانلىقى ئۈچۈن سوراپ قويغان گەپ» دېدى، ئاندىن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم: «باۋيۈينىڭ توي ئىشىدا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمچۇ، تۇغقاننىڭ ئۈستىگە تۇغقان قىلماقچى، بۇنداقتا ھەرقانداق ئادەم لايىق تاپقىنى بىلەنمۇ بەربىر ئاقمايدۇ».

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شۆيەن ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇپ:

— بۇ قانداق گەپ بولدى! بىزنىڭ مۇنۇ قىزىمىزنى بىكار-

دىن - بىكارغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدىكىنە! — دېدى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى سىشۇ.
— قايسى كۈنى زىجۈەن ئاچام ئىككىمىز مۇشۇ ئىش توغرى-سىدا پاراڭلاشقانىدۇق، بۇياق ئاڭلاپ قېلىپ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.
— ئاستىراق گەپ قىل، ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى سىشۇ.
— قاراپ باقە، خۇدىنى بىلمەي ياتىدۇ. كۆپ بولسا بىر-ئىككى كۈنلۈكىلا قالدى، — دېدى شۈيەن. ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە زىجۈەن مىلەڭزىنى قايرىپ كىرىپ كەلدى ۋە:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار! ھەرقانداق گېپىڭلار بولسا، بۇ يەردە پاراڭلاشقۇچە سىرتقا چىقىپ پاراڭلاشساڭلار بولمامدۇ؟ ئۇنى بىراقلا ئۆلسۇن دېدىڭلارمۇ يا! — دېدى.
ئۇچى پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، دەييۈي يۆتىلىپ كەتتى. زى-جۈەن ئالمان - تالمان كاڭنىڭ لېۋىگە يۈگۈرۈپ كەلدى - دە:
— خانقىز، سۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى.
دەييۈي ئارانلا «ھە» دېيەلىدى. شۈيەن ئىتتىك بېرىپ قايناقسۇدىن يېرىم چىنە قۇيۇپ كەلدى. زىجۈەن چىنىنى قولىغا ئالدى، سىشۇمۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. زىجۈەن لىككىدە كاڭغا چىقىپ، دەييۈينىڭ قېشىدا ئولتۇردى ۋە قايناقسۇنى قى-زىقمۇ، سوغۇقمۇ دەپ ئىچىپ بېقىپ، ئاندىن دەييۈينىڭ بېشى-نى يۆلەپ چىنىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئاپىرىۋىدى، دەييۈي بىر يۇتۇملا ئىچتى. چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، بېشىنى يەنە ياستۇققا قويدى.
جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن ۋە فېڭجيېلەر كىرىپ كېلىشتى، ئۇلار زىجۈەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەنىدى. دەييۈينىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان يېشىلگەندىن كې-

يىن، ئۇ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەش نىيىتىدىن ئەلۋەتتە يانىدۇ ـ دە، گەرچە ئاجىزلاپ ماغدۇرىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھەرھالدا زورۇقۇپ دېگۈدەك بىر ـ ئىككى ئېغىز ئىلىك ئالدى. فېڭجيې زىجۇەننى بىر چەتكە تارتىپ:

— خانقىزنىڭ ئەھۋالى سەن دېگەندەك ئەمەسكەنغۇ. قانداق گەپ بولدى بۇ، كىشىنى شۇنداقمۇ قورقۇتامسەن؟ — دېدى.

زىجۇەن:

— بايا ئەھۋالى ھەقىقەتەن يامان ئىدى، شۇڭا بېرىپ ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم قىلغان، قايتىپ كەلسەم، خانقىز خېلىلا تۈزىلىپ قاپتۇ، مەنمۇ ھەيران قالدىم، — دېدى.

— ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، — جيا ئانا كۈلۈپ، — مىجەزى سەللا ئۆزگىرىپ قالسا، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ. بۇمۇغۇ ئۇنىڭ ئوڭلۇق يېرى. كىچىك بالا دېگەننىڭ ئاغزى گال، پۈتى قاشاڭ بولمىغىنى ياخشى.

بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، جيا ئانا قاتارلىقلار خەتەر يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ چىقىپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ دەيۈيىنىڭ كېسىلى بارا ـ بارا يېنىشقا باشلىدى. شۆيەن بىلەن زىجۇەن خىلۋەتتە شۈكۈر، دەپ دۇرۇت ئوقۇپ قويۇشاتتى.

بىر كۈنى، شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، فېڭجيې قاتارلىقلار جيا ئانىنىڭ ئۆيىدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى، دەيۈيىنىڭ كېسىلى توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالدى.

— سىلەرگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم، — دېدى جيا ئانا، — *باۋيۈي بىلەن دەيۈي قىز كىچىكىدىن بىر يەردە بىللە تۇردى،* كېيىن دەيۈي قىزنىڭ دائىم دېگۈدەك تۈيۈقسىزلا كېسەل بولۇپ قېلىپ، يەنە بىردىنلا ساقىيىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر ئىشنى سەل سېزىپ قالدىم. شۇڭا، ئۇ ئىككىسىنى شۇ پېتىچە يەنە بىر يەردە تۇرۇۋەرسە ئەدەپ ـ قائىدىگە سىغماسمىكىن، دېگەن ئويغا كەلدىم.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى-
دە، ئاندىن شۇنداق دېدى:

— دەييۇي خانقىزنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك، باۋيۇيگە كەل-
سەك، ئۇ ھاڭۋاقتىراق. ئۇنىڭ گۇمانلىنىشتىن تەپتارتمايدىغان
مىجەزىمۇ بار. شۇ تۇرقىدا ئۇلاردىن بىرەرىنى ئۇشتۇمتۇتلا
باغدىن ئېلىپ چىقىپ كەتسەك، ئۇلارغا بىر ئىشتىن شەپە
بېرىپ قويارمىزمىكىن؟ قەدىمدىن قالغان «ئوغلۇڭ چوڭ بولسا
ئۆيلەپ قوي، قىزىڭ چوڭ بولسا ياتلىق قىل» دېگەن گەپ بار.
ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ
قىلىۋەتكەن بولساق.

جىيا ئانا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويۇپ:

— دەييۇي قىزنىڭ مىجەزى بىرقىسىملا، تېنى ئاجىز،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. باۋچەي قىزلا ئۇنىڭغا
تازا لايىق كېلىدۇ، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىلا ئەمەس، بىزمۇ مۇشۇ-
نى ئويلىغان، بىراق دەييۇي خانقىزنىمۇ بىركىمگە دېيىشىپ
قويغىنىمىز تۈزۈك، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن باۋيۇينى ئۆيلەپ بولۇپ، ئاندىن
دەييۇي قىزنى بىركىمگە دېيىشىدىغان گەپ. باۋيۇينى ئۆيلەش
توغرىسىدىكى گەپنى دەييۇي قىزغا ئۇقتۇرمىساقلا بولىدىغۇ، —
دېدى جىيا ئانا.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى فېڭجيې ئەتراپىدىكى دېدەك-
لەرگە جېكىلەپ، — باۋيۇينى ئۆيلەش توغرىسىدىكى گەپ مۇشۇ
يەردە قالسۇن. ھەرگىزمۇ چۇقان كۆتۈرگۈچى بولماڭلار! كىم-
كى شۆپۈك ئېغىزلىق قىلىدىكەن، تېرىسىنى تەتۈر سويىمەن!

شۇنداق قىلىپ، شۇ باۋچەينى جىيا باۋيۇيگە چاتىدىغان ئىش
جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ شيفېڭلارنىڭ مەسلىھىتى
بىلەن بېكىتىلدى.

ئەتىسى قوزدىلىشىدىغان ئىش شۇ ھامىنىغا يەتكۈزۈلدى، شۇ ھامما بۇنىڭدىن قاتتىق خۇش بولۇپ كەتتى.

باۋيۈي مەكتەپتىن كېلىپ ھەممىسىگە كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بامبۇكزار سارايغا كەلدى. مىلەڭزىنى قايرىشىغىلا، زىجۈەن ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۆيدە دەييۈي كۆرۈنمەيتتى.

— خانقىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى باۋيۈي. ئۇ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، دەييۈي بىلەن شۆيەن كىرىپ كەلدى.

— سىڭلىم قايتىپ كەلدى، — دەپلا باۋيۈي كەينىگە داجىپ يول بېرىپ، دەييۈي بىلەن سوڭدىشىپ ئۆيگە قايتا كىردى. دەييۈي ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ باۋيۈيگە ئىچكىرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا باۋچەينىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى تىلغا ئېلىندى. دەييۈي كۈلۈپ قويۇپ:

— يوقلاپ بارمىغانمىدىڭىز؟

— دەسلەپتە ئۇقماپتىمەن، خەۋەر تاپقىنىمغا بىر - ئىككى كۈن بولسىمۇ بارماپتىمەن. بالدۇرقىدەك يان ئىشىك ئوچۇق بولسىغۇ، كۈنگە ئون قېتىم يوقلاپ بېرىشىممۇ تەس ئەمەس ئىدى، ھازىر يان ئىشىكنى ئېتىۋەتتى، ئالدى تەرەپتىن ئۆتتۈشۈمگە ئەپسىز ئىكەن، — دېدى باۋيۈي.

— بالدۇردىن تارتىپ باغدا شېئىر يېزىشىپ، گۈل تاماشىسى قىلىپ، مەي - شاراب ئىچىپ قانداق خۇشال - خۇرام ئۆتۈشكەنىدۇق، مانا ئەمدى ئايرىلىپ كېتىۋىدۇق، ئۇلارنىڭ ئۆيدە كېلىشمەسلىك بولغىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ شۇنداق ئېغىر ئاغرىپ ياتسا، سىز خەۋىرى يوق ئادەمدەك يۈرسىڭىز سەت بولمامدۇ؟ — دېدى دەييۈي.

— ئۇنداقتا، باۋچەي ئاچام مەن بىلەن ئەپلەشمىگۈدەكتە؟ — دېدى باۋيۈي.

— ئەپلىشەمدۇ - ئەپلەشمەمدۇ، مەن نەدىن بىلەي. مەنمۇ يولى كېلىپ قالغاچقا دەپ قويدۇم، — دېدى دەييۈي.

بۇ گەپ بىلەن باۋيۇي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىرھازاغىچە تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، يەرگە تەپكەن پېتى:

— مەندەك بىر ئىپسىل ئىنسان نېمىشقىمۇ تۆرەلگەن بولغىيدى؟ مەن بولمىغان بولسام، جاھان پاك - پاكىز بولغان بولاتتى! — دېدى.

— ئەسلىدە «مەن» بولغاچقا، ئىنسان پەيدا بولغان، ئىنسان پەيدا بولغاندىن كېيىن ھەددى - ھېسابسىز تەشۋىش كېلىپ چىققان، — دېدى دەييۇي. باۋيۇينىڭ بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ كۈلۈۋەتتى:

— راست شۇنداق، سىزنىڭ زېھنىڭىز مېنىڭدىن ئىنتايىن ئۆتكۈر ئىكەن! ئالدىنقى يىلى خاپا بولغان چېغىمدا، سىز ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىۋېدىڭىز، شۇڭىزە مەن زادىلا جاۋاب بېرەلمەپتىمەن. ئالتۇن بۇيۇم بولسىمۇ گەرچە ئالتە غولاچ، تۆرەلمىكىم سىز — نېلۇپەر بەرگىگە موھتاج.

دەييۇي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ:

— سىزدىن بىر سوئال سوراي، قېنى قانداق جاۋاب بېرەرسىز كىن؟

باۋيۇي بەدەشقان قۇرۇپ، ئالقىنىنى جۈپتەكلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ، ئاغزىنى دومسايتىپ:

— قېنى دەڭ، — دېدى.

— باۋچەي ئاچام سىز بىلەن ئەپ ئۆتسە قانداق قىلاتتىڭىز، ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ باۋچەي ئاچام ئۆتكەن كۈنلەردە سىز بىلەن ئەپ بولۇپ، ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە سىز بىلەن ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ باۋچەي ئاچام بۈگۈنكى كۈندە سىز بىلەن ئەپ بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەپ بولماي قالسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز ئەپ بولىمەن دېسىڭىزمۇ، ئۇ ئەتەي سىز بىلەن ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز ئەپ بولمايمەن دېسىڭىز، ئۇ ئەتەي سىز بىلەن ئەپ بولىمەن دېسە قانداق

قىلالتتىڭىز؟
باۋيۇي بىر هازاغىچە هاڭۋېقىپ قېلىپ، بىردىنلا قاقاهلاپ كۇلۇۋەتتى:
— تىلسىم دەريا سۈيى ئۇلۇغ بولسا بىر تالاي، ئىلىپ سۇدىن ئىچكەيمەن پەقەت بىر نوگاي.
— نوگاي لەيلەپ ئېقىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى دەييۇي.
— نوگاي ئۆزى ئاقمايدۇ لەيلەپ، سۇ ئۆزىچە ئاقىدۇ، نوگايمۇ ئۆزىچە لەيلەيدۇ.
— سۇ توختاپ، گۆھەر چۆكۈپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى دەييۇي.
— بۇدۇشقاقتەك ديانا مەن دىلىم ئۆزگەرمەس، هەر باهاردا ئۇچۇپ كېتەر زاكچى مەن ئەمەس.
— ديانا سۇلۇكىنىڭ بىرىنچى پەرهىزى يالغان گەپ قىلماسلىق، — دېدى دەييۇي.
— ئۈچ مۆجىزە شاهىدىدۇر، — دېدى باۋيۇي. دەييۇي بېشىنى ساڭگىلىتىپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى.
شۇ ئەسنادا، پېشايۋان ئۈستىدىكى قاغا «قاق - قاق» قىلىپ قويۇپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.
— ئەي خۇدا! بۇ ئامەتنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى پالاكەتنىڭ؟ — دېدى باۋيۇي.
— ئىنسان ئارا بولۇر ئامەت ياكى پالاكەت، قۇش ئاۋازى بولمىغاي هېچ ئاڭا بىشارەت، — دېدى دەييۇي. شۇ ئارىدا چيۇۋېن كىرىپ قالدى.
— غوجام، ئۆيگە قايتسىلا. ئۇلۇغ بېگىم باغقا كىشى ئەۋەتىپ، «غوجام مەكتەپتىن كەلدىمۇ؟» دەپ سوراتقانىدى. تېز بولسىلا، — دېدى. باۋيۇي دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا ماڭدى.

# 26 ـ باب   تۇيۇق چىقارماسلىق ئۈچۈن فېڭجيېنىڭ ئاجايىپ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكى

ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جيا جېڭ جياڭشىنىڭ ئاشلىق نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇ خان ئائىلىلىرىنىڭ بۇ شەپقىتىگە تەشەككۇر بىلدۈردى ۋە يولغا چىقىش ۋاقتىنىمۇ بەلگىلەپ خاننىڭ تەستىقىگە سۇندى. مۇبارەكلەپ كەلگەن قوۋم ـ قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئۈنچىلا جۇۋاپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى بالىۋاقىسىدا ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ ئائىلىسىدە ھايال بولۇپ قېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، جيا ئانىنىڭ يېنىدىن «بېگىمنى تەكلىپ قىلىدۇ» دەپ كىشى كىردى.

جيا جېڭ دەرھال جيا ئانىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ جيا ئانىغا تەزىم قىلدى. جيا ئانا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپ:

— بىرقانچە كۈنگە قالماي خىزمىتىڭگە ماڭىدىغان ئوخشايسەن، ساڭا دەيدىغان بىرمۇنچە گەپلىرىم بار ئىدى، — دەپلا كۆز يېشى قىلدى. جيا جېڭ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ ئانىمىز، ھەرقانداق بولسا، ئىلتىپات قىلىپ تاپىلىسىلا، ئوغۇللىرىنىڭ ئىتائەت قىلماسقا ھەددى ئەمەس، — دېدى. جيا ئانا ئۆكسۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مەن بۇ يىل سەكسەن بىرگە كىرىپ قالدىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق ياقا يۇرتقا خىزمەتكە ماڭماقچى بولۇپ قالدىڭ. سەن كەتكەندىن كېيىن، كۆيۈنۈپ باققانلىرىمدىن باۋيۈيلا قالىدۇ، قېرىشقاندەك بۇمۇ كېسەل بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپلا قويدى.

تۆنۇگۈن لەي شېڭنىڭ ئايالىنى باۋيۇيگە پال باقتۇرۇپ باققىلى جورىغانىدىم، تاپقان پالچىسى: «مەدەن ئاناسىردىن ئاپىرىدە بولغان كىشىگە ئۆيلىنىپ، شۇ كىشى يار - يۆلەك قىلسا، پالاكەتكە توي خۇشاللىقى بىلەن بەرھەم بېرىلسە ساقىيىدۇ، بولمىسا ئامان قېلىشى تەس بولارمىكىن» دەپتۇ.

— ئۇلۇغ ئانا، — دېدى جيا جېڭ، — ئۆز ۋاقتىدا كەمىنە ئوغۇللىرىغا شۇنداق كۆيۈنەتتىلە، ئەمدى كەمىنە ئوغۇللىرى ئۆز ئوغلۇمغىمۇ شۇنداق كۆيۈنمەسمەنمۇ؟ ئۇنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويماقچى بولسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىچە بولسۇن. ھازىر باۋيۇي ئاغرىقچان، بۇنىڭدىن ئوغۇللىرىمۇ خاتىرجەم ئە-مەس. باۋيۇي زادى قانداق كېسەل، كۆرۈپ باقاي.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا جېڭنىڭ گەپ قىلىۋېتىپ كۆزىگە ياش ئەگىگەنلىكىنى كۆرۈپ، باۋيۇيگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، شىرېننى جورىدى.

باۋيۇي ئاتىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، شىرېن تەزىم قىلىڭ، دېدى، ئۇ تەزىم قىلدى. جيا جېڭ ئۇنىڭ ناھايىتى جۇدەڭ چىرايى ۋە نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ، مەجنۇن سۇپەت بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدى - دە، ئېلىپ كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇ يۇم - يۇم يىغلاۋاتقان ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپ، خىيالى ئۇنىڭغا بۆلۈنۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ ئانىمىز قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق بولسۇن، بىراق ھاما خېنىمنىڭ سەمىگە سېلىندىمىكىن؟

— ھاما خېنىم بۇرۇنلا ماقۇل بولغان، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم گەپنى تارتىۋېلىپ، — ئوغلى شۆپەننىڭ دەۋاسى بىر ياقلىق بولمىغاچقا، يېقىندىن بۇيان بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدۇق.

— ئاكىسى تۈرمىدە ياتسا، سىڭلىسى قانداق ياتلىق بولى-دۇ؟ يولغا چىقىش كۈنۈمنى مەلۇم قىلىپ قويۇپتىمەن، ھايال

بولۇشقا توغرا كەلمەيدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قانداقمۇ قىلغىلى بولار؟ — دېدى جيا جېڭ.

جيا ئانا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەگەر تويىنى قىلىمەن دېسەڭ، ھېچقانداق ئىشقا پۇتلاشماسلىققا مېنىڭ ئامالىم بار. ھامما خېنىمغا كەلسەك، ئاغىچاڭ بىلەن ئۆزۈم كىرىپ ئۇنىڭدىن سورايمىز. باۋيۈي بولسا كېسەل، بۇ ھالدا ئۆيلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، پەقەت پالاكەتتىن تويى خۇشاللىقى بىلەن قۇتۇلدۇرىدىغانلا گەپ. قۇتلۇق كۈننى تاللاپ، نەغمە ـ ناۋا قىلمايلا، ئوردىنىڭ يوسۇنى بويىچە ئون ئىككى جۈپ پانۇس كۆتۈرگۈزۈپ، سەككىز كىشلىك تەختىراۋان بىلەن كۆچۈرۈپ كەلسەك، جەنۇبنىڭ قائىدىسى بويىچە تەزىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلدۇرساق، ئۆيلەنگەن ھېساب بولمامدۇ؟ باۋچەي قىز كۆڭلى ئوچۇق، ئوڭلۇق قىز، ئۇنىڭدىن غەم يېمىسەكمۇ بولىدۇ. باۋيۈي ساقىيىپ قارىلىق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، مېھمان چىللاپ داستىخان سالساقمۇ بولىدۇ، ھەممىگە يېتىشىپ كېتەلەيمىز. سەنمۇ بۇ ئىككى بالىنىڭ تويىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ، يولۇڭغا خاتىرجەم كېتەۋېرىسەن.

بۇنى ئاڭلىغان جيا جېڭ رازى بولسۇن ـ بولمىسۇن، بۇ ئىشقا جيا ئانا باش بولۇۋاتقاندىكىن، گېپىنى يىرالماي، ئازراق ھىجىيىپ قوللۇق بىلدۈردى:

— ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ ئويلىغىنى ناھايىتى توغرا، شۇنداقتىمۇ ئائىلىمىزدىكى جىمى كىشىگە جېكىلەپ قويۇش زۆرۈر. ئۇلار چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ، ھەممە يەرگە يېيىپ يۈرمىسۇن. بولمىسا، بىزگە ئەيىب كېلىپ قالىدۇ. ھامما خېنىم ئۇنىماسمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. ئەگەر ئۇناپلا قالسا، ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بولسۇن.

— ھامما خېنىمغا مەن بار، سەن ئەمدى يولۇڭغا ماڭ، —

دېدى جيا ئانا.

جيا جېڭ يېنىپ چىقىپ دىلغۇل بولۇپ قالدى. تەيىنلەنگەن خىزمىتىگە مېڭىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىش - كۈشلىرى كۆپىيىپ كەتتى. باۋيۈينىڭ ئىشىنى جيا ئانىنىڭ ئىختىيارى بويىچە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجېيىلەرگە قويۇپ بەردى.

باۋيۈي جيا جېڭغا كۆرۈنۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شىرېن ئۇنى يۆلەپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ياندۇرۇپ ئەكىردى. ئۇ مەست - ئەلەس هالدا ئۇيقۇغا كەتتى، شۇڭا جيا ئانا بىلەن جيا جېڭنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر تالمۇ كىرمىدى. بۈگۈن گەپنىڭ ئېنىقىنى ئاڭلاپ شىرېننىڭ كۆڭلى يورۇپ، بولغۇسى كېلىننىڭ باۋچەي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن خۇشال بولدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ: «دەرۋەقە چوڭلارنىڭ كۆزى ھەممىگە يېتىدىكەن! ئەمدى لايىقىنى تېپىشتى. بىراق، بۇياقىنىڭ كۆڭلى يالغۇز دەيۈيدە، ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەرمىكىن!» دېگەن ئويغا كېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلاندى - دە، يەنە ئويغا چۆمدى: بۇ ئىشنى قانداق قىلسام بولار؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملار ئۇنىڭ ئىچ سىرىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇلار باۋيۈينىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ. مۇبادا ساڭا باۋچەي قىزنى ئېلىپ بېرىمىز دەپ، دەيۈي قىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان بولسا، ئۇ خۇدىنى بىلمىسىغۇ مەيلى، سەل - پەللا ئۇقۇپ قالىدىغان بولسا، پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرماق يوق، ئەكسىچە ئۆلۈمنى تېزلىتىپ قويارمىكىن! ئەمدى گەپنى ئېچىپ دېمەيدىغان بولسام، بىراقلا ئۈچ ئادەمگە زامىن بولغان بولمايمەنمۇ؟ شىرېن شۇ پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، جيا جېڭ چىقىپ كەتكۈچە تەخىر قىلدى، ئاندىن چيۇۋېننى باۋيۈيگە قارىتىپ قويۇپ، ئىچكىرىكى هوجىرىدىن چىقىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كىردى - دە، ئۆزلىرىگە گېپىم بار، دەپ ۋاڭ ئاغىچا

خېنىمنى جيا ئانىنىڭ ئارقا ھوجىرىسىغا كۆسۈرلاپ تەكلىپ قىلدى.

شىرىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن خالىي ھوجىرىغا كىرىپلا تىزلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— مەن غالچىلىرى، — دېدى شىرىن، — بۇ گەپنى دېمىسەم بولاتتى، ئەمما ئېيتماسلىققا ئامالىم قالمىدى!

— قېنى، ھودۇقماي ئېيتقىنا!

— باۋيۈينىڭ توي ئىشى توغرىسىدا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۆزلىرى باۋچەي خېنىمنى ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشىتىلە. بۇغۇ خويمۇ ئوبدان ئىش بولدى. بىراق، ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىنىڭ پەمچە، باۋيۈينىڭ دەييۈي خېنىم بىلەن ئىبقى كېلىشەرمۇ ياكى باۋچەي خېنىم بىلەنمۇ؟ — دېدى شىرىن. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئۆتكەچكە، باۋيۈينىڭ دەييۈي قىز بىلەن بىرئاز ئىبقى كېلىشىدۇ، — دېدى.

— «بىرئاز ئەمەس»، — دەپ گەپنى باشلىدى شىرىن، — بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە بىركىم كېلىپ باۋيۈيگە گەپ قىلسا، كۈلۈپ قويىدۇ، ھېچكىم گەپ قىلمىسا ئۇخلايدۇ. شۇڭا، بايىقى گەپلەرنى ئۇ ئاڭلىمىدى.

— بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار؟

— خېنىم، ئۆزلىرى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا دەپ تەلتۆكۈس چارىسىنى قىلىشسىلا ئوبدان بولاتتى.

— مۇنداق بولسۇن، ھازىرچە بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. كېيىن بىر پۇرسەت تېپىپ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن يولىنى قىلارمىز، — دەپ قويۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا ئانىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

جيا ئانا فېڭجيې بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى كۆرۈپلا:

— شىرىن قىز نېمە دەيدۇ شۇنچە كۈسۈرلاپ؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، باۋيۈيىنىڭ ئىچ سىرىنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. جيا ئانا بىرھازاغىچە ئۈندىمەي تۇرۇپ قالدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېمۇ باشقا گەپ قىلىشمىدى.

— باشقا ئىش بولسىمۇغۇ بىر نورى ئىدى، — جيا ئانا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — دەيىيۈيىنىڭمۇ كارى چاغلىق، باۋيۈي راستىنلا ئاشۇنداق بولسا، كىشىنى تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ جۇمۇ!

— نېمىگە تەڭلىكتە قالدۇراتتى؟ — دېدى فېڭجيې بىرقۇر ئويلىنىپ باققاندىن كېيىن، — «ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا» قىلىش كېرەك.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا.

— ئەمدىچۇ، — دېدى فېڭجيې، — باۋيۈي ئۇكام ئۇقتىمۇ، ئۇقمىدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. ھەممىمىز ئۇلۇغ بېگىم ئۆزى ئىگە بولۇپ، دەيىيۈي خېنىمنى ساڭا ئېلىپ بېرىدىغان بولدى، دەپ چۇقان سالايلى. ئاندىن ئۇنىڭ كەيپى قانداق، شۇنىڭغا قاراپ باقايلى. ئەگەر ئۇنىڭ ھېچنېمە بىلەن كارى بولمىسا، يول سارىخانىغا قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەگەر كۆڭلىگە ياقىدىغانلىقى بىلىنگۈدەك بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىش بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

— ئۇنىڭغا خۇشياقتىمۇ دەيلى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — ئۇ چاغدا نېمە چارە قىلماقچىسەن؟

فېڭجيې ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىغا كېلىپ، مانا مۇنداق قىلىمىز، دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپ: «شۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ» دېدى.

— ئانا ـ بالا ئىككىڭلار قانداق ئويۇن چىقارماقچى بولۇۋا-

تىسلەر؟ — دەپ سورىدى جىيا ئانا، — قېنى، ماڭا دەپ بېرىڭلارچۇ؟

فېڭجيې جىيا ئانا ئۇقماي قېلىپ، سىرنى بىلىندۇرۇپ قويىمىغىيدى دەپ، ئۇنىڭمۇ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ بىرقۇر دەپ بەردى. دېگەندەك جىيا ئانا بىردىنلا چۈشىنەلمىدى. فېڭجيې كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قوشۇمچە قىلغاندىن كېيىن:

— شۇنداق قىلساقمۇ بولغۇدەك، — دېدى كۈلۈپ، — بىراق دەيیۇي قىزغا ئەلەم بولىدۇ - دە، چۇقان كۆتۈرۈۋەتسەك، دەيیۇي قىز قانداق بولۇپ كېتەر؟

— بۇ گەپنى، — دېدى فېڭجيې، — باۋيۈينىڭ ئۆزىگىلا دەيمىز، سىرتقا يېيىلىپ كېتىشكە زادىلا يول قويمايمىز.

گەپ ئۇستىگە چۆرە قىز «جىيا ليەن بېگىم كەپتۇ» دەپ خەۋەر ئېلىپ كىردى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جىيا ئانىنىڭ سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، فېڭجيېگە ئىما قىلدى. فېڭجيې دەرهال جىيا ليەننىڭ ئالدىغا چىقتى - دە، كالپۇكى بىلەن ئۈمەللەپ قويۇپ، جىيا ليەننى ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ هۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. بىردەمدىن كېيىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىرىپ قارىغاندى، فېڭجيېنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېرىندىشى ۋاڭ زىتىڭ بېيجىڭغا سالامغا كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە قازا قىلغانىدى. جىيا ليەن ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شۇ يەرگە بېرىپ كەلگەنىدى. جىيا ليەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا تەزىيە قىلغاندىن كېيىن، بولغان ئىشلارنىڭ جەريانىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. ئۇ شۇنداق دېدى:

— مېھىر - شەپقەتلىك خان ئالىيلىرى تاغىمىزغا ئوردا دىۋانىدا مەنسەپ - مەرتىۋە ئاتا قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەرهۇمغا مەرىپەتلىك ئىشچان ئەمىر، دېگەن ئۇنۋان ئىلتىپات قىپتۇ، ئاندىن ئۆز جەمەتى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئانا يۇرتىغا ئېلىپ بار-

سۈن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونۇگۈن يولغا چىقىپ جەنۇبقا سەپەر قىلدى، تاغا - ئاچام ھەربىرلىرىگە سالام يوللىدى.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانچىلىك ھەسرەت - نادامەت چەككەنلىكىنى دەپ ئولتۇرمايمىز.

## 27 - باب مەخپىيەتلىكنى بىلىپ قالغان قەلەمقاشنىڭ خۇدىنى يوقاتقانلىقى

بىر كۈنى ناشتىدىن كېيىن، دەييۈي زىجۇەننى ئەگەشتۈرۈپ جيا ئانىنىڭ قېشىغا ماڭغانىدى. بامبۇكزار سارىيىدىن چىقىپ بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، قولياغلىقى ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى بىردىنلا يادىغا كېلىپ، زىجۇەننى ياغلىقنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كەلگۈچە ئۆزى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاستا ماڭغاچ تۇردى. ئەترەپشان كۆۋرۈكنىڭ ئۇ يېقىدىكى سۇئىي تاغنىڭ كەينىگە كەلگەندە، بىركىمنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ئەمما كىمنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى، يىغلاپ قاقشاپ نىمە دەۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك كېلىپ، ئاخىر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ جيا ئانىنىڭ ھۇجرىسىدا قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنى قىلىدىغان چۆرە قىز گالۋاڭ داجيې ئىدى.

دەييۈينى كۆرۈپ قالغاچقا، ھېلىقى چۆرە قىز يىغىسىنى توختىتىپ، ئورنىدىن قوپۇپلا يېشىنى ئېرتىۋەتتى.

— بىكاردىن - بىكار بۇ يەردە نېمىدەپ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىپ تۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى دەييۈي.

— خانقىز، — دېدى چۆرە قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە ياش تۆكۈپ، — بۇنى ئۆزلىرى ئايرىپ باقسىلا! ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى مەن ئۇقمىسام، ئاغزىمدىن بىر ئېغىز گەپ خاتا

چىقىپ قالغىنىغا ئاچام نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ.

دەيىيوي ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، كۈلۈپ سورىدى:

— ئاچاڭ سېنى نېمىشقا ئۇردى؟

— باۋيوي غوجامنىڭ باۋچەي خېنىمغا ئۆيلىنىدىغان ئىشى ئۇچۇن بولمامدۇ!

دەيىيوي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىدا چاقماق چاقناندەك بولۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ ھوشىنى سەل يىغىۋېلىپ:

— بۇياققا كەلگىنە، — دېدى. چۆرە قىز دەيىيۇينىڭ كەي-نىدىن چەت بۇلۇڭدىكى شاپتۇل چېچەكلىك كۆمگەن يەرگە كەلدى.

— باۋيوي غوجام باۋچەي قىزغا ئۆيلەنسە، ئۇ نېمىدەپ سېنى ئۇرىدىكەن؟ — دەپ سورىدى دەيىيوي.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئاغىچا خېنىم ۋە ئوتتۇرانچى كې-لىن ئاغىچىلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدى، — دېدى گالۋاڭ داجيې، — ئۇلۇغ بېگىم يولغا چىقماقچى ئىكەن، شۇڭا ئۇلار ھاما خېنىم بىلەن تېزرەك مەسلىھەتلىشىپ، باۋچەي خېنىمنى كېلىن قىلىپ كۆچۈرۈپ كىرەيلى، دېيىشتى. مەن باۋيوي غوجامنىڭ ئۆيىدىكى شىرىن ئاچامغا: «ئەتە - ئۆگۈن تېخىمۇ قىزىق ئىش بولىدىكەن - دە، باۋچەي خانقىز تۇرۇپلا باۋچەي كېلىن ئاغىچا بولۇپ قالسا، بۇنى نېمىدەپ ئاتايدىغان ئىش ئىكىن؟» دەپ ساپتىمەن. خانقىز، بۇ گېپىمدىن جىنجۇ ئاچامغا نېمە دەز كەتكەندۇ؟ ئۇ كېلىپ مېنى بىر كاچات سالدى. مېنى چوڭلارنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئاغزىڭغا كەلگىنىنى ۋالاقشىدىڭ، دېدى، تېخى قوغلاپ چىقىرىۋەتمەكچىمۇ بولدى. چوڭلارنىڭ زۇۋانىڭلارنى چىقارماڭلار دېگىنىنى مەن نەدىن بىلەي! ئۆزلىرى ماڭا دەپ قويماي، يەنە مېنى ئۇرامدىكەن؟ — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلىدى.

شۇ تاپتا دەيىۋي شۇنداق روھىي ھالەتتە قالدىكى، گويا دۇنيانىڭ جىمى ئاچچىق - چۇچۇك، تاتلىق - تېتىقلىرى ئەبەدەش بولۇپ كەتكەندەك، ھېچقانداق تەمنى سەزمەيدىغان گاراڭ ھالەتتە بولۇپ قالغانىدى. بىرپەستىن كېيىن تىترەپ تۇرۇپ:

— كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىپ يۇرمە! ۋالاقشىپ يۇرسەڭ، خەق ئاڭلاپ قالسا، سېنى يەنە دۇمبالايدۇ. ماڭ، كەتكىن، — دېدى. ئۆزى كەينىگە بۇرۇلۇپ، بامبۇكزار سارايغا ياندى. ئۇنىڭ گەۋدىسى مىڭ پاتمان يۇك ئارتىلغاندەك ئېغىرلىشىپ، پۇتلىرى ماموقا دەسسىگەندەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئىلاجسىزلىقتىن بىر چامداپ، ئىككى چامداپ دېگەندەك ئاستا ماڭدى. شۇنچە مېڭىپ ئەترەپشان كۆۋرۇكىنىڭ يېنىغا ئەمدى كەلگەنىدى، لېكىن ھوشىنى بىلمەي، قىرغاقتىن ياقىلاپ كەلگەن يېرىگە يەنە كېتىپ قالدى.

زىجۇەن قولياغلىقنى ئېلىپ كەلدى، قارىغۇدەك بولسا، دەيىۋي چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا غالداڭ - غۇلدۇڭ قىلىپ چۆرگىلەپ يۇرەتتى. ئۇ دەرگۇمان بولۇپ، دەيىۋيگە قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ سورىدى:

— خانقىز، نېمىشقا ياندىڭىز؟ نەگە بارماقچىسىز؟

دەيىۋيگە بۇ سوئال ۋىڭىلدىغاندەك ئاڭلاندى، ئۇ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ:

— بېرىپ باۋيۇيدىن سوراپ باقاي دەيمەن! — دېدى. زىجۇەن بۇ گەپنىڭ باش - ئايىغىنى ئاڭقىرالماي، نائىلاج ئۇنى يۆلەپ جيا ئانا تەرەپكە كەلدى.

جيا ئانىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، دەيىۋينىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇغاندەك بولدى - دە، ئۆزىنى يۆلەپ كېلىۋاتقان زىجۇەنگە قايرىلىپ قاراپلا قەدىمىنى توختاتتى.

— سەن نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن ياغلىقنى تېپىپ كەلدىم. قېشىڭىزغا كېلىپ گەپ

قىلسام، پەرۋا قىلمىدىڭىز، — دېدى زىجوەن كۈلۈمسىرەپ.
— مەن سېنى باۋيۈي غوجامنى يوقلىغىلى كەلدىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى دەييۈي تەبەسسۇم بىلەن، — بولمىسا بۇياققا كېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟
زىجوەن ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى بايقاپ، مۇشۇ تۇرقىدا باۋيۈي بىلەن كۆرۈشىدىغان بولسا، بىرى ئۇنداق سەۋدايى مەجنۇن، بىرى مۇنداق بىخۇد ـ گاراڭ تۇرسا، شۇ ھالىتىدە قاملاشمىغان گەپنى چىقىرىپ قويۇشسا قانداق قىلغۇلۇق، دەپ ئويلىدى. كۆڭلىدە شۇنداق ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، لېكىن گېپىنى يىرىشقا پېتىنالماي، نائىلاج ئۇنى يۆلىگەن پېتى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.
دەييۈي ئۆيگە بايىقىدەك مىلىق ـ سىلىق بولۇپ تۇرماستىن، زىجوەنگىمۇ مىلەڭزىنى قايرىتقۇزماي، ئۆزى قايرىپلا كىردى. شىرېن مىلەڭزىنىڭ شىتىرلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھۇجرىدىن چىقىپ دەييۈينى كۆرۈپلا:
— خانقىز، ئۆيگە كىرسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى.
— باۋيۈي غوجام ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى دەييۈي كۈلۈپ. شىرېن جاۋاب بېرەي دەپ تەمشىلىشىگە، زىجوەن ئاغزىنى ئۆمەللەپ، دەييۈينى كۆرسىتىپ قولىنى چايقاپ قويدى. شىرېن ئۇنىڭ غەرىزىنى ئاڭقىرالمىدى، گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى، دەييۈي بۇنىڭغىمۇ ئېرەن قىلماي، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا ئۆزى كىرىپ كېتىۋەردى. باۋيۈي شۇ يەردە مەجنۇنلارچە كۈلۈپ ئولتۇراتتى. دەييۈي ئۆزى كېلىپ ئولتۇرۇپ، باۋيۈيگە قاراپ كۈلدى. شىرېن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. شۇ ئەسنادا دەييۈي بىردىنلا:
— باۋيۈي، نېمىشقا ئاغرىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— دەييۈي قىزنى دەپ ئاغرىپ قالدىم، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ. شىرېن بىلەن زىجوەن قورققىنىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ

كەتتى ـ دە، هاپىلا ـ شاپىلا گەپكە ئارىلاشتى. ئۇ ئىككىسى يەنە گەپ قىلىشماي بايىقىدەكلا مەجنۇنلارچە كۇلۇشكە باشلىدى.
شىرىن بۇ ئەھۋالدىن دەييۇينىڭمۇ شۇ تاپتا باۋيۇيدەك ئۆز خۇدىنى يوقاتقانلىقىنى پەملىدى، شۇڭا ئۇ:
— خانقىز ئەمدىلا ساقايغاندەك قىلىدۇ، بىرىپ ئارام ئالسۇن. چيۇۋېن ساڭا خانقىزنى يۆلەپ ئاپىرىشىپ بەرسۇن، — دىدى زىجۇەنگە كۇسۇرلاپ. چيۇۋېن گەپ قىلماي كۇلۇپ قوپۇپ، زىجۇەن بىلەن دەييۇينى يۆلەپ تۇرغۇزدى. دەييۇي ئورنىدىن تۇردى.
— خىنىم، ئۆيگە قايتىپ ئارام ئىلىڭ، — زىجۇەن يەنە ئۇنى ئالدىراتتى.
— شۇ ئەمەسمۇ، مانا ئەمدى قايتىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قاپتۇ، — دەپلا دەييۇي كەينىگە بۇرۇلۇپ كۇلگەن پېتى چىقتى ۋە چۆرىلەرگە تايانماي، خۇددى ئۇچقاندەك غۇيۇلداپ كىتىۋەردى. بامبۇكزار سارايغا ئاز قالغاندا زىجۇەن:
— خۇداغا شۇكۇر! ئۆيگە كىلىۋالدۇق، — دىدى. بۇ گەپنىڭ ئايىغى چۇشە ـ چۇشمەيلا دەييۇي ئالدىغا مۇدۇرۇپ «ھۆ!» قىلىۋىدى، ئاغزىدىن قان ئوخچۇپ چىقتى.

## 28 ـ باب لىن دەييۇينىڭ قوليازمىلىرىنى كۆيدۇرۇۋىتىپ ئىشق سەۋداسىدىن قول ئۈزگەنلىكى

دەييۇي بامبۇكزار سارايغا كەلدى. ئۇنى زىجۇەن بىلەن چيۇۋېن ئىككىسى يۆلەپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ قويدى. چيۇۋېن كەتكەندىن كىيىن، زىجۇەن بىلەن شۆيەن بىردەممۇ نىرى بولماي قاراپ تۇردى. دەييۇي ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كىلىپ،

زىجۇەندىن:

— نېمىشقا ماڭا قاراپ يىغلايسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ خۇدىنى بىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زىجۇەنىنىڭ كۆڭلى تىندى.

— خېنىم، — دېدى ئۇ، — ھېلى ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمـ-نىڭ ئۆيىدىن كېلىۋېتىپ سەل بىئارام بولغانتىلە، قورقۇپ تەمتىرەپ كېتىپ يىغلاپ تاشلاپتۇق.

— مەن تېخى ئۆلۈپ كەتكۈچىلىك ھالدا ئەمەس! — دېدى دەييۈي كۈلۈپ، گېپىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا، دېمى سىقىلىپ تۇگۈلۈپلا قالدى.

دەييۈي بۈگۈن باۋيۈي بىلەن باۋچەيىنىڭ توي ئىشىنى ئاڭـ-لاپ، بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى يۈرىكىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان دەرد بولغىنى ئۈچۈن، بىردىنلا ئاچچىقى تۇتۇپ كېتىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغانىدى. قايتىپ كېلىپ قان قۇسقان بولسىمۇ، كۆڭلى بارا - بارا يورۇپ، گالۋاڭ داجيېنىڭ گېپىنى ئاران ئېسىگە ئالالىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇشنىڭ ئورنىغا قەرزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىدى.

جيا ئانا ئەمدىلا چۈشلۈك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ تۇراتتى، چيۇۋېن ئۆڭسۈلى يوق كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ جيا ئانا ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. چيۇۋېن بايىقى ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. جيا ئانا:

— يائاللا! — دەپ چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجيېنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئىككىسىگە بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

— قانداق ئادەم بىلىندۈرۈپ قويغاندۇ، — دېدى فېڭجيې، — مانا ئەمدى بۇ ئىش تېخىمۇ تەس بولىدىغان بولدى.

— ئۇنداق ئىش بىلەن كارىڭ بولماي تۇرسۇن. ئاۋۋال بىز بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى، — دېدى جيا ئانا ھەم ئورنىدىن

قوزغىلىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن فېڭجېيىلارنى ئەگەشتۈرۈپ يوقلىغىلى كەلدى. دەييۈيىنىڭ چىرايىدا قاندىن ئەسەر يوق، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تىنىقى ئاران قالغانىدى. ھەربىر يۆتەلگەندە قان ئارىلاش بەلغەم تۈكۈرەتتى. ئۈلار ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى.

دەييۈي كۆزىنى ئارانچە ئېچىپ، يېنىدا تۇرغان جيا ئانىنى كۆردى ـ دە، ھاسىراپ تۇرۇپ:

— چوڭ ئانا! ماڭا بىكارلا كۆيۈنۈپتىكەنلا؟ — دېيەلىدى. جيا ئانا بۇ گەپتىن ئازابلىنىپ:

— جېنىم بالام، ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرا. ھېچ ۋەقەسى يوق! — دېدى. دەييۈي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى. چۆرە قىز سىرتتىن كىرىپ: «تېۋىپ كەلدى» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. ۋاڭ تېۋىپ جيا لىيەن بىللە كىرىپ تومۇر تۇتقاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— ھازىرچە ھېچ گەپ يوق، دەرد ـ ئەلەمدىن جىگەر زەخىملىنىپ، جىگەردە قان ئازلاپ كەتكەچكە، ماغدۇرى ئۈزۈلگەن، قان توختىتىدىغان دورا يېسە ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن.

ۋاڭ تېۋىپ تاشقىرىغا جيا لىيەن بىلەن چىقىپ دورا يېزىپ بەردى.

جيا ئانا دەييۈينىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېنىپ چىقىپ فېڭجېيىلارغا شۇنداق دەپ تاپىلىدى:

— مېنىڭ قارغىغانلىقىممۇ ئەمەس، بۇ بالىنىڭ كېسىلى ساقايمايدىغاندەك تۇرىدۇ! ھەرھالدا تەييارلىقلىرىنى قىلىپ قويۇڭلار، دورا سەۋەب بولۇپ ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئالىمادىس بىرقانداق بولۇپ كەتسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە تېنەپ قالمايمىز. ھەرقاچان بىر ـ ئىككى كۈنگىچە ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتەرمىز.

جيا ئانا زىجۇەندىن يەنە بىرقۇر سوراشتۇرۇپ باقتى. جيا ئانا بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ:

— بۇ بالىلار كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ، بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ قالسىمۇ قالغاندۇ. ئەمدى چوڭ بولۇپ ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالدى، ئەلۋەتتە ئايرىمراق تۇرۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا قىز بالا دېگەن ئۆزىگە يارىشا ئىش قىلغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە باشقا بىر غەرەز بولىدىغان بولسا، ئۇ قانداق ئادەم بوپقالغان بولىدۇ!

جيا ئانا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، شىرېننى چاقىرتىپ يەنە سورىدى. شىرېن ئۇلۇشكۇن ۋاڭ ئاغىچا خېنىملىرىغا ئېيتقانلىرىنى ۋە دەييۈينىڭ بايىقى ئەھۋالىنى يەنە بىرقۇر دەپ بەردى. جيا ئانا:

— بىزدەك كىشىلەردە ئۇنداق ئۆڭگىلەك ئىشلار ئەلۋەتتە كۆرۈنمەيدۇ، مۇنداق يۈرەك دەردىگە مۇپتىلا بولۇشقۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس. دەييۈي قىزنىڭ كېسىلى ئاشۇنداق كېسەل بولمىسىلا، ئۇنىڭغا قانچە پۇل كەتسە مەيلى، ئاشۇ كېسەل بوپقالىدىغان بولسا، ساقايتقىلى بولمايدۇ، مېنىڭمۇ رايىم سوۋۇپ قالىدۇ.

— دەييۈي سىڭلىمنىڭ ئىشى توغرۇلۇق، — دېدى فېڭجېي، — غەم يېمەيلا قويسىلا، چوڭ ئانا! ئوتتۇرانچى ئاكىسى ھەر كۈنى تېۋىپقا كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممىدىن ھاما ئاچام تەرەپتىكى ئىش مۇھىم. ئەمدى ئۆزلىرى ئاغىچا خېنىم بىلەن ھاما ئاچام ياققا ئۆتكەن بولسىلا، مەنمۇ بىللە بېرىپ، شۇ يەردە مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالساق بولاتتى. بىر كېچىدىلا ھەممە گەپنى تۈگەتسەك ئىش ئوڭايلا پۈتەتتى.

— راست ئېيتىسەن، — دېدى جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەڭلا، — بۈگۈن كەچ كىرىپ كەتتى، ئەتە كەچلىك غىزادىن كېيىن ئانا - بالا ھەممىمىز بىللە كىرەيلى.

شۇنىڭ بىلەن جيا ئانا كەچلىك غىزا يېدى، فېڭجيې بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۆز ئۆيلىرىگە يېنىشتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، فېڭجيې باۋيۈينى سىناپ باقماقچى بولدى.

— باۋيۈي ئىنىم، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى فېڭجيې ئۆيگە كىرىپلا، — بېگىم سېنى ئۆيلىمەكچى بولدى، ساڭا دەييۈي قىزنى ئېلىپ بەرسەك قانداق؟

باۋيۈي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. فېڭجيې ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن خۇددى بار ـ يوقلۇقىنى ئىلغا قىلالمىغاندەك يەنە سورىدى:

— بېگىم سېنى ئوڭشالسا دەييۈي خېنىمنى ئېلىپ بېرىمىز، مۇشۇنداق ساراڭلىق قىلسا، ئېلىپ بەرمەيمىز، دەيدۇ.

— ئۆزۈڭ ساراڭ، مەن ساراڭ ئەمەس! — دەپلا ئورنىدىن قوپتى باۋيۈي، — دەييۈي سىڭلىمنى يوقلاپ كېلەي، ئۇنىڭ كۆڭلى تىنسۇن.

— دەييۈي سىڭلىم ئاللىقاچان خەۋەر تاپتى، — دېدى فېڭجيې ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، — ئەمدى ئۇ يېڭى كېلىن بولىدىغان قىز تۇرسا، ئىزا تارتىپ، ساڭا كۆرۈنگۈسى كەلمەيدۇ.

— ئۇنى ئالغاندىن كېيىنغۇ، ئاخىر مەن بىلەن كۆرۈشمەي قالماس! — دېدى باۋيۈي. فېڭجيې ھەم كۈلگۈسى كەلدى، ھەم تەشۋىشلەندى، ئۇ ئىچىدە: «شىرېنىنىڭ گېپى خاتا ئەمەسكەن، دەييۈي قىزنىڭ ئېتى چىقسىلا شۇنداق ساراڭدەك گەپ قىلغىنى بىلەن، يەنىلا خۇدىنى بىلىدىكەن. مۇشۇنداق خۇدىنى بىلىپ تۇرغان يەردە ئالغىنى دەييۈي قىز ئەمەس بولۇپ چىقىپ، سىر ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا بولغۇلۇقىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ جۇمۇ!» دەپ ئويلىدى ۋە بۇ ئىشلارنى چىقىپ جيا ئانىغا سۆزلەپ بەردى. جيا ئانا:

— ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن. ئۇنى شىرېن ئوبدانراق بەزلەپ قويسۇن.

ئۇلار شۇ ھامما تەرەپتىكى ئىشلاردىن غەم قىلىپ، بۇ ياققا كەلگەنلىكىنى دېيىشتى. شۇ ھامما ئاچا قەۋەتلا مىننەتدار بولۇپ كەتتى. چاي سۇنۇلدى، شۇ ھامما ئاچا باۋچەيگە خەۋەر قىلدۇر-ماقچى بولۇۋېدى. فېڭجيې:
— ھامما ئاچا، باۋچەي سىڭلىمغا ئېيتمايلا قويايلى، — دېدى ئالمان - تالمان ئالدىنى توساپ، ئاندىن كۆلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بۈگۈن بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەلدى، ئىككىنچىدىن، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم گېپى بار ئىكەن، سىلىنى بىز تەرەپكە ئۆتسە دەپ تەك-لىپ قىلغىلى كەلدى.
— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى شۇ ھاماچا بېشىنى لىڭشى-تىپ، شۇنداق قىلىپ، كۆپچىلىك يەنە تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشىپ ئاندىن قايتتى.
شۇ كۈنى كەچتە، شۇ ھاماچا بۇيانغا ئۆتۈپ جيا ئانا بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاراڭ-لاشتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم: «ئۇلۇغ بېگىم ياقا يۇرتتا مەنسەپكە ئولتۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتىدۇ، يولغا چىقىش ئالدىدا باۋيۈينىڭ تويىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنسۇن. توي - مەرىكە شاراپىتى بىلەن باۋيۈينىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىپ، سىڭلىمىزنىڭ ئالتۇن قۇلۇپى-نىڭ خاسىيىتى بىلەن ساقىيىپ قالارمىكىن» دېدى. گەپ ئۇس-تىگە خەۋىرىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن جيا ئانا بۇيرۇغان يۈەنياڭ كىرىپ كەلدى. شۇ ھاماچا باۋچەينى خورسىنىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرىسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، «خوش - خوش» دەپ رازىلىق بىلدۈرمەكتىن باشقا ئىلاج تاپالمىدى. يۈەنياڭ چىقىپ جيا ئانىغا مەلۇم قىلىۋىدى، ئۇ بۆلەكچىلا خۇ-شال بولدى، شۇنىڭ بىلەن قۇتلۇق كۈن تاللاندى، فېڭجيې بىلەن ئېرى ئەلچىلىك قىلىدىغان بولدى.
شۇنىڭدىن كېيىن باغاق تارقىتىش، تويلۇق ئاپىرىش قاتار-

لىق ئىشلار بىجىرىلىپ بولدى، تويلۇق ئاپارغانلار قايتىپ كەلـ.
دى. ئۇلار قىزنىڭ ئىتىنى تىلغا ئېلىشمىدى. قىڭجيي يۇقىـ.
رى- تۆۋەندىكىلەرگە بۇ ئىشنىڭ شەپىسىنى چىقارماسلىقنى تاپىـ.
لىغانىدى. باۋيۈي بۇ ئىشنى راست دەپ چاغلاپ، كۆڭۈل -
كۆكسى ئېچىلىپ، كەيپىمۇ ئوبدان بولۇپ قالغانىدى، لېكىن
گەپ - سۆزلىرى يەنىلا تاقا - تۇقا ئىدى.
دەييۈي دورىنى ئۇزمەي ئىچىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېسىلى
كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋەردى.
— ئىش شۇ يەرگىچە بېرىپ يەتتى، ئەمدى گەپ قىلماي
بولمايدۇ، — دەپ زىجۈەن يېنىدا تۇرۇپ قاقشاپ تەسەللى بېـ.
رىشكە باشلىدى، — خانقىز، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىز
بىلىمىز. ئالىمادىس باشقىچە ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
چىنپۇتسىڭىز ئويلاپ بېقىڭا، باۋيۈي شۇنداق قاتتىق كېسەل
تۇرسا، قانداقمۇ ئۆيلىنەلەيدۇ؟ خېنىم، يوقىلاڭ گەپلەرگە قۇـ.
لاق سالماي، ئارامىدا ئۆزىڭىزنى ئاسرىغىنىڭىز تۈزۈك.
دەييۈي كۈلۈمسىرەپلا قويدى، لام - جىم دېمىدى. زىجۈەنـ.
لەر ئۇنىڭ تىنىقى ئارانلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، نەسىھەت كار
قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، كۆز يېشى قىلىشىپ بېشىدا
قاراپ تۇرۇشتى.
دەييۈي بالدۇر كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، جىيا ئاناـ.
دىن تارتىپ ھەمشىرىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىغىچە ئايىغى ئۈزۈلـ.
مەي كېلىپ ھال - ئەھۋال سوراپ تۇراتتى. ھالا بۇگۈنگە
كەلگەندە، جىيا خانىدانىدىكى چوڭلاردىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىـ.
غىچە بۇياققا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆزىنى ئاچسا يېنىـ.
دا يالغۇز زىجۈەنلا تۇرغان، شۇڭا ئۇ ئەمدى ياشاشنىڭ ئورنى
قالماپتۇ، دېگەن يەرگە كەلدى - دە، تىرمىشىپ مىڭ تەسلىكتە
زىجۈەنگە شۇنداق دېدى:
— سىڭلىم، سەن مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم! سەن

نەچچە يىلدىن بىرى خىزمىتىمنى قىلىپ كەلدىڭ، مەن سېنى ئۆز سىڭلىمدەك بىلىمەن.

گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە، دېمى سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالدى. زىجۇەننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، يىغىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەيلا قالدى. خېلىدىن كېيىن دەييۈينىڭ تىنىقى كې-لىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىڭلىم زىجۇەن، يېتىۋېرىپ بولالماي قالدىم، مېنى قوپقۇزۇپ قويساڭ، يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ باقسام ئوبدان بولاتتى.

زىجۇەن نائىلاج شۆيەن بىلەن ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى يېنىغا يۇمشاق ياستۇقنى يۆلەپ قويۇپ، ئۆزى يۆلەنچۈك بولۇپ بەردى.

دەييۈينىڭ نەدە ئولتۇرغۇچىلىك مادارى بولسۇن؟ ئۇ چى-شىنى چىشلەپ چىداپ تۇرۇپ شۆيەننى چاقىرىپ:

— شېئىر دەپتىرىم، — دېدى. شۆيەن قايسى كۇنى رەتلى-گەن شېئىر نۇسخىلىرىنى دەيدىغان چېغى دەپ، تېپىپ كېلىپ ئالدىغا قويدى. دەييۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، يەنە بېشىنى كۆتۈ-رۈپ ساندۇققا قارىدى. شۆيەن ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي ھاڭ-ۋېقىپ قالدى. دەييۈي ساندۇقنى ئىشارەت قىلىۋېتىپ، يەنە يۆتىلىپ، تېلىقىپ گەپ قىلالماي قېلىپ كۆزىنى يۇمدى. زى-جۇەن ئۇنىڭ ياغلىق دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملەپ، شۆيەنگە ساندۇقنى ئېچىپ، ئاق دارايى ياغلىقنى ئالدۇردى. دەييۈي ئۇنى ئېلىپ بىر ياققا قويدى ۋە:

— خېتى بار! — دېيەلىدى زورۇقۇپ. زىجۇەن ھېلىقى شېئىر پۈتۈلگەن كونا ياغلىقنى دەۋاتقانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى-دە، شۆيەنگە ئالغۇزۇپ دەييۈيگە سۇندى. دەييۈي ياغلىقنى ئې-لىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ باقماي، تىرمىشىپ يەنە بىر قولىنى سوزۇپ، بار كۈچى بىلەن ياغلىقنى يىرتماقچى بولدى. شۇ تاپتا دىر - دىر تىترەشتىن باشقا، ئۇنىڭ يىرتىشقا ماجالى يېتەمتى؟

زىجۇەن ئۇنىڭ باۋيۇيدىن نەپرەتلەنگەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئىچىپ دەۋىتىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

— خېنىم، ئۆزىڭىزچە خاپا بولۇپ نېمە قىلاتتىڭىز! — دېدى ئۇ. دەييۇي بېشىنى ئاران لىڭشىتىپ قويۇپ، ياغلىقنى يۆكلەپ يەڭ ئىچىگە تىقتى ـ دە:

— چىراغ ياق! — دېدى شۆيەنگە. شۆيەن چىراغنى ياقتى. دەييۇي چىــراغقا قــاراپ ئــولتۇردى، بىرپەس ھاسىرىغاندىن كېيىن:

— چوغدانغا ئوت سېلىڭلار، — دېدى.

— خېنىم، يېتىۋېلىڭ، — دېدى زىجۇەن ئۇنى مۇزلىدىمىكىن دەپ، — قېلىنراق يېپىپ قوياي، كۆمۈرنىڭ ئىسىغا چىدىيالماي قالارسىزمىكىن.

دەييۇي يەنە بېشىنى چايقىۋىدى، شۆيەن نائىلاج ئوت سېلىپ، چوغداننى تىيەك ئۈستىگە ئالدى. دەييۇي بېشىنى لىڭشىتىپ، كاڭغا ئەكېلىپ بەر، دەپ ئىما قىلدى. شۆيەن چوغداننى كاڭغا قويۇپ، چوغدان شىرەسىنى ئەكىرىشكە چىقىپ كەتتى. دەييۇي ئالدىغا ئېڭىشتى، زىجۇەن دەرھال ئىككى قولى بىلەن ئۇنى يۆلەپ تۇردى. دەييۇي ھېلىقى قولياغلىقنى قولىغا ئېلىپ، ئوتقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئوتقا تاشلىدى. زىجۇەن شۈركۈنۈپ كېتىپ دەررۇ ئوتتىن ئېلىۋالاي دېۋىدى، لېكىن قوللىرىنى قىمىرلىتىشقا بولماي قالدى. شۆيەن چوغدان شىرەسىنى ئەكىرىشكە چىقىپ كەتكەنىدى، شۇ ئارىلىقتا ياغلىق كۆيۈپ كەتتى. زىجۇەن دەييۇيگە نەسىھەت قىلدى، دەييۇي ئاڭلىمىغانغا سېلىپ شېئىر نۇسخىلىرىنى ئالدى-دە، ئۇنىڭغا قىيا بېقىپ قويۇپ يەنە تاشلاپ قويدى. زىجۇەن بۇنىمۇ ئوتقا سېلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ گەۋدىسى بىلەن دەييۇينى يۆلەپ تۇرۇپ، ئىككى قولىنى بوشىتىپ ئۇنى ئالاي دېگۈچە، دەييۇي كاپلا قىلىپ ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى. زىجۇەن ئوتتىن

ئېلىۋېلىشقا قولى يەتمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە شۆيەن شىرەنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قول ئۇزاتقۇچە، قەغەزگە لاپپىدە ئوت تۇتىشىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ دەييۇي سەل ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى، ناشتىدىن كېيىن يەنە يۆتىلى تۇتۇپ قەي قىلىپ قىنىدىلىپ كەتتى. ئەھۋال ياخشى ئەمەس ئىدى. زىجۈەن شۆيەنلەرنى چاقىرىپ دەييۇيگە قاراتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى جيا ئانىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. جيا ئانىنىڭ تۆر ئۆيىگە كەلسە، جىمجىتلىق، پەقەت خىزمەتكار مومايلاردىن ئىككى - ئۈچى ئۆي بېقىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى زىجۈەن.

— تاڭ، نەگە كەتتىكىن.

زىجۈەن ئۇ يەردىن باۋيۈينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىۋىدى، ئۇ يەردىمۇ ئادەم يوق ئىدى. چۆرە قىزلاردىن سورىسا، ئۇلارمۇ «تاڭەي» دېدى. زىجۈەن ھەرھالدا ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ: «بۇ ئادەملەر نېمانچە باغرى تاش بولۇپ كەتكەندۇ!» دېگەن خىيالغا كېلىپ، بىرقانچە كۈندىن بۇيان دەييۇينىڭ ھالىنى ھەتتا بىرەر ئادەممۇ سوراپ قويمىغىنىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئويلىغانسېرى شۇنچە ھەسرەتلەندى، كەينىگە شارتتىلا بۇرۇلۇپ يېنىپ چىقتى. ئاندىن ئۆزىچە: «بۈگۈن باۋيۈينىڭ ئەپتىنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ، قېنى، مېنىڭ يۈزۈمگە قانداق قارايدىكىن!» دېگەن ئويغا كەلدى. زىجۈەن بىردىنلا يەنە: «ئۇ ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە يېڭى ھۇجرا تۇتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ يېڭى ھۇجرىسى نەدىدۇ؟» دېگەن ئوي كاللىسىغا كەلدى.

ئۇ تېڭىرقاپ ئۇيان - بۇيان بېقىپ تۇرغىنىدا، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان مېيىۋىنى كۆرۈپ قېلىپ، چاقىرىپ توختىتىۋالدى ۋە:

— باۋيۈي غوجامنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تاماشا

كۆرگىلى كەلگەنىدىم، نەدىن بىلەي، بۇ يەردە ئەمەس ئىكەن، قاچان بولىدىكىنتاڭ؟ — دېدى. مېيىۋي:

— ئۇلۇغلىرىمىز بۇ ئىشنى سىلەرگە بىلىندۇرمەسلىكنى جېكىلەپ قويغان، ئۇياق بۇگۇن كېچە ئۆيلىنىدۇ، ئۇنىڭغا باش-قىدىن ئۆي جابدۇلدى، — دېدى - دە، بايىقىدەك يۇگۇرۇپ كېتىپ قالدى.

زىجوەن هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، بىردىنلا دەيىۋي يادىغا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆلگەنمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ، بۇ زىجوەنگە نامەلۇم ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە زەردە بىلەن: «هەي باۋ-يۇي! ئەتە ئۇ قازا تاپسا، ئۆزۇڭنى قاچۇرۇپ، كۆرۇنمەي قوي-ساڭمۇ قويارسەن! ماڭا قايسى يۇزۇڭ بىلەن قارايسەنكىن!» دەپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە كەينىگە قايتتى.

زىجوەن بامبۇكزار سارايقا يېنىپ كەلدى. ئىككى چۆرە قىز دەرۋازىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ ئۇياق - بۇياققا قاراۋاتاتتى.

— ئەنە زىجوەن ئاچام كېلىۋاتىدۇ! — ئۇلاردىن بىرى زىجوەننى كۆرۇپلا ۋارقىرىۋەتتى. بىر ئىش بولغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان زىجوەن قولىنى چايقاپ، ئۇلارغا غەلۋە قىلماڭلار، دېگەن-نى ئىشارەت قىلىپ قويۇپلا، ئالدىراش - تېنەش كىرىپ قارى-سا، دەيىۋيىنىڭ ئىسسىق سەپرايى ئۆرلەپ، مەڭزىلىرى قىزى-رىپ كېتىپتۇ. زىجوەن «بولماپتۇ» دېگەن يەرگە كېلىپ، كەشتە ماھىرى — تۇل خوتۇن لى ۋەننى چاقىرىتتى. بۇگۇن باۋيۇيىنىڭ تويىغا ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ بارمايدۇ، دەپ ئويلىدى زىجوەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە باغدىكى هەممە ئىشتىن شۇنىڭ خەۋەر ئېلىپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتى.

لى ۋەن جيا لىيەننىڭ شېئىرلىرىنى تۇزىتىۋاتاتتى. بىر چۆرە قىز پالاقشىپ كىرىپ كەلدى - دە:

— چوڭ خېنىم، دەيىۋي خانقىز بولالماي قالغان ئوخشاي-

دۇ، ھەممىسى يىغا ـ زار قىلىشىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇ-
قىلدى. لى ۋەن يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى ـ دە، سوراشقىمۇ
ئۈلگۈرمەي ئورنىدىن تۇرۇپلا ماڭدى، سەييۈن، بېيىيۇلەر سوڭ-
دىشىپ چىقتى. ئۇ كۆز يېشى قىلغاچ كېتىۋېتىپ: «فېڭجىيى
نەدىكى شۇملۇقنى ئويلاپ تېپىپ، ئۆزىمۇ بامبۇكزار سارايغا
كېلەلمەس بولۇپ قالدى، ئازراق بولسىمۇ ھەمشىرىلىك مېھرى-
نى كۆرسەتمىدى. ھــەي ئــىسىت، ھەي ئىسىت! بــىچارە
قىز!» دەپ ئويلىغاچ بامبۇكزار سارايىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى.
سارايىنىڭ ئىچى تىمتاس ئىدى. لى ۋەن دەييۈي خانىقىز قازا
تېپىپ بوپتۇ، دەپ ئويلاپ، ئىككى قەدىمىنى بىر قىلىپ ئىچ-
كىرى كىردى.

چۆرە قىز لى ۋەننى كۆرۈپلا:

— چوڭ كېلىن ئاغىچا كەلدى! — دېدى. زىجۈەن ئالدى-
راپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقاي دەپ مېڭىشىغا، لى ۋەن بىلەن
دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— قانداقراق؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن. زىجۈەن گەپ
قىلاي دېۋىدى، يىغلاپ ئۆكسۈپ ـ بوغۇلۇپ ئاغزى زادىلا گەپكە
كەلمەي قالدى، كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مۇنچاقتەك ياش
تۆكۈلدى، قولى بىلەن دەييۈينى ئارانلا كۆرسىتەلىدى. زىجۈەن-
نىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ لى ۋەن يۈرەك ـ باغرى سىيرىلىپ،
قايتا گەپ سوراپ تۇرماي دەييۈينىڭ يېنىغا كەلدى. دەييۈي
تىلدىن قالغانىدى، لى ۋەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىككى قېتىم ئاستا
قىچقىرىۋېدى، دەييۈي كۆزىنى ئاران ئېچىپ، سەل ھوشىغا
كەلگەندەك بولدى. قاپاقلىرى، لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس
مىدىرلاپ تۇراتتى، تىلىدا زۇۋان، كۆزىدە ياشنىڭ ئەسىرى يوق
ئىدى. زىجۈەن يىغىسىنى باسالماي تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەت-
تى. لى ۋەنمۇ يىغلىدى، لېكىن ئىچى تىتىلداپ، يېشىنى
ئېرتقاچ زىجۈەننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى:

— ئاپئاق قىز، يىغلاۋېرىپ مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتىڭ! ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تەييارلىغىن.

شۇ ئارىدا تالادىن بىرى ھودۇققىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ لى ۋەننى چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇ پىڭئېر ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تامدەك قېتىپلا قالدى. لى ۋەن:

— شـۇ تـاپتا سـەن ئۇياقتا بارماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دېدى. گەپ ئۈستىگە لىن جىشياۋنىڭ ئايالىمۇ كىرىپ كەلدى.

— كېلىن ئاغىچىمىز ئەنسىرەپ مېنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، ئۆزلىرى بۇ يەردە بولغاندىكىن، كېلىن ئاغىچىمىز ئۇياقنىڭ ئىشىدىن خەۋەر ئالسىمۇ بولغۇدەك، — دېدى پىڭئېر.

لى ۋەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. پىڭئېر:

— مەنمۇ دەييۈي خانقىزنى كۆرۈۋالاي، — دېدى - دە، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

— كەلگىنىڭىز خويمۇ ئوبدان بوپتۇ! — دېدى لى ۋەن لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا، — يۈگۈرۈڭ، چىقىپ غوجىدارلارغا دەڭ، دەييۈي قىزنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشىغا تەييارلىق كۆرسۇن. تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ ماڭىلا دېسۇن، ئۇ-ياققا بېرىپ يۈرمىسۇن.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالى «خوش» دەپ قويۇپ، ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— يەنە گەپ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن.

— بايا، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا بىلەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم مەسلىھەتلىشىپ، زىجۈەننى ئاشۇ ياقتا خىزمەتكە سالماقچى بولغانىدى.

لى ۋەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈچە، زىجۈەن:

— لى ئانىكا، ئۆزلىرى ماڭغاچ تۇرسىلا، بۇ يەردىكى ئادەم ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن بىزمۇ چىقىپ كېتىمىز، مۇنداق…، —

گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە ئەيمىنىپ گېپىنى يۆتكىۋەتتى، — يەنە كېلىپ، بىز كېسەلگە قاراۋاتقان ئادەم، ئۇستۇۋېشىمىز ئې-رىقسىز، دەييۈي خانقىز تېخى تىنىقىدىن قالمىدى، پات - پات مېنى چاقىرىپ تۇرىدۇ.

لى ۋەن چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— دەييۈي خېنىم بىلەن بۇ قىزنىڭ بىر مەزگىل بىللە بولۇشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىكەن، خانقىز بىلەن زىجۈەن ئىك-كىسىلا بىر - بىرىدىن بىردەممۇ نېرى بولالمايدۇ.

لىن جىشياۋنىڭ ئايالىغا باشتا زىجۈەنىنىڭ گېپى ئېغىر كەلدى، ئەمما لى ۋەنىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا ئورۇن قالمىدى، زىجۈەنىنىڭ تۇرقىغا قاراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە:

— زىجۈەنىنىڭ بۇنداق قورۇق گەپلىرىنىڭ كارى چاغ-لىق، — دېدى، — شۇغىنىسى، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى مەن قانداقمۇ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلارمەن؟ ئۇنىڭ ئۇستى-گە، بۇ گەپلەرنى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا دېگىلى بولامدۇ؟

شۇ گەپنىڭ ئۇستىگە پىڭئېر يېشىنى سۈرتكەچ چىقىپ:

— ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچىغا دەيدىغان نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى. لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بايىقى گەپلەر-نى دەپ بەردى.

— ئەمىسە، مۇنداق قىلايلى، — دېدى پىڭئېر يەرگە قاراپ بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — شۆيەن قىز بارسۇن.

— ئۇ بولامدۇ؟ — دېدى لى ۋەن. پىڭئېر لى ۋەنىنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. لى ۋەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا، شۆيەن بارسىمۇ ئوخشاش ئىكەن، — دېدى. لى جىشياۋنىڭ ئايالى:

— شۆيەن قىز بولارمۇ؟ — دەپ سورىۋېدى، پىڭئېر:

— بولۇۋېرىدۇ، ئىككىلىسى ئوخشاش! — دېدى.

— ئەمىسە، خېنىم، — دېدى لىن جىشياۋنىڭ ئايالى، — شۆيەن قىزغا دېگەن بولسىلا، ئىلدامراق مەن بىلەن بىللە بار- سۇن. مەن ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئوتتۇرانچى كې- لىن ئاغىچىغا ئۇچۇرىنى بېرەي. بىراق، بۇنى چوڭ كېلىن ئاغىچا بىلەن پىڭئېرنىڭ پىكرى، دەيمەن.

پىڭئېر شۆيەننى چاقىرىپ چىقتى. شۆيەن ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىلەن ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا چاقىرتقانلىقىنى ئاڭ- لاپ، بارماسلىقىقا جۇرئەت قىلالمىدى. پىڭئېرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېڭى كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، لىن جىشياۋنىڭ ئايالى بىلەن چىقىپ كەتتى.

## 29 – باب شۆ باۋچەينىڭ ياتلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، شۆيەن بۇياقتا بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆ- رۈپ، ئۆيدە قالغان دەييۈينى ئەسلىدى – دە، كۆڭلى بۇزۇلماي تۇرالمىدى، لېكىن جيا ئانا بىلەن فېڭجيېنىڭ ئالدىدا بىلىندۇ- رۇپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ يۇردى. «مېنى نېمە قىلىدىكىنە؟ قېنى، قاراپ باقايلا!» دەپ ئويلىدى ھەم ئۇ شۇ خىيال بىلەن غىپپىدە ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە كىرىپ ماراپ باقتى. باۋيۈي قاشتېشى يىتۈپ كەتكەنلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن دەييۈيگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا گويا بۇ ئىش قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە، ئەرشىئەلادىن تارتىپ يەر يۈزىگىچە تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان، راسا كۆڭۈل – كۆكسىدىكى ئىشتەك تۇيۇلدى – دە، ۋۇجۇدى بىردىنلا تېتىكلە-

شىپ قالدى. دەييۇينى كۆرۈشكە جىنى تاقىلداپ كەتكەنىدى. شۇنداق ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن توي بۈگۈن ئادا بولاتتى، شۇڭا ئۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ يايراپلا كەتتى. ئانچە - مۇنچە ئالجىپ سۆزلەپ قويىدىغىنىنى دېمىسە، ئۇ كېسەل ۋاقتىدىكى ئەلپازىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزدى، دېسىمۇ بولاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شۆيەننىڭ ئاچچىقىمۇ كەلدى، دىلىمۇ رەنجىدى.

بىردەمدىن كېيىن چوڭ تەختىراۋان دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى، بۇياقتىن نەي - لىپىر نەغمىسى بىلەن ئالدىغا چىقىشتى. ئون ئىككى جۈپ ئوردا پانۇسى كۆتۈرگەنلەر سەپ تارتىپ كىرىشىدى، مەركىمگە يېڭىچە ئىسكەت بەردى. يىگىت - قىزنىڭ قولداشلىرى قىزنى تەختىراۋاندىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. باۋيۈي قاراپ تۇراتتى، قىزىل يېپىنچا سالغان قولداش دېدەك چۈمبەل تارتىۋالغان يېڭى كېلىننى يۆلەپ چۈشۈردى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قىزنى يۆلەپ كېلىۋاتقان كىشى دەل شۆيەننىڭ ئۆزى ئىدى. شۆيەننى كۆرۈشى بىلەنلا، باۋيۈي: «نېمىشقا زىجۈەن كەلمەي، بۇ كەلدىكىنە!» دەپ گۇمانلاندى. شۇئان يەنە: «ھە راست! شۆيەن ئۆزىنىڭ ئادىمى، ئۇنى جەنۇبتىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن، زىجۈەننى بولسا بىز تەيىنلەپ بەرگەن، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئەكەلمەيدۇ - دە» دېگەن خىيالغا كەلدى - دە، شۆيەننى كۆرۈپ گويا دەييۇينى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. قولداشلار «تەزىم!» دەپ توۋلاشتى، ئاندىن قىز - يىگىت ئاسمان - زېمىن ھەققىگە تەزىم بەجا كەلتۈردى. جيا ئانىمۇ تالاغا تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئۇنىڭغا تۆت قېتىم تەزىم قىلدى، ئاندىن جيا جېڭ ئەر - خوتۇن ئىككىسى تەكلىپ قىلىندى، ئۇلارغىمۇ تەزىم قىلدى. تەزىم رەسمىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، قىز - يىگىت يېڭى ھۇجرىغا ئۇزىتىلدى. چىمىلدىققا كىرىش دېگەندەك ئىشلار مەزكۇر خانىداننىڭ كونا ئادىتى بويىچە ئادا قىلىندى.

قىز چىمىلدىققا كىرگەندىن كېيىن، باۋيۇينىڭ سەل سەۋ-
دايىلىقى تۇتتى - دە، ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— سىڭلىم، ساقىيىپ قالغانسىز؟ كۆرۈشمىگىنىمىزگە
خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بۇنداق بىرنېمىنى ئارتىۋېلىپ نېمە
قىلاتتىڭىز؟ — دەپلا قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا تەمشەلگىنىدە،
جيا ئانا بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. شۇ
هامان باۋيۇينىڭ كاللىسىغا: «توختا، دەييۈي سىڭلىم ئوڭايلا
خاپا بولۇپ قالىدۇ، بىكار يەنە ئىش تېرىپ قويماي» دېگەن
خىيال كەچتى - دە، ئورنىغا قايتىپ بېرىپ بىرپەس ئارام
ئالدى، لېكىن يەنە ئۆزىگە هاي بېرەلمەي، ئاخىر بېرىپ چۈم-
بەلنى قايرىۋېدى، شۆيەن نېرى كېتىپ، قىزنىڭ خىزمىتىگە
پىتتېر كەلدى. باۋيۈي كۆزىنى يوغان ئېچىپ زەن سېلىۋىدى،
باۋچەيدەك كۆرۈندى، ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، بىر قولىغا
چىراغ ئېلىپ، بىر قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ سىنچىلا-
پ قارىسا، راست دېگەندەك باۋچەي ئەمەسمۇ! ئۇ پار - پۇر،
ئازادە كىيىنگەن، ئەتلىك، پوسمىلاق كەلگەنىدى، ماڭلاي چاچ-
لىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئويناپ، يېنىك نەپەس
ئالاتتى. نازاكەتلىكى مىسالى ئېگىلىپ تۇرغان نىلۇپەر، نازىر-
نىنلىقى بەئەينى يۇمران ئۆرۈك چېچىكى ئىدى. باۋيۈي هاڭ-
تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالدى، يېنىغا سەپسېلىۋىدى، شۆيەن غايىپ
بولۇپ، پىتتېر تۇراتتى. شۇ ئەسنادا، ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەل-
مەي، مەن چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك، دېگەن يەرگە كېلىپ،
داڭقاتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى. جيا ئانا ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ
قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن
خەۋەر ئالدى. باۋچەينىڭ بېشىنى سېلىپ زۇۋان سۈرمەسلىكى
تەبىئىي ئىدى. باۋيۈي بىردەم ئېسىنى يىغىۋېلىپ، بىر چەتتە
ئولتۇرغان جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا قاراپ قويۇپ،
شىرېننى چاقىردى:

— مەن ھازىر قەيەردە؟ بۇ چوشۇم ئەمەستۇ؟

— بۈگۈن سىزنىڭ مۇبارەك كۈنىڭىز، قويۇڭ ئۇنداق چۈش - پۈش دەپ جۆيلۈشنى! — دېدى شىرىن، — تاشقىرىدا بېگىم بار جۇمۇ!

— ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان ساھىبجامال كىم ئۇ؟ — دېدى باۋيۇي قولى بىلەن ئاستا كۆرسىتىپ. شىرىن بىرھازادىن كې- يىن:

— سىز ئالغان يېڭى ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا بولىد- دۇ، — دېدى. باشقىلارمۇ تەتۈر قاراپ، كۈلكىسىنى باسالماي قېلىشتى.

— ھوي گالۋاڭ! — دېدى باۋيۇي يەنە، — «ئوتتۇرانچى كېلىن ئاغىچا» دېگىننىڭ زادى كىم بولىدۇ، دەۋاتىمەن.

— باۋچەي خانقىز ئۇ، — دېدى شىرىن.

— دەيىيۇي قىز قېنى؟

— بېگىم ئۆزى باش بولۇپ سىزگە ئېلىپ بەرگىنى باۋچەي خانقىز تۇرسا، يەنە نېمە دەيىيۇي قىز، دەپ جۆيلۈپ يۈرىسىز؟

بۇ گەپ بىلەن تەڭ باۋيۇي تېخىمۇ بەكرەك ئالجىغىلى تۇردى، دەيىيۇي سىڭلىمنى تېپىپ بېرىڭلار، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي جاۋراپلا كەتتى. جيا ئانا ۋە باشقىلار يېنىغا كېلىپ شۇنچە بەزلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى زادىلا چۈشەنمىد- دى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىكى ئۆيدە باۋچەي بولغاچقا، ئې- چىپ ئېيتىشقا بولمايتتى. ئۇلار باۋيۇينىڭ كونا كېسىلى قوز- غالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئوچۇقىنى ئېيتماي، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۈتمۈر كۆجىسى يېقىپ، ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى تىنىد- چىتىپ، ئۇنى يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى. ھېچكىم زۇۋان سۈر- مەيتتى، بىردەمدىن كېيىن، باۋيۇي كاللىسى تۆرەپ ئۇيقۇغا كەتتى. جيا ئانا ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلى شۇ چاغدا بىرئاز تىندى. باۋچەينى ئارام ئالغۇزۇش ئۈچۈن فېڭجيېنى جورىدى. جيا جېڭ

تاشقىرىدا بولغاچقا، بايا كۆرگەن ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ-
رۈپ، كۆڭلى ئارام تاپقانىدى.
ئەتىسى سەھەردە، جيا جېڭ ئەجدادلار خانىقاسىغا كىرىپ
ۋىدالاشتى، ئۇ يەردىن يېنىپ كېلىپ، جيا ئانىغا تەزىم قىلىپ
خوشلاشتى:
— كەمىنە بىۋاپا ئوغۇللىرى ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ يىراققا
كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ھەمىشە ساق -
سالامەت بولغايلا. كەمىنە ئوغۇللىرى خىزمەت ئورنۇمغا بارغاند-
دىن كېيىن سالامەتلىكىمدىن خەت يوللايمەن. ھەرگىز ئۇيمى-
گەيلا، باۋيۈينىڭ ئىشى ئۆزلىرىنىڭ رايى بويىچە ئادا بولدى،
بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ تۇرغايلا.
جيا ئانا جيا جېڭنى سەپەر ئۈستىدە كۆڭلى بىئارام بولۇپ
قالمىسۇن دەپ، باۋيۈينىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقىنى
ئۇنىڭغا دېمەي قويدى.
— بىر گېپىم بار، — دېدى ئۇ، — ئاخشام باۋيۈينىڭ
توينى ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، لېكىن بىر ھۇجرىدا قويمىدۇق.
بۈگۈن سەن سەپەرگە ماڭماقچى بولۇۋاتىسەن، ئۇنى كېسەلدىن
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈنلا بۈگۈن توينى قىلىپ قويغاچقا، بىرئاز
ياخشى بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۆزۈڭگىلا دەيمەن: ئۇزاتسۇن دې-
سەڭ، دەررۇ ئۇنى چاقىرتايلى، ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسا، ئۇنى
بىركىم ئاچىقىپ ساڭا كۆرۈنۈش قىلدۇرسۇن، ساڭا باش قوي-
سۇن - دە، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايلى.
— ئۇزىتىپمۇ نېمە قىلار؟ بۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈل قويۇپ
كىتاب ئوقۇيدىغان بولسا، مېنى ئۇزاتقىنىدىنمۇ شۇ ئەلا، —
دېدى جيا جېڭ.
بۇ گەپ بىلەن جيا ئانا جيا جېڭنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ،
باۋيۈينى ئاچىقىشقا يۈەنياڭنى جورىدى، شىرېنمۇ ھازىر بولدى.
بىرپەستىنلا باۋيۈي چىقتى، باۋيۈي ئاتىسىنى كۆرۈپ، ئەقىل-

هوشىنى سەل يىغىۋالدى. ئۇنىڭ خۇدىنى بىلىشى بىردەملىكلا ئىدى. جىيا جېڭ يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ تاپىلىۋىدى، باۋيۈي «خوش» دەپ ئىلىك ئالدى. جىيا جېڭ ئۇنى باشقىلارنىڭ يۆلەن-چىلىكىدە ھۇجرىسىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم-نىڭكىگە كەلدى. ئۇ ئوغلىنى تەربىيىلەش توغرۇلۇق ۋاڭ ئاغى-چا خېنىمغا قاتتىق تاپىلاپ، بۇرۇنقىدەك ئەركىلىتىشكە بولماي-دىغانلىقىنى، كېلەر يىلى بولىدىغان مەھەللىي ئىمتىھانغا قات-ناشماي قالماسلىقىنى ئېيتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇ گەپلەرنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى، دەرھال ئادەم جورۇپ باۋچەينى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئاچىقۇزدى. يېڭى كېلىن ئاق يول تىلەش سالىمىنىلا بەجا كەلتۇرۇپ قويۇپ، ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى، قالغان ئەھلى ئاياللار جىيا جېڭنى ئارا دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇشتى. ھەم-مەيلەن ئۇنىڭ سەپىرى ئۇچۇن قەدەھ كۆتۈرۈشتى، ئوغۇل ـ پەرزەنتلەر، بىر دېمەتلىك بولمىغان ئۇرۇغ ـ تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرى ئۇنى ئون يوللۇق راباتقا ئۇزىتىپ قويۇشتى.

## 30 ـ باب دەردمەن مېھرىگىيا ھ ئەرۋاھىنىڭ ھىجران دۇنياسىغا قايتىپ كەتكەنلىكى

شۇنداق قىلىپ، باۋيۈي جىيا جېڭغا كۆرۈنۈش قىلىپ بو-لۇپ ھۇجرىسىغا قايتىپ بارغاندا، بېشى تېخىمۇ گاڭگىراپ، ئىلەڭ ـ ئىلەڭ بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى.

كىشىلەر تارقالغاندىن كېيىن، ئۆيدە شىرىن يالغۇز قالغا-نىدى، باۋيۈي ئۇنى قېشىغا چاقىرىپ، قولىنى تۇتۇپ:

— سەندىن شۇنى سوراي، — دېدى يىغلاپ، — باۋچەي ئاچام قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ ئەسلىسەم، بەگ ئاتام ماڭا دەيىۈي سىڭلىمنى ئېلىپ بەرگەنىدى، ئۇنى باۋچەي ئاچام قانداقسىغا قوغلىۋەتتى؟ دەيىۈي سىڭلىمنىڭ يىغلاپ قاي-

داق بولۇپ كەتكىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

— دەييۇي خانقىز ئاغرىپ ياتىدۇ، — دېدى شىرىن ئۇچۇقىنى ئېيتىشقا پېتىنالماي.

— ئۇنى يوقلاپ كېلەي، — باۋيۇي ئورنىدىن قوپماقچى بولۇۋىدى، ئۇدا نەچچە كۈنگىچە غىزادىن قېپقالغاچقا، قىمىرلاشقا ماجالى بولماي يەنە يىغلاپ تاشلىدى، — مەن ئۆلۈپ كېتىمەن. ئىچىمدە بىر ئېغىز گېپىم بار، چوڭ ئانامغا مەلۇم قىلىپ قويساڭ. بەربىر دەييۇي سىڭلىممۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، مەنمۇ ئەمدى ساق قالمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ، دەييۇي سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزنى شۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويسا، تىرىكىمىزدىمۇ بىر يەردە داۋالانساق، ئۆلسەكمۇ ئۆلۈكىمىزنى بىر يەردە قويسا.

شىرىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا يىڭئېرنى كەينىگە سېلىپ كىرىپ كېلىۋاتقان باۋچەي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى.

— كېسەل تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسرىماي، بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى باۋچەي، — ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئەمدىلا ئارامىنى تېپىۋېدى، سىز يەنە ئىش تېرىپ بەرمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم ئۆمۈر بويى يالغۇز سىزگىلا كۆيۈنۈپ كەلگەن. سىزنىڭغۇ مەنسەپكە مۇشەررەپ بولۇشىڭىزنى كۆزلىمەيدۇ، ھەرھالدا ئادەم بولۇپ يېتىشسىڭىز، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بىر كۈن بولسىمۇ شۇنىڭدىن كۆڭلى خۇش بولسا، ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ جاپا تارتىپ سىڭدۈرگەن ئەجرى بىھۇدە كەتمىگەن بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيلا ئۆلۈپ كەتسىڭىز، ئاغىچا خېنىم كەلگۈسىدە قانداق قىلىدۇ؟ مەن شور پېشانە بولسامۇ، ھەرھالدا ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمەيمەن. ئۆلۈۋالىمەن دېسىڭىزمۇ ئۆلۈشىڭىزگە يول يوق.

باۋيۇي بۇ گەپلەرگە جاۋاب بەرمىدى، بىرھازادىن كېيىن،

خىر ـ خىر كۈلۈپ كېتىپ:
— ماڭا گەپ قىلماس بولۇپ قالغىنىڭىزغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى، ئەمدى بولغاندا، مۇنداق چوڭ ـ چوڭ گەپ-لەرنى كىمگە دەپ بېرىۋاتىسىزكىنتاڭ؟
— سىزگە راستىنى ئېيتاي، — دېدى باۋچەي ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — خۇدىڭىزنى بىلمەي يۇرگەن ئاشۇ كۈنلەردە دەيىيۈي سىڭلىم تۇگەپ كەتتى.
باۋيۈي ئورنىدىن لىككىدە قوپۇپ ئولتۇرۇپ:
— راستىنلا ئۆلۈپ قالدىمۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى.
— راست، ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلمىگەن ئادەمنى ئۆلدى، دەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟
باۋيۈي شۇ گەپ بىلەن ئۆزىنى توختىتالماي ھۆڭرەپ يىغ-لاپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. بىردىنلا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ھېچ ياقنى ئىلغا قىلالماي كۆڭلى غۇۋۇلاشتى، خۇددى ئالدىدىن بىركىم كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. باۋيۈي ئىختىيارسىز سورىدى:
— تەقسىر، بۇ قەيەركىن؟
— بۇ جەھەننەم يولى، — دېدى ھېلىقى كىشى، — ئۆمرۈڭ ئاخىرلاشمىغان تۇرسا، نېمىشقا بۇ يەرگە كېلىسەن؟
— بىر قەدىنىسىم قازا تېپىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، شۇنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتىم، يولدىن ئادىشىپ قاپتىمەن، — دېدى باۋيۈي.
— قەدىنىسىڭ كىم؟
— گۇسۇلۇق لىن دەيىيۈي.
— لىن دەيىيۈي، — دېدى ھېلىقى كىشى سوغۇققىنا كۈ-لۈپ، — ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىمۇ ئۆزگىچە، ئۆلۈشىمۇ جېنىدىن ئايرىمچە، ئۇنى نەدىن ئىزدىمەكچىسەن؟ ئىنسانلارنىڭ ئەرۋاھ-

نى ئىزدەپ تاپقىلى بولمىغان يەردە، لىن دەييۈينىڭكىنى تاپقىلى بولامتى؟ چاپسان كەينىڭگە يان.

باۋيۈي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى كىشى يېنىدىن بىر تاشنى ئېلىپ باۋيۈينىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئاتتى.

تاش باۋيۈينىڭ يۈرىكىگە تەگدى - دە، ئۇ قورقۇپ كېتىپ، دەررۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇۋىدى، يولدىن ئادىشىپ قالدى. ئۇ قايمۇقۇپ تۇرغىنىدا، نېرىسىدىن بىركىم ئۇنى قىچقارغاندەك قىلدى. بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئەتراپىدا باشقا بىركىملەر ئەمەس، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، باۋچەي، شىرېنلار چۆرىدەپ يىغلاپ تۇرۇشۇپتۇ، ئۆزى بولسا، ئاۋالقىدەكلا كارىۋاتتا يېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى شىرەدىكى قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان پانۇسقا، دېرىزىدىن كۆرۈنگەن يوپيورۇق ئايغا چۈشتى. ئۆزى گۈللەپ - ياشنىغان دۇنيادا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆڭلىنى توختىتىپ ئويلىۋىدى، بايا ئۇزۇن چۈش كۆرگەنلىكىنى ئەسلىدى، بىرنەچچە قېتىم قاتتىق ئاھ ئۇرغاندىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

دەييۈينىڭ ئۆلگەنلىكىدىن باۋچەي باشتىلا خەۋەر تاپقانىدى. بىراق، جيا ئانىلار باۋيۈينىڭ كېسىلى ئۈستىگە كېسەل چاپلىشىپ داۋا كار قىلماي قالمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ، بۇ خەۋەرنى باۋيۈيگە ئۇقتۇرماسلىقنى ھەممىگە جېكىلىگەنىدى. باۋچەينىڭ ئۆزى باۋيۈينىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىغا ھەممىدىن بۇرۇن دەييۈينىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى، قاشتېشىنىڭ يوقىلىشى ئىككىنچى ئورۇندىكى سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، راستىنى ئېيتسام، يۈرىكىگە جاقلا تەگسە، ئۇنىڭدىن رىشتى بىر يولىلا ئۈزۈلىدۇ - دە، روھى ئىزىغا چۈشۈپ، شىپالىق تاپىدۇ، دەپ پەملىگەنىدى. جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار باۋچەينىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي، تەنتەك-

لىنىڭ قىلىپ قويدى، دەپ ئۆينىڭدىن قاتتىق ئاغرىنغانىدى. باۋ-يۈي ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆلارنىڭمۇ كۆڭلى سەل تىنىم تاپتى- دە، دەرھال تاشقىرىقى كۆتۈپخانىدىن لى تېۋىپنى تومۇر تۇتۇپ كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدۇردى. تېۋىپ كىرىپ تومۇرنى تۇتۇپ بېقىپ:

— ئەجەبا! ئەمدى تومۇرنىڭ سوقۇشى ئىزىغا چۈشۈپتۇ، دەرد تارقاپ ئارام تېپىپتۇ. ئەتە شۇنىڭغا لايىقىدا دورا بەرسەك، ساقىيىشىغا كۆزىمىز يېتىدىغان بولدى، — دەپ چىقىپ كەتتى. قالغانلارمۇ خاتىرجەم بولۇپ تارقاشتى.

باۋيۈينىڭ ئەس - ھوشى خېلى ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ دەييۈي يادىغا يېتىپ قالسا گاراڭلىشىپمۇ قالاتتى. شىرېن باۋيۈينى كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىدىغان گەپلەر بىلەن دائىم بەزلەيتتى. باۋيۈينىڭ ھەمىشە ئىچى سىيرىلىپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى، ئۆلۈۋېلىش كويىدىمۇ بولدى، لېكىن چۈشىدىكى گەپلەرنى ئەسلەپ، ئاندىن ئۇلۇغ ئاغىچا ھەم ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ نىيىتىدىن يانمايمۇ بولمىدى. ئۇ يەنە دەييۈينىڭ ئۆلگەنلىكىنى، باۋچەي بولسا بىرىنچى قاتاردىكى گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، «ئالتۇن بىلەن قاشتېشىنىڭ ئەقىدە نىكاھى» پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىگە ئىشەندى.

باۋيۈينىڭ تويى بولغان كۈنى دەييۈي كۈندۈزى ھوشىدىن كېتىپ، گويا يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ تىنىقى ئۈزۈلگەندەك بوپقالغان، بۇ ھالدىن لى ۋەن، زىجۈەنلەر يىغلاۋېرىپ ئۆلەي دېگەنىدى. ئاخشىمى دەييۈي يەنە ئۆزىگە كېلىپ، كۆزىنى ئارانلا ئېچىپ، كۆڭلى سەل يورۇغاندەك بولدى. لى ۋەن دەييۈينىڭ ئاز - پاز ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ئەۋزايىنى زاۋال ئالدىدا ئەكس ئەتكەن غىل - پال نۇردەكلا سەگەك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى - دە، يەنە بىرەر يېرىم كۈنلۈك ۋاقتى بار

ئىكەن، دېگەن يەرگە كېلىپ، ئىش - كۈشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شالزارغا يېنىپ كەتتى.

دەييۈي كۆزىنى ئاچتى، يېنىدا پەقەت زىجۈەن بىلەن ئى-نىكئانا ۋە بىرنەچچە چۆرە قىزلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، زىجۈەننى قولىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— مەن ئەمدى ئوڭشىلالمايمەن! — دېدى ئۇ كۈچىنىپ، — بىرنەچچە يىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلدىڭ، ئىككىمىز ھەمىشە بىللە ئۆتسەك دەپ ئارزۇ قىلغانىدىم، كۈتۈلمىگەندە···، — دەپلا بىرپەس ھاسىراپ كېتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئالدى. دەييۈي قولىنى قويۇۋەتمىگەچكە، زىجۈەنمۇ قولىنى بوشاتمىدى، ئەۋزا-يىدىن دەييۈي ئەتىگەنكىگە قارىغاندا ئوڭشىلىدىغاندەك كۆرۈن-دى. دەييۈينىڭ گېپى بىلەن زىجۈەننىڭ كۆڭلى يەنە يېرىم بولدى.

— سىڭلىم! — دېدى بىرھازادىن كېيىن دەييۈي، — بۇ يەردە ھېچقانداق قېرىندىشىم يوق. مېنىڭ بويۇم پاك، سەن ھەرقانداق بولسىمۇ ئۇلارغا ئېيتساڭ، مېنى يۇرتۇمغا ئاپىرىپ قويسۇن!

شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ زۇۋان سۈرمەي قويدى.

زىجۈەن ھودۇقۇپ كېتىپ لى ۋەنگە ئادەم جورىدى. شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە تەنچۈن كىرىپ قالدى. زىجۈەن تەنچۈننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— خانقىز، خېنىمغا قاراپ باقسىلا، — دەپلا مۆل - مۆل يىغلاپ كەتتى. تەنچۈن كېلىپ دەييۈينىڭ قولىنى تۇتۇپ باقتى، قولى مۇزلاپ، ھەتتا كۆزىنىڭ قارىسىمۇ تارتىلىپ كەتكەنىدى. تەنچۈن بىلەن زىجۈەن كۆز يېشى قىلغىنىچە سۇ ئەكەلدۇرۇپ دەييۈينى سۇغا سالدۇرۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە لى ۋەن كىرىپ كەل-دى. ئۈچى كۆرۈشۈپ تېخى گەپ قىلىشقۇچىلىكمۇ بولمىغاند-

دى، ئۇلار دەييۇينىڭ بەدىنىنى ئەمدىلا سۇرتۇۋاتاتتاندا، ئۇ بىردىنلا: «باۋيۇي! باۋيۇي، سىز نېمىدېگەن...» دەپ چىرقى-راپ، «باغرى» دېيىشى بىلەنلا ئاۋازى ئۆچتى - دە، بەدىنىدىن مۇزدەك تەر تەپچىدى، كۆزلىرى يۇمۇلدى. ۋادەرىغ:

تۇزىدى، كەتتى شامالدا قىزنىڭ ئەرۋاھى،

غايىب بولدى چۇش كەبى تۈندە غەم - ئاھى.

*دەييۇي تىنىقىدىن قالغان ئاشۇ مىنۇت باۋيۇينىڭ باۋچەيگە ئۆيلەنگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى.*

زىجۇەن ۋە باشقىلار ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۇنمۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى كۆيۇمچانلىقىنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى بۇ بىچارىلىكىنى كۆرۈپ، ئىچلىرى سىيرىلىپ زار-زار يىغلىشىپ كەتتى. يىراقتىن نەغمە - ناۋا ئاڭلانغاندەك بولدى، قۇلاق سالغۇدەك بولسا، يەنە يوقاپ كەتتى. تەنچۇن بىلەن لى ۋەن ھويلىغا چىقىپ قۇلاق سېلىپ باقتى، شامالدا بامبۇك شاخلىرى شىلدىرلاۋاتاتتى، ئاينىڭ شولىسى تامغا چۈشى-كەنىدى، ئىنتايىن غېرىبسىندۇرىدىغان سۈرۈن مەنزىرە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى!

جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار پاپپېتەك بولۇپ كېتىش-كەن، جيا جېڭ يولغا چىقماقچى بولغان، باۋيۇي تېخىمۇ خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ئاشۇنداق قاتىلاڭچىلىق پەيتتە، فېڭجيې دەي-يۇينىڭ بۇ شۇم خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان بولسا، جيا ئانا ھەم ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى غېمى ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ، ئىچ پۇشۇقىدا كېسەل بولۇپ قالارمىكىن، دەپ نائىلاج باغقا ئۆزى كەلدى. بامبۇكزار سارايغا كېلىپ، ئۇمۇ ئۆزىنى يىغىدىن توخ-تىتىۋالالمىدى. لى ۋەن بىلەن تەنچۇننى كۆرۈپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.

فېڭجيې باۋيۇي تەرەپكە يېنىپ كەلدى، تېۋۇپ «ھېچ ۋەقە-سى يوق» دېگەندىن كېيىن، جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم-

نىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشتى. فىكىجىي دەيىۋىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى باۋيۈيدىن يوشۇرۇنچە ئالدىرىماي تۇرۇپ مەلۇم قىلدى. جيا ئانا بىلەن ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قورقىنىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى.

— ئۇنىڭغا مەن زامىن بولدۇم! — دېدى جيا ئانا ياش تۆكۈپ، — لېكىن، بۇ قىزمۇ بەك قىيىق ئىدى!

شۇنىڭ بىلەن باغقا بېرىپ ئۇنىڭ دەردىدە بىر يىغلىۋالماقچى بولدى، لېكىن باۋيۈيدىن ئەنسىرەپ ئىككى تەرەپكە تەڭ يېتىشەلمەي قالدى.

— بارمىسىلىمۇ بولار، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار ھەسرەت بىلەن، — ئۆزلىرىنىڭ بويلىرىنى ئاسراش ھەممىدىن مۇھىم.

جيا ئانا ئىلاجسىز «سىز بېرىڭ» دەپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنى بۇيرۇدى:

— مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا «مېنىڭ باغرى قاتتىقلىق قىلىپ سېنى ئۇزاتقىلى كەلمىگىنىم ئەمەس، تۇغقانچىلىقتا يېقىن - يىراقنىڭ پەرقى بولىدۇ. سەن ماڭا قىز نەۋرە بولغىنىڭ ئۈچۈن يېقىن تۇغقان بولىسەن، ئەمما باۋيۈي بىلەن سېلىشتۇرغاندا، باۋيۈي ماڭا سەندىن تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ. باۋيۈيگە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ » دەپ قويۇڭ، — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

باۋيۈينىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئوڭشىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەستانىلىقىدىن يانماي، ئۆزۈم باغقا كىرىپ دەيىۋي ئۈچۈن يىغلاپ چىقىمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى. جيا ئانىلار ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ يىلتىزى تۈگىمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، كەلسە - كەلمەس خىيال قىلىشىغا يول قويماي كېلىۋاتاتتى. لېكىن، دەرد - ئەلەمگە چىديالماي، ئۇنىڭ كېسىلى

قوزغىلىپلا تۇراتتى. تېۋىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى بايقىۋې-لىپ، ئۇ ئىچ پۇشۇقىدىن خالاس بولغاندىن كېيىن، دورا بىلەن ئەملەنسە پاتراق ساقىيىدۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلاپلا باۋيۇي بامبۇك-زار سارىيىغا بارماقچى بولدى. جىيا ئانا نائىلاج بامبۇك كۇرسى ئەكەلدۈرۈپ، باۋيۇينى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلار ئالدىدا ماڭدى. بامبۇكزار سارىيىغا كېلىپ، دەييۈيىنىڭ تاۋۇتىنى كۆرۈشى بىلەنلا جىيا ئانا يىغلاپ تېلىقىپ قالدى.

باۋيۇي بامبۇكزار سارىيىغا كېلىشى بىلەنلا، كېسەلدىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئەسلىدى. مانا ئەمدى ئىگىسى قازا قىلغان قۇرۇق ئۆينى كۆرۈپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ تاشلى-دى. باشقىلار كېسەلدىن ئەمدىلا قوپقان باۋيۇينىڭ ھەددىدىن ئارتۇق قايغۇدىن ئۇزۇلۇپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، كەينى - كەينىدىن بەزلىگىلى تۇردى. باۋيۇي يىغىدىن توختاپ زىجۈەن-نى چاقىرتىپ، خانقىزنىڭ جان ئۈزەر چاغدا نېمە دېگەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سوراپ بىلىپ باقاي، دەپ تۇرۇۋالدى. زىجۈەن ئەس-لىدە باۋيۇيدىن ئىنتايىن نەپرەتلەنگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە سەل چۈشەنگەندەك بولدى، يەنە كېلىپ بۇ يەردە جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار دەرقەمدە تۇرغاچقا، باۋيۇي-گە سوغۇق نەپەسلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى. دەييۇي خانقىزنىڭ كېسەلى قانداق قوزغالغانلىقى، قولىياغلىق، شېئىر قولىيازمىلى-رىنى قانداق كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ۋە جان ئۈزۈش ۋاقتىدا دېگەن گەپلىرىنى ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ دەپ بەردى. باۋيۇي يەنە يىغلاپ بوغۇلۇپلا قالدى. شۇ ئارىدا تەنچۈن دەييۈيىنىڭ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا جەستىمنى جەنۇبقا ئاپىرىپ قويۇڭلار، دېگەن ۋەسىيىتىنىمۇ دەپ ئۆتتى.

جىيا جېڭ يېڭى مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر كۈنى مىرزاخانىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. لىپاپا پېچەتلەنگەن

ۋە ئۇستىگە «خەيمىن قاتارلىق جايلارنىڭ باسقاق - مۇراقىپ بېگىدىن ئەۋەتىلگەن ئالاقە، جياڭشى غەللە - پاراق نازىرى يامۇلىغا تېز يەتكۈزۈلگەي» دەپ يېزىلغانىدى. جيا جېڭ خەتنى ئوقۇپ چىقتى. بۇ جۇ چيۇڭدىن كەلگەن خەت ئىدى. خەتنىڭ مەزمۇنى قۇدىلىشىش توغرىسىدا ئىدى. جيا جېڭ: «يىگىت بىلەن قىزنىڭ نىكاھى دەرۋەقە پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا ئۇنى پايتەختتە خىزمەت قىلىۋاتقىنىدا كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرتداش ئىكەنمىز، ئاندىن ئۇنىڭ ئوغلىمۇ چىرايلىق چوڭ بوپتۇ. زىياپەتتە بىللە ئولتۇرغىنىمىزدا بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچقانىدى، لېكىن گەپنى بىر يەرگە توختاتمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارغا دېمىگەنىدىم. كېيىن ئۇ دېڭىز چېگرىسىغا تەيىنلىنىپ شۇ ياققا كەتكەن بولغاچقا، ھېچقايسىمىز بۇ ئىش توغرۇلۇق قايتا گەپ قىلىشمىغانىدۇق. كۈتۈلمىگەندە مەنسىپىم كۆتۈرۈلۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. ئەمدى ئۇ سوراپ خەت يېزىپتۇ. مەنچىغۇ، تېگى - تەكتى جەھەتتىنمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ، تەنچۇنىڭمۇ لايىقى ئىكەن. شۇغىنىسى، ئۆيدىكىلىرىم بۇ يەردە يوق» دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى.

جيا جېڭ ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى، شۇ ئەسنادا ھىراۋۇل بەگنىڭ ھوزۇرىدىن مەكتۇپ كېلىپ قالدى. ھىراۋۇل بەگ جۇ چيۇڭنىڭ تۇغقىنى ئىدى. ئۇ جيا جېڭدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش توغرىسىدا ھاۋالە قىلىپ خەت يازغانىكەن، شۇڭا ھىراۋۇل بەگ جيا جېڭغا بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلدى، ئاندىن: «بىزمۇ ئەمدى ئۇرۇغ - تۇغقان بولۇپ قالدۇق» دېدى، توي ئىشىنى بالدۇرراق قىلىۋېتىشكە ئۈندىدى. جيا جېڭ قايتىپ بېرىپ، باسقاق - مۇراقىپ بېگى بىلەن قۇدىلىشىش ئىشى ھەققىدە جيا ئانىغا مەكتۇپ يېزىپ پايتەختكە يوللىدى، ناۋادا قوشۇلسا كەنجى خانقىزنى يۆتكەپ كېلىدىغان بولدى.

جيا ئانا جيا جېڭنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كې-

يىن، تەنچۈن خانقىزنى تالالىق قىلىش ئىشى توغرىسىدا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن مەسلىھەتلەشتى. جيا ئانا:

— بىر يۇرتلۇق بولغىنى ئوبدان ئىكەن، لېكىن بەك يىراقتا ئىكەن. ھازىرغۇ ئاتىسى شۇ يەردە، ناۋادا ئاتىسىنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىپ كەتسە، بالىمىز بەك غېرىبسىنىپ قالارمى-كىن؟ — دېدى.

— ھەر ئىككى تەرەپ مەنسەپدار بولغاندىكىن، بىر يەردە تۇرۇۋېرىشمۇ ناتايىن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بېگىم شۇ تەرەپتە ئەمەلدار تۇرسا، بېگىمنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئەمەلدار ئېغىز ئاچقاندىكىن، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى قىلمىسا بولماس؟ بېگىم بىر پىكىرگە كېلىپ بولۇپ، ئۆزى ئىگە بولۇشقا پېتىنال-ماي، ئۇلۇغ خېنىمغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن چېغى.

— سىلەر ماقۇل بولغان بولساڭلار ئوبدان بوپتۇ، لېكىن ئۈچىنچى خانقىز مۇشۇ كەتكىنىچە ئۈياقتىن ئىككى - ئۈچ يىلسىز ئۆيگە قايتىپ كېلەلمەسمىكىن! شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئۈمىدىم يار بەرمەسمىكىن! — دېدى جيا ئانا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— قىز بالا دېگەننى بويىغا يەتكەندىن كېيىن ياتلىق قىلماي بولمايدىكەن، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك بولغىنىدىمۇ، ئەمەل تۇتمىسىغۇ بىر نورى، ئەمەل تۇتقان بولسا، ھەمىشە بىر يەردە تۇرۇۋېرىمەن دەپ قايسىسى ھۆددە قىلالايدۇ؟ بالىلارنىڭ تەلىيى كەلسىلا بول-دى، ئەنە، يىڭچۈن قىزنى يېقىن يەرگە ياتلىق قىلغان ئىدۇق، بەختى چىقمىدى، قايسى كۈنى ئۇنى يوقلىغىلى كىشى ئەۋەتكەنە-دىم، يىڭچۈن يان ھۇجرىغا مۆكۈنۈۋېلىپ چىققىلى ئۇنىماپتۇ. مۇشۇنداق سوغۇق كۈنلەردە قىزىمىز كونا ئىگىنىنى كىيىپ يۈرۈۋاتقۇدەك. يىڭچۈن قىزنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنى بىزنىڭ ئۇ-

چىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چۈرە قىزلىرىمىزنىڭكىگە يەتمەيدۇ. تەنچۇن قىزنىغۇ مەن تۇغمىغان، لېكىن بەگ ئاتىسى ئۇ كۇيئو-غۇل بولغۇچىنى كۆرۈپ ياراتقانلىقتىن ماقۇل بولغانمىكىن دەي-مەن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئىلتىپات قىلغان بولسىلا، قۇتلۇق كۈنلەردىن بىرىنى تاللاپ، بىرقانچە ئادىمىنى كۆپرەك تەيىن-لەپ، بەگ ئاتىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتسەك.

— ئاتىسى ئۆزى باش بولغاندىكىن، سىزمۇ ئۆز لايىقىدا هازىرلىقىنى قىلىڭ. ئۇزاق سەپەرگە چىقىدىغان كۈننى تاللاپ يولغا سالسىڭىز، بۇ ئىشمۇ ئادا بولسۇن، — دېدى جىيا ئانا. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم «خوش» دەپ ئىلىك ئالدى.

شىرېن بىلەن باۋچەيمۇ بۇ ئىشتىن ئېنىق خەۋەردار بولدى. باۋيۈي ئاڭلاپ «ۋايجان! » دەپ كاڭغا يىقىلدى ھەم بىرھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ سۆزلەپ كەتتى:

— كۈن كۆرگۈچىلىكۇم قالمىدى! ھەمشىرىلىرىم ھەممى-سى بىر - بىرلەپ كېتىشىپ بولدى! ئۇلارنىڭ نېمىشقا بۇنداق بالدۇر تارقىلىپ كەتكىنىنى ئۇقمايمەن. مەن كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن تارقىلىشىسمۇ كېچىكىپ قالمايتتى! — دېدى. باۋچەي ئېرەن قىلماي، شىرېننى ئۇنىڭغا كۆڭۈلنى توخ-تىتىدىغان كۈمىلاچ دورىنى يېگۈزۈپ، ئاستا - ئاستا ئۇنى بەزلىگىن، دەپ يەڭ ئىچىدە بۇيرۇدى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تەنچۇن سەپەرگە ماڭ-ماقچى بولۇپ، باۋيۈي بىلەن خوشلاشقىلى كىردى. باۋيۈينىڭ زادىلا ۋىدالاشقۇسى كەلمىدى. تەنچۇن ئۇچ ئەھكام، بەش ئەقى-دىگە دائىر گەپلەرنى قىلغىلى تۇرۇۋىدى، باۋيۈينىڭ قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەنچۇن خاتىرجەم بولۇپ، كـۆپچىلىك بـىلەن خـوشلىشىپ، مەيگە چىقىپ يولىغا راۋان بولدى.

# 31 ـ باب    تۇرقاۋۇللارنىڭ نىڭگۇ قەسرىنى تىنتىپ پىچەتلەپ تاشلىغانلىقى

بىر كۈنى، جيا شې ئىشى يوق بىكار ئولتۇراتتى، جيا ليەن كىرىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئۇ چوڭ تاغىسىنىڭكىدە مىش ـ مىش پاراڭ ئاڭلىغانلىقىنى دەپ كېلىپ:

— تۇتۇق بەگ كىچىك ئاتامنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا خانغا ئىلتىماس سۇنۇپتىمىش، — دېدى.

— پىتنە ـ ئىغۋا بولسا كېرەك، — دەپ ھەيران بولدى جيا شې، — قايسى كۈنىلا كىچىك ئاتاڭدىن: تەنچۈن پالانى كۈنى يېتىپ كەلدى. پالانى قۇتلۇق كۈندە تەنچۈننى دېڭىز ياقىسىغا ئۇزاتقاندىم، تىنچ ـ ئامان يېتىپ بېرىپتۇ، ئۆيدىكى-لەر غەم يېمىگەي، دەپ خەت كەلگەن. ئاندىن يەنە خېتىدە: تۇتۇق بەگ قۇدا بولدۇق، دەپ مۇبارەكلەپ چايغا چىللىدى، دەپتىكەن. مەنسەپدارلىق دىۋانىغا چاپسان بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ ماڭا ئۇچۇرىنى بەر.

جيا ليەن شۇ زامان چىقىپ كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— مەنسەپدارلىق دىۋانىغا بېرىپ ئۇقۇشسام، كىچىك ئاتامـ-نىڭ ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت سۇنۇلغانىكەن. شىكايەتنامە يۇقىرىغا يوللانغاندا، بەختكە يارىشا خان ئالىيلىرى شەپقەت ياغدۇرۇپ، خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك ئىدى، ئەمما چەت ئۆلكىگە بىرىنچى قېتىم مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلىكى ۋە مەنـ-سەپدارلىق خىزمىتىدە خام بولغانلىقى تۈپەيلى قول ئاستىدىكى خادىملىرى تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇچ دەرىـ-جە چۈشۈرۈلۈپ، ئىنشائات دىۋانىغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان مۇئاۋىن چۆپدارلىققا تەيىنلەنسۇن، پايتەختكە دەرھال قايتىپ

كەلسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇ ئېنىق گەپ. مەنسەپدار-لىق دىۋانىدا پاراڭلىشىۋاتقىنىمدا، جياڭشىدىن كەلگەن ناھىيە ئامبىلى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئامبال كىچىك ئاتامنىڭ ناھايىتى ئوبدان باشلىق ئىكەنلىكىنى، شۇغىنىسى ناباب ئادەملەرنى ئىش-لەتكەچكە، ئۇلار سىرتتا كۆز بوياmچىلىق قىلىپ، بېگىمنىڭ ياخشى نامىنى بۇلغاپ قويىدى، تۇتۇق بېگىممۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىدى، يەنە ئەرز - شىكايەت قىلىشىپتىغۇتاڭ. بەلكىم غەلۋە ئاۋۇپ كەتكەچكە، كېيىن بىرەر پالاكەت يۈز بەرمىسۇن دەپ، ئىشلارنى چارلاپ تۇرمىغان، دېگەن سەۋەب بىلەن مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ، ئىشنى يېنىكلەتمەكچى بولغان بولسا كې-رەك، دەيدۇ.

كۆپ ئۆتمەي، جيا جېڭ پايتەختكە كېلىپ، خان ھوزۇرىدا گۇناھىدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، قەسىرگە يېتىپ كېلىپ قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى، پەر-زەنت - جىيەنلىرى سالامغا كىرىشتى. جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەنچۈنىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

جيا جېڭ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ باۋيۈينىڭ مەڭزلىرى تولۇپ، سەمرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلمە-گەچكە، تۇرقىنى كۆرۈپلا كۆڭلى ناھايىتى خۇش بولدى، ئاندىن باۋچەينىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ تەمكىن، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قال-غانلىقىنى، جيا لەننىڭ ئەدەپلىك بالا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆ-رۈپ، خۇشاللىقىدا كۆڭلى تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. جيا خۇەن يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىرھازاغىچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، بىردىنلا يادىغا كېلىپ:

— نېمىشقا بۈگۈن بىر ئادەم كەم؟ — دەپ سوراپ قالدى.

ۋالڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ دەيىۋىنى ئەسلىگەنلىكىنى بىلدى، لېكىن تازا خۇشال بولغان چاغدا توغرىسىنى ئېيتىشقا ئوڭايسىز- لىنىپ: «ئاغرىپ قالدى» دەپلا قويدى. بىراق، باۋيۈىنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتى.

جيا جېڭ پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر ئۇنىڭغا هاردۇق سوراپ ئويۇن قويغۇ- زۇپ بەردى. زىياپەت بولۇۋاتقان كۈنى لەي دا شاپاشلاپ كىرىپ كەلدى - دە، جيا جېڭغا:

— تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىنىڭ باش سەركارى جاۋجۇن بېگىم زىيارەت قىلغىلى كەلدۇق، دەپ بىرنەچچە سىپاھ بەگلەر- نى باشلاپ كەپتۇ. بېگىم، غوجاملار بىلەن تېز ئالدىغا چىقسىلا، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان جيا جېڭ: «جاۋ ئاقساقال بىلەن باردى - كەلدىمىز يوق ئىدى، ئۇ نېمىشقا كەلگەندۇ؟ شۇ تاپتا مېهمان بار، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلسام ئەپلەشمەيدۇ، تەكلىپ قىلمىسام سەت بولىدۇ» دەپ خىيال سۈرۈپ قالدى. شۇ ئەسنادا، ئارا دەرۋازىدىكى خىزمەتكار كىرىپ:

— جاۋ بېگىم ئارا دەرۋازىدىن ئۆتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى. جيا جېڭ باشلىق كىشىلەر هاپىلا - شاپىلا ئالدىغا چىقىشتى. باش سەركار جاۋ بېگىم چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرغان هالدا، گەپ - سۆز قىلمايلا بەش - ئالتە سىپاھ بەگلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل ئايۋان سارايغا قاراپ ماڭدى. جيا جېڭ قاتارلىقلار هاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى.

جيا جېڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە گەپ ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، خىزمەتكار:

— شىپىڭ جۇنۋاڭ غوجام هەزرەتلىرى كەلدى، — دەپ هودۇقۇپ خەۋەر قىلدى. جيا جېڭ ئالدىراش - تېنەش ئالدىغا

چىقىشىغا، ۋاڭ غوجام كىرىپ كەلدى. باش سەركار جاۋ بېگىم ئالدىغا ئۆتۈپ سالام بەردى، ئاندىن:

— ۋاڭ غوجام يېتىپ كەپتۇ، بىللە كەلگەن بېگىملەر مەھكىمىسىنىڭ دورغىلىرىنى باشلاپ، ئالدى - كەينى دەرۋازىلارنى بېقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى. سىپاھ بەگلەر «خوش» دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. جيا جېڭ قاتارلىقلار بۇ ئىشتىن ياخشىلىق يوقلۇقىنى پەملەپ، دەرھال يۈكۈنۈپ تۇردى، شىپىڭۋاڭ ئۇنى ئىككى قوللاپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— يارلىقتا بىنائەن ئىش بېجىرىشكە كەلدۇق، جيا شې ئاقساقال يارلىقنى قوبۇل قىلسۇن، — دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ قويۇپ، — هازىر مېھمانخانىدا زىياپەت بولۇۋېتىپتۇ، مېھمانلارغا ئەپسىز بولارمىكىن. بۇ خانىدانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى كېتىپ، مەزكۇر خانىدانىنىڭ ئۆز كىشىلىرىلا قېلىپ قۇلاق سالسۇن.

ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرى بۇنى ئاڭلاپلا ئالدى- كەينىگە باقماي شامالدەك غۇيۇلداپ چىقىپ كېتىشتى، پەقەت جيا شې، جيا جېڭ قاتارلىقلار قورققىنىدىن رەڭگى تاتىرىپ، غال - غال تىترەپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن، بىرمۇنچە پاششاپ - دورغىلار كىرىپ ئىشىك - دەرۋازىلاردا تۇرۇۋېدى، قەسىردىكى يۇقىرى - تۆۋەن، ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ھېچقايسىسى بىر قەدەممۇ قىمىرلىيالماي قالدى. شىپىڭۋاڭ ئالدىرىماي:

— خان ئالىيلىرى كەمىنە ۋاڭغا تۇرقاۋۇللار مەھكىمىسىدىن جاۋ چۈەننى ئېلىپ، جيا شېنىڭ ئۆيۋاقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىق، دەپ يارلىق قىلدى، — دېدى. جيا شې قاتارلىقلار يەرگە دۈم يېتىشتى. ۋاڭ غوجام تۆرگە چىقىپ دېدى:

— خان ئالىيلىرى يارلىق قىلىدۇكى، جيا شې پايتەختتىن سىرتىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۈچىگە ئىشى-

نىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، خان ئاۋىلىرىنىڭ مەرھەمىتىدىن يەردە قويغانلىقى ئۈچۈن، مىراس مەنسىپىدىن قالدۇرۇلسۇن، يارلىق تامام.

— جىيا شېنى تۇتۇڭلار، قالغانلىرىنى پايلاپ تۇرۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى باش سەركار جاۋ چۈەن. ئۇ ئۆز مۇلازىمى ئارقىلىق سىپاھلارنى تولۇق چاقىرتىپ، دورغا - پاششاپلارنى باشلاپ ئۆيمۇئۆي يۇرۇپ تىنتىپ، دەپتەرگە تىزىملاپ چىقىشقا بۇيرۇدى. بۇ ۋەھىمىلىك گەپتىن جىيا جېڭ باشلىق ئۇلۇغ - ئۇششاقلار قورقۇپ كېتىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قېتىپ قېلىشتى، دورغا - پاششاپلار خۇشاللىقىدىن يەڭلىرىنى شىمايلاپ، تەرەپ - تەرەپتىن تۇتۇش قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، شىپىڭۋاڭ:

— ئاڭلىسام، جىيا شې ئاقساقال بىلەن جىيا جېڭ ئاقساقال بىر ئائىلە بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئالدىلىرىغا ئۆي تۇتقان ئىكەن. شۇڭا، يارلىققا بىنائەن جىياشېنىڭ تەئەللۇقاتلىرىنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك، باشقا ئۆيلەر پېچەتلەپ تۇرۇلسۇن، بىزگە خان ئاۋىلىرىدىن باشقا يارلىق چۈشكەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىنسۇن، — دېدى.

— ۋاڭ غوجامغا ئىلتىماس قىلىمەنكى، — دېدى باش سەركار جاۋ ئورنىدىن قوپۇپ، — جىيا شې بىلەن جىيا جېڭ مىراس بۆلۈشكەن ئەمەس، ئاڭلىساق، جىيەنى جىيا لىيەن باش غوجىدارلىق قىلىۋېتىپتۇ، شۇڭا جىمىسىنى تەكشۈرۈپ تىنتىمای بولمايدۇ.

بۇ گەپكە شىپىڭۋاڭ لام - جىم دېمىدى.

— جىيا لىيەن بىلەن جىيا شېنىڭ ئۆيلىرىنى كەمىنە چاكارلىرى باشچىلىق قىلىپ تىنتىپ چىقسام ئوبدان بولاتتى، — دېدى باش سەركار جاۋ.

— ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاۋۋال ئىچكىرى ھۇجرى-

لارغا خەۋەر يەتكۈزۈشلار، ئاپال خەقلەر ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋال-
سۇن، ئاندىن تىنتىساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى شىپىڭۋاڭ.
بۇ گەپ تۈگە - تۈگىمەيلا، جاۋ چۈەننىڭ مۇلازىم پاشاپ -
دورغىلىرى قەسىرنىڭ خىزمەتكارلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، تىنى-
تىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ماڭغانىدى، ۋاڭ غوجام:
— مەن ئۆزۈم تەكشۈرۈپ كۆرىمەن، — دەپ ۋارقىراپ
بۇيرۇق قىلدى، ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تاپىلىدى، —
مەن بىلەن كەلگەنلىرىڭ قىمىرلاشما، مەشەدە كۈتۈپ تۇرۇش،
كېيىن بىللە كۆزدىن كۆچۈرۈپ دەپتەرگە چۈشۈرىمىز.
گەپ ئۈستىگە تۇرقاۋۇللار سىپاھ بېگى كېلىپ تىزلىنىپ
مەلۇم قىلدى:
— ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن ئوردىغا خاس بىرمۇنچە ئېگىن
ۋە مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر چىقتى، قول تەگكۈزۈشكە پېتىنال-
ماي ھەزرەتلىرىدىن يوليۇرۇق سوراپ كەلدىم.
يەنە بىرقانچەيلەن كېلىپ:
— شەرقىي قازناقتىن ئىككى ساندۇق يەر - زېمىن ھۆج-
جەتلىرى چىقتى، يەنە بىر ساندۇق قەرز تىلخەتلىرىمۇ بار ئې-
كەن. جىمىسى قانۇنغا مۇخالىپ جازانە قويغان نەرسىلەر ئې-
كەن، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.
— نېمىدېگەن ئېغىر ئۆسۈم بىلەن جازانخورلۇق قىلىش
بۇ! — دېدى جاۋ بېگىم، — ئالا قويماي تىنتىش كېرەك! ۋاڭ
غوجام ھەزرەتلىرى، ئولتۇرغاچ تۇرسىلا، كەمىنە چاكارلىرى
جىمىسىنى تىنتىپ كېلەي، ئاندىن بىر تەرەپ قىلسىلا.
شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ كار بېگى كېلىپ:
— خان ئالىيلىرى بېيجىڭۋاڭنى يارلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن
ئالايىتەن ئەۋەتىپتۇ. ۋاڭ غوجام ئالدىغا چىققان بولسا، دەپ
خەۋەر يەتكۈزدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. باش سەركار جاۋ چۈەن
ئالدىغا چىقتى. بېيجىڭۋاڭ چوڭ مېھمانخانىغا كىرىپ بولغاند-

كەن، ئۇ تالاغا قاراپ تۇرۇپ:

— خان ئالىيلىرى يارلىق چۈشۈردى، تۇرقاۋۇللار مەھكە-
مىسىدىكى جاۋ چۈەن قولاق سالسۇن، — دەپ جاكارلىدى، —
يارلىق شۇكى، تۇرقاۋۇل سەركارى پەقەت جيا شېنى تۇتۇپ
كېلىپ سوراق قىلسۇن، قالغان ئىشلارنى يارلىق بويىچە شىپىڭ-
ۋاڭ بېجىرسۇن، يارلىق تامام.

شىپىڭۋاڭ يارلىقنى قوبۇل قىلىپ، خۇشال بولۇپ بېيجىڭ-
ۋاڭ بىلەن ئولتۇرۇشتى، باش سەركار جاۋ بەگ بۇيرۇق بويىچە
جيا شېنى ئېلىپ يامۇلغا قايتتى.

ئىچكىرىدە ئاختۇرۇپ تىنتىۋاتقانلار بېيجىڭۋاڭنىڭ كەلگەن-
لىكىنى ئاڭلاپ جىمىسى قايتىپ چىقىشتى ھەم باش سەركار جاۋ
بېگىمنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كەيپى ئۇچتى - دە، قول
باغلاپ تىك تۇرۇشتى. بېيجىڭۋاڭ پەقەت ئىككى نەپەر ئاق
كۆڭۈل سىپاھ بەگ بىلەن ئون نەچچە نەپەر ياشانغان پاششاپ-
دورغىنى تاللاپ ئېپقېلىپ، قالغانلىرىنى قوغلاپ چىقاردى.

— ۋاڭ غوجام جانابلىرى دەل ۋاقتىدا كېلىپ يارلىق
يەتكۈزدىلە، بولمىسا، بۇلارغا چوڭ تارتقۇلۇق كەلگەن بولا-
تتى، — دېدى شىپىڭۋاڭ.

— مەن دەرگاھتا جانابلىرىنىڭ يارلىق بويىچە جيا قەسىرى-
نى تىنتىشقا كەتكەنلىرىنى ئاڭلاپ، بۇلارغا قاتتىق شىكەستە
يەتمەس، دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولغانىدىم. جيا جېڭ ئاقساقال
بىلەن باۋيۈي نەدىدۇ؟ ئىچكىرىنى قانداق مالىمان قىلىۋەتكەندۇ؟

— جيا جېڭ قاتارلىقلار تۆۋەنكى ئۆيدە نەزەربەنت قىلىنىپ
تۇرىدۇ. ئىچكىرى ھۇجرىلار تىنتىلىپ ئوڭتەي - توڭتەي قىلى-
ۋېتىلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى كۆپچىلىك.

— جيا جېڭنى ئەكېلىڭلار، گەپ سورايمەن، — دەپ
بۇيرۇدى بېيجىڭۋاڭ. سىپاھ بەگلەر بۇيرۇققا بىنائەن جيا جېڭ-
نى ئەكەلدى. جيا جېڭ تىزلىنىپ تۇرۇپ ئىلتىپات تىلەپ،

كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. بېيجىڭۋاڭ خانىنىڭ يارلىقىنى ئۇ-نىڭغا بىر قۇر دەپ بەردى. جيا جېڭ مىننەتدار بولۇپ، پوتلىسىنى ئاققۇزۇپ، شىمالغا قاراپ خانىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۇر بىلدۈردى.

— تەقسىر جيا جېڭ، — دېدى ۋاڭ غوجام، — بايا جاۋ بېگىم بۇ يەردىكى چاغدا، پاشاپ - دورغىلار مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر ۋە ئېغىر ئۆسۈملۈك جازانە ھۆججەتلىرى چىققانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇنى يېپىش بىزگىمۇ تەس. بۇ مەنئى قىلىنغان نەرسىلەر ئەسلىدە خانىش ئۇچۇن تەييارلانغان بولغاچقا، ئېنىقىنى مەلۇم قىلىپ قويساقلا كارايىتى چاغلىق، پەقەت جازانە ھۆججەتلىرى توغرىسىدا بىرەر ئامال قىلىنسا ئوبدان بولاتتى. ئەمدى ئۆزلىرى سىپاھ بەگلەرنى باشلاپ جيا شېنىڭ مال - بىساتىنى راستى بىلەن تاپشۇرۇۋەتسىلە، ئىش تۈگەيدۇ.

— كەمىنە گۇناھكارنىڭ ئەمدى ھەددى ئەمەس، — دېدى جيا جېڭ، — ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆز ئۆيلىرىمىزدىكى نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ بولۇپ قالغان.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، جيا شېگە تەئەللۇق جىمىنى تاپشۇرساڭلار كۇپايە، — دېيىشتى ئىككى غوجام، ئاندىن سىپاھ بەگلەرگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قالايمىقان قىلماسلىقنى بۇيرۇدى.

جيا ئانا تەرەپتىمۇ ئاياللار زىياپەت قىلىشقانىدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم تەرەپتىن بىرى ۋارقىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى:

— يامان بولدى! ئۆتۈك، كۆلا كىيىشكەن نۇرغۇن باسمىچى كەلدى، ساندۇق - پاندۇقلارنى ئاختۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. جيا ئانا قاتارلىقلار بۇنى ئاڭلاپ داڭقېتىپ قالدى. ئارقىدىن پىڭئېر چاچلىرى چۇۋۇق، چياۋجيېنى يېتىلىگەن ھالدا يىغلاپ كىرىپ:

— چياۋجيپ بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرساق، خەقلەر لەي ۋاڭنى باغلاپ ئەكىردى. ئۇ: «تېز كىرىپ ئاغىچا خېنىملارغا خەۋەر قىلىڭ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسۇن، تالادا ۋاڭ غوجام خاندانىنى ئاختۇرغىلى كەپتۇ!» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ھۇجرىغا كىرىپ مۇھىم نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشقا تەمشەلسەم، بىر توپ كىشىلەر مېنى ئىتتىرىپ قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. بۇ ياقتىكى كىيىدىغان، سالىدىغان نەرسىلەرنى ئىلدام يىغىشتۇرسىلا! — دېدى. شىڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار قورقىنىدىن ئەرۋاھى ئۇچۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قېلىشتى. فېڭجيې دەسلەپتە كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، كېيىن بىردىنلا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. جيا ئانا بولسا، بۇ گەپنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ بولمايلا ياش - پوتلىسىنى ئاققۇزۇپ تېلىقىپ قالدى. شۇ تاپتا كىشىلەر ئۆينى بىر ئالغانىدى، يەنە بىر چوقان ئاڭلاندى:

— ئىچكىرىدىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى چەتكە ئالسۇن، ۋاڭ غوجام كىرىدۇ!

جياجېڭ بىلەن سىپاھ بەگلەر نەرسە - كېرەكلەرنى تىزىمغا ئېلىۋاتاتتى، شۇنىڭدەك رۇخگوگۇخغا ئىنئام قىلىنغان نەرسە - كېرەكلەر بىر - بىرلەپ دەپتەرگە ئېلىنىدى، يەر - زېمىن خەت - چەكلىرى، خىزمەتكارلارنىڭ تىلخەتلىرىمۇ يۆگەپ پېچەتلەندى.

— تىنتىلىپ چىققان تەئەللۇقاتلار ئىچىدە قەرز ھۆججەتلىرى بار ئىكەن، دېمەك جازانە قويۇلغانلىقى راست، — دېدى ئىككى ۋاڭ غوجام، — بۇنى زادى كىم قىلغان؟

بۇنى ئاڭلىغان جيا جېڭ يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇپ دېدى:

— كەمىنە گۇناھكار خادىملىرى ئائىلە ئىشلىرى بىلەن ھەقىقەتەن كارىم بولمىغان، بۇ ئىشلاردىن تامامەن خەۋىرىم يوق. كەمىنە گۇناھكار خادىملىرىنىڭ جىيەنى جيا ليەندىن سو-

رالسا مەلۇم بولاتتى.

— بۇ ساندۇقتىكى هۆججەتلەر پىقىر قۇللىرىنىڭ هۇجرىسىدىن چىقتى، بىلمەيمەن دېيىشكە نېمە هەددىم بولغاي؟ — دېدى جيا ليەن هاپىلا - شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — ۋاڭ غوجام هەزرەتلىرى، رەھىم قىلغايلا، بۇنىڭدىن پىقىرنىڭ تاغىسى بىخەۋەر.

— ئاتاڭ گۇناھقا تارتىلدى، بۇنى شۇ دېلوغا قوشۇپ سوراشقا توغرا كېلىدۇ، بۇگۈن تەن ئالغانلىقىڭمۇ ئورۇنلۇق ئىش بولدى. تەقسىر جيا جېڭ، پەخەس بولۇپ يارلىقنى كۈتكەيسىز، بىز بېرىپ خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىمىز، بۇ يەردە پاششاپدورغىلار قاراپ تۇرىدۇ، — دەپ قويۇپ، ئىككى ۋاڭ غوجام تەختىراۋانغا چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقتى. جيا جېڭ قاتارلىقلار ئارا دەرۋازىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ ئۇزاتتى. بېيجىڭۋاڭ قولىنى ئۇزىتىپ:

— خاتىرجەم بولغايسىز، — دېدى.

جيا جېڭنىڭ ئەس - هوشى ئەمدى ئورنىغا چۈشكەنىدى، جيا ليەن:

— چوڭ دادا، ئىچكىرىگە كىرىپ ئۇلۇغ ئانامنى يوقلاپ چىقسىلا بولاتتى، ئاندىن شەرقىي قەسىردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشسىلا بولارمىكىن.

جيا جېڭ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىگە ماڭدى. ئىشىك دەرۋازىدىكى ئاياللار نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ يۈرەتتى. جيا جېڭنىڭ سۈرۈشتۈرگۈسى كەلمەي ئۇدۇل جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كىردى. هەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋيۈي قاتارلىقلار جيا ئانىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئۈن - تىن چىقارماي جىم تۇراتتى. جيا جېڭنى كۆرۈپلا، هەممەيلەن:

— شۈكۈر! — دېيىشتى ۋە ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمغا، —

ئۇلۇغ بېگىم ساق ـ سالامەت قايتىپ كىرىپتۇ مانا، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم خاتىرجەم بولسىلا، — دېيىشتى. جىيا ئانىنىڭ تىنىقى ئۈزۈلەيلا دېگەنىدى، ئۇ كۆزىنى ئارانچە ئېچىپ:

— ئوغلۇم، سېنى ئەمدى كۆرەلمەسمەنمىكىن دەپتىكەنـ مەن! — دېدى ـ دە، ھۆڭگىرەپ يىغلاپ تاشلىدى.

جىيا جېڭ يارلىقنى كۆتۈپ تۇراتتى، تالادا بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈلدى، جىيا جېڭ چىقىپ قارىسا، جىياۋدا ئىكەن. ئۇنىڭـ دىن شەرقىي قەسىردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— مەن بۇ ئىلگىرى كەلمىگۈر غوجاملارغا ھەر كۈنى دېگۈـ دەك نەسىھەت قىلىپ كەلگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى جىياۋدا قاقشاپ ـ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۇلار تېخى مېنى كۈشەندىمىز، دەپ قاراپ كەلدى. ئەمدى كېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم! جىيا جېن بېگىم، جىيا رۇڭ غوجاملارنى ۋاڭ غوجام دېگەن بىرنېمە ئەكەتتى! ئىچكىرىدىكى ئايال خوجايىنلىرىمنى بىرنېمە مەھكىـ مىسىنىڭ دورغا ـ پاششاپلىرى بۇلاپ ـ تالاپ، چاچلىرىنى پاخپايتىپ، ھەممىسىنى بوش ئۆيگە سولاپ قويىدى. نەدىن بىـ لەي، بۇ يەرمۇ شۇنداق بوپتۇ، ئەمدى ماڭا جانىنىڭمۇ كېرىكى يوق، — ئۇ شۇنداق دەپلا بېشى بىلەن ئۇسۇپ كەلدى. جىيا جېڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك بولۇپ:

— تۈگەشتۇق، تۈگەشتۇق! — دېدى. شۇ ئارىدا، ئىچكىـ رىدىن «ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم بولالماي قالدى!» دېگەن ۋاڭ ـ چۇڭ ئاڭلاندى.

جىيا جېڭ ئالاقزادە بولۇپ ئىتتىك كىرىپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا تالادىن بىرىكىمنىڭ: «بېگىمنى تەكلىپ قىلىدۇ، ئورـ دىدىن خەۋەر كەپتۇ» دېگىنى ئاڭلاندى. جىيا جېڭ ئالدىراپ تالاغا چىقسا، بېيجىڭۋاڭ قەسىرىنىڭ باش دورغا بېگى كەلگەن ئىكەن.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدى دورغا بەگ كۆرۈشۈپلا.

جيا جېڭ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسەتتى.

— بىزنىڭ ۋاڭ غوجام شىپىڭ جۇنۋاڭ بىلەن دەرگاھقا كىرىپ خان ئالىيلىرىغا قايتا ئىلتىماس قىلغان، — دېدى دورغا بەگ، — جانابلىرىنىڭ خاننىڭ شەپقىتىگە ئېيتقان مىننەتدار-لىقلىرىنى مەلۇم قىلغان. خان ھەزرەتلىرى ئۆزلىرىگە بەكمۇ رەھىم قىلىپ ۋە خانىش يوەنچۇن خېنىمنىڭ تويۇقسىز ئالەمدىن كەتكىنىگە ئۇزاق بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزلىرىنى گۇناھلىق قىلىشقا رايى بارماي، ئىنشائات دىۋانىنىڭ قوشۇمچە چۆپدارلىقىدا قالدۇرۇشنى ئىلتىپات قىپتۇ. پىچەتلەنگەن جەمەت مۇلۇكلىرىدىن پەقەت جيا شېغا تەئەللۇقلىرىلا پادىشاھلىق خەزى-نىسىگە ئېلىنىپ، قالغانلىرى قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەن. تىنتىش-تا تېپىلغان قەرز پۇللارنىڭ ھۆججەت - خەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش بىزنىڭ ۋاڭ غوجامغا تاپشۇرۇلۇپتۇ. تەقىپكە خىلاپەن ئارتۇق ئېلىنغان پايدىنىڭ ھەننىۋاسى نىزامغا بىنائەن پادىشاھ-لىق خەزىنىسىگە ئېلىنىدىكەن، نىزامغا مۇۋاپىق ئۆسۈمنىڭ خەت - چەكلىرى ئۆي - جاي خەت - چەكلىرى بىلەن قوشۇپ پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بېرىلىدىكەن. جيا ليەن مەنسەپتىن ئېلى-نىپ، گۇناھى كەچۈرۈلۈپ قويۇپ بېرىلىدىكەن.

جياجېڭ بۇلارنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، خاننىڭ شەپقى-تىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ باش ئۇردى ھەم ۋاڭ غوجامنىڭ ھىممىتىگە تەزىم بىلەن رەھمەت ئېيتتى.

جيا جېڭ قايتىپ كەلدى، ئۇ ئىلدام جيا ئانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغان ئەھۋالنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. جيا ئانا خاتىر-جەم بولغان بولدى، بىراق ئاتا مىراس ئىككى مەنسەپنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقى، جيا شې بىلەن جيا جېننىڭمۇ ئىككى مەنسەپتىن قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، يەنە ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى.

جيا ئانا:

— ئاكاڭىنىڭ ھەم جيا جېن غوجامنىڭ دېلوسى بېكىتىلىپ بولغان بولسا ئۆيگە قايتىپ كېلەر؟ جيا رۇڭغا بىرەر ئىش بولمىغاندىكىن، ئۇمۇ قويۇپ بېرىلىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭدىن.

— مۇبادا، — دېدى جيا جېڭ، — قانۇن - قائىدە بويىچە بولسا، ئاكام ئۆيگە كېلەلمەيتتى. مەن كىشى قويۇپ، ئاكامنى جيەنىم بىلەن بىللە ئۆيگە كېلىپ يول جابدۇقى قىلىۋالسا، دەپ يەنە ئىچىدە ئىلتىجا قىلىۋېدىم، يامۇلدىكىلەر ماقۇل بولدى.

جيا ئانا غەمگە چۆكۈپ ئولتۇراتتى، جيا شې، جيا جېن، جيا رۇڭلار بىللە كىرىپ، جيا ئانىغا سالام بەردى. جيا ئانا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بىر قولىدا جيا شېنى، بىر قولىدا جيا جېننى تۇتۇپ، ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىمۇ يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يىغلاشتى.

جيا قەسرى تىنتىلغاندىن كېيىن خانىدانىنىڭ تىرىكچىلىكى مۇشكۇللەشتى، كىرىم چىقىمنى قامدىيالمايتتى، ئۆي - جابدۇقلار رەنىگە قويۇلدى، يەر - زېمىنلەر سېتىۋېتىلدى، قول- ئىلكىدە بارلارنى ئۆزلىرىنى نامراتلىققا سېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە باشقا يول ئىزدىگىلى چۈشتى.

## 32 - باب شى تۆرە ئاغىچىنىڭ ئۆمرى تۈگەپ ئاخىرەتكە يانغانلىقى

ياشىنىپ قالغان جيا ئانا رۇڭگۇ قەسرىگە كەينى - كەينىدىن كەلگەن بەختسىزلىكلەرگە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئۇ ئاخىر يىقىلدى. جيا ئانا ئىككى كۈن يېمەك - ئىچمەكتىن پەرھىز قىلدى، شۇنداق قىلسىمۇ، مەيدىسى چىڭقى-

لىپ، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ تۇراتتى. شۇڭ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار، فېڭجيې ۋە باشقىلار جيا ئانىنىڭ ئەھۋا-لىنى كۆرۈپ، جيا جېڭغا سالام ماڭغۇزۇۋەتتى. جيا جېڭ شۇ زامان كېلىپ سالام بەردى. ئۇ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسۇن، دەپ تېۋىپقا بۇيرۇدى. ئۇزاق ئۆتمەي تېۋىپ كېلىپ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، دورا يېزىپ بەردى. جيا جېڭ دورىنى ئوبدان قاينىتىپ ئىچكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇۋەتتى. ئۈچ كۈنگىچە جيا ئانىنىڭ كېسىلى ئانچە تۈزىلىپ كېتەلمىدى.

بىر كۈنى ھەممەيلەن جيا ئانىنىڭ قېشىدىكى چاغدا، باغ-نىڭ ئارا ئىشىكىگە قارايدىغان خىزمەتكار موماي كىرىپ:

— يېشىل پەنجىرىلىك ئىبادەتخانىدىكى مياۋيۈي بۇۋى ئۇ-لۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتايىتەن ئەھۋال سوراپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇ تولا كەلمەيتتى، بۈگۈن ئاتايىتەن كەلگەن بولسا، چاپسان چىقىپ تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كىرىڭلار، — دېيىشتى كۆپچىلىك. فېڭجيې كاتىنىڭ يېنىغا بېرىپ جيا ئانىغا مەلۇم قىلدى. مياۋيۈي بىر خىزمەتكارنى كەينىگە سېلىپ، شىپ - شىپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ، تىنچلىق سوراشتى. مياۋيۈي جيا ئانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ-دىن تىنچلىق سورىدى ۋە بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ قىلدى.

— سەن بۇدساتۋا بولغاندىكىن، قاراپ باققىنا، ساقىيالار-مەنمۇ - ساقىيالماسمەنمۇ؟ — دېدى جيا ئانا.

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرىدەك خەير - ساخاۋەتچى ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، — دېدى مياۋيۈي، — بىر ئاز زۇكام تېگىپ قالغان بولسا، بىرە دورا ئىچىۋەتسىلەلا ئوبدان بولۇپ قالىدىلا. ئۆزلىرى ياشىنىپ قالدىلا، كۆڭۈل - كۆكسىد-لىرىنى كەڭرەك تۇتسىلا.

مياۋيۈينىڭ گېپى تۈگىشىگە، جيا ئانا يۈەنياڭنى ئاشخاند-

ـدىكىلەرگە دەپ، بۇۋىمنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ساپ كۆكتاتـ
ـتىن بىر جوزا قورۇما تەييارلاشقا بۇيرۇدى.
— چۈشلۈك غىزالىنىپ بولدۇم، بىرنەرسە يېمەيمەن، —
دېدى مياۋيۈي.
— غىزا يېمىسىڭىزمۇ مەيلى، كۆپرەك ئولتۇرۇڭ، بىرـ
دەمـ يېرىمدەم پاراڭدىشىمىز، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم.
شۇنىڭ بىلەن مياۋيۈي ئۇلار بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ
ئولتۇرۇپ ماڭدى، ئۇنى شىچۈن ۋە باشقىلار ئۇزىتىپ چىقتى.
جيا ئانىنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتـ
ـتى، ھەرقانچە داۋالانسىمۇ شىپالىق تاپمىدى. جيا جېڭ يامۇلغا
ئۆزىنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى دەررۇ خەۋەر قىلغۇزۇۋېتىپ، ۋاڭ
ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۆزى ئۇدا ئۈچ كۈن جيا ئانىنىڭ يېنىدا
بولدى.
جيا ئانىنىڭ كېسىلى بارغانچە ئېغىرلىشىپ كەتتى، بىرـ
دىن شياڭيۈن ئېسىگە كېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە ئادەم
بۇيرۇتتى. بېرىپ كەلگەن ئادەم جىمجىتلا يۈەنياڭنى ئىزدىدى.
يۈەنياڭ ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ قېشىدا ئىدى، ئۇ خۇپۇنى
تېپىپ:
— شياڭيۈن قىز يىغلاۋېرىپ ھالى قالماپتۇ، كۈيئوغۇل
ئۇشتۇمتۇت قاتتىق كېسەل بولۇپ قاپتىكەن، تېۋىپ كۆرۈپ
ساقىيالماسمىكىن، دەپتىمىش. شۇ ۋەجىدىن شياڭيۈن قىز
تەشۋىش ئىچىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ ئاغرىپ
قالغىنىدىنمۇ خەۋەر تاپتى، بىراق يوقلاپ كېلەلمەيدىغان ئوخـ
ـشايدۇ. ناۋادا ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سوراپ قالسا، باشقىچىرەك
دەپ يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دېدى. خۇپۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ،
باشقا گەپ قىلمىدى ـ دە، جيا ئانا ياتقان كاتنىڭ ئالدىغا
كەلدى، جيا ئانىنىڭ رەڭگىرويى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەنـ
ـدى. ئۆي ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. جيا جېڭ جيا ليەننى

ئاستا يېنىغا چاقىرىپ، قولىقىغا بىرنەچچە ئېغىز پىچىرلىدى، جيا لىيەن ئاستا «خوپ» دەپ يېنىپ چىقىپ، خانىداندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتتى ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى تەييارلاشقا بۇيرۇدى. لەي دا قاتارلىقلار «خوپ» دېيىشىپ، ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

جيا لىيەن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ، فېڭجيېنىڭ كىيىم يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقاندا ماغدۇرىدىن كېتىپ كاڭدىكى شىرەگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. جيا لىيەن:

— ئەمدى سەن ياتالماسسەنمىكىن. ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇگۈن، ئەتىلىكىلا قاپتۇ، سەن بولماي بولامدۇ؟ چىشىڭنى چىشلە، — دېدى.

— سىز ئاۋۋال بېرىپ تۇرۇڭ، بېگىم ئىزدەپ قالمىسۇن، ئۇستىۋېشىمنى يەڭگۈشلەپلا بارىمەن، — دېدى فېڭجيې.

جيا لىيەن ئاۋۋال جيا ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئاستا جيا جېڭغا ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشنى ئىدىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. جيا جېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شۇ ئەسنادا تالادىن بىرى كىرىپ، خانلىق شىپاخانىنىڭ تېۋىپى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. جيا لىيەن ئالدىغا چىقىپ تېۋىپنى باشلاپ كىردى. تېۋىپ بىرقۇر كۆرۈپ يېنىپ چىققاندىن كېيىن، جيا لىيەنگە:

— ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىمنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشى ياخشى ئەمەس، پەخەس بولۇڭلار، — دېدى. جيا لىيەن بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويدى. يۇەنياڭ تەييارلىق قىلىشقا چىقىپ كەتتى.

جيا ئانا كۆزىنى ئېچىپ چاي تەلەپ قىلدى، شىڭ ئاغىچا خېنىم بىر پىيالە ئادەمگىياھ شەربىتى ئەكەلدى. جيا ئانا:

— بۇ كېرەك ئەمەس، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرىڭلار، — دېدى. بېشىدا تۇرغانلار ئالدىراش چاي كەلتۈرۈشتى. جيا ئانا چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ كۆڭلى سەل ئېچىلىپ قالغاندەك بول-

دى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ مۇڭلۇق دېدى:
— سىلەرنىڭ خانىدانىڭلارغا كەلگىنىمگە ئاتمىش يىلدىن ئاشتى، دۆلەتنىمۇ تازا كۆردۈم. بەگ ئاتاڭلاردىن تارتىپ ئوغۇل-لار، نەۋرىلەرگىچە ھەممىڭلاردىن رازىمەن. باۋيۇيىنى جېنىمدىن-مۇ ئەزىز كۆردۈم.
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۇيىنى ئېتتى-رىپ، كاتىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. جيا ئانا يوتقاندىن قولىنى چىقىرىپ باۋيۇيىنى تارتتى ۋە:
— بالام، سەن ئەمدى شان - شەۋكەت تاپساڭ بولىدۇ! — دېدى. باۋيۇيىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاي دەپ تۇراتتى. جيا ئانا يەنە:
— لىيەنئېر ئوغلۇم نەدە؟ — دېدى. لى ۋەنمۇ جيا لىيەننى ئالدىغا چىقىرىپ قويدى. جيا ئانا باۋيۇيىنى قويۇۋېتىپ، جيا لىيەننى ئالدىغا تارتتى ۋە:
— سېنىڭ ئاناڭ ۋاپادار ئايال، كەلگۈسىدە چوڭ بولۇپ يۈز تاپقاندا ئاناڭغا دۆلەت كۆرسەت، فېڭجيې قىز قېنى؟ — دېدى.
— مانا مەن، — دېدى فېڭجيې.
— قىزىم، — دېدى جيا ئانا، — سەن ئاجايىپ ئەقىللىق بالا، كېيىن ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغىن! شياڭيۈن قىز نېمىشقا مېنى كۆرگىلى كەلمەيدۇ؟
بۇنىڭ سەۋەبىنى يۇەنياڭ قاتارلىقلار بىلەتتى، ئەمما ھېچ-قايسىسى لام - جىم دېمىدى. جيا ئانا باۋچەيگە قاراپ بىر ئۇھسىندى، ئاندىن كۆزىنى بىردەم يۇمدى، كېيىن يەنە ئې-چىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى - دە، چىرايى كۈلۈمسىرىگەندەك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ سەكسەن ئۈچ ياش ئۆمۈر كۆردى.
رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھازا ئاچتى. خانىدا-نىڭ كاتتىلىرىدىن تارتىپ خىزمەتكارلىرىغىچە ھەش - پەش

دىگوچە قارىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بولدى.

جىيا جېڭ مۇسىبەتنى مەلۇم قىلدى. مەرىپەت دىۋانى دەرگاھقا خەۋەر يەتكۈزدى. خان ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، خانىش يۈەنچۈننىڭ چوڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى ۋە ماتەم مۇراسىمىغا مەرىپەت دىۋانى ئىگە بولسۇن، دەپ ئەمر قىلدى. ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەر جىيا خانىدانىنىڭ سۇنۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، خان ھەزرەتلىرىنىڭ كاتتا ئىلتىپات قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، جىممىسى پاتىھەگە كېلىشتى. شۇ چاغدا، يۈەنياڭ قىزنىڭ ئۆز غوجىسىغا تەسەددۇق بولۇپ غايىب ئالەمگە چىقىپ كېتىپ، ياخشى ئاتاق ئالىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان!

جىيا شې بولمىغاچقا، مۇسىبەتكە جىيا جېڭ باش بولدى. باۋيۈي، جىيا خۈەن، جىيا لىەنلەر ئۆز نەۋرىسى ھەم كىچىك ئىدى، ئۇلار مېيىتقا ھەمراھ بولۇپ تاۋۇت يېنىدا تۇردى. جىيا لىەن نەۋرە بولسىمۇ، جىيا رۇڭ بىلەن بىللە خىزمەتكارلارنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كەلدى. ئىچكىرىنىڭ ئىشلىرىنى فېڭجيې كېسەل تۇرۇپ چىشىنى چىشىغا چىشلەپ تۇرۇپ باشقۇردى. مېيىت ئۆزىتىش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتى، جىيا ئانىنىڭ مېيىتى تېيلەن ئىبادەتخانىسىغا ئۆزىتىلىپ، كېلەر يىلى جەنۇبقا يۆتكەپ كېتىلىدىغان بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى رەسمىي يوسۇن بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 33 - باب باۋيۈينىڭ تۇنجى ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتكەندىن كېيىن دۇنيانى تەرك ئەتكەنلىكى

جىيا جېڭ جىيا ئانىنىڭ مېيىتىنى جەنۇبقا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، ئالدىنقى سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەر چۈشكەن كېمىلەرگە

دۆچ كېلىپ قېلىپ، دەريا يولى قىستاڭچىلىق بولغاچقا، تېز-رەك يۈرەلمەي ئىچى تىتىلداپ كەتتى. ئۇ يول خىراجىتىنىڭ ئۆكسۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېسابلاپ، نائىلاج لەي شياڭرۇڭغا ھاجىتىمنى قامداش ئۈچۈن بەش يۈز سەر كۈمۈش ئۆتنە قىلىپ ئالدىمغا ئەۋەتكۈزۈپ بەرگىن، دەپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، جيا جېڭنىڭ كېمىسى ئون نەچچە چاقىرىملا يول باسالىدى. ھېلىقى خىزمەت-كار قايتىشىدا يولدا ئۇچراپ، كېمىگە چىقىپ لەي شياڭرۇڭ-نىڭ مەكتۇپىنى سۇندى. مەكتۇپتا بىرمۇنچە قاقشاپ ئەھۋال ئېيتىپ ئەللىك سەر كۈمۈش تەييارلىغانلىقى مەلۇم قىلىنغان-دى. جيا جېڭ قاتتىق خاپا بولۇپ شۇ زامات خىزمەتكارنى بۇيرۇدى:

— دەرھال قايتۇرۇۋەت، بولدى، ئۇ جوۋۇمايلا قويسۇن.

لەي شياڭرۇڭ مەكتۇپ بىلەن كۈمۈشنى قولىغا ئېلىپ، كۆڭلى بىئارام بولدى، قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ يەنە يۈز سەر قوشۇپ، كەلگەن كىشىگە مۇشۇنى ئېلىپ كېتىشنى ۋە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ھېلىقى ئادەم بۇنى ئالماي كېتىپ قالدى. لەي شياڭ-رۇڭ دەرھال ئۆيىگە خەت يېزىپ، بۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلدى ۋە ئىلاج قىلىپ ئىجازەت سوراپ، مەنسەپتىن ئۆزىنى ئاجرىتىۋېلىشنى تاپىلىدى. شۇ ۋەجىدىن لەي دالار ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا جيا چياڭ، جيا يۈنلەرنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن شەپقەت تىلىدى.

بىر كۈنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم پەرىشان بولۇپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا جيا ليەن كىرىپ كەلدى ـ دە، سالام بېرىپ، مۇنداق مەلۇم قىلدى:

— چوڭ دادام ئەۋەتكەن بىر كىشى بىر پارچە خەت ئەكەپ-تىكەن، تالادىكى بىرى ئەكىرىپ بەردى. خەتنى ئانام ئالدى،

ئۇ خەتنى ئانامغا سۇنۇپ بەر، دەپ مەندىن ئەۋەتتى.

ئۇ شۇنداق دەپ خەتنى سۇندى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم لىپاپنى يىرتىپ خەتنى ئالدى، خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

«يېقىندىن بېرى يول بويى دېڭىز ساھىلىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتقان لەشكەر كېمىلىرى ئۆتۈۋاتقانلىقى ۋەجىدىن تېز ماڭالمىدۇق. تەنچۈن خانقىزنى قېيناتىسى ۋە كۈيوسى بىلەن پايتەختكە كېلىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. بۇ توغرۇلۇق سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ جىيەنىمىز جيا لىيەننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاكامنىڭ ساقىسىز بولۇپ قالغانلىقىدىن ۋاقىپلاندىم، بۇ ھەقتىمۇ ئېنىق خەۋەر تاپتىڭلارمۇ؟ باۋيۈي، جيا لىيەنلەرنىڭ ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، ئىخلاس بىلەن ئىجتىھات قىلىسۇن، ھۇرۇنلۇق قىلمىسۇن. ئۇلۇغ ئانىمىزنىڭ جەسىتىنى يەنە بىرنەچچە كۈن يول ماڭساق يۇرتقا يەتكۈزىمىز، ئۆزۈم تىنچ- ئامان كېتىۋاتىمەن، ئەندىشە قىلماڭلار.

بۇ مەكتۇپتىن باۋيۈي ۋە ھەممىڭلار ۋاقىپ بولغايسىلەر.

... ئاينىڭ ...نىنچى كۈنى يېزىلدى.»

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، جيا لىيەنگە قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

— باۋيۈي تاغاڭغا كۆرسىتىپ بولۇپ ئاناڭغا قايتۇرۇپ بەر، — دېدى.

شۇ گەپ ئۈستىگە لى ۋەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار سالام بېرىپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا لىيەنگە خەتنى ئاپىسىغا بېرىشنى بۇيرۇدى.

— ئۈچىنچى خانقىزنىڭ ياقا يۇرتقا ياتلىق بولغىنىغا خېلى يىللار بولدى، زادىلا كېلىپ باقمىغانىدى. ئەمدى پايتەختكە قايتىدىغان بوپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ خېلى تىنىدىغان بولدى، خېنىم، — دېدى لى ۋەن خەتنى كۆرۈپ. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم:

— يۇرىكىم ئاغرىپ تۇراتتى، تەنچۇن قىزنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىزە ياخشى بولۇپ قالدىم، بىراق قاچان كېلەركىنتاك؟ — دېدى.

— ئاكاڭ كۆردىمۇ؟ — دەپ سورىدى لى ۋەن جيا ليەندىن، — ئىمتىھان مەزگىلى يېقىنلىشىپ قالدى. چوڭ داداڭ سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەۋاتقان ئوخشايدۇ، چاپسان ئاپىرىپ ئىككىنچى تاغاڭغا كۆرسەت.

جيا ليەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خەتنى كۆتۈرۈپ باۋيۈينىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

باۋيۈي «كۆز سۈيى» دېگەن ئەسەرنى سىنچىلاپ ئوقۇۋاتاتتى. باۋچەي ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، ئۇنىڭ گەپ - سۆز قىلماي ھۇزۇرلىنىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىغا كېلىپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئوبدانراق ئىجتىھات قىلىڭ، پىكىر- خىيالىڭىزنى يىغىڭ. ئىمتىھاندا بىرەر دەرىجىگە ئۇلىشىۋالغاندىن كېيىن توختاپ قالسىڭىزمۇ مەيلى، شۇ چاغدا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ھەم ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ھىممىتىنى يەردە قويمىغان بولىسىز.

— ئىمتىھاندا بىرەر دەرىجىگە ئۇلىشىۋېلىشقۇ ئانچە تەس ئىشمۇ ئەمەس، — دېدى باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ، — شۇنىسى، «شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالسىڭىز» ، «تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ھىممىتىنى يەردە قويمىغان بولىسىز» دېگەنلىرىڭىزگە كەلسەم، يەنىلا شۇ كونا مۇقام!

باۋچەي جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، سىرتتا بىركىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى ۋە پەنجىرىنىڭ تېشىدىلا:

— تاغام ئۆيدىمىكىن؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. باۋيۈي جيا ليەننىڭ ئاۋازىنى تونۇدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن:

— كىرىۋەر، — دېدى. جيا ليەن كىرىپ ئوچۇق چىراي بىلەن باۋيۈي، باۋچەيلەرگە سالام بەردى، ئاندىن خەتنى باۋيۈيگە سۇندى.

— ئۇچىنچى خانىئاچاڭ قايتىپ كېلەمدىكەن؟ — دېدى باۋيۈي خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ.

— چوڭ دادام شۇنداق دەپ يازغاندىكىن، ئەلۋەتتە قايتىپ كېلەر، — دېدى جيا ليەن. باۋيۈي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۆڭلىدە بىرنېمىنى ئويلىغاندەك قىلدىيۇ، ئۈنچىقمىدى.

— كۆرگەنسىز، تاغا، — دەپ سورىدى جيا ليەن، — چوڭ دادام خەتنىڭ ئاخىرىدا بىزنى ئوبدان ئوقۇسۇن، دەپ يېزىپتۇ. تاغا، مۇشۇ ئارىدا ھەرقاچان ماقالە يازالمىغانسىز؟

— مەنمۇ نام - شۆھرەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر-نەچچە پارچە ماقالە يېزىپ قولۇمنى پىشۇرۇۋاتىمەن، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— ئۇنداق قىلماقچى بولسىڭىز، — دېدى جيا ليەن، — بىرنەچچە تېما تۈزۈپ چىقساق، مەنمۇ سىزگە ئەگىشىپ يېزىپ باقاي، ئىمتىھان بېرىپ بېقىشقا پايدىسى بولار. ۋاقتى كەلگەندە ئىمتىھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرۇپ خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قال-مايلى يەنە. ئۇ چاغدا خەقلەر مېنىلا مەسخىرە قىلماس، سىزنى-مۇ مەسخىرە قىلار، تاغا.

— سەن ئۈنچىلىك دەرىجىدىمۇ ئەمەس، — دېدى باۋيۈي. شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا، باۋچەي جيا ليەنگە ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. جيا ليەن يېنىچە ئولتۇردى، ئىككىيلەن ماقالە ئۈستىدە بىردەم سۆزلىشىۋېدى، ئىختىيارسىز خۇش بولۇشۇپ چىرايلى-رى ئېچىلىپ كەتتى. باۋچەي ئۇلارنىڭ خۇشال - خۇرام سۆزلە-شىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

جيا ليەن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋيۈي شېيۈ بىلەن چيۈۋېن قاتارلىق چۆرە قىزلارغا ئېتىكاپخانىنى يىغىشتۇرۇۋې-

تىپ، مەشھۇر كىتاب ۋە رىسالىلەرنى ئاچىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇ بۇ ئەسەرلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇردى. باۋچەي بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. باۋيۈي بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپمۇ باقمايتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمدىن ئەھۋال سو- راشقا ھەر كۈنى خىزمەتكارىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ تەسكىن تاپقانلىق كەيپىياتىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايتتى.

ئىمتىھان ۋاقتىغا بىرنەچچە كۈنلا قالغانىدى، باشقىلار بۇ چوڭ ـ كىچىك ئىككى غوجىنى ماقالىنى ئوبدان يېزىپ، ئىمتى- ھاندا ئالدىنقى قاتاردا ئۆتسىكەن، دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى. باۋ- چەيگە بولسا، باۋيۈي دەرستە ياخشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋزايىدىن بىلەر- بىلمەسلىكىنىڭ ئارىلىقىدا باشقىچە بىر خىل سۆرۈنلۈك باردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق تېز ھەم بەكمۇ ياخشى تۈزىلىپ كەتكەچكە، ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەي، بۇنىڭدىمۇ بى- رەر سىر بولمىسۇن، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

ئىمتىھانغا كىرىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، باۋچەي بىر تەرەپتىن شىرىن ئارقىلىق چۆرىلەر بىلەن سۈيۈن قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ ئىككى غوجىنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى ئوبدان ھازىرلاتقۇزدى، ئۆزىمۇ تۆپىلەپ بىرقۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەق- مۇتەق قىلدۇرۇپ قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى كېلىپ لى ۋەن بىلەن بىرلىكتە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمغا مەلۇم قىلىپ ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ قىستاڭچىلىقىدا سوقۇلۇپ كېتىپ قالمى- سۇن دەپ، خانىدانىدىكى ئۆزىنى توختاتقان غوجىدارلاردىن تال- لاپ، بىرنەچچە كىشىنى ئارتۇقراق تەييارلاپ قويدى.

ئەتىسى باۋيۈي بىلەن جيا لەن نىمكەشرەك كىيىملىرىنى كىيىشىپ، خۇشال ھالدا بۇياققا ئۆتۈپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن كۆرۈشتى.

— سىلەر ئىككىڭلار، — دەپ تاپىلىدى ۋاڭ ئاغىچا خې-
نىم، — تۇنجى قېتىم ئىمتىھان بېرىشكە كېتىۋاتىسىلەر. شۇ
بويۇڭلارغا يەتكۇچە مەندىن بىر كۇنمۇ ئايرىلمىغان. مېنىڭ
يېنىمدا بولمىغان چاغلىرىڭلاردىمۇ چۆرەڭلەردىن دېدەكلەر، كې-
لىنلەر نېرى بولمايتتى، بىرەر كېچىمۇ يالغۇز ياتقان ۋاقتىڭلار
يوققۇ؟ ھازىر ئۆزۈڭلەرلا يېگانە - يالغۇز كىرىپ كېتىۋاتىسى-
لەر، يېنىڭلاردا ئۇرۇق - تۇغقىنىڭلار يوق، ئۆزۈڭلەرنى ئاس-
راڭلار! ئىمتىھاندا ماقالىنى بالدۇر يېزىپ بولۇپ، چىقىپلا
خىزمەتكارلارنى تېپىڭلار. بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ، ئاناڭلار-
نىمۇ، كېلىنلەرنىمۇ خاتىرجەم قىلىڭلار.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم شۇنداق دەۋېتىپ، بىردىنلا كۆڭلى
بۇزۇلدى. جيا لىيەن ھەربىر ئېغىز گەپكە «خوش» دەپ تۇردى،
باۋيۈي بولسا زۇۋان سۇرمەي تۇرۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم سۆزنى
تۈگەتكەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە كۆ-
زىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ، ئۈچ مەرتىۋە باش ئۇردى.

— ئانا، — دېدى ئۇ، — مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغانلىقلىرى
ئۈچۈن لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم. مۇشۇ ئىمتىھاندا كۆڭۈل
قويۇپ يارامىلىق ماقالە يېزىپ ئوبدان ئۆتۈپ جۈرېنلىككە ئېرى-
شەلىسەم، شۇ چاغدا ئۆزلىرىنى خۇش قىلالارمەن، كەمىنە پەر-
زەنتلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك قەرزىمۇ ئادا بولار، ھاياتىمدىكى ناچار
يەرلىرىمۇ يېپىلىپ كېتەر.

— شۇنداق نىيىتىڭ بولسا، ئەلۋەتتە ياخشى، — دېدى ۋاڭ
ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۆڭلى بۇزۇ-
لۇپ، — ئەپسۇسكى، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم سېنى كۆرەلمەي
كەتتى - دە! — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ باۋيۈينى
تارتتى. باۋيۈي بولسا، تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇر-
غىلى ئۇنىمىدى.

لى ۋەن ئاغىچا خېنىم بىلەن ئۇنىڭ شۇنچىزا بولۇپ كېتى-

ۋاتقىنىغا قاراپ، بىرىنچىدىن، باۋيوۋىنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىككىنچىدىن، بۇ ئەھۋالنى ئانچە ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ئىلدام ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئاغىچا خېنىم، بۇ تازا خۇشاللىق ئىش تۇرسا، نېمىشقا بۇنداق كۆڭۈللىرىنى بۇزىدىلا؟ يەنە كېلىپ باۋيوي ئۇكام يېقىندىن بېرى ياخشى ـ يامانىنى خېلى ئايرىپ ناھايىتى ۋاپادار بولۇپ قالدى، ئوقۇشقىمۇ ئىجتىھات قىلىۋاتىدۇ. جىيەنىنى باشلاپ بېرىپ، ماقالىنى ئوبدان يېزىپ بېرىپ بالدۇرراق يېنىپ كەلسە، ئۇلۇغ بېگىم بىلەن ئىككىلىرى خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرسىلا بولدى، — دېدى ۋە باۋيوينى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

باۋيوي بۇرۇلۇپ لى ۋەنگە تەزىم بېرىپ، مۇنداق دېدى:

— خاتىرجەم بولسىلا، يەڭگە! جىيەنىم بىلەن ئىككىمىز ئىمتىھاندىن جەزمەن ئۆتىمىز. كېيىنكى كۈندە جيا لەن تېخى يارامىلىق كاتتا ئادەم بولىدۇ، ئۆزلىرى تاج ـ يېپىنچا كىيىدىلا تېخى.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى لى ۋەن كۈلۈپ، — شۇنداق بولسىغۇ...، — شۇ يەرگە كەلگەندە ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ قويماي دەپ، گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— ياخشى ئوغۇل بولۇپ، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ سالغان ئۈلىنى داۋام ئەتتۈرسىلە، — دېدى باۋيوي كۈلۈپ، — ئاكام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىسىمۇ ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدۇ.

لى ۋەن خېلى ۋاق بولۇپ قالغىنىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشۋەرگۈسى كەلمەي، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا بولدى قىلدى.

شۇ تۇرقىدا، باۋچەي ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ قېتىپلا قالغانىدى. باۋيوينىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەرلا شۇم گەپلەر بولۇپ قالماستىن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن لى ۋەننىڭ قىلغان

ھەربىر ئىغىز گېپىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ئىدى، بىراق باۋچەي كۆز يېشى قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ لام - جىم دېمەي تۇراتتى. باۋيۈي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم بەردى. باشقىلار ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۇقالمايتتى، يا زاڭلىق قىلىپ كۇلۇۋېتىشكە پېتىنالمايتتى. شۇ ئەسنادا باۋچەينىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەجەبلەندى. يەنە كېلىپ باۋيۈي مۇنداق دېدى:

— ئاچا، مەن كېتىدىغان بولدۇم، سىز خان ئانامنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قىلىپ، مەندىن خۇش خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇڭ!

— ۋاق بولۇپ كەتتى، — دېدى باۋچەي، — بۇنداق يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— زەپمۇ سۆيلەپ كەتتىڭىز مېنى، مېڭىش ۋاقتى بولغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن! — دېدى باۋيۈي، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ كۆپچىلىككە قارىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شىچۈن بىلەن زىجۈەنلا يوق ئىدى.

— تۆتىنچى سىڭلىم بىلەن زىجۈەن ئاچامغا مەن ئۇچۇن ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ ئىككىسى بىلەن ھامان كۆرۈشىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ گەپلىرى كۆپچىلىككە بىر ھېسابتا ئورۇنلۇقتەك، بىر ھېسابتا ئېلىشماقتەك ئاڭلاندى. كۆپچىلىك ئۇنى ئەزەلدىن ئۆيدىن يىراق يەرگە بارمىغان، بايىقى گەپلەرنىڭ چىقىشىغا ئاغىچا خېنىمنىڭ قىلغان گەپلىرى سەۋەب بولدى، ئالدىرىتىپ بالدۇرراق ماڭدۇرۇۋەتسەكلا ئىش تۈگەيدۇ، دېيىشىپ:

— تالادىكى كىشىلەر سىلىنى ساقلاپ قالدى، مۇنداق تۇرۇۋەرسىلە كېچىكىپ قالىدىلا، — دېدى.

— ماڭدىم، ماڭدىم! — دېدى باۋيۈي ئاسمانغا قاراپ

قاقاقلاپ كۇلۇپ، — چاتاق سالماي! ئىش تۇگىسۇن!

— چاپسان ماڭسىلا، — دېدى كۆپچىلىكمۇ كۇلۇشۇپ، پەقەت ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بىلەن باۋچەي ئانا ـ بالا ئىككىسىلا گويا ئۆلمەي تىرىك ئايرىلغاندەك بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. باۋيۇي بولسا، گوياكى مەج-نۇنلاردەك كۇلگەن، ھىجايغان پېتى تالاغا ماڭدى.

باۋيۇي بىلەن جيا لىەننىڭ ئىمتىھاندىن يېنىش ۋاقتى بو-لۇپ قالغان ئىدى، شۇڭا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۇتۇپ تۇراتتى. چۇش پېشىنگىچە يولىغا قارىغان بولسىمۇ، ئۇلار قايتىپ كەلمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، لى ۋەن، باۋچەيلەر تىت ـ تىت بولۇشۇپ، ئۇقۇشۇپ باقسۇن، دەپ قونالغۇغا ئادەم ئەۋەتىۋىدى، ئۇچۇرىنى بىرىش تۇگۇل، ئۇلار-نىڭ ئۆزلىرىمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۇچەيلەننىڭ يۇرەكلىرى خۇددى مايدا قورۇلغاندەك كاۋاپ بولاي دېدى.

كەچقۇرۇنلۇقى بىرى كىرىپ كەلدى، ئۇ جيا لىەن ئىدى.

— باۋيۇي تاغاڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى ھەممىسى.

— تاغام يىتۇپ كەتتى! — دېدى جيا لىەن سالام بېرىشكە-مۇ ئۇلگۇرەلمەي يىغلاپ. ۋاڭ ئاغىچا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، داراڭڭىدە ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، سەيىۇن قاتارلىقلار كەينىدىن يۆلەپ، جېنىنىڭ بېرىچە قىچقىرىپ يۇرۇپ ھوشىغا كەلتۇردى. ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. باۋچەي چەكچەيگىنىچە قېتىپلا قالدى، شىرېن قاتارلىقلار بولسا، يىغلاپ ئادا بولاي دېدى.

— ھوي كالۋا! — دەپ تىل سالدى جيا لىەنگە ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ، — سەن تاغاڭ بىلەن بىللە تۇرساڭ، ئۇ قانداق يىتۇپ كېتىدۇ؟

— تاغام بىلەن قونالغۇدا ئاش ـ غىزانى بىللە يەپ، بىر يەردە ياتقان، — دېدى جيا لىەن، — ئىمتىھان مەيدانىغا كىر-

گەندىمۇ ئارىلىقىمىز ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، ھەمىشە بىللە ئىدۇق. بۈگۈن ئەتىگەندە تاغام ئىمتىھان قەغىزىنى بۇرۇنلا يېزىپ بولۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئىككىمىز بىللە كىرىپ قەغەزنى تاپشۇرۇپ بىللە يېنىپ چىقتۇق، «ئەجدىھا دەرۋازىسى» دىكى قىستاڭچىلىقتا كەينىمگە قارىسام يوق تۇرىدۇ. خانىداندىن بىزنى ئالغىلى بارغان ئادەملىرىمىزنىڭ جىمىسى مەندىن سورىدى، لى گۈيمۇ، كۆرگەنتىم، ئارىلىقىمىز نەچچە ماڭدامىلا ئىدى، بىر قىستاقتىلا يوقاپ كەتتى، دېدى. شۇ زامان لى گۈي قاتارلىقلارغا تەرەپ- تەرەپتىن ئىزدەتتىم، ئۆزۈممۇ ئادەم باشلاپ كىرىپ جىمى ھۇجرىنى ئالا قويماي ئىزدىدىم، ھېچيەردىن تېپىلمىدى، شۇڭا ئەمدى كېلىشىم.

ۋاڭ ئائىچا خېنىمنىڭ يىغلاۋېرىپ ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەس بولۇپ قالدى، باۋچەينىڭ كۆڭلىگە تولۇق ئايان بولدى، شىرېن يىغىدىن بۆلەكنى بىلمەيتتى. جيا لىيەنمۇ ھارغان - چارچىغىنىغا قارىماي يەنە ئىزدىمەكچى بولۇۋېدى، ۋاڭ ئائىچا خېنىم:

— بالام، تاغاڭنىڭ يىتۈپ كەتكىنىگە چىدالمايۋاتقىنىمىزدا، سېنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالمايلى، جېنىم بالام، چىقىپ ئارام ئال، — دەپ توسۇپ قويدى. جيا لىيەن ئۇنىڭغا ئۇنامتى؟ يۇشىلار تىنماي يالۋۇرۇپ نەسىھەت قىلاتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە سىچۈنلا كۆڭلىدە بىلىپ بولغانىدى، بىراق ئاغزىدىن چىقىرىشنى ئەپ كۆرمەي:

— ئاكام قاشتېشىنى ئېلىپ كەتكەنمىدى؟ — دەپ سورىدى باۋچەيدىن.

— ئۇ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان نەرسە تۇرسا، قانداق ئەكەتمەيدۇ؟ — دېدى باۋچەي. سىچۈن بۇنى ئاڭلاپ لام - جىم دېمىدى. شۇ كۈنى كېچىسى تۆتىنچى جېسەك ۋاقتىغىچە ھېچبىر خەۋەر كەلمىدى. لى ۋەن ۋاڭ ئائىچا خېنىمنى دەرد ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن دەپ، تەسەللى ئېيتىپ يۇرۇپ مىڭ

تەسلىكتە ئۆيگە ئاچىقتى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم كىچىكچە كىرىپلىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا خىزمەتكارلاردىن بىرنەچچىسى قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەپ- تەرەپتىن ئىزدەپ باۋيۈيىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىشتى.

شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاۋېرىپ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەس بولۇپ، جېنى چىقايلا دەپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز بىر خىزمەتكار كىرىپ:

— دېڭىز ساھىلىدىن بىر كىشى كەپتۇ، مۇراقىپ بېگىم جانابلىرىنىڭ قېشىدىن كەلدىم دەيدۇ، خاندانىمىزدىن كەتكەن ئۈچىنچى خېنىم ئەتە پايتەختكە يېتىپ كېلىدىكەن، — دەپ مەلۇم قىلدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم تەنچۈننىڭ پايتەختكە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ باۋيۈينىڭ غېمىدىن خالاس بولالمىسىمۇ، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. دەرۋەقە ئەتىسى تەنچۈن قايتىپ كەلدى. ھەممەيلەن خېلى ئۇزاققىچە ئالدىغا چىقىشتى، تەنچۈن ھۆسن - جامالدا بۇرۇنقىدىنمۇ ئۈزلىشىپ كەتكەن، ئۇستۇپشى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار ئىدى. ئۇ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ سولغۇن چىرايىنى، باشقىلارنىڭ ئىششىغان قاپاقلىرىنى كۆرۈپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ بىرپەس يىغلىغاندىن كېيىن سالام بەردى.

شىچۈننىڭ راھىبچە ياسىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. تۆپلەپ باۋيۈينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، خانداننىڭ بېشىغا كەلگەن نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنى ئاڭلىدى. يىغىۋاشتىن كۆپچىلىك بىلەن يەنە كۆز يېشى قىلدى. ھېلىمۇ ياخشى، تەنچۈن گەپكە ماھىر ھەم نەزىرى ئۇستۈن، كەڭ پىكىرلىك بولغاچقا، خېلى ۋاقىتقىچە چىرايلىق گەپ قىلىپ تەسەللى بېرىشى بىلەن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملار بىرئاز ئۆزىگە كېلىشتى. ئەتىسى كۈيئوغۇلمۇ كەلدى ۋە بۇ ئەھۋالدىن

خەۋەر تېپىپ، تەنچۈننى قونۇپ قىلىپ تەسەللى بېرىشكە قالدۇ-
رۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يۇقىرىدىكىلەردىن تۆۋەندى-
كىلەرگىچە ھەممەيلەن باۋيۈينىڭ ئۇچۇرىنى ئېلىشقا كېچە -
كۈندۈزلەپ تەقەززا بولۇشتى.

بىر كېچىسى بەشىنچى جېسەك ۋاقتىدىن ئاشقاندا، تالادىكى
خىزمەتكارلاردىن بىرنەچچىسى ئارا دەرۋازىغا كېلىپ خۇش خە-
ۋەر يەتكۈزدى، بىرنەچچە چۆرە قىز پالاقشىغان پېتى دېدەكلەر-
گىمۇ ئېيتىپ ئولتۇرماي ئۆيگە كىرىپ:

— ئاغىچا خېنىم، خانىلىرىم، چوڭ خۇش خەۋەر! —
دېدى.

— نەدىن تېپىپتۇ؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋيۈي
تېپىلغان ئوخشايدۇ، دەپ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— چاپسان كىرسۇن!

— يەتتىنچى بولۇپ جۈيرېنلىككە ئۆتۈپتۇ، — دېدى ھېلى-
قىلار.

— باۋيۈي قېنىكەن؟ — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. خىز-
مەتكارلار گەپ قىلمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جايىدا ئولتۇرۇپ
قالدى.

— يەتتىنچى بولۇپ ئۆتكەن كىمكەن؟ — دەپ سورىدى
تەنچۈن.

— باۋيۈي غوجام ئىكەن، — خىزمەتكارلار جاۋاب بەردى.
شۇ گەپ بولۇۋاتقاندا تالادا يەنە «جيا لەن غوجام ئۆتۈپتۇ!»
دېگەن ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. بايىقى خىزمەتكارلار ئىتتىك
چىقىپ تەۋسىيەنامىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئەكىرىپ مەلۇم قىل-
دى. قارىسا جيا لەن بىر يۈز ئوتتۇزىنچى بولۇپ ئۆتۈپتۇ.
لى ۋەن كۆڭلىدە خۇش بولۇپ كەتتى، بىراق باۋيۈي تېپىلمى-
غاچقا خۇشاللىقىنى بىلىندۈرمىدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم جيا
لەننىڭ ئۆتكەنلىكىگە ئىچىدە خۇش بولۇپ: «باۋيۈي كېلىپ

قالسا، ھەممەيلەن قانچىلىك خۇش بولۇپ كەتكەن بولاتتۇق ـ ھە!» دەپ خىيال قىلدى.

باۋچەي يۈرىكى دەرد ـ ھەسرەتتىن پۈچۈلانسىمۇ، ياش تۆكۈشكە ئۇئايىسىزلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن مۇبارەكلەپ:

— باۋيۈيگە ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نېسىپ بولغان ئىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە يىتۈپ كەتمەيدۇ. دۇنيادا يىتۈپ كېتىپ تېپىلمايدىغان جۈيرېن بولمايدۇ، — دېيىشتى. بۇ گەپ خېلى ئورۇنلۇق تۇيۇلۇپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنىڭ چىرايلىرىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. كۆپچىلىك شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىملارنى غىزالىنىشقا دەۋەت قىلىشتى. شۇ ئەسنادا، ئىچكىرىدىكى دەرۋازىدىن بېيمىڭنىڭ: «بىزنىڭ باۋيۈي غوجام جۈيرېنلىككە ئۆتكەن، ئۇ ھەرگىز يىتمەيدۇ!» دېسە، باشقىلارنىڭ: «نەدىن بىلدىڭ؟» دەپ سورىغىنى، بېيمىڭنىڭ يەنە: «جۈيرېن بولۇپ شۇئاندا ئالەمگە كەتتى شۆھرىتى، دېگەن بېيىتنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ ھازىرچۇ، باۋيۈي غوجامنى نەگىلا بارسا خەق بىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگىنى ئاڭلاندى.

— بۇ تەنتەك ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماۋۇ گېپى دۇرۇس گەپ، — دېيىشتى ئىچكىرىدىكى ھەممەيلەن.

— شۇنچە چوڭ بولۇپ قالغان ئادەم يىتۈپمۇ كېتەمدۇ؟ — دېدى تەنچۈن، — بۇ دۇنيانىڭ ئىشق ـ ھەۋەسلىرىدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، ئەرەم دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتكەن بولمىغىيدى. شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنى تاپماق تەس!

بۇ گەپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشلىق كىشىلەرنى يەنە قاتتىق يىغىغا سېلىپ قويدى.

— قەدىمدىن تارتىپ بۇددا، پىر ـ ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەنلەردىن دەرۋەقە مەرتىۋە، ئۇنۋان، شان ـ شەۋكەت دېگەننىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كەچكەنلىرىنىڭ ناھايىتى تولا ئىكەن، — دېدى

لى ۋەن.

— ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن ۋاز كېچىدىغان بولسا، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ، — ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىدۇ، ئۇنداقتا بۇددا - پىر بولالامتى؟

— جاھاندا ئىنسانىنىڭ غەلىتە پەرقى بولمىسا بولىدىكەن، — دېدى تەنچۇن، — ئاكام تۇغۇلۇشىدىلا قاشتېشى بىلەن چۈشۈپتىكەن، ھەممەيلەن ئۇنى خاسىيەتلىك، دېيىشكەن، ئەمدى گەپ قىلىپ كەلسە، جىمى ئىش شۇ قاشتېشىنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋېتىپتۇ. يەنە بىرنەچچە كۈنگىچە تېپىلمىسا، دېمەك ئۇنىڭ باھانىسى بولغان بولىدۇ. مەن ئاغىچا خېنىمنى خاپا قىلماقچىمۇ ئەمەس، مېنىڭچە ئاكامنى تۇغمىغانغا چىقىرىۋېتىش كېرەك، چۈنكى ئۇ تۇغۇلمىشىدىن ئۆزگىچە بولغاچقا، ھىدايەت يولىنى تاپقان. بۇمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىرنەچچە ئەجدادىدىن بۇيان قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى.

باۋچەي بۇ گەپلەرگە لام - جىم دېمىدى، شىرېن چىداپ تۇرالماي، بېشى قېيىپ يىقىلدى.

بىر كۈنى شۇ ھامما ئاچا شىرېننىڭ گېپىنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— قارىسام، شىرېن يىقىلىدىن بېرى بەك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئەس - يادى غوجامدىلا ئوخشايدۇ. چوڭ خوتۇن بولغان بولسىغۇ ئەقىدە ساقلاپ تۇل ئۆتسىمۇ بولاتتى، توقالنىڭمۇ شۇنداق ئۆتۈشنى خالايدىغىنى بولىدۇ. لېكىن، شىرېن توقال ھېسابلانغىنى بىلەن، ئۇنى باۋيۈي غوجامغا ئوچۇق - ئاشكارا چاتقان ئەمەس.

— مەنمۇ ھېلى شۇنى خىيال قىلىپ، سىزنى كەلسە مەسلىھەت سالاي، دەپ تۇرغانىدىم، سىڭلىم، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، — چىقىرىۋېتەيلىمىكىن دېسەم، ئۇنى ئۇنىماي يەنە ئۆلۈۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشەرمىكىن، دەيمەن. ئېلىپ قالساق.

مغۇ بولاتتى، بىراق بېگىم ئۇنىماسمىكىن، شۇڭا تەڭلىكتە قالدىم.

— مېنىڭچە، — دېدى شۇ هاماچا، — قېيناغىمىز ئۇنى ئەقىدە ساقلاپ تۇرۇۋەرسۇن، دېيىشكە ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. يەنە كېلىپ، قېيناغىمىز شىرىنىنىڭ ئىشىنى ئۇقمايدۇ، ئۇ دېدەك تۇرسا، نېمىدەپ ئېلىپ قالاتتۇق، دېيىشى تۇرغان گەپ. ئاچا، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئادەم قىچقارتسىلا، راۋۇرۇس بىر لايىق تېپىپ ياتلىق قىلىڭلار، دەپ قاتتىق تاپىلاپ قويسىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تويىغا ئاتاپ كۆپرەك نەرسە - كېرەك بەرسىلەلا بولىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوبدانىراق نەسىھەت قىلىپ قوياي. ئۆيە-دىكىلەر ئوبدانراق لايىق تېپىپ پۈتۈشۈپ بولغاندا، راۋۇرۇس يىگىت بولسا، شىرىننى ئاندىن يولغا سالساق بولىدۇ.

— بۇ ئوبدان مەسلىھەت بولدى، — دېدى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپنى شىرىنىنىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بىرى ئەۋەتىلدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شىرىنىنىڭ يەڭگىسى سالامغا كې-لىپ، شىرىنىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلەپ:

— ئۆز تۇغقىنىمىز ئەلچىلىك قىلدى، كۇيئوغۇل بولغۇچى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى جياڭ جەمەتىدىن ئىكەن، ھازىر ئۆي - جايى، يەر - زېمىنى ھەم دۇكىنىمۇ بار ئىكەن. كۇيئوغۇلنىڭ يېشى سەل چوڭراق بولسىمۇ، ئۆيلەنمىگەن ئىكەن، يەنە كې-لىپ، يۈزنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللىۋالغاندەك كېلىشكەن يى-گىت ئىكەن، — دېدى. ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بۇلارنى ئاڭلاپ ماقۇل بولدى:

— سىز بېرىپ ماقۇل بولۇپ جاۋاب بېرىڭ، سىڭلىڭىزنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىپ كېتەرسىز.

ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باۋچەيگە ئېيتتى ۋە شۇ هاما ئاچىنى ئارىغا قويۇپ شىرىنگە يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئۇقتۇردى.

شىرىن قاتتىق قايغۇردى، لېكىن بويۇنتاۋلۇق قىلىشقا پې-
تىنالمايتتى. باۋيۇينىڭ قايسى بىر يىلى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانلى-
قى كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلسەممۇ بۇ يەردىن ئۆيۈمگە
كەتمەيمەن، دېگەنلىكى يادىغا كېلىپ قالدى ـ دە، «بۇگۈنكى
كۈندە ئاغىچا خېنىم قېرىشقاندەك مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ئەقىدە
ساقلاپ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرەي دېسەم، باشقىلار مېنى ئىزا
تارتمايدىغان دەيدۇ، كېتەي دېسەم، راستىنلا كۆڭلۈم ئۇنىماي-
دۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىۋىدى، يەنە شۇ ھاما
ئاچا، باۋچەيلەر ئېرىنمەي ـ زېرىكمەي نەسىھەت قىلغىلى تۇر-
دى، شۇنىڭ بىلەن شىرىن ئىلگىرىكى نىيىتىدىن يېنىپ: «بۇ
يەردە ئۆلسەم، ئاغىچا خېنىمنىڭ ياخشىلىقىنى نابۇت قىلىپ
قويغۇدەكمەن، ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە ئۆلگىنىم تۈزۈككەن» دېگەن
خىيالغا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، شىرىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھەممەي-
لەنگە باش ئۇرۇپ خوشلاشتى. ئۇ جەزمەن ئۆلىمەن، دېگەن
نىيەت بىلەن ھارۋىغا چىقىپ ئۆيىگە قايتتى، ئاكىسى ۋە يەڭگى-
سى بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ يىغلاپ كەتتى، خۇا زىفاڭ جياڭ
ئائىلىسىنىڭ جىمى تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى،
ئاندىن ئۆزىنىڭ قىز جابدۇقى ئۈچۈن راسلىغانلىرىنى: «ماۋۇنى
ئاغىچا خېنىم ئىنئام قىپتۇ، بۇنى بىز راسلىدۇق» دەپ بىر-
بىردىن كۆرسەتتى. شىرىن: «ئاكام ئىشنى جايىدا قىپتۇ،
ناۋادا ئاكامنىڭ ئۆيىدە ئۆلسەم، بۇنىڭغىمۇ يامانلىق قىلغان
بولمامدىمەن؟» دەپ خىيال سۈردى. ئۇيان ـ بۇيان ئويلاپ
بېشىنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى.

توي كۈنى شىرىن خورسىنىپ تەختىراۋانغا چۈشتى، شۇ
يەرگە بارغاندا ئەھۋالغا بېقىپ ئىش قىلارمەن، دەپ كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويدى. يىگىتنىڭكىگە بېرىپ قارىسا، جياڭ ئائىلىسى
توي ئىشىنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن راسلاپ، جىمىنى چوڭ

خوتۇننىڭ تويىغا يارىشا قائىدە بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بوسۇ-
غىدىن ئاتلىشىغىلا، دېدەكلەر، خىزمەتكار خوتۇنلار ئۇنى «كې-
لىن ئاغىچا» دەپ ئاتاشقىلى تۇردى. شىرېن شۇ تاپتا مۇشۇ
يەردە ئۆلمەكچىمۇ بولدىيۇ، بۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، خەق-
نىڭ ياخشى نىيىتىنى يەرگە ئۇرغان بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ
قالدى. ئەتىسى ساندۇق ئاچقۇ قىلىندى. يىگىت توق قىزىل
ئىشتانباغنى كۆرۈپ، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ باۋيۈينىڭ خىزمىتىدى-
كى چۆرە قىز دەپ بىلىپ، شىرېن ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ تاپتا جياڭ يۈيفەن باۋيۈينىڭ ئۆزى بىلەن
بولغان كونا دوستلۇقىنى ياد ئېتىپ، خىجالەتتە تەمتىرەپلا قال-
دى ــ دە، تېخىمۇ پايپېتەك بولۇپ كەتتى، ئاندىن باۋيۈي ھەدىيە
قىلغان قارىغاي بەرگىدەك يېشىل ئىشتان بېغىنى ئەتەي چىقار-
دى. شىرېن بۇنى كۆرۈش بىلەنلا، جياڭ فامىلىلىك بۇ يىگىت-
نىڭ جياڭ يۈيفەن ئىكەنلىكىنى بىلدى ــ دە، ئەمدى پېشانىسىگە
پۈتۈلگەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

جيا جېڭ جيا ئانىنىڭ جىنازىسىنى، جيا رۇڭ، چىن شى،
فېڭجيې، يۈەنياڭلارنىڭ مېيىت ساندۇقىنى ئېلىپ جىنلىڭغا
باردى ۋە بۇلارنى ئاۋۋال دەپنە قىلىۋەتتى، ئاندىن جيا رۇڭ
دەييۈينىڭ جەسىتىنى جايىغا يەتكۈزۈپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن
كەتتى، جيا جېڭ قەبرە ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بول-
دى. بىر كۈنى ئۆيدىن خەت كەلدى، خەتنى ئوقۇپ، باۋيۈي
بىلەن جيا لىەننىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى
خۇش بولدى. كېيىن باۋيۈينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە دائىر قۇر-
لارنى ئوقۇپ، يەنە بىئارام بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئالدى-
راپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

بىر كۈنى پىلىڭ دېگەن راباتقا كەلگەندە، تۇرۇپلا سوغۇق
چۇشۇپ قار ياغدى، كېمە خالىيراق تىنچ بىر يەرگە كېلىپ
توختىدى. جيا جېڭ ئۆيدىكىلىرىگە سالام خەت يېزىۋاتاتتى،

قالغانلار قىرغاققا چىقىپ كېتىپ، يېنىدا بىرلا خىزمەتكار قالغانىدى. باۋيۇينىڭ ئىشىغا كەلگەندە، قەلىمى توختاپ قالدى. شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، كېمىنىڭ ئۇچىدا ئۇچقۇنداۋاتقان قار شولىسىدىن يالاڭباش، يالاڭ ئاياغ، ئۇچىسىغا قىزىل مۇت يېپىنچا ئارتقان بىر كىمىنىڭ دۇم يېتىپ باش ئۇرۇۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى. جيا جېڭ دەرھال تونۇيالماي، شۇئان كېمىدىن چىقىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، كىم ئىكەنلىكىنى سوراي دېگۈچە، ھېلىقى ئادەم تۆت مەرتىۋە باش ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى جۈپتەكلەپ سالام بەردى. جيا جېڭ سالام قايتۇراي دەپ چىرايىغا شۇنداق قارىسا، ئۇ باشقا كىشى ئەمەس، باۋيۇي ئىكەن.

جيا جېڭ ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى-دە، ئىلدام سورىدى:

— باۋيۇيمۇسەن؟

ھېلىقى ئادەم لام-جىم دېمەي بىر خۇشالدەك، بىر قايغۇرغاندەك كۆرۈندى.

— باۋيۇي بولساڭ، — دەپ سورىدى جيا جېڭ يەنە، — نېمىشقا بۇنداق ياسىنىۋالدىڭ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟

باۋيۇي جاۋاب بېرەي دېگۈچە كېمىنىڭ ئۇچىدا ئىككى ئادەم — بىر راھىب، بىر دەرۋىش پەيدا بولدى-دە، باۋيۇينى ئارىغا ئېلىپ: «ئادىمىزاتلىق نېسىۋەڭ تۈگەپ بولسا، چاپسان ماڭماي تۇرىسەنغۇ؟» دېيىشى بىلەنلا، ئۈچىسى لەپپىدە قاشقا چىقىپ كېتىپ قالدى. جيا جېڭ يەرنىڭ تېيىلغاق بولۇپ كەتكىنىگىمۇ قارىماستىن، ئالمان-تالمان ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۈچەيلەن ئالدىدا كېتىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇلارغا يېتەلەمەتتى؟ ئۇلار كىچىككىنە دۆڭدىن ئەگىپ ئۆتۈپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قوغلاۋېرىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، دېمى ئۈزۈلۈپ قالغان جيا جېڭ ئەجەبلىنىپ تۇرۇپلا قالدى، كەينىگە بۇرۇلۇپ

قارىسا، ئۆزىنىڭ مۇلازىمىمۇ سوڭدىشىپلا يېتىپ كەپتۇ.

— بايىقى ئۈچ ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جيا جېڭ ئۇنىڭدىن:

— كۆردۈم، — دېدى مۇلازىم، — جانابلىرى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقلىرى ئۈچۈن، پېقىر قۇللىرىمۇ يېتىشىپ كېلىۋىدىم، كېيىن جانابلىرى كۆرۈندىلە، ھېلىقى ئۈچ ئادەم يوقاپ كەتتى.

جيا جېڭ يەنە ئالدىغا ماڭغۇسى بار ئىدى، بىراق بىپايان كەڭ دالىدا بىرەر ئادەمزاتمۇ كۆرۈنمىدى.

# «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (ئەسلىي ئەسەر) ئۈستىدە تەھلىل ( I )

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئېلىمىز كلاسسىك رومانچىلىقى تارىخىدىكى يامىشىپ چىقىش قىيىن بولغان ئېگىز چوققا. ساۋ شۆچىننىڭ مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقالىشى، ئۇنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىش جەھەتتە ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىدە چوڭقۇر ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى ھازىرلىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان رومان ئەمەس، بىز بۇ روماننى ئوقۇش ئارقىلىق، شۇ دەۋردىكى قالايمىقانچىلىققا تولغان جەمئىيەتنى، مۇرەككەپ ھەم چىگىش دۇنيانى كۆرۈش، ئەقىللىق ئەرلەر بىلەن ساھىبجامال ئايالالارنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىش ھېسسىياتى ئىلكىدە تۇرۇپ، ئۆزگىرىش ياساۋاتقان جەمئىيەتنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە مۇشەررەپ بولالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىندىۋىدۇئاللىقتا ناھايىتى باي ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى، كۆپ مەنبەلىك ۋە مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆز ئالدىمىزدا روشەن زاھىر بولىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ شورلۇق تەقدىرىدىن كۆتۈرۈلگەن نالە - پىغانلار، يوشۇرۇن جىددىي ئېقىن كەبى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، كەسكىن توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلماي قالمايدۇ.

ئىنتايىن كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىق سېھرىي كۈچىگە ئىگە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ جېنى.

جيا باۋيۇي بۇ روماندىكى مەركىزىي پېرسوناژ، ئۇ رۇڭگو قەسىرىدىكىلەرنىڭ نەۋرىسى، مەرتىۋىلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان، تەقىي-تۇرقى كاملاشقان ھەم ئەقىللىق. ئەمما، ئۇ ئەركەك زاتى تۇ-رۇقلۇق، ئەرلەر دۇنياسىدىن، ئەركەك زاتىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق فېئودال زوراۋانلىقتىن سەسكەنگەن، ئۇنىڭ قەلبى ئايال-لار دۇنياسىغا بولغان ئىنتىلىش ۋە ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى بىلەن تولغان. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل يۈز ئۆرۈش، ھەتتا ئۆز جىنسىغا بولغان قارشىلىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئوبرازىنى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا يۈكسەك ئورۇنغا نائىل قىلدى. ئادەتتىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تويقا ئارىلاشمايدۇ ھەم مىجەزى بىرقىسما، بىراق مۇئەللىپ ئۇنىڭغا سىرلىق ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش خاراكتېرىنى بەرسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى توغرا تاپقان.

جيا باۋيۇي ئەرلەر ھوقۇقىغا قارشى تۇرۇشنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، مۇئەللىپ مەزكۇر سىمۋولغا ئاياللارغا مايىل بولۇش ۋە كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى سىڭ-دۈرگەن، بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. رومان نۈيۋا ئىسىملىك ئىلاھەنىڭ ئاسماننى ياماۋېتىپ بىر تال تاشنى ئىشلەتمەي تاشلى-ۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ تاش جيا باۋيۇينىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن بېرىلگەن بىشارەت.

بۇ تاش ئاياللار دۇنياسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان مۇھىت ئىچىدە تۇرىدۇ، بۇ تاشنى نۈيۋا ئىسىملىك ئىلاھە تاۋلايدۇ، بۇ تاش ئاياللار توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر دۇنياسىدا ئاياللار ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئەمگەك قورالىغا ئىشارە قىلىنىدۇ. ئۇ ھېكمەتلىك تاش، يەنە كېلىپ ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەن تاش. چۈنكى، ئاياللار دۇنياسى ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىدۇ، بىراق ئاسماننى ياماشقا كارغا كەلمەي، ئەرلەر دۇنيا-سىنى پاناھگاھ قىلىپ، ئۆز خاھىشى بويىچە ئۆتىدۇ. مانا مۇ-شۇنداق ئەھۋالدا، كۆڭلىگە ئۆچمەنلىك ۋە ئازاب ئورناپ كەتكەن-

لىكتىن، ئۇ چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت ھېس قىلىدۇ. جىيا باۋيۈي دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش بىلەن تەڭ ئۆزىدە پەيدا بولغان ئىدىيىۋى ئاڭ بىلەن بىللە ياشايدۇ. بۇ خىل ئاڭ ئۇنىڭ تۇغما خاراكتېرىدە ناھايىتى كۈچلۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ھازىرقى پسىخولوگ ۋە سوتسىئولوگلارنىڭ قارىشىچە، بىر كىشىنىڭ خاراكتېر ۋە پەزىلىتى كېيىنكى كۈنلەردىكى ئالاھىدە مۇھىت، ئائىلە تەربىيىسى، شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. مۇئەللىپ بۇ قاراشنى روماندا ئىسپاتلىغان ھەم شەرھلىگەن. ئۇ جىيا باۋيۈيگە ئاشۇنداق خاراكتېر بىلەن پەزىلەتنى بەرگەن. نەتىجىدە، جىيا باۋيۈي مۇئەللىپنىڭ جارچىسىغا، بىۋاستە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بەلگىسىگە ئايلانغان. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇئەللىپنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بەلگىلىگەن، بۇ ھەم جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ساۋ شۆچىن ياشىغان دەۋردىن خېلى ئىلگىرىلا، كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ تىندۇرمىسى ۋە جەمئىيەت تارىخىنىڭ مەزمۇنى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن.

جىيا باۋيۈينىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە باشقا بىر يوشۇرۇن ئوخشىتىش بار، ئۇ بولسىمۇ جىيا باۋيۈي دۇنيانىڭ پۈتۈن ھۆزۈر ـ ھالاۋىتىنى، ئاخىر بېرىپ قەھەتچىلىكنى باشتىن كەچۈرىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قەھەتچىلىك خارابىلىشىش، غېرىبسىنىش، جاندىن تويۇش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەت جىيا باۋيۈينىڭ تۇغما خاراكتېرىدىكى مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى چوڭ ئەكس پەرقنى شەكىللەندۈرىدۇ. يېقىن كەلگۈسىدىكى تراگېدىيە ۋە كۆز ئالدىدىكى ھەشەمەتچىلىكتىن كىشىلىك ھاياتنىڭ خۇشاللىقلىرىنى ھەم دەرد ـ ئەلەملىرىنى جىيا باۋيۈينىڭ ھېس قىلىشى مۇقەررەر.

رېئال تۇرمۇشتىكى جىيا باۋيۈي غەلىتە مىجەزلىك. ئۇ

باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى جيا جېن بېگىمگە قىلىنغان بىر چاقچاق. جيا جېڭ بېگىمنىڭ چوڭ ئاغىچىسى ۋاڭ خېنىمدىن بولغان تۇنجى ئوغلى جيا خۇ ئون تۆت يېشىدىلا موللا بولغان، لېكىن يىگىرمە ياشقا كىرە-كىرمەيلا قازا تاپقان. جيا باۋيۈي دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن جەمەتىنىڭ خاسىيىتىنى يەردە قويماي، قوۋمىنى بارا - بارا ئاۋۇتقان بولسا بولاتتى. جيا جېڭ بېگىم ئۇنىڭدىن مۇشۇنى كۈتكەنىدى، ئۇ ئۇنىڭ ئۇپا - ئەڭلىك ۋە تاغاق - سۇزگۈچ پۈتۈلگەن چەكنى ئېلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭدا «ئايال كىشىنىڭ سۆڭىكى سۇدىن يارالغان، ئەر كىشىنىڭ سۆڭىكى لايدىن يارالغان، ئايال كىشىنى كۆرسەم ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتىمەن، ئەر كىشىنى كۆرسەم يىرگى-نىپ، سەسكىنىپ كېتىمەن» دېگەن غەلىتە قاراش شەكىللىنى-دۇ. ئۇنىڭ ئەرلەردىن يىرگىنىپ كېتىشىگە تۆھپە يارىتىش كويىدا يۈرگەن ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى دۆلەت ئۈچۈن مىتە بولۇپ قالىدىغانلىقى سەۋەب بولغان. بىز جيا باۋيۈينىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقتا بولغان بىۋاستە سەزگۈسىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. فېئوداللىق جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ چېكى سولالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەتتە زاۋاللىقتا ھەم چاكىنىلىق-قا قاراپ يۈزلەندى. جيا باۋيۈينىڭ ئەرلەردىن يىرگىنىشىنىڭ يىلتىزى شۇكى، ئۇ پۈتكۈل فېئوداللىق مەدەنىيەتتىن گۇمانلاند-غان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان. جيا باۋيۈي تەشرىپدارلىقنى يۈرەك-لىك ھالدا رەت قىلىدۇ، ئەۋلىيالارنىڭ دەستۇرلىرىنى ئوقۇشنى خالىماي، خاراكتېرىگە ئاساسەن ئۆز بىلگىنىنى قىلىپ يۈرۈي-دۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى شۇ دەۋردە تولىمۇ جەزبىبىلىك كۆچكە ئىگە، بۇ ئۇنىڭ ئويۇن - تاماشىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئەمەس، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەدەنىيەتكە قارشىلىق

بىلدۈرۈش كۆچىنىڭ ئاكتىپ ئىپادىسى.

ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە بولغان سەگەك تونۇش ئاساسىدا، جىيا باۋيۈي كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئاياللارغا — تۆھپە يارىتىش ئىككىنى ئۆزلىرىگە يۈكتۈرۈۋالمىغان ئاشۇ ئاياللارغا ياخشى ھېسسىياتتا بولۇش، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئەتراپىدىكى باردى ـ كەلدى قىلىپ كېلىۋاتقان ئاياللارغا باغلاش، بۇ ئىنتايىن مۇھىم خاراكتېر.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ نەزەرباغدىكى گۈللۈك شىپاڭلاردا ئاستا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆتكەن تۇرمۇشى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن شۇ تاپتا بەخت ـ تەلىيىم كېلىپ، كۆز ئالدىڭلاردا جان بەرسەم، ماڭا يىغلىغان كۆز يېشىڭلار چوڭ دەريا ھاسىل قىلىپ جەسىتىمنى لەيلىتىپ، ئۇچار قۇشمۇ قونمايدىغان چەتياقىغا ئاپىرىپ تاشلىسا، ئۇ يەردە جەسىتىم توپىغا ئايلىنىپ شامال ئۇچۇرۇپ كەتسە، ئۇندىن كېيىن روھىم ئىنسان بولۇپ قايتا تۆرەلسە، مانا شۇ چاغدا مەن راسا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۆلگەن بولىمەن.»

جىيا باۋيۈي ئاياللارنى ھۆرمەتلىگەچكە، ئۇلارغا چوقۇنىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاياللارغا بېغىشلايدۇ، ئۇ ئىللىق ماكاندا بىھوش بولۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى خىيال قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئاسرىشىغا ھەم ھەقىقىي مۇھەببەتتىن ئېرىشىش ئۇنىڭ غايىسى ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاياللار ئاتا قىلغان مۇھەببەت ھەقىقىي ھەم پاك مۇھەببەت، دەپ قارايتتى. بىز مۇشۇ بىر ئابزاس سۆزدىن جىيا باۋيۈينىڭ خاراكتېرىنىڭ رېئال دۇنيا بىلەن قىلچە چىقىشالمايدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز ئۇنى ئۇمىدسىز، پاسسىپ، دەپ ئېيتالايمىز، ئەمما ئۇنىڭ «چىن» لىقىدىن ھاياجانلانماي تۇرالمايمىز. مېنىڭچە،

سەممىلىك بىلەن پاكلىقا تولغان ئىنسانىي دوستلۇقنى ئارزۇ قىلىش جىيا باۋيۈي ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

بۇنىڭدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋردە ئۆتكەن لى خې، يۈەن خۇڭداۋ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ چىڭ سولالىسى دەۋرىدىكى داۋامىنى ۋە ئۆزگىرىشىنى كۆرۈۋال-غىلى بولىدۇ.

جىيا باۋيۈينىڭ مۇھەببەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى چىن مۇ-ھەببەتتە، ئاياللارنى ياخشى كۆرۈشتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ساۋ شۈچىن جىيا باۋيۈيگە لىن دەييۈي ۋە شۆ باۋچەيدىن ئىبارەت ئىككى پېرسوناژنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ باشتا لىن دەييۈي تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان، جىيا باۋيۈي شۆ باۋچەي بىلەن توي قىلىدىغان قىلىپ پىلانلىغان. ئەپسۇس-كى، ئەسەرنىڭ ئاخىرىسىنى بۈگۈنكى قەدەر كۆرەلمەي كېلىۋا-تىمىز. جىيا باۋيۈي بىلەن لىن دەييۈينىڭ مۇھەببىتى ئەقىلگە ئۇيغۇن. مۇئەللىپ ياراتقان رىۋايەت دۇنياسىدا جىيا باۋيۈي زە-بەرجەت غۇلىمانى، لىن دەييۈي بولسا مېھرىگىياھ، زەبەرجەت غۇلىمانىنىڭ مېھرىگىياھنى سۇغىرىپ پەرۋىش قىلىشى مۇھەببەت-نىڭ سىمۋولى. شۇ ۋەجىدىن باۋيۈي بىلەن دەييۈينىڭ مۇھەببى-تى مۇقەددەس، خاراكتېر تولۇق نامايان قىلىنغان، كۆڭۈل ئەركىنلىكىگە مەقبۇل بولغان مۇھەببەت. باۋچەيمۇ ساھىبجامال قىز، ئۇ كونىچە قائىدە ـ يوسۇن ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولغاچقا، باۋيۈيگە خانىم بولۇشقا ئەڭ ياخشى نامزات، دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن جىيا باۋيۈينىڭ مۇھەببىتى مۇقەددەسلىك بىلەن كونا قائىدە ـ يوسۇننىڭ كەسكىن توقۇنۇشى ئىچىدە قالىدۇ، جىيا باۋيۈينىڭ ئۆي ـ ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى كونا قائىدە ـ يوسۇندىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جىيا باۋيۈي ھەقىقىي مۇھەببەتكە ۋە ئەركىنلىككە مانا مۇ-شۇنداق ئىنتىزار بولىدۇ ھەم بارلىق چىرىك تۈزۈم بىلەن مەدە-

نىيەتتىكى تراگېدىيىلىك ئوبرازلارغا قارشى تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە مۇستەھكەم فېئوداللىق سىياسىي ئىنشائاتنى تەۋرىتەلمەي، ئاخىرى سەگەك هالدا غەم - قايغۇغا قاراپ يۈزلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ئالدىنقى سەكسەن تۆت بابىدا، لىيۇ موماينىڭ ئوبرازى باشقا پېرسوناژ ئوبرازلىرىدىن قىزىق ھەم كىشىنى ئويغا سالىدۇ. 39 - بابتىن تارتىپ 40-بابقىچە مۇئەللىپ لىيۇ موماينى ئىنچىكە تەسۋىرلەيدۇ. لىيۇ موماي نەزەرباغقا كىرگەن چاغدا، مۇئەللىپ پىشقان قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەقەلىكنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇ پېرسوناژنىڭ گەپ - سۆز، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە نەزەرباغدىكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسىرلىك ھەم قىزىقارلىق قىلىپ بايان قىلىدۇ، نەزەرباغدىكى بىر توپ قىزلارنىڭ لىيۇ مومايغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. لىيۇ موماي كۆپنى كۆرگەن، شەرەنداز، مۇئامىلىگە چەپەر سەھرالىق مەزلۇم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شەھەر خېنىملىرىنىڭ، شۇنداقلا دۆلەتمەن خانىملارنىڭ ۋۇجۇدىغا يات بولغان سەمىمىي خاراكتېر بار. ئۇ قىزىقچى پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، نەزەرباغدىكى ھەرقىسما ئادەملەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ، ياخشى نىيەتلىكلەرنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۆز ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ، نەزەرباغدىكىلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان قىزىقىش - ھەۋەسلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. بىز قىزىقچىلىققا ياتىدىغان بۇ بىر مەيدان ئويۇندىن ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چاقناۋاتقان يورۇقلۇقنىڭ جىلۋىسىنى ھەم لىيۇ مومايغىلا خاس بولغان جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنى بايقىۋالالايمىز.

لىيۇ موماينىڭ مۇناسىۋەتتىكى ئىقتىدارىنى ۋە ئىپادىلەش

ماھارىتىنى تۆۋەندىكى بىر ئابزاس ئارقىلىق ھېس قىلالايمىز. «سەھرالىق موماينىڭ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرگەنلىكى، خۇشتار يىگىتنىڭ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سورۇشتۇرگەنلىكى» ماۋزۇلۇق 39 - بابتا مۇنداق يېزىلغان:

— قەدىناس تۇغقىنىم، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى جيا ئانا. ليۇ موماي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ يىل يەتمىش بەشكە كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ، مۇشۇنداق مەزمۇت ئىكەن، — دېدى جيا ئانا قېشىدىكىلەرگە قاراپ، — مەندىن خېلىلا چوڭ ئىكەن! مەن مۇشۇ ياشقا كىرىدىغان بولسام، ئورنۇمدىن قوزغىلالماسمەنمىكىنتاڭ!

ليۇ موماي كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بىز تۇغۇلۇشىمىزدىن تارتىپ جاپاكەش كىشىلەر، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، ئۆزلىرى تۇغۇلۇشلىرىدىنلا دۆلەت كۆرۈپ كېلىۋاتىدىلا. بىزمۇ مۇشۇنداق بولساق، ئۇ چاغدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلىدىغان ئادەم قالمىغان بولاتتى.

— قاراڭلار، كۆزىمۇ روشەن، چىشلىرىمۇ ساق ئىكەن، — دېدى جيا ئانا.

— ھەممە چىشىم ساق، — دېدى ليۇ موماي، — بۇ يىل سول تەرەپتىكى بىر ئېزىق چىشىم لىڭشىپ قالدى.

— مەن قېرىپ قالدىم، — دېدى جيا ئانا، — كاردىن چىققىنىم، كۆزۈممۇ خىرەلىشىپ قالدى، قۇلىقىممۇ ئاڭلىمايدۇ، زېھنىم قالمىدى...

— بۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن زور بەخت، ئۇلۇغ ئاغىچا خېنىم، — دېدى ليۇ موماي، — بىزمۇ مۇشۇنداق بولايلى دېسەك، قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

— بۇنىڭ نېمىسى بەخت بولسۇن، — دېدى جيا ئانا، — مەن بىر كاردىن چىققان قېرى!

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

بۇ بىر ئابزاستا ليۇ موماينىڭ سۆزى كۆپ ئەمەس، باش قەھرىمان بولسا جيا ئانا، لېكىن ئادەتتىكى پاراڭلىشىش داۋامى-دا، ھەر ئىككىلىسى ئىچكى دۇنياسىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاشكا-رىلايدۇ. مۇئەللىپ ۋەقەلىكنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئار-قىلىق، ليۇ مومايغا مۇناسىۋەتلىك بىر پەردە ھالقىلىق ئويۇنغا رېژىسسورلۇق قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە ليۇ موماينىڭ ئەقىل - پاراسەتكە تولغان، ھەم ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدىغان، ھەم پەس كۆرمەيدىغان خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن. جيا ئانا ئۇنىڭدىن نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىغان چاغدا، ليۇ موماي ئورنى-دىن تۇرۇپ: «مەن بۇ يىل يەتمىش بەشكە كىردىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر ئېغىز گەپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن گەپ قىلىدۇ. بۇ ليۇ موماينىڭ ئەدەپ - قائىدىلىك، كەڭ قورساق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە دىققەت قىلىدۇ، قارشى تەرەپنىڭ يېشىنى سورى-مايدۇ، چۈنكى ئۇ جيا ئانا بىلەن تۇغقان بولسىمۇ، ئىزدەشمەي يىراقلىشىپ كەتكەن، مەرتىۋە پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا باردى - كەلدىسى شالاڭ. ليۇ موماي باشقا ھېچقانداق گەپ قىلماي، جيا ئانىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ليۇ موماي كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدىمۇ تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ھۆرمەتلەش خىسلىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالىدۇ. ئارقىدىن جيا ئانا ئەتراپىدى-كىلەرگە ليۇ موماينىڭ تېمەن تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كارغا كەلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ليۇ موماي جيا ئانىنىڭ سالامەت-لىكىنىڭ ياخشى - يامانلىقى تۇغرۇلۇق ئوچۇق بىرنېمە دېمەي-دۇ، بۇنداق دېيىش ھەرھالدا ئەپلەشمەيتتى، ئىككىسىنىڭ سالا-مەتلىكىنى بىر يەرگە قويۇپ سۆزلەش ئەسلا مۇۋاپىق ئەمەس

ئىدى. ليۇ موماي ئەمگەكچى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۇستۇنلۇكى، بىر ئاقسۆڭەك خانىمنى ئوخشاش ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، شۇ چاغدىكى جەمئىيەت شۇنداق. شۇڭا، ليۇ موماي جاپاكەش بولغانلىقى ئۇچۇن سالامەت-لىكىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى دەپ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇ شۇنداق دەپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ، بۇ ھەم ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ ئىككىنچى قەدەمدە جاۋاب بېرىپ، جيا ئانىغا بىر قەدەم يېقىنلىشىدۇ: جيا ئانا ئۇنىڭدىن چىشى بىلەن كۆزىنىڭ قانداقلىقىنى سورايدۇ. ئۇ مەلۇم چىشىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى تەپسىلىي دەپ بېرىدۇ، بۇ جيا ئانىنىڭ ياخشى نىيىتىگە بېرىلگەن جاۋاب ھەم جيا ئانىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلاشقانلىق، ئورتاق تىل تېپىش يولىدىكى ئىزدىنىش. ليۇ مومايىنىڭ سۆز ئىشلىتىش سەنئىتى زوقلىنىشقا ئەرزىيدۇ، ئۇنىڭ ئىشلەتكىنى ئۆزىنىڭ قېرىلىق تەسىراتى توغرىسىدىكى دەبدەبىلىك سۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ تەسۋىر. ئۇنىڭ سۆزلىرى سالماق ھەم ۋەزىنلىك. ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ سۆز ئۇستىسى، دېيىشكە بولىدۇ.

ليۇ موماي باغ ئارىلاپ تاماشا قىلغان چاغدا، نەزەرباغنى بىر پارچە رەسىمگە ئوخشىتىپ، ئۆزىنى شۇ بىر پارچە رەسىم-نىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ شېغىللىق يولدا ماڭماي، شېغىللىق يولنىڭ يېنىدىكى توپىلىق يولدا ماڭىدۇ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ گەرچە كۇلكىگە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇ-شىغا ئېرىشىدۇ ھەم ئۇلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ.

ليۇ مومايىنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك باركى، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئۆز خىسلىتىنى ساقلاش، ساختى-

پەزلىك قىلماسلىق، ئوچۇق - ئاشكارا بولۇشتىن ئىبارەت.
40- بابتىكى تاماق ئۇستىدىكى كۆرۈنۈش توغرۇلۇق مۇئەللىپ مۇنداق يازىدۇ:

جيا ئانا يېنىدا تۇرۇپ: «قېنى باقايلى» دەپ تەكلىپ قىلغاندى، ليۇ موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ:

— هاي ليۇ موماي، ليۇ قېرى، ئىنەكچە ئىشتەي بار سەندە، يەپ قويسەن مېكىجىننىمۇ باش كۆتۈرمەي بىردەم- دە! — دېدى - دە، قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە زۇۋان سۈرمەي شۈك تۇردى. باشتا كىشىلەر بۇنىڭدىن هەيران بولۇشتى، كېيىن ئويلىنىپ بېقىپ، هەممەي- لەن قاقاهلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

ليۇ موماي تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، يېنىدىكىلەرنى كۈلدۈرۈۋەتتى، گەپ - سۆزلىرى سەل ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈلدىكى گېپىنى دېدى، بۇ كۆپچە- لىك دېمەكچى بولۇپ تۇرغان گەپلەر ئىدى. فېڭجيې ئاغىچا خېنىم ئۇنىڭغا بىر جۈپ چوڭ چوكىنى قەستەن بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ هېلىقىدەك چاقچاقنى قىلغاندى. ئۇ فېڭجيې ئاغىچا خېنىمنىڭ ئۆزىنى كولدۇرلىتىپ باشقىلارنى كۈلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ، دەررۇ كارامىتىنى ئىشقا سالدى: «سىز ماڭا چوكا بەرسىڭىز، مەن ئىنەكچە ئىشتىيىم بار دەيمەن. بولا ئەمەس، ئالدىمدىكى تائامنى ئاچ قالغان بۆرىدەك يەيمەن!» ئۇ بايانات جاكارلاپ بولۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە زۇۋان سۈرمەي شۈك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان كۆرۈنۈشى هازىر بولىدۇ. مۇشۇ ئىشتىن ساددا، ئاق كۆڭۈل، خۇشخۇي ليۇ ئانىنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان پەم - پاراسەت ۋە مۇغەمبەرلىك- نىڭ ئاز - تولا ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ليۇ موماي قوپالراق، ئۇششاق ئىشلار بىلەن كارى يوق

مەزلۇم بولسمۇ، كۆپچىلىككە يەنىلا ياخشى تەسىر بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى سىر شۇكى، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل خاراكتېرلىك بۇ مەزلۇمنىڭ نەزەرباغدا ئەزەلدىن يار بولغان گۈزەللىككە ئۇس- تىلىق بىلەن قىزىقچىلىق تۇسى قوشۇپ، ئۇنىڭغا جانلىقلىق ئاتا قىلالىغانلىقىدا. ئۇ ئۆزىگىلا خاس بولغان سېھرىي كۈچ ئارقى- لىق نەزەرباغدىكى پېرسوناژلارنى تەسىرلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. گۈزەللىك بىلەن ئادىل- لىقنى سەمىمىيلىك ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلايدىغان بولسا، قىزىقچىلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ. شاراب زىياپىتىدە دەل مۇ- شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. لىۇ موماي ماقال - تەمسىللەرنى توغرىدىن - توغرا دەپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈلدىكىنى تاپىدۇ. ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن نەزەرباغنى جانلاندۇرۇپ، قانغۇچە كۈلە- دىغان باشقا بىر دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

لىۇ مومايدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنىڭ سېھرىي كۈچى پۈتمەس - تۈگىمەس، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇئەللىپنىڭ مەقسىتى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان. مۇئەللىپنىڭ مەقسىتى: ئاقسۆڭەكلەر مەدەنىيىتىنى مازاق قىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش، چىنلىققا ئىنتىلىش. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، بۇ پېرسوناژ بولسىمۇ بولىدىغان ياكى بولمىسىمۇ بولىدىغان پېرسوناژ ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇھىم پېرسوناژ. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، نەزەرباغنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇئەللىپ- نىڭ ئىدىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇئەل- لىپنىڭ مۇشۇنداق بىر پېرسوناژنى يارىتىشى ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئاجايىپ يۇقىرىلىقىدىن بېرىلگەن بېشارەت. پېر- سوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش ۋە بايان قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش ھەم نامايان قىلىش قا- تارلىق جەھەتلەردە مۇئەللىپ كۈچ سەرپ قىلغان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىن قول-

غا كەلتۈرگەن پارلاق مۇۋەپپەقىيەتتى شۇ يەردىكى، مەزكۇر رومان كىشىلىك ھايات تەرەققىياتىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ بېرىدىغان تەقدىر رىسالىسى، شۇنىڭدەك شېرىن خىيالغا تولغان غايىۋى دۇنيا. روماندا ئادىمىزات دۇنياسىدىكى جەننەت — نەزەرباغ ھەم زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن رېئال دۇنيا سۈرەتلەنگەن. روماننىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، روماندا پېرسوناژلار، ۋەقەلىك، رېئال مۇھىت تەبىئىي ۋە ئەينەن تەسۋىرلەنگەن.

مۇئەللىپ روماندا ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان سالاھىيەتكە ئىگە چوڭ - كىچىك نەچچە يۈز ئادەمنى يازىدۇ. ئۇ رەڭگىرويى، تەقى - تۇرقى، تەقدىر - قىسمىتى ۋە خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنى خۇددى تىرىكتەك يارىتىپ چىققان. مۇئەللىپ يەنە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك چىگىش مۇناسىۋەتلەرنى جىيا، لىن، شۆ قاتارلىقلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ ۋە تۆت چوڭ جەمەتنىڭ باردى - كەلدى ئىشلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا تەدرىجىي قانات يايدۇرۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، مۇشۇنداق مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى ئىز قالدۇرماي بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. مۇئەللىپ پېرسوناژلارنى يېزىشتا ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسۇلىنى قوللانماي، ئەدەبىي ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىدۇ، ئۇ پېرسوناژلارنى كونكرېت مۇھىت ئىچىدە يارىتىش بىلەن بىرگە، كەچۈرمىشلىرىنى رەڭگارەڭ قىلىشقا تىرىشىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن روھىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن: لىن دەييۈي چۈشكۈنلەشكەن ئائىلىدە تۇغۇلغان، يا ئاكا - ئۇكىلىرى، يا ئىگىچە - سىڭىللىرى يوق، ئانىسى ئالەمدىن بالدۇر ئۆتكەن، ئانا مۇھەببىتىدىن كىچىك تۇرۇپلا مەھرۇم بولغان، باشقا قىزلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭغا قائىدە - يوسۇن توغرۇلۇق تەلىم بېرى-

دىغان ئانسى يوق. لېكىن، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا پاك، مۇھەببەت- نەپرىتى ئېنىق، خۇيى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. مۇئەللىپ بۇ پېرسوناژنى ياراتقان چاغدا، خاراكتېر شەكىللىنىشىدىكى بەزىبىر ئامىللارغا ئېتىبار بەرگەن. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېھتىيات قىلىش پسىخىكىسىنى، دىمىغى ئۇستۇنلۇك ۋە ناھايىتى كۇچلۇك ئۆزىنى كەمسىندۇرۇش پسىخىكىسىنى تەپسىلىي ھەم توغرا ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ كېسەل ھالىتىدىكى تۇرلۇك پسىخىك ئەھۋاللىرىنى مۇئەللىپ ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، لىن دەيىۋيدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ھەم رىۋايەت تۇسىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىي سەھىپىسىدىن مەڭگۇ ئورۇن ئېلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان.

بۇنىڭدىن باشقا، مۇئەللىپ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى بايان قىلىشتا، ئايرىم تەسۋىرلەش ۋە تاق لىنىيە بويىچە ئىپادىلەش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى پېرسوناژلارنى كونكرېت، مۇرەككەپ، ئورگانىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇستىگە قويۇپ يازىدۇ ۋە ئۇلارنى مۇئامىلە ھەم ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق يارىتىدۇ، بىر تال قەلەمنى مىڭ قەلەم ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، بۇ مۇئەللىپنىڭ ئۆزاقتىن بۇيان ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى. ناۋادا بىرەر ۋەقەلىك يەككە ھالدا قارالسا ۋە ئىپادىلەنسە، ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىك بىر تەرەپلىمە ھەم يۈزە بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا بىر سىستېمىنىڭ تەركىبىي قىسمى قاتارىدا ئىپادىلەنسە، ئۇ چاغدا تۇرمۇشنى چىن مەنىسىدىن چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ «نەزمىنامە» دېگەن ئەسىرىدە تراگېدىك پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىگەن. بۇ يەردىكى ھەرىكەت ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى،

كونكرېت مۇھىت ئىچىدە پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن: «لىۋ مومايىنىڭ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋەرگەنلىكى، خۇشتار يىگىتنىڭ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكى» ماۋزۇلۇق بابتا، لىۋ مومايىنىڭ گەپدان، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشكە ماھىر، باۋيۈيىنىڭ مەج-نۇنلارچە ئىخلاسمەن، جيا قەسىرىدىكىلەرنىڭ ساختىپەز، كاز-زاپ ئىكەنلىكى ناھايىتى جانلىق يېزىلغان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانچىلىقتىكى تاق لىنىيىلىك قۇرۇلما ۋە تاق لىنىيە-لىك بايان قىلىش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنى ئې-چىپ بەرگەن. شۇڭا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ۋەقەلىكى تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىگە ئوخشاش كۆپ قاتلاملىق، چىگىش ھەم مۇرەككەپ.

ساۋ شۈەچىن بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە سىېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئومۇمىيۈزلۇك قوللىنىشقا ماھىر. روماندا ئىككى خىل دۇنيا، بۇنىڭ بىرى، نەزەرباغدىكى قىزلار دۇنياسى، يەنە بىرى، باغنىڭ سىرتىدىكى ئەرلەر دۇنياسى، بۇ ئىككى دۇنيا ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان. نەزەرباغ خىيالىي جەننەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان دۇنيا. نەزەرباغ چىرايلىق گۈل - چېچەكلەرگە ئو-رالغان، قىزلارنىڭ قوڭغۇراقتەك كۈلكىسىگە تولغان. نەزمە ئوقۇش، رەسىم سىزىش ۋە قىزىقچىلىق بىلەن ئاۋاتلاشقان دۇن-يا. ئۇ يەردە خوجايىن بىلەن دېدەكلەر ئاكا - ئۇكا ۋە ئىگىچە-سىڭىللىغا ئوخشاش. كۈلكە - چاقچاق قايىنىغان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىك يوق، شېئىرىي پۇراققا باي، غايىۋىلاشقان بۇ مۇھىت كىشىگە خىيالىي تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. يەنە بىر دۇنيا نەپسانىيەتچىلىك، چىرىكلىك قاتارلىق تۈرلۈك - تۈمەن رەزىل-لىكلەر يامراپ كەتكەن، بۇ يەردە خۇشامەتچى ئەدىبلەر، ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان يەرلىك مۇتتەھەملەر، سۇ-

نىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان بيۇروكراتلار بار، شۇلار-
نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، ھوقۇق تۇتقان ئاقسۆڭەك
خانىملارمۇ ئانچە سۆيۈملۈك ئەمەس، ئاغىچا ئانىلار تېخىمۇ بەت-
بەشىرە. قىزلارمۇ بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇلغان، مەسىلەن،
لىن دەييۈي، چىڭۋېنلارنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىچە، ئۇلار خاس-
لىقىقا ئىنتىلىدۇ. شۆ باۋچەي بىلەن شىرېن بىقارار، مەۋجۇت
تەرتىپنى ئاڭلىق قوغدايدۇ. 58 - بابتىن 63 - بابقىچە باھار
پەسلىدىكى نەزەرباغ تەسۋىرلىنىپ، بىر توپ قىزلارنىڭ گۈزەل
قەلبى بايان قىلىنىدۇ، باۋيۈي بىلەن قىزلار ئارىسىدىكى ساددا
دوستلۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولىدۇ، مۇئەل-
لىپ بۇنىڭغا ئۇلاپلا باشقا بىر دۇنيانى تەسۋىرلەيدۇ، بۇ دۇنيادى-
كى ئىشلار جىيا جېنىڭ، جىيا رۇڭ ۋە جىيا لىيەنلەرنىڭ نەزىرىدە
نورمال ھەم مۇۋاپىق ئىش، دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق سېلىشتۇ-
رۇش ئىپادىلەش كۈچىگە ناھايىتى باي. مۇئەللىپ يەنە ھەمىشە
بىر پېرسوناژنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىشقا تۇتقان
پوزىتسىيىسىنى سېلىشتۇرىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ شىفېڭ ئۆتكۈز-
گەن تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمىدا، جىيا باۋيۈي تاۋاپ قىلغىلى
شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ، جىيا باۋيۈينىڭ مىجەزىنى مۇ-
شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىككى پېرسوناژنىڭ بىر ئىشقا
تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ھەرقايسىنىڭ خاراكتېرى سېلىشتۇرۇ-
لۇش ئارقىلىق ئاشكارا بولىدۇ. جىيا باۋيۈي بىلەن شۆ باۋچەينىڭ
ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان لىن دەييۈيگە تۇتقان پوزىت-
سىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۆ باۋچەي كۆز يامغۇرى يېغىۋات-
قان گۈگۈم مەھەلدە لىن دەييۈينى يوقلاپ بارىدۇ، ئۇ لىن
دەييۈيگە چىرايىنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ
ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، كەچتە يەنە
يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى دەپ كېتىپ قالىدۇ، لېكىن ئۇ ۋەدىسى-
دە تۇرمايدۇ. جىيا باۋيۈي كەچتە لىن دەييۈينى يوقلاپ كېلىدۇ،

ئۇ لىن دەييۇيىنىڭ چىرايىنىڭ كۆپ تۈزلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. جيا باۋيۇيىنىڭ يالغان گەپلىرى كۆيۈنۈشكە تولغان. بۇنداق سىلىشتۇرۇشلار روماندا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوخشاش سەرگۈزەشت ۋە ئوخشاش پېرسوناژلار سىلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

چىنلىقنى يېزىش ۋە «ئەمىنىيە دەۋرىدىكى يېزىقچىلىق ئۇسۇلى» نى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. ساۋ شۆچىن چىنلىقنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ رومان تۇرمۇشنى ئەينەن پېتى يېزىشى كېرەك، دېگەن تەلەپنى قويىدىغان تارىخچىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ «تۇرمۇشنى ھەقىقىي يېزىش» تەشەببۇسىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، پۈتۈنلەي ئۆز خىيالىغا ئاساسەن يازىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىغا، يارىتىلغان پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش، فورمۇلىلاشقان ناچار يېزىقچىلىق ئادىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ توقۇلمىنى چەتكە قاقمايدۇ، بىراق بۇنداق توقۇلما ۋە تەسەۋۋۇر تۇرلۇك ئىشلارنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ بىرىنچى بابىدا مۇنداق يېزىلغان:

«مۇئەللىپ بايان قىلىدۇكى، بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگىنىمدىن كېيىن، راست ئىشنى خۇپىيانە تۇتۇپ ‹ھېكمەتلىك قاشتېشى› نى ۋاستە قىلىپ، مەزكۇر ‹تاشنىڭ رىۋايىتى› دېگەن قىسسىنى يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭ قەھرىمانىغا ‹جېن شىيىن» دەپ نام بەردىم.»

«جېن شىيىن» دېگەن «راست ئىشنى يوشۇرغۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان خەتلەرگە ئاھاڭداش. بىرىنچى بابتا يەنە جيا يۈيسۈن دېگەن بىر شەخس بار، بۇ «ياسىما سەھرايى تىل» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان خەتلەرگە ئاھاڭداش. بىرىنچى بابتا، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى شەخس بايان قىلىنى-

غان. بۇنىڭدىن مەقسەت: «راست ئىشنى يوشۇرۇش» نى تەكىتـ.
لەش، «جىيا يۈيسۈننىڭ گەپ - سۆزلىرى ئارقىلىق ئەپلەپ -
سەپلەپ ھېكايە يېزىش» تىن ئىبارەت. مۇشۇنىڭدىن ساۋ شۆچىنـ.
نىڭ ھەقىقىي ۋەقەلىك ۋە ھەقىقىي پېرسوناژلار ئاساسىدا تو.
قۇلما ۋە ئىجادىيەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋې.
لىش مۇمكىن. چۈنكى، يۇقىرىدا ئىگىلەنگەن «قانۇنىيەتلىك
ئىش» لار رېئاللىقىقا قارىغاندا تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ چىن بولىـ.
دۇ. كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن ھەربىر ئابزاس،
ھەربىر ۋەقەلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەتتا ھەربىر تەپسىـ.
لاتىنىڭ پىلانلىنىشىنى پېرسوناژلارنى تېخىمۇ تولغان، ۋەقەلىكـ.
نى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلىۋېتىدۇ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى
ھەققانىيلىك ۋە چوڭقۇر ئوي - پىكىر يۆلەپ تۇرىدۇ. «يەلپۈ.
گۈچنى يىرتىش بەدىلىگە مىڭ تىللالىق بىر كۈلكە كەلگەنلىكى،
بوبرا كېيىك تۈپەيلىدىن ئاشىقلارنىڭ تەڭ قېرىيدىغانلىقى بىلىنـ.
گەنلىكى» ماۋزۇلۇق 31 - بابتا مۇنداق يېزىلغان:

— بوپتۇ، يۈيۈنمىساڭمۇ مەيلى، قولۇڭنى يۇيۇپ، ئاشۇ
مېۋىنى ماڭا ئەكېلىپ بەر، — دېدى باۋيۈي كۈلۈپ.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، مەن بىر كالۋا تۇرسام! — دېدى
چىڭۋېن كۈلۈپ، — يەلپۈگۈچنىمۇ سۇندۇرۇۋەتكەن تۇرسام،
نەدە مېنىڭ مېۋە ئەكېلىپ بەرگۈچىلىكىم بولسۇن! يەنە بىر
تەخسىنى چېقىۋەتسەم، تېخىمۇ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرەرمەن!

— مەيلى، چېقىۋەتكۈڭ كەلسە چېقىۋەر! — دېدى باۋيۈي
كۈلۈپ، — بۇلار ناھايىتى ئادەم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرغۇ،
ھەركىمنىڭ مىجەزى ئوخشاش بولمايدۇ، ساڭا ئۇندىقى يارىسا،
ماڭا بۇندىقى يارايدۇ. مەسىلەن، يەلپۈگۈچنى ئالايلى، ئۇ يەلـ.
پۈش ئۈچۈن يارالغان نەرسە، ئۇنى يىرتىپ ئوينىغۇڭ كەلسە،
مەيلى يىرتىۋەرگىن. لېكىن، ئاچچىقىڭ تۇتۇپ قالغاندا، ئاچـ.
چىقىڭنى ئۇنىڭدىن ئالما. قەدەھ ياكى تەخسىنى ئالايلى، بىرى

ئىچىملىك قويۇلىدىغان، يەنە بىرى غىزا ئۇسۇلىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولساڭ، قەس-تەن چېقىۋەتسەڭمۇ مەيلى. لېكىن، بۇنىمۇ ئاچچىقىڭنى ئېلىش ئۈچۈن قىلما!

چىڭۋېن يەلپۈگۈچنى ئېلىپلا «جىرت» قىلىپ يىرتىۋەت-تى، «جىرت» قىلىپ يەنە يىرتتى، ئارقىدىن يەنە يىرتتى. باۋيۈي چىڭۋېننىڭ قېشىدا تۇرۇپ، كۈلگەن پېتى:

— ۋاھ، قالتىس يىرتتىڭ، تېخىمۇ جارتىلدىتىپ يىرت، — دېدى.

بۇ بىر ئابزاس ناھايىتى ئەمەلىي يېزىلغان، بۇنىڭدا يەلپۈ-گۈچ سۇندۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى تەپسىلاتلار يەنىمۇ كېڭەي-تىلگەن. ئاساسەن پارچە - پۇرات ئىش ۋە ئۇششاق نەرسىلەر، مەسىلەن، مېۋە يېيىش، تەخسە چېقىش، يەلپۈگۈچ يىرتىش قاتارلىق تەپسىلاتلار ئاجايىپ كونكرېت بايان قىلىنغان. مۇشۇن-داق چىن تەپسىلاتلار تۇرمۇش ماھىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان. بىر كىشى ھاياتىدا مەيلى قانداق تۆھپە ياكى ئاجايىپ نەتىجىلەر يارىتىپ كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلىشىغا ئېرىشسۇن، ئاشۇ تۆھپە ۋە نەتىجىلەر تەپسىلاتتىن ئايرىلالمايدۇ. تەپسىلات بولمى-سا، چىنلىق بولمايدۇ. مۇئەللىپ راستىنى يېزىشنى ھەمىشە تەپسىلاتتىن باشلاپ، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى بارا - بارا ئىچكىرىلىگەن ھالدا ئىخچام تەسۋىرلەپ ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ھەم كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېتىدا ياتقان پىنھان سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. يەلپۈگۈچنى يىرتىش كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ھەم جىيا باۋيۈي بىلەن چىڭۋېننىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن. مۇئەللىپ ئۇلارنىڭ تاكاللىشىپ قېلىشى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا تايى-نىپ، مۇھىم ئىدىيىۋى ھالەتنى، مىجەزىنى تەكىتلەشنى ئىپا-دىلەپ، شۇ ئارقىلىق راستىنى يېزىشنى پەلسەپىۋى دەستەكچى-

لىك، ئىجتىمائىي تەنقىد بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈۋەتكەن.
مۇئەللىپ راستنى يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرغان، جەلپكارلىقىنى كۈچەيتكەن. بىراق، بۇنداق راستنى يېزىشقىمۇ بەدىئىي ماھارەتتە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. 42 - بابتا، شۇ باۋچەي نەزەرباغنى سۈرەتلىگەن ئابزاستا مۇئەللىپنىڭ راستنى يېزىش ماھارىتى بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتكەن.
بۇ باغنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى بىر رەسىمگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىكى سۇنئىي تاغلارنى، دەل - دەرەخلەرنى، راۋاق - بىنالار ۋە ھەرەم - ھۇجرىلارنى يىراق - يېقىنلىقى، شالاڭ - زىچلىقى جەھەتتە كۆپ قىلىۋەتمەي، ئازمۇ قىلىپ قويماي، دەل جايىدا سىزىش كېرەك. ئۇلارنى ئۆز ئىسكەتى بويىچىلا قەغەزگە سىزىپ قويسا، ئەلۋەتتە ياخشى چىقمايدۇ. قەغەزگە چۈشۈرگەندە، قاتلىمىلىك ئارىلىق قالدۇرۇلىدىغانلىقىغا قاراش، ئاساسىي ئورۇندىكى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندىكىنى پەرقلەندۈرۈش، قوشۇپ سىزىشقا توغرا كەلسە قوشۇش، ئېلىپ تاشلاشقا توغرا كەلگەنلەرنى ئېلىۋېتىش، يوشۇرىدىغان يەرلىرىنى يوشۇرۇش، كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىرىنى كۆرسىتىش لازىم. ئەنە شۇنداق قىلىپ بىر خام نۇسخا تەييار بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرقۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئوبدان پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئاندىن رەسىمنىڭ لايىھىسى پۈتۈپ چىقىدۇ.
بۇ يەردە گەپ رەسساملىق ئۇستىدە كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رومانىنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەن پرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشاش. چۈنكى، بەدىئىيلىك تۇرمۇشنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش، دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئاساسىي ئورۇندىكى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندىكىنى چوقۇم پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. «قوشۇش»، «ئېلىپ تاشلاش»، «يوشۇرۇش»، «كۆرسىتىش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مۇۋاپىق پىششىقلاپ

ئىشلەپ، ئۇنى ئوبيېكتىپ تۇرمۇشتىنمۇ چىن، ئوبيېكتىپ تۇرمۇشتىنمۇ تىپىك قىلىش كېرەك.

«ئەمىنىيە دەۋرى ئۇسلۇبى» روماندا تولىمۇ ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىلغان. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى تەمتىرىمەي ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن، ئۇسلۇبى ئەگرى - توقاي، پىكىر يوشۇرۇن. مەسىلەن، ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ لىن دەييۈيگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ناھايىتى يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن. بۇتخانىدىكى جاڭ دەرۋىش قۇدىلاشقىلى بارىدۇ، جيا باۋيۈي بوبرا كېيىكنى تېپىۋالىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى يۈەنچۈن جيا باۋيۈي بىلەن شۆ باۋچەي ئىككىسىگە ئوخشاش بايراملىق سوۋغا ئەكېلىپ بېرىدۇ، بۇ ئىش بىلەن لىن دەييۈي جيا باۋيۈي بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ، جيا باۋيۈي «ھېكمەتلىك قاشتېشى»نى چېقىۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇ چاغدا، مۇئەللىپ ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى يازمايدۇ، جىڭ چۈەننىڭ چاقچىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى قانداق تىللىغانلىقىنى يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەزەرباغنى تىنتىدۇ، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم باشقىلاردىن چىڭۋېننىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ دەييۈيگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «قالتىس ساھىبجامال ئىكەن بۇ! ‹كېسەل شى شى›غا تازىمۇ ئوخشاپسەن! ئەتىدىن كەچكىچە كىمگە بۇنداق شاللاقلىق قىلىپ يۈرۈيسەن؟» دەپ تىللاپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن ۋاڭ ئاغىچا خېنىمنىڭ دەييۈيگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن.

روماندا راست - يالغاننى يېزىش ئۇسۇلى دىئالېكتىكىلىق ئاساستا ئۇستىلىق قوللىنىلغان، ئەنئەنىۋى بەدىئىي ۋاستىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن چوڭقۇر تەرەپلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. راستنى يازغاندا قوپال، يالغاننى يازغاندا تۇتۇق چىقىپ قالمىغان، يالغانمۇ بار ھەم راستمۇ بار، راست - يالغان بىر - بىرىگە ماسلاشقان، بىر - بىرىنى تولۇقلىغان، شۇنىڭ بىلەن

چوڭقۇر مەزمۇنلار ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان بەدىئىي مەنزىل يارد-
تىلغان. جيەنجەي مەزكۇر رومانىنىڭ جياشۇ يىلىدا نەشر قىلىند-
غان نۇسخىسىنىڭ 2 ـ بابىغا باھا بېرىپ: «رومانىدا تەسۋىرلەند-
گەن ۋەقەلىكلەر رېئال تۇرمۇشتا بارمىكىن دېسە يوقتەك، يوق-
مىكىن دېسە باردەك، قەدىمىي زاماندىكى ۋەقەلىكمىكىن دېسە
ھازىرقى ۋەقەلىكتەك، ھازىرقى زامان ۋەقەلىكمىكىن دېسە،
قەدىمىي زامان ۋەقەلىكىدەك، رېئال تۇرمۇشتا ئۇنداق ۋەقەلىك
يوقتەك. لېكىن، تۇرمۇشتا شۇنداق ۋەقەلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى
زۆرۈردەك، ئاجايىپ سىرلىق ھەم ئاجايىپ خىيالىي ھەم ئاجا-
يىپ بولمىغۇر جايلىرى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ» دې-
گەن. ئۇ يەنە مەزكۇر رومانىنىڭ گېڭچېن زامانىسىدا نەشر
قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 46 ـ بابىدا كىتابتىكى پېرسوناژلار ۋە
ۋەقەلىكلەرنى كۆرستىپ مۇنداق باھا بەرگەن: «ئەينەكتىكى
گۈل، سۇدىكى تولۇن ئاي، بۇلۇتتىكى يىلپىز، ئورمانلىقتىكى
ئۇچار قۇش، ئۇۋىسىدىكى چاشقان» ھەم «سۇرۇشتە قىلغۇدەك
ئىزى، ئىسپات بولغۇدەك يېرى بار»، يەنە كېلىپ «ئىسپات
بولغۇدەك ئىش، كۆرستىپ قويغۇدەك ئادەم يوق». رومانىدىكى
ۋەقەلىكلەر كىشىگە يالغان دېسە راستتەك، راست دېسە يالغان-
دەك مانا مۇشۇنداق تۇيغۇ بېرىدۇ، قارىماققا ئاجايىپ سىرلىق
ھەم تولىمۇ چىن، پاكىت ئىنتايىن ئاددىيدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن
شۇلارنىڭ ئىچىدە توقۇلما بار.

يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن تەپەككۇرى، جۈملىدىن بەدىئىي
قارىشى ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.
شۇ سەۋەبتىن يازغۇچىنىڭ راست ـ يالغاننى يېزىش ئۇسۇلى
چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە. راست ـ يالغاننى يېزىش
ئۇسۇلى بىر خىل يېزىقچىلىق ماھارىتى، بۇنى رومانىنىڭ ھەممە
يېرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مۇئەللىپ لىن دەيۈينىڭ
جيا ئائىلىسىدە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىنىمۇ توغرد-

دىن- توغرا يازغۇسى كەلمەيدۇ، لېكىن ھامما ئاچىسىنىڭ ئۆ-
يىدە تۇرۇۋاتقان سى شياڭيۈننىڭ تەقدىرىنى شىرىنگە سۆزلە-
تىش، تاۋۇز چاغنى ئاخشىمىدىكى جەم بولۇش داستىخىنىغا
داخىل بولالمىغان ئۈچ يېتىم قىز ئارقىلىق، يازغۇچى ئۇلارنىڭ
غېرىبسىنغان ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىۋاتقان ئەھۋالىنى بايان
قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەر لىن
دەييۈيىنىڭ قىسمەت ـ تەقدىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

قۇرۇلما جەھەتتە، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە چىنلىق
بىلەن خىيالىي تۇيغۇنى گىرەلەشتۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن.
«يەتتە ئىقلىمدىكى جىمى مەنزىرىلەر مۇجەسسەم بولغان» نەزەر-
باغدا بوشلۇق كىشىلەر سەيلە ـ ساياھەت قىلىش، قولۋاق ھەي-
دەش پائالىيەتلىرى بىلەن تەڭ كېڭىيىدۇ، ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان
شەيئىلەر ناھايىتى كۆپ، كاڭ مەنقۇلاتلىرى، شىمال مەنزىرىلە-
رى ۋە جەنۇب مەنزىرىلىرى تولۇق. مۇشۇ مەنزىرىلەر ئىچىدە
تۇرغان ئادەم ھەربىر تال گىياھ بىلەن سىرلىق ھالدا پىكىر
ئالماشتۇرالايدۇ. باۋيۈيىنىڭ نەزىرىدە ئاسارۇنزار سارىيى «بام-
بۇكلار باراقسان ئۆسكەن، سۇلار شىلدىرلاپ ئاققان» ھالەتتە
بولسا، دەييۈيىنىڭ نەزىرىدە «بامبۇكلارنىڭ سايىلىرى ئۇزۇن ـ
قىسقا، مۇخلار بەزى يەرلەردە يوق، بەزى يەرلەردە شالاڭ ئۆس-
كەن» ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق ئادىمىي ھەم شېئىرىي بوشلۇقتا
كىشىلەرنىڭ تەقدىرى، مەۋجۇتلۇق ھالىتى بىلەن تەبىئەت ئارى-
سىدا چوڭقۇر قاتلاملىق ئالماشتۇرۇش يۈز بېرىدۇ. شۇڭا،
نەزەرباغ شېئىرىي تۈسكە ھەم خىيالىي تۈسكە ئىگە. كېيىنكىلەر
«نەزەرباغ خەرىتىسى» ھەرقايسى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى نە-
زەرباغ، چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەزەرباغ توقۇلما،
دەپ قاراپ كەلدى. جيەنجەي مەزكۇر روماننىڭ گېڭچىن زامانى-
سىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا باھا بېرىپ: «نەزەرباغ جيا
باۋيۈي بىلەن جىنلىڭدىكى ئون ئىككى ساھىبجامالنىڭ سىرلىق

ماكانى» دېگەن. مۇئەللىپىنىڭ دۇنيا قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقان-دا، پۇتكۇل ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، كونكرېت ئىجادىيەت ئۇ-سۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە راست بىلەن يالغاننى ئالماشتۇرۇپ يېزىش پرىنسىپى ئىزچىل قوللىنىلغان. بۇ باشقا رومانلاردا يەتمەك تەس بولغان سەۋىيە.

كۆلەڭگە ئىچىدىكى كۆلەڭگىنى يېزىش «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» كە خاس بولغان بەدىئىي ۋاسىتە. جىنلىڭدىكى ئۇن ئىك-كى ساھىبجامالنىڭ رەسمىي ۋە قوشۇمچە رىسالىسى، قوشۇمچە رىسالىسىنىڭ خىيالىي تەسۋىرى. ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇرلۇك پېر-سوناژلارنىڭ كۆلەڭگىسىنى يېزىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. يازغۇچى ھەمىشە ئۆزلۈك، ئىشلىتىش، ئۆزگىرىش قاتارلىقلار-نى تىلغا ئېلىپ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى كۆلەڭگىلەرنى يۇقىرىدا دېيىلگەن بويىچە يازىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر ئادەتتە شىرېن بىلەن چىڭۋېننى باۋچەي بىلەن دەيىيۇينىڭ كۆلەڭگىسى، دەيدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېر جەھەتتە مۇۋاپىق كېلىدى-غان جايلىرى بار، ئەمما مەرتىۋە، ئادەم بولۇش ۋە تەقدىر - قىسمەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ھەم بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان يەرلىرىمۇ بار. چىڭۋېن چىرايلىق، مەغ-رۇر، شور پېشانە ۋە زۇۋاندار قىز. باۋيۇي يەلپۈگۈچ يىرتىش بەدىلىگە ئۇنى كۇلدۇرىدۇ، ئۇ كېسەل تۇرۇپ باۋيۇي ئۈچۈن توز يېپىنچىنى ياماپ بېرىدۇ، ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن قېيىدى-شىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. چىڭۋېن نەزەربانغدىن قوغلاندى قىلىنىدۇ، باۋيۇي ئۇنى يوقلاپ بارىدۇ، ئۇ باۋيۇيگە: «مەن ئاز كۈن قالماي ئۆلۈپ كەتسەم، يامان ئاتاققا قېلىشتىن قورقمايمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىش - ئەمەل ۋە گەپ - سۆزلىرىدە، ھايات ۋە ماماتقا بولغان مۇھەببەت - نەپرىتىدە قۇللارغا خاس ئاز - تولا ياۋايىلىق بار. لىن دەيىيۇي قولىيازمىلىرىنى كۆيدۇرۇۋېتىپ ئىشق سەۋدا-سىدىن قول ئۈزۈپ سەكراتتا ياتقان چاغدا، چالا - پۇچۇق:

«باۋيوي، باۋيوي، ياخشىمۇ سىز···» دەيدۇ. چىڭۋېننىڭ بايىقى گېپىنى لىن دەييۇينىڭ مۇشۇ گېپىگە سېلىشتۇرغاندا، باشقا گەپلەر كۆڭۈل خۇشى ئورنىدا دېيىلگەن گەپلەر.

چىڭۋېنگە قارىغاندا، شىرېن باۋچەيگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ھەم مۇلايىم، كۆيۈمچان ۋە ئەلتەك قىز. ئۇ جىيا باۋيۇينى نام چىقىرىشقا ئۈندەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دېدەك قىزلارنىڭ غەلۋە قىلىشىنى توساش مەسئۇلىيىتىنى ئۆزى ئادا قىلىدىغان قىز. ئۇنى ۋاڭ ئاغىچا خېنىم بەك ياخشى كۆرىدۇ. ۋاڭ ئاغىچا خې-نىم: «ئوغلۇمنى··· ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم» دەيدۇ. بۇ بىر بېشارەت، جىيا قەسىرىدىكى ئەخلاق قېلىپىدا، ئۇلار باۋچەي ۋە دەييۇي ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن باۋچەينى تاللىۋالىدۇ. باۋيۇي ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باۋچەينىڭ نام - ئاتىقىنى بېكىتمەك تەس بولۇپ، ئۇ «كىمگە تەگكەن بولساڭ، شۇنىڭ پېشىنى تۇت» دېگەندەك كۇنگە قالىدۇ.

كۆلەڭگە ياكى كۆلەڭگە بىلەن كۆلەڭگىنى يېزىش ۋەقەلىك-نىڭ مەركىزىدىن سەل چەتنەپ كەتكەندەك قىلغان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئاساسلىق پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى جەھەتتە ھەم نەتىجە - سەۋەب باغلىنىشى جەھەتتە شەرھلەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولى جارى قىلدۇرۇلغان. ئوخشاش بىر قاتلامدا بولمىغان پېرسوناژلار ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويى-چە بىر - بىرىگە رەڭ بەرگەن ۋە شۇلارنىڭ ئوخشاش تەقدىر-قىسمەتلىرىنى بايان قىلغان. شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئەسەردىكى مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەم مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ئاس-تىدا كىشىلىك ھاياتنىڭ دەرد - پىغانلىرىنى ئەكس ئەتتۇ-رۇپ بەرگەن.

ئالدىن بېشارەت بېرىپ بايان قىلىش «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. ئالدىن بېشارەت بېرىش رومانىدىكى مەلۇم يېشىم ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن ئالدىن شەپە

بېرىش، دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، «ئامانلىق ناخشىسى» ، خىيالىي تۇسكە ئىگە «جىنلىقىدىكى ئۇن ئىككى ساھىبجامال» رىسالىسىدىكى ھۆكۈم خاراكتېرىنى ئالغان سۆز - ئىبارىلەر ۋە «قىزىل راۋاقتىكى ئۇن ئىككى كۈي» ، تۇرلۇك توقۇنۇش، خىيالىي پىكىر ياكى سۆز قىسقارتىش، قاپىيەلەشتۇرۇش، ياپتا گەپ قىلىش، بېيىت ئوقۇش قاتارلىق ئۇسۇللار پۇتكۈل رومانغا پەلسەپىۋى مەزمۇن ئاتا قىلىدۇ، تراگېدىك كەيپىيات يارىتىدۇ. دەيىۋي گۈل - چېچەكلەرنى كۆمۈۋېتىپ «چېچەك كۆمۈش نەزمىسى» نى يازىدۇ، بۇ ھەسرەت بىلەن خورسىنىش ئىچىدە يېزىلغان نەزمە بولسىمۇ، ئەمما «پاك تۆرەلدىڭ پاكلىقىڭچە كەت يەنە سەن پاك سۇپەت، بولغىماي زاتىڭنى لايدا ساقلا ئەسلىڭنى ئەبەد» دېگەن بىر كۇبلىت نەزمىدە لىن دەيىۋي ئۆزىنىڭ غېرىبلىق ئىلكىدە تارتىۋاتقان ئەلەملىرىدىن ھەم شۇ تۇپەيلى بىمەزگىل ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن بەلگە بەرگەن. جيەنجەي مەزكۇر روماننىڭ جياشۇ نەشرىنىڭ 27 - بابىغا باھا بېرىپ: «چېچەك كۆمۈلگەن جاي ساھىبجامالﻼرنىڭ ئاخىرقى قارارگاھى» ، «‹چېچەك كۆمۈش نەزمىسى› ساھىبجامالﻼرنىڭ جۇدالىق كۈيى» دېگەن. بۇ سەمىمىيلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈم.

روماندا تۇرلۇك بېشارەتلەر ئارقىلىق چوڭ - كىچىك ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ پەلسەپە يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش، رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولغان بېشارەت ئارقىلىق بېشارەت بېرىش، كەيپىيات ئارقىلىق يەنە بىر خىل كەيپىياتقا تەسىر قىلىش، بىر تەپسىلات ئارقىلىق جىمىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى بىر - بىرىگە چېتىشلارنى يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇش مەقسىتىدە يازغان ئەمەس. ساۋ شۆچىننىڭ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنى ئەكس ئەتتۇرۇشى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» مەيلى ئىدىيىۋى جەھەتتە يېڭى-

لىق يارتىشتا بولسۇن ياكى بەدىئىي ئىپادىلەشتە بولسۇن، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. بۇ خىل ھالەت بىزنى ئىدىيىۋى ماتېرىيالنىڭ مول ھەم چوڭقۇر بولىدىغانلىقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ھەم مۇھەببەت، تەقدىر، جەمەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇش، تارىخ، مەدەنىيەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ، بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال. جۇڭگو فېئودال مەدەنىيىتى ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە قىلىنغان، ئادەم روھىي قان ۋە گۆش ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ توغرىدىن ـ توغرا ئېچىپ بېرىلگەن. جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەرلەر ھوقۇقى مەركەز قىلىنغان مەدەنىيەت يازغۇچىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن، يازغۇچى چارىسىز ئەھۋالدا قالغان. ئۇ بىر قاتار قارشىلىق بىلدۈرگۈچى ئوبرازلارنى يارىتىش ھەم ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق تەقدىرى ئارقىلىق زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ قاتمۇقات جاراھەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان. يازغۇچى ئىنسان ماھىيىتى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزگەن، بولۇپمۇ مۇھەببەت بىلەن ماھىيەتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تارىختىن بۇيان ئۆتكەن پەيلاسوپلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ۋە مۇشۇ يول بويىچە ئىلگىرىلىگەن. يازغۇچى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر چەمبىرىكىدىن مەقسەتلىك ھالقىپ، كىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھەقىقىي يېقىنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يازغۇچى كۆڭۈلچىلار ئېقىمى، تەرىقەت ۋە بۇددا دىنى تەلىماتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى كىشى ماھىيىتىدە يۈز بەرگەن ئويغىنىشنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىبلەر ئارىسىدا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان قەدىرلەشكە تېگىشلىك ھال. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» كىشىلەرگە مۇھەببەت بىلەن ئىنسان ماھىيىتىنىڭ گۈزەل ۋە سەلتەنەتلىك ئىكەنـ

لىكنىنى، يەنە كېلىپ مۇھەببەت بىلەن ئىنسان ماھىيىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشتا پۈت دەسسەپ تۇرۇشىنىڭ تەسلىكىنى ئۇقتۇردۇ. يازغۇچى فېئودال ئەدىبلەرنىڭ غايىسى ۋە ھېسسىياتى چىندىلىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇنداقتىمۇ غايە بىلەن ھېسسىيات كونىچە قاراشلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ مەيدانىغا چىقىدىشى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ماتەم مۇزىكىسى ھەم ئەدىبلەر ئىدىيىسىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى پىغانى بولۇپ قالغان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئىنسان ماھىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ قامۇس خاراكتېرلىك رومان. بۇ روماندا ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىسى مەركەز قىلىنغان ئاساستا كەڭ ئىجتىمائىي تارىخ كارتىنىسى سىزىپ بېرىلگەن، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلار ھەم قاتلاملار، بەگ - غوجام ۋە ئاغىچا خېنىملاردىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگىچە ھەممىسى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېتىپ - قوپۇشى، ئوزۇقلىنىشى قاتارلىقلار تەپسىلىي ھەم ھەققىي ئىپادىسىنى تاپقان. يازغۇچىنىڭ تېبابەت، شېئىر، چاقچىلە، بىناكارلىق قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر ئۆزىگە خاس قاراشلىرى، چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق بىلىمى دۇنيادا ئاز تېپىلىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» مانا مۇشۇنداق بىر كاتتا رومان. بۇ رومان توغرىسىدىكى تەتقىقات داۋاملىشىپ كەلمەكتە، رومانغا بولغان چۈشەنچىلەرمۇ خىلمۇخىل. يازغۇچى بۇنى ئاللىبۇرۇنلا ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن كىتابنىڭ بېشىدىلا: «تولسا گەر ئەپسانىگە قەغەز بېتى، سىڭدى مىسرالارغا ئاچچىق كۆز يېشى. كاشكى ئاپتورنى ھاماقەت دەرمىدى، تەمىنى تېتىپ بىلەلمىگەن كىشى؟» دېگەن مىسرالارنى پۈتكەن. يېرىم ئەسىردىن كېيىن لۇشۈن ئەپەندى كېيىنكىلەرنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى

چۈش» كە بولغان پوزىتسىيىسىنى يىغىنچاقلاپ: «بۇددا ئەھلى پالنامە، دەپ بىلىدۇ، تەرىقەتچىلەر شەھۋانىي دەپ، ئوقۇمۇش-لۇقلار يېشىلمەس تۈگۈچ دەپ، ئىنقىلابچىلار مانجۇلارنى يەك-لەش دەپ، پىتنە - ئىغۋاچىلەر ئوردىدىكى مەخپىي ئىشلار، دەپ چۈشىنىدۇ...» دېگەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ رومان كېيىنكى-لەرگە ھەر خىل تەسىر قىلغان.

بەزىلەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تىن پايدىلىنىپ ئەر - ئاياللارنىڭ ۋىسال شادلىقى بىلەن ھىجران قايغۇسىنى يازغان، ئەمما ئەسەرلىرى چۈشكۈن چىققان. «4 - ماي ھەرىكىتى» مەزگىلىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى شەخسىي ئازادلىق، روھىي ئەركىنلىك ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەتكە بولغان يېڭىچە قاراشلار قوبۇل قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭ-گو ھازىرقى زامان رومانچىلىقى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ تەسىرىدە ئۆزگىچە خاس سېھرىي كۈچنى نامايان قىلدى.

پايدىلانغان ماتېريال: «جۇڭگو قامۇسى» (ئەدەبىيات تومى)

## «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (ئەسلي ئەسەر) ئۈستىدە تەھلىل (Ⅱ)

تەقدىر توغرىسىدا يېزىلغان رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» شېئىرغا ۋە ناخشىغا ئوخشايدۇ. روماندا بىر جەمەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئاخىرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكى، بىر شەخس-نىڭ ۋىسال شادلىقى بىلەن ھىجران قايغۇسى يېزىلغان. رومان ئاخىرلاشقانسېرى ئېچىنىشلىق نالە - پىغان كۆچىيىپ، ھەربىر ۋەقەلىككىچە كېڭىيىپ، تراگېدىيىنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ئا-يان بولىدۇ. يۈەنچۈن، يىڭچۈن، دەييۇي، مياۋيۈي، يۈەنياڭ ۋە سىچىلار گويا تۇيۇقسىز سولىشىپ خازان بولغان چىرايلىق غۇنچە - چېچەكلەردەك بۇ ئالەم بىلەن كەينى - كەينىدىن ۋىدالىشىدۇ، بىر - بىرىدىن جەلپكار قىزلارنىڭ تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن چىرايلىرى، زىلۋا بويلىرى شۇئان غايىب بولۇپ، نادامەتلىك ئەرۋاھلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شىچۈن راھىبە بولى-دۇ، تەنچۈن توي قىلىپ يىراققا كېتىدۇ، شياڭيۈن بىلەن باۋچەي تۇل قالىدۇ، «يىغلىسا تۇمەنىڭ نازىنى، جاھان ئەھ-لى بولۇر مىسكىنى» دېگەندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ «گۈللەنگەن دەۋر» دىكى مۇڭلۇق ناخشىسى.

ئەمدى ئەرلەرنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ جيا باۋيۈي دەلتە بولۇپ قالىدۇ، ئۇ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ئاخىر ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ راھىب بولۇپ كېتىدۇ. ئاۋاتلاشقاندىن تارتىپ چۆلىسىرەپ خانىۋەيران بولغان ئارىلىققىچە بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن نەزەرباغ خۇددى مەسخىرە ۋە ئالدامچىلىققا ئۇچرىغان-دەك تەقدىرنىڭ بىقارار ئالىقانلىرىدا گۈللىنىش ۋە خاراب بو-

لۇشىنىڭ شېرىن ۋە ئاچچىق تەمىنى يەتكۈچە تېتىيدۇ. ئەلۋەتتە،
بىز ساۋ شۆچىن زۇلمەتلىك فېئودالىلىق جەمئىيەتنى تەنقىد
قىلدى، دەيمىز، لېكىن ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇ مەدەنىيەتنى
قاتتىق تەنقىد قىلدى، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە بولغان كۈچلۈك
خورسىنىشىنى ئىپادىلىدى. ئۇ تەسۋىرلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى-
نى باۋيۈي بىلەن دەييۈينىڭ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا
مەركەزلەشتۈردى، چۈنكى دەييۈينىڭ ئۆلۈپ ھەم باۋيۈينىڭ
دەلتە بولۇپ قېلىپ ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىدىكى ھالقىلىق
ئامىللارنىڭ بىرى مۇشۇ ئىدى. ئۇلارنىڭ قول بېرىپ ئاكا-
سىڭىل بولۇشقانلىقى ئەنئەنىۋى ۋەدىلىشىشنىڭ ئەكسى تەرىپى
ئىدى. مۇھەببەت ۋە نىكاھقا بولغان ئىككى خىل پوزىتسىيىنى
تەسۋىرلەشتە، يازغۇچى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئورنىنى ناھايىتى
ئوچۇق ئىپادىلىگەن. چۈنكى، ئىككى خىل نىكاھ تاللىشى ئوخ-
شاش بولمىغان ئىككى خىل قىممەت قارىشى ۋە ئوخشاش بولمى-
غان ئىككى خىل مەدەنىيەت يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ياز-
غۇچى باۋيۈي بىلەن دەييۈي، باۋيۈي بىلەن باۋچەينىڭ نىكاھ
تاللىشىغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ. روماندىكى خىلمۇخىل
پېرسوناژلار مۇشۇ مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان،
ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، كىشىلىك تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە تەق-
دىر- قىسمەتلىرى، باۋيۈي بىلەن دەييۈي ئارىسىدىكى مۇھەببەت-
نىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە باۋيۈي بىلەن باۋچەي ئارىسىدىكى
نىكاھ تراگېدىيىسى قاتارلىق ۋەقەلەردىن تەشكىل تاپقان قۇرۇل-
ما رامكىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، ئورگانىك قۇرۇلمىنى
ھاسىل قىلغان. يازغۇچىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويلىنىشى
جايىدا بولغان، ئۇ قوشۇمچە پېرسوناژ ۋە قوشۇمچە يىپ ئۈچى
ئارقىلىق زاۋاللىققا يۈزلەنگەن فېئودال مەدەنىيەتنىڭ ماھىيەت-
لىك تەرەپلىرىنى شەرھلىگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى

شۇكى، يازغۇچى مەقسەتلىك ھالدا ئەقلىي تەنقىد ئېلىپ بېرىپ، جىنايەتنى مەدەنىيەتكە ئارتىپ قويغان ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق ئۆزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەت ۋە باشقا ئامىللارنى كۆرسىتىش بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالدىغا سىرلىق تەقدىر توغرۇلۇق ئەقلىي ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسىنى قويغان.

روماننىڭ كېيىنكى قىسمىدا باۋيۈي بىلەن دەييۈي ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ۋە نابۇت بولۇشى بىلەن باۋيۈي بىلەن باۋچەي ئارىسىدىكى نىكاھ تراگېدىيىسىنى بىرلىكتە يېزىش ئارقىلىق يازغۇچى ۋەقەلىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

باۋيۈي بىلەن دەييۈينىڭ مۇھەببىتى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە يېتەكچى ئامىل، بۇ ئامىل ھەرقايسى ۋەقەلىكلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، تۈرلۈك دېتاللارنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. روماننىڭ ئالدىنقى قىسمىدا باۋيۈي ۋە دەييۈي ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بىخ ئۇرۇشى ۋە تەرەققىياتى يېزىلغان بولسا، كېيىنكى قىسمىدا ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشى ھەم چوڭقۇرلىشىشى يېزىلغان. روماندا مۇھەببەت پاساھەت بىلەن ھەقىقىي تەسۋىرلەنگەن. مۇھەببەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئوقۇرمەنلەرنى خۇددى مەي بولۇپ پىشىپ شاخ ـ شاخلاردا جىلمىيىپ تۇرغان مېۋىلەردەك ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى گويا مۆلدۈر ۋە بوراننىڭ زەربىسىدە ئەدەپ يېگەن مېۋىلەردەك نابۇت بولىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ئوتتۇز ئىككىنچى بابىدىن ئىلگىرىكى بابلىرىدا لىن دەييۈينىڭ كۆڭلى تۆپە-تۆپىلەپ ئارىسالدىلىققا تولغاچقا، ئۇ باۋيۈي بىللە بولغان چاغلاردا ھەمىشە قىلىقلىرى قولاشمايدۇ، قەلبى زىددىيەت بىلەن تىنچىمايدۇ. ئوتتۇز ئىككىنچى بابتا باۋيۈي دەييۈيگە يۈرىكىنى ئىزھار قىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا «خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەندىن

كېيىن، ئىككىسى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولىدۇ، ۋەقەلىك تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئاخىرى ئاستا ـ ئاستا يېتىلىۋاتقان مۇھەب-بەت سۇغا چىلىشىدۇ. توقسەن بىرىنچى بابتا باۋيۇي بىلەن دەييۇي بىر قېتىم ئۇزاق پاراڭلىشىدۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا جيا ئانا، شىڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم ۋە فېڭجيې قاتار-لىقلار جىددىي تۇتۇش قىلىپ، باۋيۇي بىلەن باۋچەي ئىككىسى-نىڭ نىكاھ ئىشىنى يەڭ ئىچىدە پىلانلايدۇ، باۋيۇي بىلەن دەي-يۇي تۆۋەندىكى مەزمۇندا پاراڭلىشىدۇ:

… دەييۇي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ: «بىر سوئال قو-ياي، قېنى قانداق جاۋاب بېرەرسىزكىن؟» دېدى. باۋيۇي بە-دەشقان قۇرۇپ، ئالىقىنىنى جۈپتەكلەپ، كۆزىنى يۇمۇپ، ئاغ-زىنى دومسايتىپ: «قېنى دەڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن دەييۇي: «باۋچەي ئاچام سىز بىلەن ئەپ بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ باۋ-چەي ئاچام ئۆتكەن كۈنلەردە سىز بىلەن ئەپ بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئەپ بولماي قالسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز ئەپ بولى-مەن دېسىڭىزمۇ، ئۇ ئەتەي سىز بىلەن ئەپ بولمىسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ سىز ئەپ بولمايمەن دېسىڭىز، ئۇ ئەتەي سىز بىلەن ئەپ بولىمەن دېسە قانداق قىلاتتىڭىز؟» دېدى. باۋيۇي بىرھازا-غىچە ھاڭۋېقىپ قېلىپ، بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى: «تىلسىم دەريا سۈيى ئۇلۇغ بولسا بىر تالاي، ئېلىپ سۇدىن ئىچكەيمەن پەقەت بىر نوگاي» دېدى.

باۋيۇينىڭ ئالدىغا دەييۇي بىر يولىلا ئالتە تۇرلۇك سوئالنى قويدى، باۋيۇي بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا جاۋاب بەردى، شۇ ئارقىلىق دەييۇيگە بولغان ساداقىتىنى ئىزھار قىلدى. بۇ بىر قېتىملىق ئوچۇق مۇھەببەت مۇنازىرىسى، ئۇ ئىككىسى بۇ ھەقتە ناھايىتى ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر ئويلانغان. باۋيۇي دەييۇينى يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇنداق مۇھەببەت ھەرقانچە ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدى-

ـدىمۇ ئۆزگەرتىش تەس بولغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، يىگىت ـ
قىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇھەببەت ئەقلىي تۇيغۇغا ئىچكىرىـ
لەپ كىرگەن مۇھەببەت. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەۋەبىدىن بىرـ
بىرىنى جەلپ قىلىشى، مۇشۇ ئېتىقادقا ئورتاق ئەمەل قىلىش
ئىستىكىدە بولۇشى مۇھەببەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپاـ
دىسى. يازغۇچى ديانا توغرىسىدىكى ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىـ
لىق ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل ئىزهار قىلدۇرۇشى
ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە يېڭىلىق ياراتقانلىقى بولۇپ ھېسابلىـ
نىدۇ، بۇ قاتلاملىق مەقسەتكە ئىگە. ساۋ شۆچىنىڭ دىنىي
دۇنياسىدا، ئۇ كۇڭزىچىلار ئەقىدىسى، تەرىقەت ۋە بۇددا قاتارـ
لىق ئۈچ دىنغا ۋە ياندىشىپ مەيدانغا كەلگەن باشقا ئەقىدىلەرگە
تازا ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، پەقەت مۇھەببەتكە ئېتىقادى ۋە غايىسى
بار. بىز ديانانىڭ سىرتقى قېپىدىن يازغۇچىنىڭ مۇھەببەتنى
پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاسرايدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇڭا،
توقسەن بىرىنچى باب باۋيۈي بىلەن دەييۈي ئوتتۇرىسىدىكى مۇـ
ھەببەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ، شۇنداقلا ئىلگىـ
رىكى مۇھەببەتنىڭ ئۆرلىشى ۋە كۈچەيتىلىشى. يازغۇچى بۇ
بابتا ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئىزهارىنى يېزىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىـ
مى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇلارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان قىزغىن ساداقىـ
تىنى بىلدۈرگەن. يازغۇچى «باۋيۈينىڭ ئېزىتقۇلۇق قىلىپ،
ديانادىن گەپ ساتقانلىقى» ۋە «شەھۋەتتە دىغسىرىغان باۋچەننىڭ
ئۇستاتلىق بىلەن توزاق قۇرغانلىقى»نى سېلىشتۇرۇپ يېزىش
ئارقىلىق، ئاۋۋال جىنگۈي بىلەن باۋچەننىڭ شەھۋەتكە تولغان
قىلمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نادانلىقىنى ۋە
يەڭگىلتەكلىكىدىن ئوقۇرمەنلەرگە چۈشەنچە بېرىپ، باۋيۈي بىـ
لەن دەييۈينىڭ بۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ مۇـ
ھەببەت تەرەققىياتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بەرگەن.
نەزەرىباغدىكىدەك مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا بىر جۈپ ياشنىڭ ئەسـ

ـلىدىكى مۇھەببەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە ئاسراپ پەرۋىش قىلىشى نېمىدېگەن قىممەتلىك ـ ھە! سەكسەن ئىككىنچى بابتىـ
كى ۋەقەلىكتە دەييۇينى قارا باسىدۇ: باۋيۇي يۇرىكىنى سۇغۇ-
رۇپ ئېلىپ دەييۇيگە كۆرسىتىدۇ. يازغۇچى مەقسەتلىك ھالدا پېرسوناژلارنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىنى ھەقىقىي مۇھەببەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، خىيالىي تۇيغۇ ئەقلىي تۇيغۇغا قاراپ تەرەقـ
قىي قىلغان قىلىپ يېزىپ، ئۇنى مۇشۇ ھالقىغا سىڭدۇرۇۋېتىـ
دۇ. بىز ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ كۇنسايىن مۇكەممەللىـ
شىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز، يازغۇچىنىڭ قۇرۇلمىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى، مۇھەببەتنى تەپسىلىي تەسۋىرلە-
شى، پېرسوناژلارنىڭ قەلبىنى ئېچىپ بېرىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىنتايىن پاساھەتلىك. روماندا مۇنـ
داق تەسۋىرلىنىدۇ:

··· دەييۇي ئۆزىنى باۋيۇيگە دېيىشىپ قويۇلغان كىشى دېـ
گەن خىيالغا كېلىپ، يۇرىكىدىكى قايغۇ ـ ئەلەم بىردىنلا خۇ-
شاللىققا ئايلاندى. دەييۇي باۋيۇيدىن: «مەيلى نېمە بولسا بول-
سۇن، مەن بىر پىكىرگە كېلىپ بولدۇم. ئەمدى سىز زادى مېنى قايتىپ كەت دەمسىز، قانداق؟» دەپ سورىدى. «مەن سىزنى مەشەدە تۇرۇڭ دەيمەن، ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمگە ئىـ
شەنمىسىڭىز، يۇرىكىمنى كۆرۈپ بېقىڭ!» دەپلا باۋيۇي قەلەمـ
تىراچنى ئېلىپ كۆكسىنى يىرىپ تاشلىدى، قان ئېتىلىپ چىقـ
تى. قورقىنىدىن دەييۇينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئىتتىك بېرىپ باۋيۇينىڭ يۇرىكىنىڭ قان چىقىۋاتقان ئېغىزىنى چىڭ توسۇۋالدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: «بۇ نېمە قىلغان ئىشىڭىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئالدى بىلەن مېنىلا ئۆلتۈرۈۋېتىڭ!» دېدى. «قورقماڭ، — دېدى باۋيۇي، — مەن يۇرىكىمنى ئېلىپ سىزگە كۆر-
سىتىمەن».

بىمارنىڭ جۆيلۈشى ئەقىلگە مۇۋاپىق يېزىلغان. بۇ شۇنداقلا

دەييۈينىڭ خاراكتېرىگە، كەيپىيات ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئەھۋالىغا ئۇيغۇن. دەيىيۇي كۆڭلىدە خىيالدىن، كېچىسى چۈشتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەت چەككەن كىشىنى كېسەل چىرمايدۇ، كېسەلنىڭ يىلتىزى ھەقىقىي ھەم چوڭقۇر بولۇپلا قالماي، كېسەل چاپلاشقان كىشىنى ھەمىشە قارا باسىدۇ. كەيپىياتى ياخشى، ساغلام كىشى ھەمىشە كۆڭۈللۈك، قىزىق چۈشلەرنى كۆرىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە لىن دەيىيۈينىڭ مۇھەببەت توغرىسىدا كۆرگەن يامان چۈشلىرى فىزىئولوگىيە، پسىخولوگىيە ياقتىن پەلسەپىۋى مەنتىقىگە ئۇيغۇن. بۇ ئابزاستا چۈش تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق پىكىر يۈرگۈزۈشى. بۇ بىر تەپسىلات بولغان تەقدىردىمۇ، بىراق بۇنىڭغا ئېغىر ئىدىيىۋى مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن، ئوقۇرمەنلەر ھاياجانغا چۆمۈلىدۇ، گۈزەل مۇھەببەت ۋەقەلىكىدە مۇڭلۇق كۆرۈنۈش پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتانلىقىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ.

چۈش بىلەن دىيانانىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى باۋيۈي بىلەن دەيىيۈي ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت ۋەقەلىكىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئەڭ ئېسىل قىسمى.

دەيىيۈينىڭ ئۆلۈمى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە ئەڭ جىددىي ھەم ئەڭ تەسىرلىك يېزىلغان باب، بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىدۇ.

باۋيۈي «قاشتېشى»نى يوقىتىپ قويۇپ ئالجىپ قالىدۇ، جيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم، ۋاڭ شىفېڭ قاتارلىقلار باۋيۈينى كولدۇرلىتىپ باۋچەي بىلەن توي قىلىشقا ئۇندەيدۇ. دەيىيۈي «ئازابلانماي پاتراق ئۆلۈپ كېتىشنى تىلەيدۇ»، ئۇ «غەزەپ بىلەن ياغلىقىنى يىرتىۋېتىدۇ» ھەم ئۇنى ئاتەشدانغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. رومانىنىڭ بۇ يەرلىرى ناھايىتى چىن يېزىلغان. چۈنكى، مۇھەببەت ئۇنىڭ ھاياتى ئىدى. مېھىر ـ مۇھەببەت

بىر دەمدىلا نابۇت بولىدۇ، مۇھەببەتكە مۇناسىۋەتلىك خەت ـ چەكلەر ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدۇ، جىمى نەرسە تۈتۈنگە ئايلىنىپ تۈگەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، قولىيازمىلار ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ سىماسى ئىدى. كۆيۈپ كەتكەن قولىيازمىلار ئەمەلىيەتتە لىن دەييۈينىڭ يىغلاۋېرىپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ تۈگەپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەنىنىۋا ھەرىكەت لىن دەييۈينىڭ رېئاللىقتىن ئادا ـ جۇدا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ زىجۈەنگە: «سىڭلىم، مېنىڭ بۇ يەردە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم يوق، مەن پاك پېتىم تۇرۇۋاتىمەن، ئۇلار مېنى چىرايلىق ئاپىرىپ قويسۇن» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقىنىم يوق، دېگىنى، جىيا قەسىرىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەرنى ئىنكار قىلغىنى، ھەتتا باۋيۈينىمۇ مېنىڭ تۇغقىنىم ئەمەس، دېگىنى. ئۇ بۇ دۇنياغا كېلىپلا ئاتا ـ ئانا مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالدى، بۇ دۇنياغا مۇھەببەت ئۈچۈن كەلگەن دەيیۈي ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئاخىرى ئېرىشەلمىدى، تۇرمۇش ئۇنى ئىتتىرىپ تراگېدىيىنىڭ چوققىسىغا ئاچىقىپ قويدى. بەزىلەر بۇ بابتا لىن دەيیۈينىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆچۈقلۇقى ئۇنىڭ ئادەتتىكى خاراكتېرگە ماس كەلمەيدۇ، دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق. ھەقىقىي مۇھەببەت ئۈچۈن ياشاۋاتقان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغان چاغدا، تەبىئىيكى، ھېچقانداق نەرسە شۇ كىشىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. دەيیۈينىڭ ئىپادىسى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئىنتايىن مۇۋاپىق كەلگەن، ساۋ شۆچىننىڭ ئەسلىي مەقسىتى بىلەنمۇ بىر يەردىن چىققان. باۋيۈيگە كەلسەك، يازغۇچى باۋيۈينىڭ تەقدىرىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدۇ: باۋيۈي راھىب بولۇپ، مۇھەببەت رىشتىنى ئۈزۈپ، بۇ دۇنيادىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. دەيیۈي ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ يول بار ئىدى: بىرى، مۇھەببەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش، يەنە بىرى، باۋچەي بىلەن بىللە

ئۆتۇش، يەنە بىرى، ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىش. ساۋ شۆ-چىننىڭ پىكىر تەرەققىياتى بويىچە ئېيتقاندا، باۋيۇينىڭ جېنىنى پىدا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى باۋيۈي بۇ دۇنياغا مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاۋات دۇنيانى ئايلىنىش ئۈ-چۈن كەلگەن. «مۇھەببەت ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغاندا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ئاجىز-لىشىپ قالغان بولاتتى، باۋچەي بىلەن بىللە ئۆتۈشمۇ ئەقىلگە سىغمايتتى، چۈنكى دەيىۈيگە بولغان مۇھەببەت ئۇنى ئارامىدا قويمايتتى. ئۇنى راھىب قىلىۋېتىش ئىدىيىۋى جەھەتتىن بىرقە-دەر چوڭقۇر بولغان ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ پەلسەپى-ۋى قىممىتىنى ئاشۇرغان.

قىسقىسى، باۋيۈي بىلەن دەيىۈينىڭ مۇھەببەت تراگېدىيە-سىدىن قارىغاندا، رومانىنىڭ كېيىنكى قىسمى ئوخشاشلا ئىدىيە-ۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى پىشقان، يەنە كېلىپ باشقا ۋەقەلىكلەر بىلەن بىرگە سەلتەنەتلىك مۇڭلۇق ناخشا شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

بىر قىسىم ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ يارى-تىلىشى كېيىنكى قىسمىدا ھەل قىلىنغان، بەزىلەرنىڭ خاراك-تېرىدە تۇيۇقسىز بۇرۇلۇش بولىدۇ، بەزىلەر يەنىمۇ چوڭقۇر قوبۇل قىلىدۇ، ئالدىنقى قىسمىغا بىرقەدەر ياخشى ماسلىشىدۇ. جىن باۋيۇينىڭ خاراكتېرى ئالدىنقى قىسمىدىكىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئەللىك ئالتىنچى بابتا تەسۋىرلەنگەن جىن باۋيۈي نەسەب، ئورۇن، تەرقى - تۇرق، قىزىقىشى جەھەتلەردە جيا باۋيۈي بىلەن تولىمۇ ئوخشايدۇ، خۇددى جيا باۋيۇينىڭ نەق ئۆزىدەك. قاراڭ:

... خىزمەتكار ئايالىلار چىقىپ كېتىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، باۋيۇينى ئارىغا ئېلىپ كىرىپ كېلىشتى، تۆتەيلەن ئۇنى كۆرۈپلا

ئىتتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كۈلگەن پېتى: «يائاللا، ئەجەبمۇ قورقتۇق! ئەگەر بىز بۇ قەسىرگە كىرمەي، بۇ بەگزادىنى باشقا يەردە ئۇچرىتىپ قالغان بولساق، بىزنىڭ باۋيۇي ئارقىمىزدىن پايتەختكە يېتىپ كەپتۇ، دەپ قالغان بولاتتۇق» دېيىشتى.

جىن باۋيۇي جىن قەسىرىدىكى تۆت قىزنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان جيا باۋيۇيدىنمۇ كەپسىز بالا. ئۇنىڭ خىزمىتىنى ساپلا قىزلار قىلىدۇ، ئۆزى باشقا بىر نەزەرباغدا تۇرىدۇ. جيا باۋيۇي جىن باۋيۇينى چۈشىگەن چاغدا، ئۇنى ئۇخلاۋاتقان سېسىق تاپ ھالىتىدە كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن باۋيۇيگە خاس خاراكتېرنى كۆرۈنمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ماھىيىتى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى باۋيۇي كۆزگە چېلىقىدۇ. بىر يۈز ئون بەشىنچى بابقا كەلگەندە، جيا باۋيۇي جىن باۋيۇينى مۇتتەھەم ھالەتتە كۆرىدۇ. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىكى «كەپسىز غەلىتە مىجەزى»نى «ئەخمەقلىق ۋە سەۋدايىلىق» دەپ سۆكىدۇ. جىن باۋيۇي مۇنداق دەيدۇ:

«بۇرادىرىمىزنىڭ بۇ ئاقىلانە گەپلىرى ئەلۋەتتە بەرھەق گەپلەر، كەمىنىڭىزمۇ كىچىكىمدە قېلىپلىشىپ قالغان كونا مۇقاملاردىن يىرگىنەتتىم، بىراق يىلدىن ـ يىلغا چوڭ بوپتىمەن. پەدەرىم مەنسەپتىن دەم ئېلىشقا چىقىپ ئۆيدە بولۇپ قالدى، كەلدى ـ باردىلارنى ئۆزىتىشقا يېتىشەلمەي، ئۇلارنى كۈتۈشنى كەمىنىڭىزگە تاپشۇرۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، كېيىنچە ئۇلۇغ زاتلار، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇم. بۇلارنىڭ ھەننىۋاسى ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق ئەقىدىلىرىدىن ئۆزگىنى سۆزلىمەيدىغان، ساۋاب تېپىش، تەلىمات يارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شۆھرەتلىك كاتتا ئەربابلار بىلەن كىتاب تەلەپ قىلىدىغان ۋە تەلىمات يارىتىدىغان زاتلار ئىدى، ئەنە شۇلاردەك بولغاندا، دانىشمەن خاننىڭ زامانىسىدا ياشىغانلى-

قىمىزنى ئاقلىيالايدىكەنمىز، ئاتىلىرىمىزنىڭ بىقىپ چوڭ قىلغان، ئۇستازلىرىمىزنىڭ تەلىم بەرگەن ئەجرىمۇ بىكار كەتمەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، كىچىكلىكىمدىكى ئەخمەقلىقلىرىم بىلەن سەۋدايىلىقلىرىمنى بارا ـ بارا تاشلىدىم. هازىر مەن ئۇستازلىرىمنى ۋە دوست ـ يارەنلىرىمنى زىيارەت قىلىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا تەلىم ئېلىش ئىستىكىدىمەن. بەختكە يارىشا، بۇرادىرىم بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغىنىمدا، ئەلۋەتتە ماڭا تەلىم بېرىدىغۇ، دېگەن نىيەتتىمەن. بايا ئېيتقانلىرىم هەرگىز ساختا گەپ ئەمەس.»

جىن باۋيۈينىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى جيا باۋيۈينىڭ ئەكسى تەرىپىگە قاراپ ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلغان. ئۇ ئەمەل ـ مەنسەپكە هېرىس، ساداقەتمەن هەم ۋاپادار بولۇپ ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭدا كونا قائىدە ـ يوسۇنلارغا چىدايدىغانلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزگەرتىدىغان ئىشەنچمۇ بار. ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى جيا باۋيۈينى تېخىمۇ غېرىبچىلىققا سېلىپ قويىدى. شۇڭا، جيا باۋيۈي ئۇنى «تەييار تاپ» قاتارىدا كۆرۈپ قالىدۇ. جيا باۋيۈي جىن باۋيۈينى تەپسىلىي ئەسلەپ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، گەپ ـ سۆز قىلماي كۆلۈپلا ئولتۇرىدىغان هالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جىن باۋيۈينىڭ خاراكتېرىدىكى بۇرۇلۇشنى يېزىش، ئەمەلىيەتتە جيا باۋيۈينىڭ شەخسىيىتىدىكى تەرەققىياتنى يازغانلىق بىلەن باراۋەر. يازغۇچى كىشىلىك هاياتقا ئىككى تۈرلۈك ئېهتىماللىقنى تەقدىم قىلغان. مۇشۇنداق قاراشقىمۇ بولىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ئەمەل ـ مەنسەپ تۇتۇشقا هېرىسمەن بولۇش، هايات يولىغا پائال قەدەم قويۇش؛ يەنە بىرى، جاهاننى چۈشىنىش، يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇهەببەتنى چۈشىنىش. جىن باۋيۈينىڭ تەرەپبال ئۆزگىرىشى جيا باۋيۈيگە تەسىر قىلىپ، ئۇ ئۆزىنى توغرىلاش خىيالىدا بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق «توغرا يولغا قەدەم قويۇش» قانۇنى-

ـنىڭ ماھىيىتى يول قويمىغان. يازغۇچى شۇنداق قارايدۇكى، ھەقىقىي ئاشىق ھەممىدىن كېچىدۇ ۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يازغۇچىنىڭ جىن باۋيۈي- نىڭ خاراكتېر ۋە ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بايان قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

مياۋيۈي ئاتلىق پېرسوناژنىڭ تەقدىرىمۇ ئاساسىي جەھەت- تىن ئەسلىدىكى مەنتىقە بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، ئوبرازىمۇ چوڭقۇر يارىتىلغان. مياۋيۈي سۇجۇدا، مەنسەپدار ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. لېكىن، كىچىكىدىن كېسەلچان بولغاچقا، بۇددا دى- ىنى يولىنى تۇتۇپ ياخشى بولۇپ قالىدۇ ـ دە، راھىبە بولۇپ كېتىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ساھىبجامال، ئوقۇمۇش- لۇق بۇ قىزنىڭ ھېسسىيات تەرەققىياتىنى ئۆزۈن يىللىق راھى- بەلىك تۇرمۇش بوغۇپ قويىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ باشقا ئاچا ـ سىڭىللارغا ئوخشىمايدۇ، ئەمما تېگىدىن ئېيتقاندا، مۇھەببەتكە ئىنتىلىشقا كەلگەندە ئوخشىمايدىغان يېرى يوق. بۇ ئوبرازنى ساۋ شۆچىن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتقان، ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان پەزىلەتكە ئىگە، ئۇنىڭدا ھېس ـ تۇيغۇ، پاكىز پېتى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئارزۇ، كىشىنىڭ يۈرى- كىنى چېكىدىغان قەلب بار.

بىر قېتىم جيا ئانا بىر توپ ئادەمنى باشلاپ يېشىل پەنجى- رىلىك ئىبادەتخانىغا كېلىدۇ. مياۋيۈي باۋچەي بىلەن دەيييۈينى ئاستا ئۆزىنىڭ يان ئۆيىگە باشلاپ چىقىدۇ. ئۇ شۇ ئەمۇ تېغىدىكى پەنشياڭ ئىبادەتخانىسىدا تۇرغان بەش يىل داۋامىدا، مېيخۇا گۈللىرىگە چۈشكەن قارلارنى يىغىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان بىر كوزا سۇدىن بىر چۆگۈن چاي تەييارلاپ، ئۆزى چاي ئىچىپ يۈرگەن پىيالىدە باۋيۈيگە چاي بېرىدۇ. بۇنىڭدىن تەركىدۇنيا يولىنى تاللىۋالغان مياۋيۈينىڭ مۇلايىم ھېسسىياتىنى باسالماي قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. باۋيۈي تۇغۇلغان كۈننى

ئۆتكۈزگەن چاغدا، نەزەربىلغدىكى قىزلاردىن باۋچەي، دەييۈي قاتارلىقلار يىغىلىپ، بۇ كۈننى قۇتلۇقلاپ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشىدۇ. مياۋيۈي ئەھلىدۇنيا كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشالمايدىغان بولسىمۇ، بىر ئانىكادىن: «بوسۇغا سىرتىدىكى مياۋيۈي ھۆرمەت بىلەن يىراقتا تۇرۇپ باش قويۇپ، مۇبارەك يېشىڭىزنى قۇتلۇقلايدۇ» دەپ يېزىلغان تەبرىكنامىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ باۋيۈينىڭ تۇغۇلغان كۈننى بىلگەچكە، فېئوداللىزمنىڭ قائىدە - يوسۇن، بۇددا دىنىنىڭ ئەمر - مەرۇپلىرىغا پەرۋا قىلماي، بىر يىگىتنىڭ تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەيدۇ. شىيۈيەننىڭ: «ئۇ ھەممىشە مۇشۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى ئويلاپ تاپىدۇ. بۇ خۇددى تەمسىلدە ئېيتىلغاندەك، راھىب دېسە راھىب ئەمەس، ئاۋام دېسە ئاۋام ئەمەس، ئايال دېسە ئايال ئەمەس، ئەر دېسە ئەر ئەمەس، بۇنى نېمەدەپ سانىسا بولاركىنتاڭ» دېگىنى بىكار ئەمەس. شىيۈيەن مياۋيۈينى كونىچە قائىدە بويىچە ئۆلچەيدۇ. ئۇ ھېسسىياتنىڭ بىخ ئۇرۇش قانۇنىيىتىنى، بىر كىشىنىڭ تۇغما خاراكتېرىنى ئۇلۇغلاش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. مياۋيۈينىڭ بۇنداق ئىپادىسى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتىگە توغرا كەلمەيدۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئېتىلىپ چىققان تۇيغۇ. قىرىقىنچى بابقا كەلگەندە، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى كونترول قىلالمايدۇ. سەكسەن يەتتىنچى بابتا، شىچۈن بىلەن چاكاندىزار ئايۋىنىدا دامكا ئويناۋېتىپ، باۋيۈيگە بولغان كۆڭلىنى بىئىختىيار ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

... باۋيۈي مياۋيۈيگە سالام بېرىپ، كۈلگەن پېتى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— مياۋيۈي بۇۋى، ئېتىكاپتىن ئانچە چۈشمەيتتىڭىز، بۈگۈن ئادىمىزات ئارىسىغا چۈشۈشكە قانداق نېسىپ بولغاندۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مياۋيۈي ھۆپپىدە قىزىرىپ جاۋابمۇ بەر-

مەي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دامىكىغا قارىۋالدى. باۋيۈي ئۆزى-
نىڭ قاراملىق قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ، ئالمان - تالمان
ھېجايدى ۋە:

— تەركىدۇنيا كىشىلەرنى بىزدەك ئەھلىدۇنيا چاكىنىلى-
رىغا ئوخشاتقىلى بولمايدىكەن، كۆڭلى تەسكىن بولسا، ھوشيار
بولىدۇ، ھوشيار بولسا، زېھنىلىك...، — باۋيۈينىڭ گېپى
تۈگە- تۈگىمەيلا، مياۋيۈي باۋيۈيگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ،
يەنە بېشىنى ساڭگىلىتىۋالدى، رەڭگىرويىدىمۇ بارا - بارا قى-
زىللىق ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ئۇ سىر بەرمەي قويغاچقا،
باۋيۈي خىجىل بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ بىر ئابزاس تەپسىلىي، يوشۇرۇن ۋە ناھايىتى مەزمۇن-
لۇق تەسۋىرلەنگەن. باۋيۈينىڭ ئاغزىدا پەيدا بولۇشى ھەقىقەتەن
سەل «قاراملىق» ياكى قىزىقچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ
باشتا ئۇلارنى چۆچۈتۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، كېيىن قى-
زىقچىلىق قىلىپ مياۋيۈيگە گەپ قىلىدۇ. بۇ بىر يىگىتنىڭ
پىسخىك ھالىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. يازغۇچى مياۋيۈينى ناھايىتى
ئەپچىل تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ نەچچە قېتىم يۈزىنىڭ قىزارغانلى-
قىنى ھەم كۆز ھەرىكىتىنى يازىدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا،
مياۋيۈي تەركىدۇنيا كىشىسى. ئۇنىڭدا ساماۋى قۇدرەت، كۆ-
ڭۈل تۇرغۇنلۇقى بولۇشىدا گەپ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مياۋيۈي
پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن دامىكىغا بېرىلىپ كەتكەن چاغ ئىدى،
ئۇنىڭغا شۇ تاپتا دامىكىدىكى بۇلۇڭ كېرەك ئىدى، باشقا ئىشلارغا
كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمەيتتى. بىراق، مياۋيۈي ناھايىتى
تېزلا ئوڭۇشلۇق يول يۈرۈپ، باۋيۈينى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.
بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ قىياپەت ئارقىلىق مياۋيۈينى دەل جايىدا
تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى ئىشقا سالغان-
لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سالاھىيىتى ئالاھىدە، يۇقىرى
مەلۇماتلىق بىر قىز ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرلەنگەن.

ئۇنىڭ قەلبىدىكى سىرلىق تۇيغۇنى، يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغان ئوي ـ پىكىرلەرنى قەغەز يۈزىدە كۆرۈپ، شۇ نەرسىنى بايقىغىلى بولىدۇكى، ئەسلىدە باۋيۇي بۇددا يولىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مياۋيۈيىنىڭ يۈلتۈزى ئىدى. شۇڭا، مياۋيۈي كىشىگە ئېچىنىشلىق، ئېچىنىشلىق ھەم كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە بىچارە تۇيۇلىدۇ.

رومىاندا ساختىلىق بىلەن چىنلىق، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇنداق يېزىقچىلىق ئۇسۇلى ئاددىي يېزىقچىلىق ماھارىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى پەلسەپىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ، يازغۇچىنىڭ ئونتولوگىيىسى بىلەن مېتودولوگىيىسى بىرلىككە كەلگەن، ئۇ دۇنياغا مۇشۇنداق نەزەردە قارايدۇ، دۇنيانى مۇشۇنداق چۈشىنىدۇ، شۇڭا ماھارەتتىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. «غايىب ئالەم» ۋە ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا: «بەلكى يالغاننى دېسەڭ راستى راست، ئىمىش يالغان ھامان، يوقنى بار دېسەڭكى بار ھەم ئايلىنار يوققا شۇئان» دەپ يېزىلغان. بۇ دېگەنلىك غايىب ئالەم خىيالىي دۇنيا، بار دېسە يوق، يوق دېسە بار، دېگەنلىك. بۇ ھەم يازغۇچىنىڭ ماھارەت قاتلىمىنىڭ تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ. بەدىئىي ئۇنۇمگە يېتىش ئۈچۈن يازغۇچى داۋاملىق چۈشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرگەن، ئەمەلىيەتكە ئىستىئارە قىلغان. كىشىگە بىر قارىسا راستتەك، بىر قارىسا خىيالدەك، بار دېسە يوقتەك، يوق دېسە باردەك تۇيغۇ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە رېئال تۇرمۇش شۇنداق بولىدۇ، چۈش گەرچە چىن ئەمەس خىيالىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ، كىشىگە خىيال ۋە ئارزۇ بېغىشلايدۇ، كىشىنىڭ ھاياتى كۆپىنچە ھاللاردا رېئاللىق بىلەن خىيالنى يۇغۇرۇۋېتىدۇ، بۇنى پەرقلەندۈرمەكمۇ تەس. يازغۇچى چۈش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئوخشىتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ھەقىقىي مۇ-

ھەببەت بىلەن ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك بايان قىلغان، راست بىلەن خىيالنى بىرلەشتۈرۈپ
ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، ئەسەرنىڭ پەل-
سەپىۋى چوڭقۇرلۇقىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن، يازغۇچى جىيا
باۋيۈينىڭ جىن باۋيۈيگە بولغان سېغىنىشىنى يازغاندا، جىيا باۋ-
يۈي ئەينەك ئارقىلىق خىيالىي دۇنياغا كىرىپ، جىن باۋيۈينىڭ
چۈشىدە پايتەختتىكى جىيا قەسىرىنىڭ گۈللۈكىگە كىرگەنلىكىنى
خىيالەن ئاڭلىغاندەك بولغان. بۇنداق چۈش ئىچىدىكى چۈش
ئەمەلىيەتتە بوشلۇق رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئەسەرنىڭ باش
تېمىسىنى ياخشى ئېچىپ بەرگەن.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە ۋاقىت نوقۇل فىزىكىلىق
ۋاقىت ئەمەس، يازغۇچى مەقسەتلىك ھەم مەقسەتسىز ھالدا ۋا-
قىتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ زىددىيەت پەيدا قىلغان، خىيالىي
تۈيغۇنى كۈچەيتكەن. يازغۇچى ۋاقىتتىن ئىبارەت رەھىمسىز
تەقدىر ياراتقۇچىنى نەزەرباغدىكى پېرسوناژلار بىلەن ئۇچراشتۇ-
رۇپ، نەزەرباغدىكى پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ باۋيۈي، دەي-
يۈي، باۋچەي ۋە جىيا ئانا، چياۋجيې قاتارلىق مۇھىم پېرسوناژ-
لارنىڭ ياش مەسىلىسىدە ئازراق مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ قو-
يىدۇ. جىيا ئانا ئاساسلىق پېرسوناژ سۈپىتىدە ياش مەسىلىسىدە
ساختىلىق قىلمىسا بولاتتى، لېكىن ئۇ تۇنجى قېتىم ليۇ موماي
بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ 75 ياشقا كىرىپمۇ شۇنچە تېمەن
تۇرغانلىقىنى ماختاپ، ئۆزىنىڭ كاردىن چىققانلىقىدىن ئۆكۈنى-
دۇ. بىراق، ئىككى يىلغا قالماي جىيا جېڭ مەنسەپكە تەيىنلىنىپ
پايتەختكە كەلگەندە، جىيا ئانىنىڭ 80 ياشقا تولغان قۇتلۇق كۈنى
بولىدۇ. بۇ يەردە يازغۇچى مەقسەتسىز قالايمىقانچىلىق پەيدا
قىلغان ئەمەس، بەلكى جىيا قەسىرىگە تۈيدۇرماي يېقىنلاپ كېلى-
ۋاتقان بالا ـ قازادىن بېشارەت بەرگەن. يازغۇچى ۋاقىت مەسى-
لىسىدە مەقسەتلىك ھۈنەر ئىشلىتىپ، ئۇنى ئىجتىمائىيلاشتۇ-

ردۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە بۇ ھالەت ئاساسەن ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ. بىرى، ياش ھەققىدىكى يوسۇندا، يەنە بىرى، تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشىدا. يىگىرمە يەتتىنچى بابتىكى ئورما مەزگىلىدىكى گۈل مۇئەككىلى تەسۋىرلەنگەن ئابزاستا شېئىرى تۈس قويۇق:

... ئورما مەزگىلى ئۆتۈشى بىلەنلا ياز تۇرۇمى باشلىناتتى. گۈللەر توزۇپ، گۈل ـ گىياھ مۇئەككىلىنى زىياپەت بىلەن ئۇزىتىشقا توغرا كېلەتتى. ھەرەم ئۆيلەردە بۇ ئادەت تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى، شۇڭا نەزەرباغدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىگەن تۇرۇشتى. قىزلار گۈل بەرگىلىرى ۋە تال ـ چىۋىقلاردىن مەپە ئاتلار توقۇشتى ياكى تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن تۇغ ـ ئەلەملەر ياساشتى، بۇلارنى رەڭدار يىپلار بىلەن چىگىشتى. ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تۈپ گۈلگە ئەنە شۇنداق نەرسىلەرنى ئېسىپ قويۇشتى، باغنىڭ ھەممە يېرىدە رەڭدار لېنتىلار لەپىلدەپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتتى، ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ شاپتۇل ـ ئۆرۈكلەرنى خىجىل قىلىپ ۋە بۇلبۇل ـ قارلىغاچلارنىڭ ئىچىلىرىنى قىزىتىپ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ياسىنىشقانىدى.

بۇ ئابزاستا بايراملىق قائىدە ـ يوسۇنلار يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما گۈل ـ گىياھلارمۇ ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ خۇددى ھايات توغرىسىدىكى ئېسىل ناخشىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايغۇ ـ ھەسرەتمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەر گۈللەيدۇ، بۇك ـ باراقسان بولىدۇ، ئاندىن غازاڭ تاشلايدۇ، سولىشىدۇ، كىشىنى خۇشال قىلغان تەبىئەت يەنە كېلىپ كىشىنى ھەسرەتكە سېلىپمۇ قويىدۇ. يازغۇچى ياز مەۋسۇمىدىكى قائىدە ـ يوسۇن بىلەن بىر پۈتۈن ھاياتنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن تەقدىر-

داش ئىكەنلىكىگە مەپتۇن قىلدۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەر باۋچەيىنىڭ كېپىنەك تۇتۇپ يۈرگەنلىكى، دەييۈيىنىڭ گۈل بەرگىلىرىنى كۆمگەنلىكى ئادەمنىڭ تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىنىڭ گۈزەل كارتىنىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىكى ۋەقەلىك تەرەققىي قىلىپ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئادەم بىلەن تەبىئەت بىرىكىپ كەتكەن خىيالىي كۆرۈنۈشلەر ئالدىنقى قىسىمدىكىدەك ئۇنداق راۋان ھەم ئۇنداق گۈزەل چىقماي قالىدۇ، گويا قويۇق، سوغۇق تۇمان شاخ- يوپۇرماق ۋە گۈل - گىياھلارنى چۈمكىۋالغاندەك، گۈل- گىياھلار ئېرىپ يىغلاۋاتقاندەك، كۆككە تاقاشقان دەل - دەرەخلەر سىرلىق تۇسكە كىرىپ قالغاندەك، باشقا بىر تۇس ۋە باشقا بىر كەيپىيات بىلەن ئالمىشىدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەت بىرىبىرىگە ماس كەلمىگەن بۇ دۇنيادا ۋەقەلىك تېخىمۇ غۇۋالىشىپ، تېخىمۇ مۇڭلىنىپ، كىشىنى ھەيرانلىقتا سالىدۇ. بىر يۈز بىرىنچى بابتا فېڭجيې تەنچۈننى يوقلاپ كېتىۋېتىپ باشقا بىر خىل تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇ شامالنىڭ ھۇۋۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. دەل - دەرەخلەردىن «شارىلداپ» چۈشكەن يوپۇرماقلار ھويلىنى بىر ئالىدۇ، شاخلارنىڭ ئۇچلىرىدىن «قاراسلىغان» ئاۋاز چىقىدۇ. سوغۇق ئۇۋىلىرىدا ياتقان ئۇچار قۇشلار چۆچۈپ ئۇچۇپ كېتىشىدۇ. ھاراق ئىچكەن فېڭجيې شامالدا توڭلىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ: «نېمىدېگەن سوغۇق» دەيدۇ. بۇ ئابزاستا شامالنىڭ ئاۋازى نەچچە خىل چىقىدۇ. شامال دەرەخ شاخلىرىنى لىڭشىتىۋېتىدۇ، ئۈركۈپ كەتكەن ئۇچار قۇشلار ھەريان ئۇچۇپ كېتىشىدۇ، شەكلى بار دەل - دەرەخ ۋە ئۇچار قۇشلار ئارقىلىق يازغۇچى شەكىلسىز شامالنى، شەكىلسىز شامال ئارقىلىق مەلۇم سىرلىق نەرسىنى يازىدۇ. تەبىئەت تەسۋىرى، پسىخىك تەسۋىر بۇلار بىلەنلا چەك-

لىنىپ قالمايدۇ. بۇ جۇڭگو كلاسسىك ئەسەرلەردە مۇھىت تەس-
ۋىرىنى يېزىشنىڭ ئۈلگىسى، ئۇ غەربلىكلەرنىڭ مەنزىرە تەسۋى-
رىگە ئوخشىمايدۇ.

قۇرۇلما جەھەتتە، يازغۇچى يالغان بىلەن راستنى بىرلەش-
تۈرگەن. بۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى. مەسىلەن، جيا
قەسرىدىكى چاتاقتا قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئىككى پېرسوناژ
بار. ئۇلار جيا يۈيسۈن بىلەن جېن شىيىن. جيا يۈيسۈن جيا
قەسرىدىكىلەر بىلەن ئەمەلدارلار جامائەتتى ئارىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتنىڭ ۋەكىلى، ئۇ جيا قەسرىدىكىلەرنىڭ ئېپىگە كىرىۋې-
لىپ، جىنلىڭ ئۈلكىسى يىڭتيەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تە-
يىنلىنىپ قىلغان بىرىنچى ئىشى — شۆپەننىڭ بىر چۆرە قىزنى
تالىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش دېلوسى ئۈستىدىن خۇلۇمياۋ
راھىبىنىڭ دېگىنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، كېيىن يەنە جيا
شې ئۈچۈن قىممەتلىك يەلپۈگۈچ توغرۇلۇق يالغان - ياۋىداق
گەپ تارقىتىپ، يەلپۈگۈچ ئىگىسىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ.
جيا جەمەتىدە ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
يوقاپ كېتىدۇ، جيا قەسرىنىڭ تىنتىلىپ، مال - مۈلۈكلەر-
نىڭ مۇسادىرە قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. جيا يۈيسۈن
جيا جەمەتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك
چاكىنا ئادەم. جېن شىيىن بولسا جيا جەمەتىنىڭ گۈللىنىش
ۋە خاراب بولۇش جەريانىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرگەن سىرلىق
زات. بىرىنچى بابتا ئۇ ئاقساق دەرۋىشنىڭ «ئوبدان ۋە تامام»
ناخشىسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئادەمزات دۇنياسىنى تەرك
ئېتىدۇ، بىر يۈز ئۈچىنچى باب ۋە بىر يۈز يىگىرمىنچى بابتا
ئۇ ئەۋلىيا جېن شىيىن بىلەن شىددەتلىك ئېقىننىڭ پارىخلىق
ئۆتكىلىدە مەجنۇن سۈپەت باۋيۈينىڭ ھىدايەت يولىغا ماڭغانلىقى
توغرۇلۇق سۆزلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جېن شىيىن چۈشىدە
باۋيۈينى غايىب ئالەمگە ئېلىپ كېتىۋاتقان پىركالان ماڭماڭ ۋە

دانىش راھىب مىياۋمىياۋنى كۆرىدۇ. كېيىن جېن شىيىنمۇ غا-
يىب ئالەمگە راۋان بولىدۇ، ئۇ ھېلىقى دەرۋىش بىلەن راھىبنىڭ
باۋيۇينى چىڭگىن چوققىسىغا تاشلاپ قويغىنىنى كۆرۈپ قالىدۇ.
بىر پۈتۈن روماندا ناھايىتى پۇختا تەتۈر قۇرۇلما ھاسىل بول-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەقەلىكنىڭ ئىچىدىن ۋەقەلىك چىقىدۇ،
كۇڭكۇڭ راھىب خىسلەتلىك تاشتىكى خەتلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ
جىيا يۈيسۈننى ئىزدەپ تاپىدۇ. جىيا يۈيسۈن ئۇنىڭغا داۋخۇاڭسەن
كۆلبىسىدە تۇرۇۋاتقان ساۋ شۆچىننى تېپىشنى ئېيتىدۇ. كۇڭ-
كۇڭ راھىب كۆچۈرۈلمە نۇسخىنى تاشلاپ قويۇپ، ئاسمانغا
بېقىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك،
ئەلۋەتتە. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئەمەلىي
ئەھۋال يېزىلغاندەك قىلىدۇ، لېكىن يالغان ئارقىلىق چىنلىق
يوشۇرۇلغان. ئىشەنچلىك ئىسپات باردەكمۇ قىلىدۇ، ئەمەلىيەت-
تە ھەممە بىمەنە سەپسەتىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ بىزگە بەر-
گەن تەسىرى مۇشۇنداق تۇتۇرۇقسىز. راست دېسە راست ئە-
مەس، يالغان دېسە يالغان ئەمەس. بىرنېمە دېمەك تەس، خۇددى
مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىدەك.

تەپسىلاتلارنىڭ تەسۋىرلىنىشى كېيىنكى قىسمىدا يەنىلا ئا-
جايىپ، بۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە سىرلىق ۋە خىيالىي
يېزىش ئۇسۇلىنى تولدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنچىكە تەسۋىر
ئاساسىدىكى سىرلىق ۋە خىيالىي تۇيغۇلار تېخىمۇ چىن ھەم
ئىشەنچلىك چىققان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» مەيلى ئىدىيە
ياكى بەدىئىي جەھەتتىن بولسۇن، زىددىيەت ۋە كېڭىيىشكە تول-
غان، تەپسىلاتلارنىڭ تەسۋىرلىنىشى ئىنتايىن جايىدا، ئۇ ئە-
سەرگە يېڭىچە تۈس قوشقان. سەكسەن ئۈچىنچى بابتا دەييۇينىڭ
ئاغرىپ قالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. يازغۇچى بىمارنىڭ ساق ئا-
دەملەرگە ئوخشىمايدىغان سەزگۈسىنى تۇتۇۋېلىپ، گەپنى ئاڭ-
لاش سەزگۈسىدىن باشلاپ مۇنداق يازىدۇ: «دەييۇي خېلى ۋا-

قىتقىچە كۆزىنى يۇمۇپ باقتى، بۇ ھالدا ئۇ ئۇخلىيالامتى؟ ئادەتتىكى چاغلاردا باغنىڭ ئىچى زېرىكەرلىك جىمجىت بولۇپ تۇيۇلاتتى. ھازىر بولسا، قېرىشقاندەك، ئۇنىڭغا شامالنىڭ ئىسقىرتىشى، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى، قۇشلارنىڭ سايرىشى، كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، يىراقتا بالىلارنىڭ ئىڭراشلىرىلا ئاڭلانغاندەك بولدى. شۇڭا، ئۇ پات ـ پاتلا دادلاپ بىئارام بولۇۋېرىپ، زىجۇەنگە چىملدىقنى چۇشۇرگۇزۇۋەتتى» . بۇ تەپسىلاتتا دەييۇينىڭ شامالدا ئۇچۇپ كېتىدىغان تېنى، غەم دەردىدە بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقان كۆڭلى تولىمۇ تەپسىلىي يېزىلغان، تالادىكى شەپە ئارقىلىق كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى ئىپادىلەنگەن. گەپ كۆپ ئەمەس، لېكىن مەزمۇن چوڭقۇر، ئەجەللىك يەر تۇتۇلغان. ئاۋۋال «خېلى بىر ۋاقىتقىچە كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ باقتى» ، ئاندىن «شامالنىڭ ئىسقىرتىشى ئاڭلاندى» ، ئاخىرى زىجۇەنگە چىملدىقنى چۇشۇرگۇزۇۋەتتى. ھەردەت تەسۋىرى كىيسەل كارىۋىتى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، ماكان تەسۋىرى كارىۋاتتىن ھالقىمىدى، تىل تەسۋىرى ئاساسەن يوق دېگۇدەك. بىر قىسىم ھالقىلىق تەپسىلاتلار تۇتۇلۇپ، پېرسوناژلارنىڭ كېسەل ھالىتىدىكى ئۆزىنى قاچۇرۇش، سەۋر ـ تاقەت قىلىش، تىت ـ تىتلىق، چارىسىزلىق ئالامەتلىرى بارا ـ بارا ئايان بولغان. توقسان يەتتىنچى باب «لىن دەييۇينىڭ قوليازمىلىرىنى كۆيدۇرۇۋېتىپ ئىشق سەۋداسىدىن قول ئۈزگەنلىكى، شۆ باۋچەينىڭ ياتلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى» دە يازغۇچى مۇنداق بىر تەپسىلاتنى يازىدۇ: «دەييۇينىڭ نەدىمۇ ئولتۇرغۇچىلىك مادارى بولسۇن؟ ئۇ بېلىنىڭ تۆۋەن يېنىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىغىنىغا چىشىنى چىشلەپ چىداپ تۇردى» . بەزىلەر «سىرقىراپ» دېگەن سۆز چىن چىقمىغان، دەييۇيدەك بىر خانقىز ھەرقانچە مىسكىنلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ، دېيىشىدۇ،

ئەمما مۇشۇ «سىرقىراپ» دېگەن سۆز لىن دەييۈيىنىڭ ئاجىزلاپ قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان تېنىنى، ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، سەك-سەن ئۇچىنچى بابتا جۇ رۇينىڭ ئايالى: «مەن بايا لىن دەيىيۈي قىز تەرەپكە ئۆتكەندىم، ئۇنىڭ كېسىلى خەتەرلىكتەك كۆرۈن-دى! چىرايىدا قاننىڭ دىدارى يوق، بەدىنىنى سىلاپ باقسام، قۇرۇق سۆڭەكلا بولۇپ قاپتۇ» دەيدۇ. بىر تەپسىلات، ھەتتا بىر سۆز ئارقىلىق لىن دەيىيۈيىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتىنى يېزىپ، بۇنى كىشىنىڭ تەقدىرى بىلەن بىۋاستە باغ-لىغان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە مۇنداق تەپسىلاتلار بىر - بىرىدىن ياخشى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ گىگانت يازغۇچى قالدۇرغان بەدىئىي نادىر ئەسەر. بىر يۈز توققۇزىنچى بابتا جيا ئانا ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى تەپسىلاتمۇ ئەنە شۇنداق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن مۇھىم نۇقتا تۇتۇۋېلىنىپ، كىشىگە پېرسوناژلارنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەس-لىتىدۇ. جيا ئانا ۋاپات بولۇش ئالدىدا، نازۇنېمەتلەرنى، ھەتتا ئادەمگىياھ شورپىسىنىمۇ ئىچمەيدۇ، «بىر پىيالە چاي»غا كۆڭ-لى تارتىدۇ. «ئىچىپ بولۇپ يەنە سورايدۇ، يەنە ئىچىدۇ» ھەم «چاي ئىچسەم ياخشى بولۇپ قالىدىكەنمەن» دەيدۇ. بۇ تەپسىلات-تىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جيا ئانا دېمىسىمۇ ئۆزى دېگەندەك كۆپرەك يەپ قويغان ئىدى. مومايىنىڭ تېنى ئاجىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭلى بىئارام بولغاچقا، سەللا كۆپ يەۋالسا، شۇئان سىڭدۈرەلمەي قالاتتى، ھاياتىغىمۇ خەۋپ يېتەت-تى، شۇڭا ئۇنىڭ چاي ئىچكۈسى كەلگەنلىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جيا ئانىنىڭ چاي ئىچكەن چاغدىكى تەپسى-لات كۇندە ئىسىل تائام يەيدىغان مۇشۇنداق بىر ئېسىلزادە ئاغىچا خېنىمنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. مۇشۇ تەپسىلاتقا ماس ھالدا جيا ئانىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ھالىتىمۇ ناھايىتى ئەينەن

چىققان، «جىيا ئانىنىڭ بوغۇزى غىقلا قىلدى ـ دە، چىرايى كۆلۈمسىرىگەندەك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى».

بۇ جىيا ئانىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلۈش ئالدىدا يەنە چاي سورىغان چاغدا بوغۇزى ھەرىكەتلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىر يۈز ئون توققۇزىنچى بابتا ۋاڭ ئاغىچا خېنىم چياۋ جيېنى ۋەي پەنگە سېتىۋەتمەكچى بولغان جىيا خۇەن، ۋاڭ رېنلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ليۇ موماي يېتىپ كېلىدۇ، كۆپچىلىك بىرەر ئەقىل تېپىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇ: «سىز شۇنداق زېرەك قىز ئىدىڭىزغۇ، دۇمباق نەزمىسىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ بۇنداق ئىشنىڭ ئىلاجىسى تولا تۇرسا، نېمىسى تەس بولاتتى!» دېدى. پىڭئېر ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى سورىغاندا. ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بىلىندۇرمەي غاچچىدە تىكىۋەتسىلا ئىش تۈگەيدۇ.»

بۇ تەپسىلات ليۇ مومايىنىڭ ھېچنېمىدىن قورۇنمايدىغان، سالماق ھەم ئوچۇق مىجەزلىك كىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لىيۇ موماي كۆپنى كۆرگەن سەھرالىق موماي، بۇ تەجرىبە ئۇنىڭغا ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كەلگەن. ئۇ دۇمباق نەزمىسىدىن بىۋاسىتە تەجرىبىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ مەسىلىنى مۇنداق بىر تەرەپ قىلىشى ئاددىيراق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەقىللىق يېرى بار.

قىسقىسى، تەپسىلات تەسۋىرى كېيىنكى قىسمىدا نەپىس ھەم چوڭقۇر مەنىلىك چىققان.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ كېيىنكى يېرىم قىسمىدا، پىسخىك تەسۋىرنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۇنۇملۇك ئېچىپ بېرىلگەن. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. جىيا قەسىرىدىكى قىزلار بىرقەدەر

كۆپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتمۇ سىرلىق ھەم مۇرەككەپ، مۇھەببەت مەزگىلىدە تۇرۇ-
ۋاتقان يىگىت ـ قىزلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلارنىڭ
پسىخىك ھالىتى ئەسلىدىمۇ گۈزەل ھەم ئاجايىپ ئىدى. يازغۇ-
چى ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
سۈرەتلەپ بەرگەن. باۋچەي فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى تىپىك
ئەخلاقلىق قىز. دادىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراق
ئىدى، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاكىسى شۆپەننىڭ
ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئانى-
سىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن، ئوقۇشتىن كۆڭلىنى
ئۈزۈپ، يىڭنە ئىشى ۋە ئائىلە تىرىكچىلىكى قاتارلىق ئىشلارغا
كۆڭۈل قويغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئانىسىنىڭ دەردىگە دەرمان
بولۇش ئىدى. كېيىن باۋچەي «ئوردىغا تاللىنىپ قالسا، مەلىكە
ۋە بېكىلەرگە ئوقۇشقا ھەمراھ بولۇپ، ھەرەمدە چارىگەرلىك ۋە
مۇشاۋۇرلۇق ۋەزىپىلەرگە مۇيەسسەر بولۇش» ئېھتىمالىنى
دەپ، ئانىسى بىلەن ئاكىسىغا ئەگىشىپ پايتەختكە كېلىدۇ.
باۋچەي شۇكۇر ـ قانائەتچان قىز، ئۇ جۇزىغا بەك چوقۇنىدۇ،
تەنچۈننىڭ جۇزىنى كەمسىتكەنلىكىدىن نارازى بولىدۇ. دەييۈي
شاراب زىياپىتىدە «مودەن شىپاڭى»، «غەربىي ھۇجرا خاتىرى-
سى» دىكى سۆز ـ ئىبارىلارنى ئىشلىتىدۇ، باۋچەي بۇنى ئۆتكۈ-
زۈۋەتمەيدۇ. فېئودالىق رەسىم ـ يوسۇن بىلەن ئەنئەنىۋى
ئەخلاق ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا قۇيۇلۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدا
رايىش خاراكتېر يېتىلگەن، ئۇ باۋيۈينىڭ دەييۈينى ياخشى كۆ-
رىدىغانلىقىنى، باۋيۈينىڭ سالامەتلىكىدىن ئايرىلىپ، كىشىلەر-
نىڭ ئالىقىنىدىكى قونچاقتا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ
تۇرسىمۇ، بىراق ئاپىسى باۋيۈي بىلەن بولىدىغان توي ئىشى
توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، قىلچە قارشى چىقمايدۇ.
تۆۋەندىكى ئابزاسقا قاراڭ:

... ئەتىسى، شۇ ھامما ئاچا ئۆيىگە قايتىپ چىقتى، ئۇياقتا بولغان گەپلەرنى زىر - زەۋەرگىچە باۋچەيگە دەپ بېرىپ، ئاخىرىدا:

— مەن ماقۇل بولدۇم، — دېدى.

باشتا باۋچەي ئۇندىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردى، كېيىن ئۆزىچە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. شۇ ھامما ئاچا ياخشى گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياساپ، بىرمۇنچە چۈشەنچە بەردى. باۋچەي ئۆز ھۇجرىسىغا يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، باۋچىنىمۇ سوڭدىشىپ كىرىپ كەلدى.

بۇ ئابزاستىكى پىسخىك تەسۋىردە «باۋچەي ئۇندىمەي يەرگە قاراپ ئولتۇردى، كېيىن ئۆزىچە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى» دېيىلگەن، بۇ جۈملىلەردە باۋچەينىڭ قەلبىدىكى مۇرەككەپ ھېسسىيات، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆز ئەھۋالىغا بولغان تەسىراتى يېزىلغان. ئۇنىڭ ھەرقانچە كۆپ گەپ - سۆزلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشى تەس ئىدى، شۇڭا يازغۇچى ئۇنىڭ «ئۇندىمەي ئولتۇرۇۋالغانلىقى» نى، «ئۆزىچە كۆز يېشى قىلغانلىقى» نىلا يازغان. بۇ يەردىكى «ئۇندىمەسلىك» ئۇنىڭ چىداملىق ئىكەنلىكىنى ھەم ئۆز قارىشى بارلىقىدىن، شۇنداقلا دەردىنى تۆكىدىغان يەرنىڭ يوقلۇقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «ئۆزىچە كۆز يېشى قىلىش» بىر خىل تەبىئىي ئىنكاس. باۋچەينىڭ ئىپادىسىنى كۆرگەن شۇ ھامما ئاچا بۇ ئىشنىڭ يولسىز ئىش ئىكەنلىكىنى سېزىپ، باۋچەيگە «زىر - زەۋەرگىچە ئېيتتى» ياكى «ياخشى گەپ بىلەن كۆڭلىنى ياسىدى». تەبىئىيكى، ئىككىسىنىڭ خاراكتېرى بىر - بىرىنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ.

دەيىۋي ۋاپات بولغاندىن بېرى، باۋيۇينىڭ دەيىۋينى ئەسلىگەن چاغدىكى مۇرەككەپ پىسخىك ھالىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر كۆرۈپ چىقىشىغا ئەرزىيدۇ. «دەردمەن مېھرىگىياھ ئەرۋاھ-

نىڭ ھىجران دۇنياسىغا قايتىپ كەتكەنلىكى، كېسەلچان زەبەر-جەت غۇلمانىنىڭ شەيدالىق ماكانىغا ياش تۆككەنلىكى» دە باۋيۇي-نىڭ قەلبى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇ دەيىيۇينى ئويلىغان چاغلاردا ساراڭدەك بولۇپ قالىدۇ، شىرېننىڭ نەسىبەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلايدۇ. ئۇ ئۆلۈمنى ئويلايدۇ، چۈشەكەپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىنى ئەسكە ئالىدۇ. چوڭ ئاغىچا خېنىم، ئاغىچا خېنىملارنىڭ خاپا بولۇشىدىن قورقىدۇ. دەيىيۇي ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن باۋچەينىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئەرباب بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، «مۇقەددەس نىكاھ» نىڭ پېشانىسى-گە پۈتۈلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ باۋچەينىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، ئىختىيارسىز كونا كېسىلى قوزغى-لىدۇ. لېكىن، يۇرۇش - تۇرۇشى مۇلايىم باۋچەينى كۆرگەندە، دەيىيۇيگە بەرگەن ئوتلۇق كۆڭلىنى ئاستا - ئاستا باۋچەيگە بې-رىشكە باشلايدۇ. يازغۇچىنىڭ جيا باۋيۇينىڭ ئىچكى دۇنياسىدى-كى ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلىشى ئالدى - كەينى قىسىملىرى-نىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى بىلەن مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن قۇرۇلمىدا بىرىكىش ھەم كەيپىيات يارىتىلغان، بۇ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. كېيىنكى يېرىم قىسمىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، يەنى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزمۇن ئالدىنقى قىسمىدا ئىپادىلەنگەن قۇرۇلما خاراكتېرلىك مەزمۇن بىلەن زىچ باغلانغان. مەسىلەن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ بەشىنچى بابىدا، يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ سۆھبىتى ۋە ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئارقىلىق پۈتۈن بىر كىتابنى ئىجادىي ھالدا ئومۇمىيۇزلۇك تونۇشتۇرىدۇ، جۈملىدىن رەڭگارەڭ پېر-سوناژلارنىڭ خاراكتېرى ھەم تەقدىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئال-دىدا زاھىر بولىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ بىر يۈز ئون ئالتىنچى باب بىلەن پۈتۈن ئەسەرنىڭ كەينىدىن سانىغاندا بەشىنچى باب «ھېكمەتلىك قاشتېشى قولغا كېلىشى بىلەن باۋ-

يۈيگە غايىب ئالەمنى كۆرۈش نېسىپ بولغانلىقى، جىيا جېڭنىڭ مېھرىبان ئانىسىنىڭ جەسىتىنى يۇرتىغا يەتكۈزۈپ ۋاپادارلىقىنى ئادا قىلماقچى بولغانلىقى» دا، يازغۇچى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ۋەقەلىكنى بىر يەرگە يىغقان. «ئەينى قۇتلۇق بىر ماكان» نىڭ ئۆزى «غايىب ئالەم» شۇ. باۋيۈي بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال يۈەنياڭ، ئاندىن يۇ سەنجيې، چىڭۋېننى كۆرىدۇ، دەييۈينى كۆرگەندىن كېيىن ۋاڭ شىفېڭ، چىن كېچىڭنى كۆرىدۇ. «كەتسە يالغان راست كېلىپ يالغاننى راست يەڭگەي ھامان، يوق ئەزەلدىن باركى، بار دېسە يەنە يوقتۇر شۇئان» . بۇ «ئەينى قۇتلۇق بۇ ماكان» نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى. باۋيۈي غايىب ئالەمنى سەيلە قىلىۋېتىپ، باۋچەي ۋە دەيیۈيلەرنىڭ رىسالىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ قالىدۇ، بۇ تەپسىلات ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە بەشىنچى بابنى سالىدۇ، ئەسەرنى تولۇق ئوقۇپ بولغان ئوقۇرمەن ئۆزىنى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھالەتتە سېزىدۇ.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ ئۈچىنچى بابى بىلەن بىر يۈز ئون سەككىزىنچى بابى بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ. ئۈچىنچى بابتا لىن دەيیۈي دادىسىنى تاشلاپ پايتەختكە بارىدۇ، جىيا قەسرىدىكى كىشىلەر ۋە ئىشلار دەيیۈينىڭ نەزىرى بويىچە بايان قىلىنىدۇ. جىيا ئانا، ۋاڭ ئاغىچا خېنىم قاتارلىقلاردىن تارتىپ دېدەك - چۆرە قىزلارغىچە باياشاتچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ، نەزەر-باغ ئاۋات ھالەتتە. بىر يۈز ئون سەككىزىنچى بابتا جىيا قەسرى-نىڭ ئەھۋالى ئۈچىنچى بابتا يېزىلغان ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە بولى-دۇ. شىچۈن تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىدۇ، جىيا ئانا جەنۇبقا ماڭ-غان كېمىدىكى گۇەنسەيدە ياتىدۇ. ئۈچىنچى بابتا قىسمەن چوڭ-لار ئەدەپلىك، تەقى - تۇرقى جايىدا، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى، ئۇلار چىرىگۇدەك دەرىجىگە بارمىغانىدى، بىر يۈز ئون سەككىزىنچى بابتا كىچىكلەر ئائىلە ئىشلىرىدىن ۋاق-تىنچە خەۋەر ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يەپ - ئىچىپ ۋە

ناشايان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كېيىن چياۋ جيېنى توقاللىققا سېتىۋېتىشتەك سەتچىلىكلەرنى قىلىدۇ.

بىر يۈز يىگىرمىنچى باب «جېن شىيىنىڭ غايىب ئالەم ئەھۋالىنى بايان ئەتكەنلىكى، جيا يۈيسۈنىڭ قىزىل راۋاقتىكى چۈشكە خاتىمە بەرگەنلىكى» دە، پۈتكۈل ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرى چىقىدۇ، ۋەقەلىك مۇشۇ يەردە تۈگەپلا قالماي، بىرىنچى بابتىكى ۋەقەلىك بىلەن ماسلاشتۇرۇلىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى يارىتىلىپلا قالماستىن، كىشىگە چوڭقۇر ئەسلەش ۋە ئويلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

باش پېرسوناژ جيا باۋيۈي بىرىنچى بابتا زەبەرجەت غۇلما-نى، دەپ تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بابتا ئۇ پانىي دۇنيادىن قول ئۈزۈپ غايىب ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. «ئۇچىسىغا قىزىل موت يېپىنچا ئارتقان» باۋيۈي پانىي ئالەمدە ئايان بولىدۇ. خۇددى مۇنۇ غەزەلدىكىگە ئوخشاش «ماكان دەپ تۇرارىم بار، چىڭگېندە تۈزەرىم بار، ئەرشئەلا قەھرىدە، سەيلا تەكمزەرىم بار، ھەمراھ بولۇر كىم ماڭا، كىم بىلەن يۈرەرىم بار، پايانى يوق جاھاندا، داخۋاڭغا كېتەرىم بار!»

قىسقىسى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نىڭ قۇرۇلمىسى كېيىنكى يېرىم قىسمىدا ئوخشاشلا پۈختا چىققان، ئالدى ۋە كەينى ئىككى قىسمى ناھايىتى ياخشى ماسلاشتۇرۇلغان.

پايدىلىنىلغان ماتېرىيال: «‹قىزىل راۋاقتىكى چۈش› توغرىسىدا ئىزدىنىش» سۇڭ خاۋچىڭ. بېيجىڭ يەنشەن نەشرىياتى.

مەسئۇل مۇھەررىر : رىسالەت ئابلا
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى : دولقۇن قادىر

# قىزىل راۋاقتىكى چۈش

ساۋ شۆچىن (چىڭ سۇلالىسى)
قىسقارتىپ يازغۇچى : خەي خۇا
تەرجىمە قىلغۇچى : ياسىن سېيىت ئارچىن

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2005 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2005 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 11.875
**سانى** : 0001 ـ 3000
**باھاسى** : 16.00يۈەن

责任编辑：热沙来提·阿不拉
责任校对：胡达百尔的

**图书在版编目(CIP)数据**

红楼梦/（清）曹雪芹著；牙森·色依提译.
—北京：民族出版社，2005.10
ISBN 7-105-06897-3

Ⅰ.红... Ⅱ.①曹...②牙... Ⅲ.章回小说—中国
—清代—缩写本—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I242.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 123941 号

| | |
|---|---|
| **出版发行**： | 民族出版社　　http://www.e56.com.cn |
| **社　　址**： | 北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013 |
| **电　　话**： | 010-64290862（维文室） |
| **印　　刷**： | 乌鲁木齐光彩印刷厂 |
| **版　　次**： | 2005 年 12 月第 1 版　2005 年 12 月乌鲁木齐第 1 次印刷 |
| **开　　本**： | 850 毫米×1168 毫米 |
| **印　　张**： | 11.875 |
| **印　　数**： | 0001-3000 册 |
| **定　　价**： | 16.00 元 |

责任编辑：热沙莱提



ISBN7-105-06897-3

9 787105 068975 >

ISBN 7-105-06897-3/I·1568
民文（维226）　定价：16.00元